شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

ئابدۇقادىر جالالىددىن



# يۈزىمىز، كۆزىمىز ۋە گۆزىمىز

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



ئابدۇقادىر جالالىدىن

# The Works of Abduqadir Jalaliddin



ئابدۇقادىر جالالىددىن

# يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز

(ماقالىلەر)



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

认同、自我与视野：维吾尔文/阿不都卡德尔•加拉里丁著．—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012．4
（新疆名家名著丛书）
ISBN 978-7-5466-1206-5

Ⅰ．①认…Ⅱ．①阿…Ⅲ．①社会科学—文集—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．① C53

中国版本图书馆CIP数据核字（2012）第075096号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەخمۇتجان قادىر
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت لايىھەلىگۈچى: رەنا ئەمەتجان

شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

يۇزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز
* * *
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
بېيجىڭ شېڭتۇڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 14
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978 - 7 - 5466 - 1206 - 5
باھاسى: 50.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

بىر چاغلاردا يۈرىكىم شېئىر ئۈچۈن جۇش ئۇراتتى. قاملاشقان بىرەر مىسرانىڭ يېنىدا ھەپتىلەپ تۈنەپ چىقاتتىم. بۇ مىسرا مېنى مەنىۋىيەت ھەققىدىكى يېڭى بىر بايقاشقا، يېڭى بىر ئىراغا باشلايتتى. بۇنداق ۋاقىتتا، رامكىلاشقان ياكى پۈتۈنلەي قائىدىلەشكەن جەمئىيەتتىن ناھايىتى يىراقتا ھالقىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم.

شېئىرنى ئېلان قىلىش ئاشكارا ئىش بولسىمۇ، لېكىن شېئىر يېزىش ياكى شېئىر ئوقۇش مەخپىي بىر ئىستىقامەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئىستىقامەتنىڭ خۇلاسىسى «سەن تولىمۇ يېگانە، سېنى چۈشىنىدىغان، قەلب يارىلىرىڭنى داۋالايدىغان خۇدادىن باشقا بىرەر زات يوق» دېگەندىن ئىبارەت بولاتتى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، سەن بۇ ئويلىرىڭنى كىشىلەرگە ئورتاق بولغان كۆنۈكمە ئىبارىلەر بىلەن ئىزھارلاشقا قادىر بولالمايسەن، گويا مىراج كېچىسى پەيغەمبەرگە بېرىلگەن تىلغا ھاجەتمەن بولىسەن. بىراق، شائىر مەنە ئىزدەش سەپىرىدە ئەبەدىي مەغلۇپ بولغۇچى. شائىر بۇ مەغلۇبىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا رازى.

قايسى شائىر خىلۋەت تەسەۋۋۇر خانىسىدىن چىقىپ ئاشخانىغا بارمىغان؟! بۈگۈن ئاشخانىغا بارىدىغان ئاشۇ يولدا شائىرنى شەيئىلەرنىڭ پىكىر جۇلاسىدىن جۇدا قىلىدىغان شەيتانلار بار، بوسۇغىلاردا شائىرنى تىرىكچىلىك غوۋغاسىغا گىرىپتار قىلىدىغان قورساق مۇئەككەللىرى، پۇل ھۈنەرۋەنلىرى بار. دېمەك، بۈگۈن شائىرنى ئۇنىڭ ئۆزى ياقتۇرۇپ كېتەلمەيدىغان رېئاللىققا — ھەر خىل تىرىكچىلىك ھۈنىرىگە مۇرەسسە قىلدۇرىدىغان ئامىللار ئاشۇ قەدەر كۆپكى، نەۋايى ئۆز دەۋرىدىكى ھىراتتا بولماي، بۈگۈنكى ئۈ-

رۇمچىدە ياكى قەشقەردە بولغان بولسا كىملەرگە ئايلىنىپ قالار بولغىيتتى، دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى.

تاماق قاچىسى يەمچۈك ئىلىنغان قارماق.

شېئىرىيەت قىسرىدىن ئاشخانىغا بارىدىغان يولدا شائىرلارنىڭ تەپەككۇرى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىقتىسادىي گۆرۈگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بىر دەۋردە، مېنى بۇ يولدىكى ئاشۇ مەسىلىلەر ئويلاندۇرۇشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئاستا - ئاستا ساماۋى پىكىرلەرگە زامىن بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى تەلقىنلەرگە مايىل بولۇپ قالدىم. ئاخىر، پىچىقىم گال بولسىمۇ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوپېراتسىيەسىگە تۇتۇندۇم.

ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىمىزگە قارايدىغان بولساق نادامەت بىلەن شۇنى بايقايمىزكى، بىزدە ھەرقايسى ساھە بويىچە سىجىل تەتقىق قىلىپ، ئۆز ساھەسىنىڭ مۇپەسسەل ئەھلىگە ئايلىنىپ، ئىجتىمائىيىتىمىز ۋە ئادىمىيىتىمىز ھەققىدىكى بىلىشلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان خادىملىرىمىز يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ساھەدە تۇزۇك ئادەم يوق. بۇ ھال مەنىۋىيىتىمىزنىڭ زۆرۈر ساھەلىرىدە ئاز - تولا پىكىر يۈرگۈزۈپ قويۇشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق تاقەتسىزلىك مەندە ئۆز كەسپ يۆنىلىشىمدىن ھالقىپ گەپ قىلىش تەۋەككۇلچىلىكىنى پەيدا قىلدى.

قانداق دېيىشىمنى بىلمەيمەن، لېكىن دېيىشىم كېرەك. قانداق ئاڭلاشنى بىلىدىغانلار ھامان چىقىدۇ، قانداق كەچۈرۈشنى بىلىدىغانلاردىنمۇ نائۇمىد ئەمەسمەن.

مەن دېدىم، ژۇرناللار قوبۇل قىلدى. دېگەنلىرىمنىڭ خېرىدارلىقىنى قىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرمۇ يىللارسېرى كۆپىيىپ باردى. قارىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، كۇلتۇرەل مەۋجۇدىيىتىگە ئەقلىي نۇقتىدىن سوغۇققان نەزەر سېلىشنىڭ زۆرۈردىيىتىنى ھېس قىلغان كىشىلەر توپى ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ

بولغان ئوخشايدۇ. قارىغاندا، ئىجتىمائىي تەنقىدچىلىك كارۋىنى يولغا چىقىپ بوپتۇ.

كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام، سوتسىيال، كۇلتۇرەل تەنقىدچىلىك بوسۇغىسىدا قەلەم تۇتۇپ يۈرگىنىمگە ئون بەش يىلدىن ئېشىپتۇ. جەمئىيەت مەسىلىلىرى، مائارىپ، كۇلتۇر (ھەزارەت)، ئەخلاق قاتارلىق ساھەلەر بويىچە بەزىبىر نەرسىلەرنى يېزىپ، نەشر ئەپكارلىرىمىزنىڭ شۇ سەھىپىدىكى تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇپ كەپتىمەن. تارازا باسىدىغان يازمىلىرىمنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى كۆرۈپ، مەيۈسلىنىپ كەتتىم. پاكىت شۇنى ئۇقتۇردىكى، پىلانلىرىم پىلان پېتى قاپتۇ، ئۆزۈمنى تۇزۇك قازماپتىمەن، داۋانلاردىن ئاشقۇدەك سالماق ئەسەرلەرنى يازماپتىمەن، پەقەت دەۋر كىشىلىرىمىزنىڭ تېز تاماق تۇسىدىكى ھاجەتلىرىنى بويلاپ، ئاقارتىش تۇسىدىكى ئاۋامچىل ئەسەرلەرنىڭ ساھىبى بولۇپ قاپتىمەن. مېنى كۆلىمى ھەم ۋەزنى بار ئەقلىي ئەمگەكلەرنى قىلىشقا دالالەت قىلغان ناھايىتى ئاز ساندىكى مەسئۇلىيەتچان دوستلىرىمنىڭ قىممەتلىك تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلىماپتىمەن.

قىسقىسى، ھاياتتىن تەپەككۇر ئۇۋۇلاش دەرد ـ ئىسىت بىلەن تولغان بولىدىكەن. پىكىر قىلىسەنۇ، جاھان شۇ پېتى. نۆۋەتتىكى دەرگاھلاردا ھېسابقا ئۆتىدىغان ئەمەللەرنى دەۋرىمىز ۋە ئىقتىدار ۋەزنىمىزگە لايىق ھالدا قىلىش مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك ئىكەن. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مۇناسىپ يىراقنى كۆرەرلىك، سەۋر ۋە چىدام تەلەپ قىلىدىكەن.

ئىمام غەززالىي ھەزرەتلىرىنىڭ نەقىل كەلتۇرۇشىچە، خەلىل ئىبنى ئەھمەد مۇنداق دېگەنىكەن:

«ئىنسانلار مۇنداق تۆت خىل بولىدۇ: بىرى، بىلۇر ھەم بىلگىنىنى بىلۇر؛ ئۇنىڭغا يېپىشىڭلار. يەنە بىرى، بىلۇر، لېكىن بىلگىنىنى بىلمەس؛ ئۇ ئۇيقۇدىكى ئادەم بولۇپ، ئۇنى ئويغىتىڭلار. ئۈچىنچى بىرى، بىلمەس، لېكىن بىلمىگەنلىكىنى بىلۇر؛ ئۇنى

توغرا يولغا باشلاڭلار. تۆتىنچى بىرى، بىلمەس ھەم بىلمەسلىكىنى بىلمەس؛ ئۇ جاھىل ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار.»

ھازىر تۆتىنچى تۈركۈمدىكى ئىنسانلار تارازا تۇتۇپ، چوكىدىكى چېكىتلەرنى ئۆزى خالىغانچە بېكىتىدىغان بولدى ۋە شۇ خىلدىكى ئادەملەر ئاۋۇپ كەتتى. دىل، تىل ۋە قىلىقلارنىڭ ئارىلىقىدا ھاڭ پەيدا بولدى. سەممىمىي بىر ئىلىم ئەھلى بولۇش ۋە بۇ خىل ئىلىم ئەھلىنى سۆيۈشمۇ بەسى مۇشكۇل.

مەن ئازابلىق پىكىر ئىسكەنجىسىدە، ئارىسالدى بارماقلىرىم بىلەن يازغان ۋە ئېلان قىلغان نەرسىلىرىمنى رەتلىدىم ھەم ئۇنى جامائەتنىڭ مۇلاھىزىسىگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدىم. بىر پارچە كىتاب ئەۋلادلارنىڭ ئىجادىي ۋە سەلبىي ئىبرەتلىرىگە قالدۇرغان يوچۇقتۇركى، تاكامۇللۇقتىن ئۈمىد كۈتۈش ھەددىم ئەمەس. ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ كۆزىتىشىگە قولايلىق بولسۇن دەپ، يازمىلارنى «ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى» ۋە «يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز» دېگەن ئىككى تومغا بۆلۈپ «ئەبجەش خاتىرىلەر»، «مۇھاكىمە ۋە تەقرىزلەر»، «سۆھبەتلەر»، «نۇتۇقلاردىن تەرمىلەر» قاتارلىق سەھىپىلەرگە تەركىبلىدىم. بەلكىم، ھازىرغىچە ئىككى يۈز مەيداندىن ئارتۇق لېكسىيە ۋە نۇتۇق سۆزلىگەندىمەن. ئۇلار يېزىقلاندۇرۇلماي قالدى.

بۇ ئۆمۈرنىڭ پايانىنى ياراتقۇچى بىلىدۇ، ھاياتىمنىڭ ئۆتمۈشى قىسىملىرىدا روياپقا چىقمىغان ئارمانلار مېنى سوراق قىلماقتا، ھاياتىمنىڭ نامەلۇم قالدۇقلىرى مېنى ئىزدىمەكتە، مەنمۇ ئۇنى ئىزدىشىم كېرەك.

تاڭ سەھەردە بىراۋ ئىشىكنى قاقىقاندەك بولدى ۋە «ئىنسان، ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، ۋاقتىڭنى چىڭ تۇت!» دېگىنىچە يوقاپ كەتتى. ئۇ كىم، ئەزرائىلمۇ، شامالمۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن

2011- يىلى 26 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# نەشرىياتتىن

ئابدۇقادىر جالالىدىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى يۆنىلىشىدە ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى.

ئابدۇقادىر جالالىدىن 1964 - يىلى مارتتا قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىدا ئۆلىما ئائىلىسىدە توغۇلغان. ئۇ دادىسىدىن ناھايىتى كىچىك قالغاچقا، ئانىسىنىڭ پەۋرىشىدە چوڭ بولغان. 1986 - يىلى ئىيۇندا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1990 - يىلى ئىيۇندىن باشلاپ بۇ مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتكەن. 2009 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، ھازىرغىچە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئىشلىمەكتە.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئىزچىل تۈردە دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلماي كەلگەن بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كۆپرەك تايانغان. ئۇ 2002 - يىلى ئىيۇلدا ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئايالىنى يوقلاش پۇرسىتىدە خوكورىكو ئىلغار پەن - تېخنىكا ئالىي ئىنستىتۇتىنىڭ بىلىمشۇناسلىق بۆلۈمىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن بىر يىللىق ئىلمىي زىيارەتتە بولغان. 2006- يىلى ئۆكتەبىردىن

2007 ـ يىلى سېنتەبىرگىچە ئەنگلىيەنىڭ كامبىرىج ئۇنىۋېرسى-
تېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مۇنبىرىدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بى-
لەن ئىلىم زىيارىتىدە بولغان. ئۇ بۇ ئىككى قېتىملىق ئىلىم زى-
يارىتىدە ئىگە بولغان تەسىراتلىرىنى مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە جەم-
ئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ مەخسۇس ئەسەرلەرنى
يازغان.

ئابدۇقادىر جالالىددىن شېئىر، ماقالە، تەرجىمە ۋە دەرسلىك
قاتارلىق تۈرلەردىن تەشكىل تاپقان يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق كى-
تابنىڭ ئاپتورى ۋە تەرجىمانى. بۇ كىتابلار تېما جەھەتتىن سىيا-
سىي، پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، مائارىپ، فولك-
لور قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي
ئەمگەكلىرى تۆۋەندىكىچە:

**شېئىرلار**

«شاراب تومۇرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1993 ـ يىلى نەشرى.

«كۆيگەن دېڭىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى.

«قىشتىكى خامان»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ
يىلى نەشرى.

**ماقالىلەر توپلىمى**

«ئەقىل مېۋىسى ۋە شەيتان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1995 ـ
يىلى نەشرى.

«ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشريا-
تى 2000 ـ يىلى نەشرى.

«ئىنسانىي سۆپەت مەنزىلى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرى-
ياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا
نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

**ساياھەتنامىلەر**

«ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

**تەرجىمىلەر**

«ئەپلاتون پاراڭلىرى — سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى» (ئەركىن ئىبراھىم بىلەن بىللە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشرى.

«زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ» (ئاپتورى: فرېدرىخ نىچشې)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشرى.

«ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» (ئاپتورى: ماكىياۋىللى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

«غەربنىڭ تەپەككۇرى» (ئاپتورى: م. ئادلېر)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

«قىزىل خەت» (ئاپتورى: ن. خاۋسورن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى.

«پەزىلەت گۈلىستانى» (ئاپتورى: شياۋلىڭ دىڭداڭ)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

«ھايۋانلار قورۇقى» (ئاپتورى: گ. ئورۋېل)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

«غايىۋى دۆلەت» (ئاپتورى: ئەپلاتون)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«ئۆلۈم رەزىل ئەمەس» (تەرجىمە شېئىرلار)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

**تۈزگەن كىتابلار**

«تىل ـ ئەدەبىيات» (ئۇيغۇر مەكتەپلىرى تولۇقسىز 1 ـ يىل-لىق 2 ـ قىسىم، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ ما-ئارىپ نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

«يېزىقچىلىق» (ياندىشما مەشىق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

«تىل ـ ئەدەبىيات ـــ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمى-سى»، (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىقلار ئۈچۈن، يالقۇن روزى بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2008 ـ يى-لى نەشرى.

«ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىدىن ئاساسلار» (ئالىي مەك-تەپ ئوقۇشلۇقى، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ ما-ئارىپ نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

«قەشقەردىكى يەر شارى» (كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ شېئىر-لىرىدىن، باشلامچى تۈزگۈچىلەرنىڭ بىرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ (ئاپتور بۇ توپلامنىڭ خەنزۇچە نەشرى بولمىش «飞石»نىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش خىز-مىتىنىمۇ ئۆتىگەن).

ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ بىر قىسىم ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن، بىر قىسىم شې-ئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، يەنە بىر قىسىم شېئىر-لىرى ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىن-غان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرلۈك ئاممىۋى تاراتقۇلارنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە كۆپلىگەن سۆھبەت ۋە بايانغا ئىشتىراك قىلغان. ئۇ بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى سۈپىتىدە دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جاي-لىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنجۇمەنلىرىدە، ئىلمىي ئەنجۇمەن-

لەردە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، ئاتا - ئانىلار يىغىنلىرىدا، مائارىپ مەسئۇللىرى ۋە ئىشچى، كادىرلار كۇرسلىرىدا ئىككى يۈز قېتىمدىن ئارتۇق نۇتۇق سۆزلىگەن.

ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەمگەكلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىدىكى مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئابدۇقادىر جالالىددىن شېئىرىيەتنىڭ ئىجادىيەت، تەرجىمە، تەتقىقات ۋە تەنقىدچىلىك قاتلاملىرىدا سەمەرىلىك ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزگىچە تەسىر پەيدا قىلغان «گۇڭگا شېئىر» ھادىسىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولدى. دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى تەقەززاسى ئۇنى پۇبلىستىك ماقالىلەر ئۈچۈن كۆپرەك قەلەم تەۋرىتىشكە ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى نىشانغا ئالغان قىسقا ماقالىلىرى پەلسەپىۋى تېرەنلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ھەمدە ئىلھامبەخش خاھىشلار بىلەن تويۇنغانلىقى بىلەن مەنىۋى زوقتىكى ئالاھىدە بىر قىزغىنلىقنى ياراتتى. ئوقۇرمەنلەر شائىر ئابدۇقادىر جالالىددىننى بىر ئىجتىمائىي تەنقىدچى سۈپىتىدىكى پۇبلىست سۈپىتىدە قىياس قىلىشىدىغان بولۇشتى.

ئابدۇقادىر جالالىددىن بۈگۈنكى گۇمانىتار پەنلىرىمىزنىڭ ئاكتىپ پەرۋىشكارى سۈپىتىدە ئەدەبىيات - سەنئەت، مائارىپ، پەلسەپە، مەدەنىيەت، جەمئىيەت ساھەلىرى بويىچە كىرىشمە ئىزدىنىشلەردە بولدى ھەم ئۇنىڭ بىر قىسىم نەتىجىلىرى جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ تەپەككۇرنىڭ مەلۇم بىر قىرى بىلەن چەكلەنمىدى، بەلكى ئۆزگىرىشچان ھادىسىلەر دۇنياسىنى ھەرىكەتچان نەزەر بىلەن كۆزىتىشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى مۇرەككەپ رېئاللىقنىڭ بىر تەرىپىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، دۇنيانى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ چۈشىنىش ئۈچۈن ھالقىما پەنلەر نۇقتىسىدىكى كۆ-

زىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم ئىدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان تۈرلۈك ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلىرىمىزدە كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ پىشقان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈمىدىنى تۇغدۇردى.

نەشرىياتىمىز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى يۈرۈشلۈك نەشر قىلىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىزدىنىشلىرىگە يېڭى نەتىجىلەرنى تىلەيدۇ.

## مۇندەرىجە

**ئەبجەش خاتىرىلەر**........................1
تەنها ھەقىقەت ۋە كۆپۈك شان - شەرەپ..................3
قەشقەر، ئەي تەۋەررۈك شەھەر.....................18
ناركوز ياپراقلىرى...........................47
قىش بىلەن ياز ئارىلىقىدا......................52

**مۇھاكىمە ۋە تەقرىزلەر**........................93
تارىختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن.......................95
تەبىئەت بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىيە...........110
بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى...122
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا دائىر مېتودولوگىيەلىك
مەسىلىلەر...................................169
تىل - ئەدەبىيات دەرسىمىزدە نېمىلەر كەم.............175
ھۆكۈمەت، ئالىي مەكتەپ، بازار....................193
نەسەب، فامىلە، سالاھىيەت........................206
ئاياللار ۋە بوسۇغا...........................219
يوقىنىڭ گېپى بولدى، ئېپى بولمىدى.................223
ئىلىمگە خىيانەت — ئەلگە جاھالەت..................237
ئىشىك چېكىلمەكتە، سەن كىم؟.....................242

**نۇتۇقلاردىن تەرمىلەر**........................245
جەمئىيەت ۋە ئائىلە مەدەنىيىتى....................247

# ئەبجەش خاتىرىلەر

يۇزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز.................265
ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر...........275

تەرجىمە ئەسەرلەر..............................289
ئۆمۈچۈك تورى.................................291
تېلېفوندىكى دوستلۇق............................296
سەنئەتكار......................................302
گۈزەللىك ئۈچۈن چاقىرىق..........................304
نىكاھ ھەققىدە...................................306
تەقدىر ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغانلارغا مەدەتكار.........308
شېئىرىي ئىلھام توغرىسىدا.........................317
ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان بولسا....................321
21 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى موڭغۇل پوۋېستلىرىنىڭ باش تېمىسى...336
بۆرە توتېمى: تەنقىد ۋە تەنقىد....................350
ئەدەبىياتتىكى فاشىزم..............................351
«بۆرە توتېمى» نىڭ ئاپتورى: بۆرە تەبىئىتىدىكى ئادىللىق...364
«سىياسىي جۇڭگو»دىن تەرمىلەر......................381
مەسىلەك ئۈچۈن جەمئىيەت، جەمئىيەت ئۈچۈن مەسلەك...382
ئىدىيە ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىك سىياسەت............390
ئۆزگىرىۋاتقان جۇڭگو ھۆكۈمىتى......................395
«سىياسىي مىللەت» بولۇشقا يۈزلىنىش..................409
سەرخىللارنىڭ شاللىنىپ قېلىشى........................421

# تەنھا ھەقىقەت ۋە كۆپۈك شان ـ شەرەپ

پىكرىي مۇھىت قويۇق بولمىغان جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئانچە كۆپ بولمىغان پىكىرلىك ئادەملىرىنى يېتىم قالدۇرىدۇ، ئۇلارغا ئازار بېرىدۇ. نام ـ ئاتىقى بارلىرى نام ـ ئاتاقتىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمىدىغانلارنىڭ ئىزدەش ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ كەم ئۇچرايدىغان مېھنەتلىك مەنۋىيىتى ئىرىكچىلىك تۇزانلىرى ئارىسىدا قېلىپ، كۆزگە چېلىقمايدىغان مەۋھۇم نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھاجەتنى راۋا قىلىشنى نېگىز قىلغان كىشىلىك ئالاقە تورى ئادەملەرنى سەممىيلىكتىن، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى بىۋاستە مەنپەئەتكە سۆرەپ ئاپىرىدۇ. ئۆز قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ قىسمىتى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە يالقۇنجاپ تۇرۇپ ئويلىنىدىغان كىشىلەر ماغزاپ شان ـ شەرەپ، يالغان مۇھەببەت، غەرەزلىك مۇناسىۋەت تورى ئىچىدە ھالسىراپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا باشلايدۇ. بۇ ھال كىشىگە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلشىر نەۋائىينىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ:

مېنى مېن ئىستىگەن يار سۆھبىتىگە ئەرجۇمەند ئېتمەس،
مېنى ئىستەر كىشىنىڭ كۆڭلۈم پەسەند ئېتمەس؟

مەنىسى: مېنى ئىستىگەن يارنىڭ سۆھبىتىگە سازاۋەر قىلمايدۇ، ئەمما مېنى ئىستىگەنلەرنىڭ قەلبىگە پەسەنت قىلغۇم كەلمەيدۇ.

ئىستەلگەن نەرسىلەر دىلغا تايىن بولىدۇ. ۋىسال ئىشتىياقى ئۆمۈرلۈك مەنە سەپىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىستەلگەن يار شا-

ئىر ئۆزىلا ھېس قىلالايدىغان سىيما بولۇپ، شائىر قەلبىمدىن تۇ-غۇلغان مىسرالارنى ئاشۇ سىيمانىڭ غايىۋى قۇدرىتىدىن تەپكەن ئىلھامنىڭ كۆلەڭگىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا، مەنۋىلىك يا-كى ماھىيەت ئىزدىگەن ئادەم ماددىي تاما غوۋغالىرى ئىچىگە غەرق قىلىنغاندا، ئۇنىڭدا قانداق ھال يۈز بېرىشى مۇمكىن؟

تەنھالىق ۋە غېرىبلىق ئىنسانلارنى ھەقىقىي سۆيگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق تەقدىرى. قايسى پەيغەمبەر، قايسى داھىي، قايسى قەھرىمان، قايسى غۇرۇرلۇق پىكىر ئادىمى غېرىبلىق دەش-تىدە ئازابلانمىغان!؟ كۆپ ساندىكى كىشى ئۆزلىرىنىڭ كىچىككەن ئەقلى بىلەن ئۇلارنى ئۇلارنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن سۆيگەن. لې-كىن چىنلىقنىڭ كەلگۈسىدىكى قۇدرىتىنى بالدۇر سېزەلەيدىغان زەكىيلەر ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كەلگۈسىنىڭ جەۋھىرى ئاشۇ دانالارنىڭ تەبىئىتى، پىكرىي تەلقىنلىرىگە يوشۇرۇنغان بو-لىدۇ. ھەربىر تارىخىي بۇرۇلۇشنىڭ يىلتىزى بىدئەتكە قارشى ئىسيانكارلىقتا يېتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى بىدئەت ئالدى بى-لەن تەپەككۇر ۋە قىممەت قاراشتىكى، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ بارلىق مۇئەسسەسەسىدىكى ماھىيەتلىك بولمىغان سىستېمىلارنى كۆرسى-تىدۇ. ئاھ، ئۆزىنىڭ زاماندا شلىرى قوبۇل قىلالمايدىغان ئادەملەر-نىڭ تەنھالىقى نەقەدەر قايغۇلۇق! يېڭى ئىدىيەدىكى كىشىلەر كۆپ هالدا سۇرگۈندىكى پارتىزانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاراھىتىنى ئۆزلىرى ئەملەشكە، ئۆزلىرىنىڭ سۇنۇقىنى ئۆزلىرى تېڭىشقا مەجبۇر.

بازار دەۋرى كىشىلەرنىڭ نەپسىنى تېزلىك بىلەن ئۇلغايت-ۋەتتى. كىشىلەر بېيىش ئۈچۈن قىممەت قاراش ۋە ئەخلاقتا ياتىدى-غان تەرەپلىرىنى تۈزۈك ئويلانمايلا دوغا تىكمۇەتتى. باي ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى بىچارىلىكىنى بارغانسېرى ئاشكارىلىدى. بى-نالارنى، سەنئەت ئەسەرلىرىنى، سایاھەت نۇقتىلىرىنى، كىيىم-كېچەكلەرنى، ھەتتا ئادەمنىڭ قىياپىتى، چاچ پاسونلىرىنى ئەسلىي

مەنبەگە تەقلىد قىلغان كوپىيەلەش (نۇسخىلاش) بازار دەۋرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولدى. بازار بىلەن ھوقۇق ئۆزلىرىنىڭ شېرىكچىلىكىنى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ، رەسمىي سورۇنلاردىكى ئىبارىلەرمۇ كوپىيەلەنگەن ھالدا ئېيتىلىپ، مېخانىك كوپىيە (机械复制) ھەممە يەردە ئومۇملاشتى.

بىر ئادەمنىڭ تەنھالىقى ئەگەر ھەققانىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا، بۇنداق تەنھالىقتىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ھامان سۇزۇك پىكىرلەرنىڭ بۇلىقى بولالايدۇ، ئۇنىڭ ئېقىنلىرى ئۆزىگە خاس ھاياتلىق گىياھلىرىنى سۇغىرىپ تۇرالايدۇ.

مەن باشقىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادەم. تەنھالىقىمنىڭ مەنبەسى دەل باشقىلارنىڭ كۈچلۈك غىدىقلىشى ئىچىدە ئۆزىگە ئايلىنىدۇ. جەمئىيەتتىن مۇستەسنا ھالدىكى تەنھالىقنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولىدۇ.

تەنھالىقىم تازا كۈچەيگەندە ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم مۇڭدىشىمەن. روھىم ھەر خىل ئۆزلۈكنىڭ سۆزلىشەلەيدىغان سەھنىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى چىنلىقتىن ھوزۇرلىنىپ كېتىمەن. ۋاپاسىز كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ تورىدىن يىراق تۇرغان ئۆزۈمدىن خېلى رازى بولۇپ قالىمەن.

شۇ تاپتا ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈمنىڭ بىر قەپەس پاراڭلاشقۇسى كەلدى. پاراڭلىشىۋاتقان بۇ ئىككى ئۆزلۈكۈمگە A ۋە B دەپ نام بېرەي. بۇ كۈنلەردە كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە بىرنەرسە كۆرسەتكۈم يوق، زامانىنىڭ خۇلق ـ ئەلپازىنى ئوبدان ھەزىم قىلغۇم بار. بوپتۇ، يەنە بىر قېتىم تەۋەككۈل قىلاي.

ئىشىكلەرنى دۈملىدىم، تېلېفونلارنى ئۈزدۈم، ئۆزۈمنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم. قۇلاق سالسام، ئىككى ئۆزلۈكۈم سۆھبەتلىشىۋاتقانىدى:

A: شان ـ شەرەپكە قىزىقامسەن؟

B: ياق دېيەلمىسەم كېرەك.

A: سەن ئازراق شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەندەك قىلامسەن؟

B: شۇنداق.

A: ئۇنىڭدىن بەخت ھېس قىلالىدىڭمۇ؟

B: ياق، بەخت ھېس قىلالمىدىم. ئەكسىچە، ئازاب ھېس قىلدىم.

A: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

B: شان ـ شەرەپ بەزىدە باشقىلارنىڭ مەدھىيەسىگە ئوخشاپ قالىدىكەن. باشقىلار ساڭا بىرنەرسە بەرسە ئېسىلىۋېلىشى مۇمكىن. ھەركىمنىڭ بەرگىنى ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ھەقىقەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سېنىڭ ئېرىشكىنىڭ بەرگۈچىنىڭ سۆپىتىگە لايىق نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. ئاۋام مەۋھۇم بىر ئۇقۇم. ئۇنى ھەربىر كىشى ئۆز مەقسىتىگە لايىق ئىستېمال قىلىدۇ. ئاۋام بىر سودىگەر ئۇچۇن پايدا ئېتىزى، سىياسىيون ئۈچۈن قارتا، ئاۋامنىڭ مەنىسى ۋە مەۋقەسى ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سېنى مەدھىيەلىگەنلەر سېنىڭ ھالسىرىغان ھالىتىڭنى قارغىشى مۇمكىن. ئاۋام ئېقىۋاتقان دەريا، ئۇ سېنى چۆكتۈرىدۇ ھەم لەيلىتىدۇ. ئۇلار شان ـ شەرەپ بەرگەندە، كۆپىنچىسى كورلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلاردىكى قىزغىنلىق تۇيەيلى سەن ئەسلىي سۈپىتىڭنى ئېنىق كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىسەن. ئۆز ـ ئۆزۈڭگە بولغان ئوبيېكتىپ باھادىن يىراقلايسەن. سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر سېنىڭ ئوبرازىڭنى قۇرۇپ چىقىرىۋېرىدۇ. بەلكىم سەن ھەقىقىي ئۆزۈڭنى مەۋھۇم ئۆزۈڭگە ئەگەشتۈرۈپ قويۇشۇڭ مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ئاخىر بىركۈنى كۆپۈكتەك بەربات بولىسەن.

A: ئۇنداقتا، ئۇ خەتەرلىك نېمە ئىكەن ـ دە.

B: شان ـ شەرەپ پۇل ۋە ھوقۇققا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قېلىۋاتقان ھازىرقى كۈندە، ئۇنى خەتەرلىك نەرسە دېيىشكە مەجبۇرمىز. ئەگەر ئۇ ئادەمنى ئەقىل ـ ھوشىدىن، تېگىشلىك غۇرۇرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسە بولۇپ قالسا تېخىمۇ شۇنداق بولى-

دۇ. شان ـ شەرەپ كىشىنى مۇئەييەن نوپۇزغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭغا سۇنئىي رەۋىشتە ئېرىشىشى مۇمكىن. چولپانلار ـ نىڭ ھاياتىدا شان ـ شەرەپ ئۈچۈن يۈز بەرگەن رەزىللىك مىسال ـ لىرى كۆپ بولىدۇ.

A: قايسىدۇر بىر دانا: «ئۆزلۈكنى يوقىتىپ دۇنياغا ئېرىش ـ كەننىڭ نېمە پايدىسى بار» دەپتىكەن.

B: دۇرۇس ئېيتىلغان. شان ـ شەرەپ تىرىك بىر ئىنساننىڭ باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىنىدىغان قەبرىسىگە ئايلىنىپ قالسا تو ـ لىمۇ پاجىئەلىك بولىدۇ. خەنزۇ شائىرى بېيداۋ (北岛) مۇنداق دېگەنىكەن:

> پەسكەشلىك پەسكەشلەرنىڭ يول خېتىدۇر،
> ئالىيجانابلىق ئالىيجانابلارنىڭ ئابىدىسى.
>
> ـــ «جاۋاب»تىن

پەسكەشلىك سەلبىي ئۇقۇم، ھەتتا پەسكەشلەرمۇ بۇ سۈپەتنى ئاشكارا قوبۇل قىلالمايدۇ. ئادەملەر پەسكەشلىكتىن بىزار بولۇپ تۇرۇقلۇق، پەسكەشلەرگە نەپرەتلەنمىسە، پەسكەشلەر جامائەت ئەخلاقىنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىمىسا، ئەخلاق ئاجىزلارنىڭ قولىدى ـ كى قورالغا ئايلىنىپ قالسا، پەشكەشلەر ھەربىر قەدەمدە مەقسىتى ـ گە يېتىپ شەرەپ قۇچۇۋەرسە، ئالىيجانابلار ئۇن ـ تىنسىز تۈگەي ـ دۇ، ھەتتا ئالىيجانابلىقنىڭ تۈتسا تۈتقىلى، كۆرسە كۆرگىلى بولى ـ دىغان بىرەر تال بەلگىسىگىمۇ ئېرىشەلمەي قالىدۇ. تىراگېدىيە شۇ دەرىجىگە بارىدۇ: پەسكەشلەرمۇ ئالىيجانابلىق قالپىقىنى كى ـ يىدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىدا ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيدىغان دەستۈر بار بولسىمۇ، بۇ دەستۈرنىڭ مەزمۇنلىرى كىشىلەرگە سۇدەك يادا بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ يەنىلا ناھەققە سۈكۈت قىلىشى ئۆلارنىڭ

ئىنسانلىق شەرىپىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆر-
سىتىدۇ.

A: نىزامۇلمۇلك دېگەن پادىشاھ: «گۆش پۇراپ قالسا تۇز سال-
غۇلۇق، تۇز پۇراپ قالسا نېمە سالغۇلۇق؟» دەپتىكەن.

B: نومۇس تۇيغۇسى ئۆلگەن كىشىلەرگە ھەقىقەتتىن گەپ
ئېچىش ئېشەككە مۇرابىا بەرگەندەك بىر ئىش. «ئىنجىل»دا «مەرۋا-
يىتىڭلارنى چوشقىلارنىڭ ئالدىدا تۆكمەڭلار» دېگەن گەپ بار.

A: فارابىينىڭ بىر گېپى ئېسىمگە كېلىۋالدى. بۇنى بىر ئىنز-
تېر تورى بېتىدە كۆرگەنىدىم، ساڭا دەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ: «توغ-
رىسىنى چۈشىنىدىغان ۋە چۈشەنگىنىنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم
ھۆردۇر. توغرىسىنى چۈشەنسىمۇ، ئىجرا قىلىش ئىرادىسىگە ئىگە
بولمىغان ئادەم قۇلدۇر. چۈشەنچە ھەم ئىرادىدىن مەھرۇم ئادەم
ھايۋان بىلەن تەڭدۇر.»

B: قالتىس گەپ. ئەمەلىيەتتە، پىكىردىكى يۈكسەكلىك يارد-
تىلىپ بولدى. گەپ ھەربىر ئىنساننىڭ ئۇنى قانداق بويلاپ مېڭى-
شىدا قالدى. ئۆتكۈر نەزەرلىك مۇتەپەككۇرلار ئۆز دەۋرىنى يورۇتۇپ
بېرىپلا قالماستىن، كەلگۈسىدىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنىمۇ
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنساندىكى تەبىئەتكە چۆككەن كىشىلەر ھەر-
قانداق زاماندا مەنسۇپ پىكىرلەرنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ.

پۇل مەستانىلىقى، ھوقۇق ھەييارلىقى، تېخنىكا ھەيرانلىقى،
مېخانىك ئەمگەك جەريانىدا، ئىستېمال ئەسەبىيلىكى خۇراپىي
ئىنسانلارنىڭ دەۋرىمىزگە خاس ۋارىيانتىنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ
ئىقتىسادىي مەنپەئەت سەزگۈسى كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئادىللىق
سەزگۈسى ۋە ئادىللىق ئۈچۈن پىدائىيلىق سەزگۈسى گاللىشىپ
كەتتى. ئۇلار ئاساسەن دېگۈدەك راھەت جىمجىتلىق ئىچىدىكى بى-
خۇدلۇقتا ئۆتىدۇ. ئەنگلىيە شائىرى ت. س. ئېلىئوت بۇنداق ئا-
دەملەر تىپىنى «پۇچەك ئادەملەر» دەپ سۈپەتلىگەنىدى. ئەتراپىڭدا
پۇچەك ئادەملەر قىمىلداپ يۈرسە، ئۇلاردا نەپسى غالىبلىق قوتراپ

تۇرسا، ئۇلارنىڭ ساغلا بەرگەنلىرى ئەلۋەتتە پۇچەك نەرسە بولىدۇ.
ئۇلار ساغلا «ئالىم»، «مۇتەپەككۇر»، «ئەدىب» دېگەندەك نام ـ ئا-
تاقلارنى بېرىپ قويۇپ، ھەرقانداق ئادەمگەرچىلىك، دىيانەت،
ئەخلاق ـ پەزىلەت، پىداكارلىقلارنى سەندىن كۈتىدۇ. ئۇلار ھېچنې-
مىسى يوق شان ـ شەرەپنى بوينۇڭغا ئېسىپ قويۇپ، سەندىن ئۇ-
زىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان كامىل ئىنسانلىقنى، ئەخلاقىي قۇر-
بانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. سەن ئۇلار بەرگەن شان ـ شەرەپكە مەھكۇم
بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئازادە ھەرىكىتىڭدىن، شەخسىي تال-
لىشىڭدىن، ئاددىيلىقتىكى ھۇزۇرۇڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

A: شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇپقۇرۇق
نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىش ئادەمنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەند-
ۈرىدۇ. قارىغاندا، سەن نام ـ ئاتاقتىن سېسىق كېكىرگەندەك تۇ-
رىسەن.

B: شان ـ شەرەپ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە خۇشياقىدۇ. دەسلەپتە
ئۇ ساغلا مۇناسىپ ئىززەت ۋە غۇرۇر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ بەك ئېشىپ
كەتسە سېنى غاپىللاشتۇرۇپ، ئۆز قىممىتىڭنى باشقىلارنىڭ لەۋزى
ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بولۇپ قالىسەن. سەندە بارا ـ بارا
مۇئەييەن يۈز ۋە ئابرۇي قارىشى شەكىللىنىدۇ، يۈزۈڭنى كوزىر
قىلىپ بايلىق ۋە مەنسەپكە ئېرىشكۈڭ كېلىدۇ.

A: سەن شان ـ شەرىپىڭنى ماركا قىلىپ بايلىققا ئېرىشكەند-
ەردىن سانىلامسەن؟

B: ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. گارسىيە ماركوز: «دوستلى-
رىمنىڭ مېنى ئۇزاقراق ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن يېزىقچىلىق قى-
لىمەن» دەپتىكەن. بۇ گەپتىن مۇھەببەت پۇراپ تۇرىدۇ. بىراق،
نادانلارنىڭ مۇھەببىتىدىن خۇدا پاناھ بەرسۇن. ئاز بولسىمۇ ھەققا-
نىيەتنى چۈشىنىدىغان دوستۇڭ بولسىلا بولدى. شان ـ شەرەپ
ھېرىسمەنلىكى مېنى قەلەمگە ھەۋەسكار قىلغان بولسا كېرەك.
لېكىن كېيىنچە مەن ئاچچىقلىرىم ۋە غۇملىرىمنى ئورتاقلىشىش

ئۈچۈن يازىدىغان بولۇپ قالدىم. قۇپقۇرۇق شان ـ شەرەپ ئىشىكىمنى چېكىشكە باشلىدى. ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ بەندىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمەن. مەن بۇنى ھېچقاچان ئىستىگەن ئەمەسقۇ!

نام ـ ئاتاق ۋە شان ـ شەرەپ، بۇلارنىڭ پەرقى بار، ئەلۋەتتە. لېكىن زامانىمىز كىشىلىرى ئۇلارنى ئوخشاش نەرسە قىلىۋەتتى. كىشىلەر سېنىڭ نام ـ ئاتىقىڭنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇشۇپ، سېنى ئەۋلىيا قىلىپ قويىدۇ. سەن ئەۋلىيا بولالماي ئازابلىنىسەن. كىشىلەر ئاندىن سېنى سۆكۈشكە باشلايدۇ. مېنىڭ ھاياتىمۇ بارلىق نورمال ئىنساننىڭ ھاياتىغا ئوخشايدۇ. مەن ئائىلەمنى بېقىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، يىغىنغا قاتنىشىمەن، ئائىلەمنىڭ يۈزى ۋە ئادەمگەرچىلىك ئۈچۈن تويغا بارىمەن، نەزىرگە بارىمەن، يېگەن تۇزۇم ئۈچۈن تۇز بېرىمەن. بۇ جەھەتتىكى ھاجەتلىرىم ۋە سەرپىياتلىرىم باشقىلار بىلەن ئوخشاش، بەلكى ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتلىرىم كۆپرەك. مەن يۇقىرىقىلارنى ئىجرا قىلىپ بولۇپ كىتاب كۆرىمەن، تەھلىل قىلىمەن، كۆزىتىمەن ۋە يازىمەن. يېزىقچىلىق ئاز ـ تولا نام ـ ئاتاققا ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ نام ـ ئاتاق مېنى كىشىلەر ئويلىغاندەك تاپاۋەتكە ئېرىشتۈرگىنى يوق. ئەكسىچە، ئۇ مېنى ئۆز ئىسكەنجىسىدە سۈنئىي پەزىلەت بۇرچىغا سۆرەۋاتىدۇ. تەبىئىتىمدە يوق نەرسىلەر قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مەن يازىمەن، مەقسىتىم — كىشىلەرنىڭ ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىگە ئازراق بولسىمۇ تۈرتكە بولۇش، ھېچبولمىغاندا، پىكىرلىرىمنى ئىپادىلەش يۈكسەكلىكىدە سىناق قىلىپ بېقىش.

A: سېنىڭ ئۇلۇغلۇقتىن تامايىڭ يوقمۇ؟

B: مەۋجۇتلۇقۇمدا ئۇلۇغلۇقنىڭ ھېكمىتى بار. مەن ئۇلۇغ بىر قۇدرەتنىڭ ئىرادىسىدىن كەلدىم. شۇنداق ئىكەن، ئۇلۇغلۇق قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئۇلۇغلۇق ئىزدەش ئىنسانىي پەزىلەت ئەمەس.

تارىختىكى ئۇلۇغلۇق ئىزدىگەن داھىيلار چاكىنىلىشىپ كەتتى. ئىنساندا ئۇلۇغلۇقنى كۆتۈرۈپ يۈرەلىگۈدەك ئىقتىدار مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭدا پەقەت ئۇلۇغلۇقنىڭ بەزى سۈپەتلىرى بولىدۇ، خالاس.

A: دېمەكچى بولغىنىڭ...؟

B: كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىش نېسىپ بولسا، ئۇ دەل ئاددىيلىقىمىزنىڭ خىسلەتلەردىن كەلگەن مېۋە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى نەتىجە كىشىلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەن نەتىجە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يەنە مۇنداق بىر ئۇلۇغ نەتىجىمۇ بار: كىشىلەر ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيدۇ ياكى كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ يېتىشكە مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. بىراۋ يولدىكى بىر ئەينەك پارچىسىنى ئېلىۋەتتى. بۇ يولدىن ئۆتىدىغان بىر بالا ئاشۇ ئەينەك پارچىسىغا دەسسەپ سالغان بولسا، پۇتىنىڭ مۇھىم قان تومۇرى كېسىلىپ، بالا كۆپ ھەرەج تارتىشى مۇمكىن ئىدى. بىراۋ يولدىكى ئەۋرەز ئېغىزىنى ئېتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن يەنە بىرى قازادىن ساقىت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق پەزىلەتلەرنىڭ نەتىجىسىنى ئىنسانلار كۆرۈپ يېتىشكە ئاجىز كېلىدۇ. مەخپىي بېرىلگەن زاكات ياكى مەخپىي قىلىنغان ئېھساننى قايسى ئىنسان باھالىيالايدۇ؟ ئادەملەر پەقەت كۆرگەن ھەم ئەقلى يەتكەن ئىشلارنى باھالىيالايدۇ. «ھەدىس شەرىف»لەردە باشقىلارغا كۆرسىتىلگەن خۇش چىراي ۋە ئېيتىلغان ياخشى سۆزلەر سەدىقە دەپ كۆرسىتىلگەن. ئىنسانلار خالىس تۇس ئالغان ياخشىلىقلار كەلتۈرگەن كاتتا نەتىجىلەرنى باھالاشقا ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى، خالىسلىقتا داۋراڭ بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت گۈل، ئوردېن، مۇكاپات پۇلى، چاۋاكلار ئارىسىدىكى نەتىجىلەرنى كۆرىدۇ. تارىخنىڭ سەھىپىسى داڭلىق ئىمپېراتورلار، سىياسىيونلار ۋە قوماندانلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان بولىدۇ. شۇلار ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم قىلغان ئاددىي بىر ئەسكەرنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شان -

شەرەپ ئاددىيلىقتىكى ھەقىقەتنى توسۇپ قويىدىغان ئادالەتسىز
پەردىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. باشقا بىرىنىڭ شان ـ شەرىپى يەنە بى ـ
رىنىڭ ھەقىقىتىگە سايە چۈشۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ياخشىلىق ـ
نى مۇكاپات ۋە ئوردېن ئۈچۈن قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ شان ـ شە ـ
رىپى ئۈستىدە چىن ۋىجدان ھەم ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت نۇقتىسى ـ
دىن ئويلاپ باقساق، قانداق خۇلاسىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن؟ ئو ـ
قۇتقۇچىلىق ھاياتىمنى ئالسام، دەرسىمنىڭ قىممىتىگە سائەتلىك
مىقدار بويىچە باھا بېرىلدى. بۇ جەھەتتە قىلغان ئەقىدىلىرىم پە ـ
قەت ئۇنى بىلگۈچى بىرقانچە ئوقۇغۇچىغا تايىن ئىش بولۇپ قال ـ
دى. ئادىمىيەت روھى ناۋادا تار خىلۋەتلەردە ياشايدىغان نەرسىگە
ئايلىنىپ قالسا، بىز دەۋاتقان مەدەنىيەت ئاللىبۇرۇن پورلىشىپ
كەتكەن دەرەخكە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ.

A: سىزنىڭچە، شان ـ شەرەپ نېمىنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك؟

B: شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىدىكى ئاك ـ
تىپلىقنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن زىيادە قېچىش ھەم
ئۇنىڭغا زىيادە ئىنتىلىشنىڭ ھەر ئىككىسى پوزىتسىيەمىزدىكى
رادىكاللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېنىڭچە، شان ـ شەرەپ ئىن ـ
ساننىڭ قىممىتىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. ناۋادا بىرى ماڭا مې ـ
نىڭ قىممىتىمنى سۇندۇرىدىغان شان ـ شەرەپنى تەڭلىسە، مەن
ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن.

A: سىزنىڭ شان ـ شەرەپنى قالقان قىلىپ ياشىغۇڭىز يوقمۇ.

B: مېنىڭ پەزىلىتىم ۋە قەدىر ـ قىممىتىمنى بىلمىگەنلەر
ماڭا يارىشىدىغان شان ـ شەرەپنى ھەرگىز بېرەلمەيدۇ. ئۇلار مې ـ
نىڭ سەۋەنلىكىمنى كۆرگەندە ئۆزلىرى بەرگەن ئاشۇ شان ـ شە ـ
رەپنى مەن ئۈچۈن سىرتماقا ئايلاندۇرىدۇ.

A: شان ـ شەرەپنى بەزىلەر قورال دەپ قارايدىكەن.

B: ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، بىر سىياسى ـ
يون، بىر ئارتىس ئۈچۈن ئېيتقاندا شان ـ شەرەپ نۇرغۇن سىيا ـ

سىي، ئىقتىسادىي پۇرسەتنىڭ يول خېتى. لېكىن ئۇ بىر ئىلمىي خادىم ئۇچۇن يارىشىملىق لىباس بولالايدۇكى، ئۇ ئىزدەۋاتقان ھەقىقەتكە شوتا بولالمايدۇ. شان ـ شەرەپ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدەنىۋاتقان ئادەم ئۇچۇن بىر قاسراقتۇر، خالاس.

A: نام ـ ئاتاق، شان ـ شۆھرەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر ئۇقۇم بار، ئۇ بولسىمۇ يۈز ـ ئابروي، شەرق ئەللىرىنىڭ ئىچىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ «يۈز» قارىشى ناھايىتى گەۋدىلىك. كىشىلەر «يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ...» دېگەن ئىبارە بىلەن ياراشتۇرۇشنى ياكى بىرەر ئىشنى پۈتكۈزۈۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

B: شۇڭلاشقا جۇڭگودا «يول مېڭىش» دېگەن بىر گەپ بار. بۇ، «يۈز»نى «يۈز»گە توغرا كەلتۈرۈپ، مەقسەتكە يېتىش، دېگەن مەنىگە ئىگە. ئەسلىدە ھەربىر ئىش پىرىنسىپ ۋە قانۇنىي تەرتىپ بويىچە مېڭىشى كېرەك ئىدى. «يول مېڭىش» ئارقىلىق چاتاقنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ. شۇڭا قانۇننى بىلىپ، يوسۇننى بىلمىسىڭىز ئىش بىلمەس ئادەم بولۇپ قالىسىز. شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى يى جۇڭتيەن (易中天) ئەپەندى جۇڭگولۇقلار ھەققىدە توختالغان بىر كىتابىدا «ئون تامغا بىر ئىمزاغا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دەيدۇ. يۈزۈڭ چوڭ بولسا باشقىلار ئېرىشەلمىگەنگە سەن ئېرىشەلەيسەن، باشقىلار قادىر بولالمىغانغا سەن قادىر بولالايسەن، چوڭ دېلونى كىچىكلىتەلەيسەن. ««يۈز» لۇك ئادەمنىڭ بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى، خىزمەت ۋە ئەرزىيەت كوچىسىدىكىلەرنىڭ چىقىش يولى» دەيدۇ ئۇ يەنە. چوڭ مەنسەپدارلار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈۋېلىش پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنىڭ بىر ئېپى. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ سېنىڭ قابىلىيىتىڭگە قارىغاندا بەكرەك ئېتىبارغا سازاۋەر بولالايدۇ. شۇڭا جۇڭگودا تۈزۈكرەك ئوقۇپ جان باقىمەن دېگەن ئادەم دەستۇرلارنى ئوقۇپ قويسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ يەنە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دائىر مەۋھۇم، ئەمما رېئاللىقتا بار بولغان شەكىلسىز دەستۇرلارنى ئۆگىنىشى كېرەك.

A: جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ قانۇننىڭ نوپۇزى ئۈستىدىكى چۇقانلىرى بىكار ئەمەسكەن ـ دە؟ تەرەققىيات تاللاش ئىقتىدارىنىڭ كۆپىيىشىدىن دېرەك بېرىدىكەن. ئۇنداقتا، جەمئىيەت سىستېمىلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ نازارەت ۋە تەدقىق ھوقۇقى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلمىسا، قانۇننىڭ ئىقتىدارى كاردىن چىقىدىكەن.

B: ئەسلىدە قانۇن توغرىسىدىكى گۇمانىتار ئاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئادىمىيەت روھى كەمچىل جەمئىيەتتە ھەتتا شان ـ شەرەپتەك جەلپكار نەرسىمۇ خەتەرلىك بويۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

A: خەتەرلىك بويۇم؟

B: شۇنداق. ئازغىنە شان ـ شەرەپمۇ سېنى ئۆزۈڭگە تەۋە قىلمايدۇ. كىشىلەر ساڭا ئولىشىدۇ، سەنمۇ بۇنىڭدىن سۆيۈنىسەن. قارىساڭ، شەخسىي ھاياتىڭ ئۈچۈن قالغان ئىمكانىيەتنىڭ بەكلا ئاز قالغانلىقىنى كۆرىسەن. كىشىلەر سېنى كۆزىتىدۇ، سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىدۇ. چاقچاق گەپلىرىڭمۇ راست گەپ تەرىقىسىدە تارقىلىدۇ. بېرىپ ـ بېرىپ پىتنە ۋابالىرىنىڭ ئاھانەتلىرىدە قالىسەن. لېكسىيەلەر سۆزلەيسەن، توغرا گەپلىرىڭ ئۈچۈن بارىكاللا يوق، گەپتىن ئېزىپ قالساڭ (خۇدا ساقلىسۇن!) ئىلمەكچىلەر تەييار. دەپتەرلەرگە ئىمزا قويىسەن، ئاخىر ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ قايتىپ كېتىسەن. ھەربىر سورۇن ساڭا ئالىيجانابلىق توغرىسىدا بىر قاتار ۋەزىپىنى تاپشۇرىدۇ، دەردىڭ ۋە ئېھتىياجىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. (ئەلۋەتتە!) ھەممىدىن يامىنى ھەسەت. ئۇ ساڭا بىرمۇنچە يوشۇرۇن دۈشمەن تېپىپ بېرىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ تاللىشىدىكى مۇشەققەتلەر تۈپەيلى چارچىمايسەن، دەل ھەسەتخورلارنىڭ گىمژىلداشلىرىدىن ھارسىنىسەن. بىر پەيلاسوپ شۇنداق دېگەنىكەن: «ئادەمنى چارچىتىدىغىنى يىراقتىكى تاغ ئەمەس، دەل ئايىغىڭغا كىرىۋالغان قۇم ـ شېغىل.» ھەسەت شان ـ شەرەپنىڭ يېنىدىكى تۆرەلمە.

A: شان ـ شەرەپ ئىگىسى بولغانىكەنسەن، كەمتەر بولۇشۇڭ كېرەك بولىدۇ.

B: كىشىلەر كەمتەرلىك دېيىشىدۇ، بىراق تەكەببۇرلۇققا بەكرەك قايىل؛ كىشىلەر ۋاپا دېيىشىدۇ، لېكىن ۋاپاسىزلىققا بەكرەك مايىل. كەمتەرلىك بىلەن ۋاپاردالىقنى ئۆزىنىڭ شەرتى، ئېپى ـ سېپى بىلەن قىلمىساڭ، يۇزەكى ئادەملەر ئۇنى ئاجىزلىق قاتارىدا ھېسابلايدۇ. مەن ئادەتتە كەمتەرلىكىم تۈپەيلى پەرۋاسىزلىققا ئۇچرايمەن. بىر شەرق مۇتەپەككۇرى: «ئاي نۇرلۇق بولسىمۇ كۈندە كۆرۈنۈۋەرگەچكە قەدىرسىزدۇر» دەپتىكەن. مەن كەمتەرلىكىم تۈپەيلى نۇرغۇن كىشىنىڭ رايىغا باقتىم، دەردىگە يەتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. ئەمما بەرىكەت تاپماس ئادەمگەرچىلىك ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك ۋاقتىمنى سەرپ قىلىۋەتتىم.

A: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھمان ئەبەي ئاكا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بىرقانچە پۇشايمىنى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىدى. «ئۆمرۈمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆلپەتچىلىك ئۈچۈن سەرپ بولدى، دەپ ئويلايمەن. ئاشۇ ۋاقىتلارنى تېجىيەلىگەن بولسام ئالتە توملۇق ئۆمۈر ئەسلىمەمنى يېزىپ پۈتكۈزەلىگەن بولاتتىم» دەپتىكەن ئۇ زات. دېمىسىمۇ، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھاياتى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ھاياتىدىكى نۇرغۇن زور تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسكە شاھىت ھايات ئىدى. ئەگەر ئۇ ئالتە توملۇق ئەسلىمىسىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلىگەن بولسا، تارىخ خەزىنىمىز خېلى بېيىپ قالاتتى.

B: ئىبراھىم مۇتىئىي، ئۇيغۇر سايرانىي قاتارلىق ئەربابلارمۇ ئاجايىپ جىق ئىش، تارىخىي قىممەتنى كۆرگەن ئادەملەر. ئۇلاردىنمۇ قىممەتلىك ئۆمۈر ئەسلىمىلىرى چىقاتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا ئەسلىمە تۈسىدىكى تارىخلار تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولماقتا.

A: ھەممە ئادەمنى رازى قىلىمەن دەپ ئالدىراش يۈرۈپ ئاخىر

كارغا كەلمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالساڭ، كىشىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇكى، ھەرگىزمۇ بىز ئۇچۇن تۈلىگەن بەدەل دەپ ئويلىمايدۇ. بۇرۇن داڭقى پۇر كەتكەن بىر مۆتىۋەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ئۇنى ھەمىشە زىيارەت قىلىپ تۇرىدىكەن. زىيارەتچىلەر قايتىشىدا مۆتىۋەردىن تەۋەررۇك ئۈچۈن بىر تالدىن ساقال سورايدىكەن، مۆتىۋەر ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ ساقىلىدىن يۇلۇپ بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۆتىۋەر كوسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇنى يوقلايدىغان ئىخلاسمەنلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلۈپتۇ.

B: سېنىڭ تۆھپەڭنى ھەقىقىي خاتىرىلىگۈچى كىم؟ بۇنى ياخشى چۈشەنسەڭ، ئەجرىنى نەگە قىلىشنى بىلگەن بولىسەن.

A: ئۆزى سۆيگەن كىشىنىڭ ۋاقتىنىمۇ سۆيىدىغان جامائەت ئەخلاقى ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەردە دەرھال يېتىلمىكى لازىم، بولمىسا نامراتلىق ئىچىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلىمىز.

B: ئەسلىدە باشقىلارنىڭ ۋاقتىغا چېقىلىش ئوغرىلىق كەبى جىنايەتتۇر. بىز بۇنى تونۇپ يېتىدىغان مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىگە تېخى بارمىدۇق.

A: خوش، ئۆز ئىخلاسمەنلىرىڭگە نېمىلەرنى دېگۈڭ بار؟

B: مەن بىر ئۆمۈر نامراتلىقتا ياشاپ، بۈگۈنكى كۈندە ئەسەرلىرى ئەڭ قىممەت باھادا سېتىلىۋاتقان گوللاندىيە رەسسامى ۋانگونىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرەي دەۋاتىمەن: «مەن ھەرقانداق ياخشى ئىش بىلەن كارى يوق خەتەرلىك ئادەم بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. مەن قىيىنچىلىق ئىچىدە توختىماي ئىزدىنىۋاتقان ئادەممەن. خىزمىتىم ئۈچۈن خاتىرجەم مۇھىتقا ھەم كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا موھتاجمەن.»

A: قىزغىنلىق ۋە ھېسداشلىقتا، ئۆزۈڭ تەشنا بولغان مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىسەڭ قانداق قىلىسەن؟

B: ھەسرەت ۋە خاپىغانلىقتا ئۆتمەكتىن باشقا ئىلاجىم يوق،

تەقدىرىم ئىچىدە يول تېپىشىم كېرەك.

A: شان ـ شەرەپنىڭ مەزمۇنى سېنىڭ زاماندا شلىرىڭغا بېقىپ بولىدىكەن ـ دە؟

B: ھەقىقەت ئىشتىياقىدىن ھۇزۇر ئالالىساڭ، يالغۇزلۇق روھىڭنى سۇندۇرالمايدۇ، ھەقىقەت ئاشنالىرى ھامان چىقىدۇ.

2008 ـ يىلى 2 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# قەشقەر، ئەي تەۋەررۇك شەھەر

## (چاتما نەسرلەر)

قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي مەھەللىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىسلام ئەنئەنىسىدىكى بىردىنبىر مەھەللە بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى غەربىي يۇرت شەھەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى جانلىق تاشقاتمىدۇر.

— دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقىنىڭ باش ئىنژېنېرى جىن دېجۇن

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەنئەنىۋى يۇرت-لىرىنىڭ بىرى. شەھەر مەركىزىدە ساقلىنىپ تۇرغان ئۆستەڭبو-يى، چاسا قاتارلىق كونا شەھەر رايونلىرى ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەل ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدىكى بىناكارلىق تۇرمۇش رايونلىرىدۇر. تارىخ-نىڭ بۇ مەخپىي شىفىرلىرى يىللارسېرى يوقىلىپ تۇرماقتا. بەزى كونا رەستىلەرنىڭ ئىزنالىرى ئۆچۈپ، ئېگىز - ئېگىز بىنالارغا ئورۇن بەرمەكتە، كىشىلەر ئۇيغۇرلار دۇنياسىنىڭ بەزى مەزمۇنلى-رىنىڭ سىرىنى ئاچماق تەس بولغىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرىمەكتە.

— جو يۇ (مۇخبىر)

ئېتىقادنى تۇرمۇشلاشتۇرۇش ۋە تۇرمۇشنى ئېتىقادلاشتۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسىدۇر.

— شېن ۋېي (خەنزۇ شائىر)

## قەشقەرنى سېغىنىش

ئۆرۈمچى ماڭا تونۇش دىدارىنى ئۆزگەرتكەنسېرى، قەشقەرنى يادىمغا ئالىمەن - دە، تەسەللى تاپىمەن. مەن ئۆرۈمچىدە ياشىغان يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە ئۆرۈمچى تىنىمسىز ئۆزگىرىپ باردى. ئېگىز بىنالار بىلەن قورشالغان، ماشىنىلار قايناق كوچىلاردا بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ يەرلىك كىشىلىرىمۇ تېنەيدىغان بولدى. ئۆرۈمچى ئۆز ئادەملىرىنى تاشلاپ كەتتى، مەن باشقا بىر قىياپەتكە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئۆرۈمچىنى قوغلاپ يۈرىمەن. ئۆزۈمگە تونۇش ئۆرۈمچىنىڭ نامىنى تووۋلاپ يۈرىمەن، ئاۋازىم يوچۇن ئاۋازلارغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۆرۈمچى مەن بالىسىنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىمىدى... شۇنداق چاغدا قەشقەرنىڭ، قەشقەر بەشكېرەمنىڭ شەبنەملىك باغلىرىنى، شىۋاق پۇراپ تۇرغان سايلىرىنى ئەسلەيمەن - دە، ئۆرۈمچىدە دادىل ياشاۋېرىمەن.

ئۆرۈمچىنىڭ قىشى شۇنچە ئۇزاق، تۇمانلىق ھاۋادا ئاسمان پەلەك بىنالارنىڭ خىرە ئەلپازى لەيلەپ تۇرىدۇ. قايانغا قارىماي ئاپپاق قار بىلەن چۇلغانغان بوغدا چوققىسىنى كۆرەلەيمەن. ئاشۇنداق چاغدا ئىچىم سىقىلىدۇ - دە، تاپتاقىر قۇمالتاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى غىلاڭ سايدا قەدەملىرىمنى ئېلىپ ماڭغۇم كېلىدۇ.

لوندوننىڭ يامغۇردىن خالىي بولالمايدىغان پەسىللىرىدە كۆتۈپخانىلار ۋە مۇزېيلارنى ئارىلىدىم. چىلىق - چىلىق يامغۇردا يامغۇرلۇق كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىرىمدە قەشقەرنىڭ يارقىن ئاپتاپلىرىنى سېغىندىم. ئەنقەرە، كونيانىڭ ماي ئېيىدىكى قىزىق ئاپتاپلىرىدا كەزگىنىمدە دەرھال ئېسىمگە كەلگىنى قەشقەر بولدى. كونيا شەھىرى كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جالالىددىن رۇمىينىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى چۇشۇرۇلگەن لەۋھەلەر ئېسىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگىنىمدە، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى دۇردانە سۆزلەر بىلەن

قەشقەرنىڭ رەستىلىرىنى زىنىنەتلىگۈم كەلدى.

دۇنيادىكى قايسىبىر چوڭ شەھەرگە بارماي، ئاۋۋال ئېسىمگە كېلىدىغىنى قەشقەر...

توكيودىكى دوستلار «نەدىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، «قەشقەردىن كەلدىم» دېدىم، ئۇلار چۈشەندى.

لوندوندىكى دوستلار «نەدىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، «قەشقەردىن كەلدىم» دېدىم، ئۇلار چۈشەندى.

ئىستانبۇلدىكى دوستلار «نەدىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، «قەشقەردىن كەلدىم» دېدىم، ئۇلار چۈشەندى.

كىم قەشقەرنى چۈشەنمىسە، مېنى، مېنى، مېنى... باشقا بىرىگە ئوخشايدىغان مىليون ـ مىليونلاپ مېنى چۈشەنمەيدۇ.

قانچە سەيياھ قەشقەر ھەققىدە يېزىشمىدى!؟ يەنە ئاز. قەشقەر ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بىر شەھەر، شۇڭا قانچە يازسا ئاز...

قەلىمىمنى بۈيۈك قەلەم ساھىبلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بىلەيلەرگە بىلەپ، ساپ ئىنسانىي ۋىجدانىمنىڭ سىياھىنى ئىچۈزدۈم. قەشقەرنى يازماقچى بولىمەن ـ دە، تۇرۇپ قالىمەن. سۆزلەرنى قوراشتۇرۇپ بولغىچە قەشقەر كېتىپ قالىدۇ. بەلكىم «قەشقەر!» دەپ تولدۇرۇپ بىر توۋلاش سۇپەتكە سىغمايدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ساددا، ئەڭ ئىخچام تەسۋىرى بولۇپ قالار.

قەشقەر!!!...

## قەشقەرگە كىرىش

«ۋەتەنگە قايتسامىلا، ئارامىمنى قەشقەرگە بېرىپ ئالىمەن» دېگەنىدىم ياۋروپادىكى مۇساپىرەتتە. كەلدىم، ئۇنداق بولمىدى. ۋۇجۇدى ۋە روھىنى گۆرۈگە قويۇپ ياشايدىغان مەندەك بىر بىلگە (زىيالىي)چاقنىڭ بوسۇغا داۋاندىن ئاتلىمىقى ئاسان ئەمەسكەن.

قانچە قېتىم نىيەت قىلىپ، مانا ئاخىر قەشقەرگە كېتىۋاتىمەن. پويىز ئاتۇشتىن ئۆتۈش بىلەن بەشكېرەم باغلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «بولدى، پاراڭ قىلماڭلار» دېدىم بالىلىرىمغا. رېلىسنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يۇرتۇم ۋادىسىنى ئېرەنسىز ئۆتكۈزۈۋەتكۈم كەلمىدى. شۇ چاغدىكى ھېسلىرىم بەلكىم مۇشۇنداق بولغىيتتى:

باغرىنى يېرىپ ئۆتكەن رېلىس بويلاپ،
پويىزدا ئۆتتۇم مانا بەشكېرەمدىن.
پىيادە يۇرت كېزىشنى شۇنچە ئويلاپ،
تېپىلىپ كەتمەكتىمەن ئىرادەمدىن.

پېقىرلار يالاڭ ئاياغ كېچىپ ئۆتكەن،
توپىغا تەگسە مېنىڭ تاپانلىرىم.
بىر دۇنيا پۇتەر بەلكىم ئۆزۈم كۈتكەن،
توساتتىن تېشىپ ئىلھام توپانلىرىم.

پويىز سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، تاراقلاپ كېتىپ بارىدۇ. سىنچى كۆزلىرىم قويۇق ياپراقلار ئارىسىدىن مارىلاپ، ئالتۇنىدەك ئەنجۈرلەرنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردى.

ئەنجۈر ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ئادەم ئاتىغا دالدا بولۇپ، جازالانغان مېۋە ئىدى. شۇڭا چېچىكىنى كۆرسەتمەيلا، غۇژمەكلەپ پىشىۋالاتتى. مەنمۇ ھەممىشە بۇ ئادەمزات ئالىمىدە ئاق كۆڭۈللۈكۈم تۈپەيلى جازالىنىۋاتىمەن.

تەقدىرىدىشىم ئەنجۈرگە خوش دېدىم ئىچىمدە.

پويىز تاراقلاپ كېتىپ بارىدۇ، دۆڭلۈكلەر تاقىر باشلىرىنى زېمىنىنىڭ باغرىغا ياققىنىچە كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. تۇتاش دۆڭلەر گويا خىيال بېسىپ قېتىپ كەتكەن دېڭىز دولقۇنلىرى

ئىدىكى، شاۋقۇنلىرىنى زېمىنىنىڭ ئۈستىگە ئەمەس، زېمىنىنىڭ قەرىگە تاراتماقتا ئىدى. بۇنداق شاۋقۇننى پەقەت شېھىتلەرلا ئاڭلىيالىسا كېرەك. توساتتىن قايسىدۇر بىر شائىر ئېيتقان مۇنۇ مىسرالار ئېسىمدىن كەچتى:

ئەجەب مۇڭلۇق مۇشۇ قەشقەر دىيارى،
كۆرۈنگەن ھەربىر دۆڭ شېھىت مازارى.

كەچۈر قەشقىرىم، كەچۈر مېنى شېھىتلىرىم، ئاراڭلارغا پويىز بىلەن كىرىپ بىھۆرمەتلىك قىلدىم. لېكىن جىسمىم پويىزدا بولغىنى بىلەن روھىم سىلەرنىڭ خاكىڭلار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىپ بولدى.

## چىڭقىچۇشتىكى قەشقەر

قەشقەر كوچىلىرىدا ئۆز پۇتۇم بىلەن مېڭىۋاتىمەن. بۇ رېئاللىقتىكى قەشقەر، مەنمۇ رېئاللىقتىكى مەن. لېكىن مەن شۇنداق دېيىشىم كېرەك: مەن قەشقەرنى چۈشەۋاتىمەن، ئويغاق بىر ھالدا قەشقەرنى چۈشەۋاتىمەن. بۇ چۈشتە خىيالىي رومانتىكىنىڭ ئورنىنى رېئال شېرىنلىك ئىگىلىگەن بولۇپ، تېلىققان سېغىنىشتىن كېيىنكى ۋىسال ھەرقانچە راست بولسىمۇ، ئۆزى ياراتقان روھىي زىلزىلە ئىچىدە خىيالىي بوياقلاردىن جۇلا تاپىدۇ.

قەشقەرنىڭ ئاسمىنى زىيادە كۆكمۇ ئەمەس، قەشقەر ئۆزىنىڭ ھاۋاسىدىكى ئاقۇچ سۇس تۇمانلار ئاستىدا قاقلىنىپ ياتىدۇ. ئەسلىدىكى سېغىز رەڭ ئۆيلەر كۈچلۈك كۈن نۇرىنىڭ تەپتىدە تاۋلىنىپ، ئاچ گىل رەڭ تۇسكە كىرگەنىدى.

ئاچ گىل رەڭ تۇپراق، گىل رەڭ ئۆيلەر گويا ۋۇجۇدىمىزنىڭ كېلەچىكى ئىدى. جىسمىمىز ئەسىرلەپ يانغان قۇياش يالقۇنىدا پىشىپ ئىمارەت تاملىرىغا ئايلانغاندا، سۇكۇنات تىللىرىمىز بىلەن

ئەۋلادلىرىمىزغا سۆزلەيمىز. ئاھ، شۇ ئەۋلادلار كەلگۈسىدىكى تىل-لىرىمىزنى چۈشىنەرمۇ؟ ئۆتمۈش بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن شۇ تىل-لىرىمىزنى...

قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەربىر خىش ئۆتمۈش قىسمەتلىرى قاچىلانغان تۆت چاسا پىلاستىنكا، ئۇنى ئىماندىن پۇتكەن قۇلاق بولمىسا، ھېچكىم ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەربىر خىش پەلەككە ئۆرلەۋېتىپ بىر مەزگىل توختاپ قالغان ۋەسىيەت.

قەشقەر ئىمارەتلىرىدىكى ھەربىر خىش بىر يۇرەكتۇركى، بىر - بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ زور بىر قەسىرنى بەرپا قىلىشقىنىدا، تۇتاش ھالدا سوقۇپ تۇرىدۇ.

پەخەس بول ئەي نادان! قەشقەرنىڭ ھەربىر خىشى تىرىك ئا-دەم، ئۇنى ئاۋايلاپ تۇت، شۇندىلا ئۇ ساڭا ئادىمىيلىكنىڭ نېمىلى-كىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ.

قەشقەر ئاسمىنىدىكى ئاقۇچ توزانلار گويا پىراق دەشتىدىكى بۇ شەھەرنىڭ تىنىقلىرى. ئۇلار دەرەخلەرنىڭ ئالىقانلىرىغا يۇرەك سۆزلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشۇپ، ئەرش پوچتىخانىسىغا يۈكسىلى-دۇ.

ئۇلۇغ شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى شېھىتلىك مۇقامىدا ئەۋلادلىرى-نىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلاپ تۇرىدۇ، گويا تۇپراق تىلىدا، توزان تى-لىدا، شامال تىلىدا، بوران تىلىدا، كەپتەر تىلىدا ياكى جىمجىت قەبرىستان تىلىدا...

— نەگە بارىسىلەر ئەي توزانلار؟

— ساماغا، يۈكسەككە، يۇلتۇزلارغا ئايلانغان يۇرەككە!

گىل رەڭ تۇپراق، ئاقۇچ توزان، زەڭگەر ئاسمان... ئاپتاپ گو-يا بىر خىتابەتەك ھېيتگاھ مەيدانىدا ماكان تۇتقان.

ھېيتگاھ مەيدانىدىكى قىزىق ئاپتاپ باشقا يەرنىڭ ئاپتاپلىرى-غا ئوخشىمايدۇ. ئۇتتەك ھارارىتى تاپاندىن ۋە باشتىن ئۆتۈپ، يۈ-

رەكتە ئۇچرىشىدۇ. كىشى بۇ يەردە ئەرش بىلەن پەرشىنىڭ تەپتىنى بىرلا ۋاقىتتا ھېس قىلالايدۇ.

غىلاڭ سېمونت مەيداندىكى چىڭقىچۇش ئاپتىپى گويا ساما سالىدۇ. ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرگەن كىشىنىڭ جېنىمۇ ساما سالىدۇ. قىيامەتنى تەجرىبە قىلىمەن دېسەڭ، تومۇزدىكى ھېيتگاھنىڭ ئاپ-تىپىغا كەل!

بۇ يەردىكى سائەت مۇنارى، بۇ يەردىكى ئانار ھەيكىلى، بۇ يەر-دىكى گۈلىستانلار ئاپتاپتا ئېرىپ، ئۆتمۈش دېڭىزىغا قۇيۇلۇپ كەتكەن.

## قەشقەر كوچىلىرى

ھېچكىم كاشىلا قىلمىسا، ئۆستەڭبويى، نوربېشى، جانقور-غان، بۇلاقبېشى مەھەللىلىرىنى تەنھا ھالدا قانغۇچە ئايلىنىۋالسام دەيمەن. قەشقەرنى راسا سېغىنغان چاغلىرىمدا لوندوندا شۇنداق دېدىم، ئۇرۇمچىدىمۇ شۇنداق دېدىم.

پۇرسەتلەر ئاخىر كەلدى. ساھىبخانىلارنىڭ قىزغىن خېرىدار-لىقلىرى ۋاقتىمنى قىس قىلىۋەتسىمۇ، بىر ئەتىگىنى بۇ تەۋەررۈك شەھەرنىڭ قەدىمىي رەستىلىرىنى كۆزلەپ ئىشىكتىن تەنھا چىق-تىم.

جانقورغان مەھەللىسى. مەھەللە بالىلىرى تولىمۇ سۆيۈملۈك. ئۇلار ئۆز مەھەللىسىگە يولۇققان يات كىشىلەرنى ئاسانلا باي-قىۋالالايتتى. قاپقارا سەبىي كۆزلەر ماڭا قىزىقسىنىپ تىكىلدى. راستىنى دېسەم، ئاشۇنداق خالىس قارا كۆزلەر ماڭا تىكىلسە يايراپ كېتىمەن. مەن بىرقانچە دەقىقە بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ بىر نۇقتىسىغا ئايلىنالىغانىدىم. مەن ئۇلارنى ھودۇقتۇرۇپ قوي-ماسلىق ئۈچۈن گويا ئۇلارغا سەپسالمىغان قىياپەتتە مېڭىپ، ماڭا قاراپ تۇرغان پاك، مەسۇم كۆزلىرىنى تاماشا قىلاتتىم. شۇ ئارقى-

لىق دەرمەھەل پەيدا بولغان بالىلىقتا قايتىش ئىستەكلىرىمنى غا-
يىبانە بىر تەقلىد بىلەن قاندۇراتتىم.

ئۇلار چۇرۇقلىشىپ بىر - بىرىنى قوغلايتتى. بۇ، دۇنيادىكى
غەرەزسىز قوغلاشلاردىن ئىدى. بۇ يەردىكى بارچە خۇشاللىق پەقەت
قوغلاشنىڭ ئۆزىگىلا مۇجەسسەم ئىدى.

رەستىدىكى كىشىلەر قايسىدۇر بىر تار كوچىنىڭ ئالدىدا غا-
يىب بولاتتى. كىملەردۇر قايسىدۇر بىر تار كوچىدىن چىقىپ،
رەستىدىكى پىيادىلەر ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئاپپاق ساقال-
لىق مويسىپىتلار، پەرەنجىلىك ئاياللار، ئۇلارغا ئەگەشكەن بالىلار،
كېلىشتۈرۈپ بۇرۇت قويۇۋېلىشقان سۆلەتلىك يىگىتلەر... ۋاھ، بۇ
شەھەرنىڭ ئادەملىرى خويمۇ قاملاشقان. قويۇق سۇمبۇل چاچلىرى-
نى نېپىز سۆسۈن ياغلىق بىلەن باستۇرۇپ چىگىۋالغان زىلۋا بىر
چوكان ئالدى - كەينىگە ئىككى بالىسىنى مىنگەشتۈرۈپ، توك مو-
توسىكلىتىنى ھەيدىگىنىچە بىر تار كوچىدىن چىقىپ كەلدى -
دە، ئادەملەر ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈپ غۇژمەك مې-
ۋىلىگەن يۇمران ئەنجۈر شېخىنى ئەسلەپ قالدىم.

مەن ھەربىر تار كوچىغا ئېرىنمەي كىرىپ باقتىم. قېنى بۇ
نەلەرگە باشلايدىكىن دېدىم ئىچىمدە. بىردىنلا نەۋايىنىڭ مۇنۇ
مىسرالىرى ئېسىمدىن كەچتى:

ماڭا نە مەنزىلۇ - مەئۋا ئايان، نە خانۇمان پەيدا،
نە جانىمدىن ئەسەر زاھىر، نە كۆڭلۈمدىن نىشان پەيدا.

ماڭا نەگە بېرىش مۇھىم ئەمەس، شۇ تاپتا بىرەر مەقسەتتىن
خالىيمەن. پەقەت بۇ تار كوچىلارنىڭ چېكىگە يەتسەم دەيمەن. بەل-
كىم، بۇ تار كوچىلاردا نام - شەرىپى تېخى يېتىپ كەلمىگەن شا-
ئىر ياكى ئەللامىنىڭ قول يازمىلىرى ياتقاندۇ. سارغىيىپ كەتكەن
قول يازمىلاردىكى قۇرلارنىڭ ئارىسىغا غايىبانە سىڭىپ كېتىۋات-

قاندەك لەززەت تۇيغۇسىغا ئەسىر بولۇشقا باشلىدىم.

تار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ جايلاشقان ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، كوچىنىڭ ئىچىدە كوچا، هويلىنىڭ ئىچىدە هويلا ئىدى. ئەپچىل هويلىدا تەشتەكتە ئۆستۇرۇلگەن هەر خىل گۈل بەئەينى گۈللۈك پېشايۋان بىلەن گۈللەر تىلى ئارقىلىق پاراڭلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. يەردىمۇ گۈل، تاملاردىمۇ گۈل. تېشىدىن قارىماققا قاق سەنەمدەك كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەرنىڭ ئىچ ـ ئىچى گۈل بىلەن تولغانىدى. شۇڭا، ئايۋانلاردا گۈل، پېشايۋانلاردا گۈل، هويلا دەرۋازىسىدا گۈل، هويلىلاردا مېڭىپ يۈرۈۋاتقىنىمۇ گۈل، چۆمبەللەردە گۈل، تەكچىلەردىكى كونا كىتابلاردا گۈل، ئىچىلىۋاتقان چايلاردىمۇ گۈل... بەزى ئۆيلەر كوچا تاملىرىغا مىنگەشتۇرۇپ سېلىنغان بولۇپ، بۇنداق ئۆيلەرنىڭ تۈتاشمىسىدىن ئۆزۈن كارىدور هاسىل بولغانىدى. چىرايلىق پەردىلەنگەن دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان گۈل ياكى ساماۋار دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. تار كوچىلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۈچراشقان دوقمۇشمۇ تار ئىدى. دوقمۇشتا بىرقانچە هويلا ئىشىكلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. ئۇستىگە قارىسىڭىز بىر پارچە زەڭگەر ئاسمان خۇددى مۇشۇ كىچىككىنە يېپىق دوقمۇشنىڭ ساماۋى تورۇسىدەك كۆرۈنىدۇ.

ئەنە، بوسۇغىدا ئولتۇرغان ئىككى ئايال نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتىدۇ. بىر ـ بىرىگە مۇرىدىشىپ ئولتۇرغان ئۆيلەرمۇ بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ. ئۆيلەر ۋە ئادەملەر قايسى قىسمەت ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقاندۇ ـ ھە؟ ئۇلار مۇشۇنداق دىلكەشلىك بىلەن مىڭلاپ ئەسىرنى يولغا سېلىپ قويۇپ، يېڭى بىر ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تىرىك مۆزىيغا ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ.

تومۇر ـ تومۇردەك سوزۇلغان تار كوچىلار تومۇر ـ تومۇردەك خالتا كوچىلارنى قوينىغا ئالغانىدى. ئەگرى ـ بۈگرى، ئوڭغۇل ـ

دوڭغول بۇ تار كوچىلار دۇنياغا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى كامبىرىجنىڭ كوچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئىنگلىزلار كامبىرىجنىڭ ئاشۇ تار كوچىلىرى بىلەن ئىنتايىن پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ تار كوچىلاردا مېڭىپ يۈرۈپ ئىلىم تەھسىل قىلغان نۇرغۇن ئالىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ شۆھرىتىنى يايغان. ئەنگلىيەدىكى يەنە بىر قەدىمىي شەھەر دارھامىنىڭ كوچىلىرىنى ئايلانغىنىمدا، ئوردىنالدى كوچىسى ۋە ئەشىمكار كوچىسىنى ئەسلەپ قالغانىدىم. دۇنيادىكى كۆپلىگەن قەدىمىي شەھەرنىڭ كوچىلىرى قەشقەرنىڭكىدەك تار بولىدىكەن. ۋاھالەنكى، بۇ تار كوچىلاردا تالاي كاتتا ئالىم ماڭغانىدى. مەن كېتىۋاتقان بۇ تار كوچىلاردا ئەينى دەۋرلەردە بۇخارا، سەمەرقەنت، نىشاپۇر، بەلخ، باغداد، دەمەشق، شىراز، ئۇفا، ئىستانبۇللاردا ئىلىم مەشئىلىنى ياندۇرغان قايسى دانىشمەن ماڭمىغان!

ئانجان قەشقەر كوچاڭدا غىچلا ئالىملار ئىزى،
سەندە شۆھرەت، سەندە ۋىجدان، سەندە تەۋپىق يىلتىزى.
ئەھلى مەردانلار مازارى، ئەقلى كامىللار ئېلى،
توزۇغان ئاچچىق توپاڭدىن يورۇغاي ئىقبال كۆزى.

قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرى مىڭ يىللاپ ئىلمىي ھاياتىنىڭ شاھىتى بولغان ئەينى زامان ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. خانلىق مەدرىسەسى، ساقىيە مەدرىسەسى، ساچ مەدرىسەسى... دېمەككى، قەشقەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى. مەدرىسەلەر، ئەي مۇقەددەس چوغدان! ئېگىز مۇنارلىرىڭ قېنى؟ يوقاپ كەتكەن قايسىدۇر بىر كىتابنى غايىب ھويلاڭدىكى ئۇجمە سايىسىدە بىر سائەت ۋاراقلىۋالسام ۋۇجۇدۇم ئىللىپ قالار ئىدى!

قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرى مۇھەببەتكە باي ئىدى. بۇ كوچىلاردا ماڭا يولۇققانلىكى كىشىلەر ماڭا ئىللىق سالام بېرىپ ئۆ-

تەتتى. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيتتىم مەنمۇ تورغانلارنى كۆرسەم. ئۇلار سالىمىمنى مەندىن ئارتۇق تەۋەززۇ بىلەن ئىلىك ئالاتتى. بەزى مومايلار «ئۆيگە چىسلە، مېھمان» دەپ ئىلتىپات كۆرسىتىشتى. قېرىنداشلىقنىڭ كۆۋرۈكىدىن دېرەك بېرىدىغان بۇنداق يېقىملىق سالاملار تاۋار، پۇل ئەقىدىسىگە گىرىپتار بولۇپ، كۆڭلى پۇچەكلىشىپ كېتىۋاتقان تاۋار ئادەملەردىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ بارماقتا ئىدى.

خالتا كوچىلارنىڭ ئاخىرى بىرەر گۈللۈك دەرۋازا بىلەن تۇگەيتتى. دەرۋازا بىر ئائىلە ئىپپىتىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئەڭ ياخشىسى، ئەمدى كەينىمگە ياناي. ئىشىكلەرنىڭ ئۆزى خالىغاندا ئىچىدىن ئېچىلغىنى ئەۋزەل.

## تار كوچىنىڭ بالىلىرى

كوچىنىڭ ئېغىزىدىلا بىرقانچە ئايال گەپلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇستى يېپىق تار كوچا؛ ئىككى تەرىپىمدە ئۆي، ئۇستۇمدىمۇ ئۆي، تار كوچا مېنى سومۇرمەكتە. بۇ تار كوچىلارنىڭ نېمىسى مېنى شۇنچە تارتىدۇ؟ بىلمەيمەن. بۇ، تار كوچىلار بىلەن ۋىسالىلىشىشمۇ ياكى ۋىدالىشىشمۇ؟

ئىچكىرىلەپ كىرىۋىدىم، كوچا بارغانسېرى خىلۋەتلىشىپ كەتتى. ئەتىگەنلىك قوياش بالىخانالارنىڭ ئۆگزىسىگە ئۆزىنىڭ زەررەڭ لەۋھەسىنى ئاسقان، لېكىن كارىدورسىمان تار كوچىدىن شەھەرنىڭ گۇگۇملىرى ئەمدىلا خوشلاشماقتا ئىدى.

ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ تار كوچىنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ قالدىم. دېمەك، بۇ بىر خالتا كوچا ئىكەن. كەينىمگە ياندىم ـ دە، يەنە بىر تار كوچىغا بۇرالدىم. ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۇچ ئاچىلىق بىر دوقمۇشقا كەلدىم. دوقمۇشتا چاققانغىنە بىر مەسچىت بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئىشىك تېمى، سۇپىسى ۋە مۇنارلىرى سېغىز رەڭ

خىشتىن قوپۇرۇلغان. مەسچىتنىڭ قۇلۇپلانغان ئىشىكىگە «تىنىچ مەسچىت» دېگەن خەت چوشۇرۇلگەن قەلەي تاختا مىخلانغان.

لېكىن مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە دوقمۇش سەيناسى تىنىچ ئەمەس ئىدى. بەش ـ ئالتە بالىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى بۇ يەرنى بىر ئالغانىدى. ئوغۇللار كالتە ئىشتان بىلەنلا چىققان بولۇپ، پۇتلىرىدا ساپما كەش، ئىككى قىز ئەتلەس تامبالنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. قارىغاندا، ئۇلار ئويقۇسىدىن بايىلا ئويغىنىپ، ناشتا تەييار بولغىچە ئوينىۋالايلى، دېگەن بولسا كېرەك.

دوقمۇشقا كېلىپ تۇرۇشۇمغىلا، هاۋادىن ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى كەلدى. بالىلار بىردەكلا ئاسمانغا قاراشتى. مەنمۇ قارىماي تۇرالمىدىم. مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى سەيناچىلىك كېلىدىغان زەڭگەر ئاسماندىن ئويۇنچۇقتەك بىر ئايروپىلان غىل ـ پال كۆرۈنۈپلا ئۆتۈپ كەتتى. بالىلاردىن بىرى بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بارماقلىرىنى ئۇچلاپ ئايروپىلاندەك قىلىپ، ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىنى دوراپ تۆت ـ بەش قەدەم ماڭدى، باشقا بالىلارمۇ ئەگەشتى. ئۇلار ئايروپىلاندەك توۋلاشقىنىچە زەڭگەر ئاسمانغا ئۇزاققىچە قاراشتى.

بۇ مەهەللىنى تار دەپ كىم دەيدۇ. بۇ مەهەللىنىڭ بالىلىرى ئۆزىنىڭ تار كوچىلىرىنى بىپايان ئاسمان دەپ بىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تونۇش بۇ مەهەللىدە بەئەينى ئەزىم دەريادىكى بېلىقلارنىڭ ئۆزى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەهەللىسىدىكى چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ هەممىسىنى تونۇيدۇ، خالىغان بىر هويلىغا قورۇنماي كىرەلەيدۇ.

تار كوچا بالىلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى مەهەللىلەر ناهايىتى كەڭ. ئۇلار كۆپ هالدا ئاسمانلاردا، رىۋايەتلەردە، تاملاردىن هالقىپ كەتكەن چوشلىرىدە ئەركىن قىيغىتىپ ئوينايدۇ. ئاسماندىكى خالىغان بىر يۇلتۇزنى ئۈزۈپ، ئانىلىرىغا ئۇزۇك سوقتۇرۇپ بېرىدۇ.

تار كوچىدىكى ئاشۇ بالىلارنى ئاسماندىن يىراق دەپ ئېيتىشقا كىم پېتىنالايدۇ؟

## تار كوچىدىكى ئايال

بىر دوقمۇشتىن قايرىلىشىمغا، ياش بىر چوكان بىلەن دوقۇ-رۇشۇپ قالدىم. چوكان ئەندىككەندەك بولۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى، روملىنىڭ بۇرجىكىنى يۇزىگە دالدا قىلدى. بۇنداق ئەتىگەندە ناتو-نۇش بىر ئەر كىشىنىڭ بىر خىلۋەت تار كوچىدا چۆرگىلەپ يۈرۈ-شىنى ئايال نەدىن بىلسۇن؟

بۇ تاسادىپىي مەنزىرە كۆڭلۈمنى لەرزىگە سالدى. ئايال ئالمان - تالمان يۇرۇپ كەتتى. تەسىراتىمنىڭ چىنىسى ئاستا - ئاستا تو-شۇپ، تىپشىشقا باشلىدى. كوچىلاردا ئۇدۇل كەلگىنىچە دولىسىنى ئۇچلاپ سوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەن تايتاڭ قىزلارنى كۆپ كۆرگەنمەن. شۇنداق چاغلاردا ئەرلىك زوراۋانلىقىم بىر كۆپچۈپ يەنە تىنىپ قالاتتى. مانا هازىر ئاشۇ رومالىلىق چوكانغا جاھاندىكى داغدام يوللارنىڭ ھەممىسىنى ئىككى قوللاپ سۇنغۇم كەلدى.

ئايال ئۆزىگە بۇيرۇلغان ئەرنىڭ ئامانىتىدۇر. پاكىز، گۈزەل ئايالالار ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىكى ھەققىنى تونۇپ، ئەرلىك مەسئۇ-لىيىتىنى بەجانىدىل ئۆتىيەلىگەن ئەرلەرنىڭ ھاردۇق ئىشى. ئا-يالالار ئەرلىك غۇرۇرى ۋە شىجائىتىنىڭ مۇستەھكەم قورغىنىدا تۇرغاندىلا ھەقىقىي گۈزەل. ھەقىقىي ئەر بار يەردە ئايالىلىق غۇنچى-لىرى قات - قىتىدىن تەبىئىي ئېچىلىدۇ.

پىتنە - پاساتقا تولغان بۇ دۇنيادا، بىرنى بىر دەيدىغان ئەر-لەرگە زىيادە كۆپ مالالىلىق يىتىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئەرنىڭ لاتاپەتلىك، چىچەن بىر ئايالى بولسا، ئەرلىك سۆلىتىنى دات باستۇرماي ساق-لىيالايدۇ.

قايسىدۇر بىر سۆھبەتتە شۇنداق ئىشىتكەنمەن: ئىنگلىز ئىمپىراتورلىرى مىسىرغا قەست قىلىپ مەقسەتلىرىگە دىگەندەك يىتەلمىگەندە، مىسىر ئايالىلىرىنى شاراب سورۇنلىرى، بەزمە تو-

نەكىلىرىگە ئېلىپ كىرەلىگىنىمىزدە مىسىر بىزنىڭ بولىدۇ، دې-يىشكەنىكەن. چۈنكى، يىگىتلەرنىڭ جاسارىتى ناپاك ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئاسان سۇنىدۇ. ئەرلىرى سۇنغان ئەلنىڭ ئاياللىرى بەرد-بىر ئولجا.

پارس شائىرى ھافىز شىرازىي ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى مۇنداق مۇبالىغە قىلغانىكەن:

ئەگەر كۆڭلۈمنى شاد ئەتسە ئۇ شوخ شىراز جانانى،
قارا خالىغا بەخش ئەتسەم سەمەرقەندۇ - بۇخارانى.

ئۇنىڭ قاپىيەسىگە مۇنداق سوڭداشقۇم كەلدى:

مەگەر ئىپپەتتە ساقكى كاشغەرنىڭ ھۆرۇ - غىلمانى،
تۇغار مىليون تۇمارىسنى، تالاي ئالىپنى، دانانى.

## تار كوچىدىكى ھويلا

قەشقەردىكى تار كوچىلارنىڭ ئىشىكلىرى قوش قاناتلىق بو-لىدۇ. ئىشىكنىڭ قاناتلىرى يېپىلغاندا، ئىشىكنىڭ تۆۋىنىدىن بىرنەچچە بارماق ئېگىزلىكتە ئېشىپ تۇرغان بوسۇغا بىلەن شۇنداق ھىملىشىپ كېتىدۇكى، ھېچقانداق يوچۇق قالمايدۇ. ئى-شىكنىڭ ئىككى قانىتى ھىملەشكەندە، بىر قانىتىغا ئورنىتىلغان تۆت بارماق كەڭلىكتىكى قېلىن مىنا ھېچقانداق يوچۇققا ئورۇن قالدۇرمايدۇ. ئىشىكنىڭ قاناتلىرىدىكى نەقىشلەر ئىشىكلەرگە باش-قىچە سۆلەت كىرگۈزىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغىسى غۇرۇر ۋە ئىپپەتنىڭ سىمۋولى. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ھەرقانداق نەرسىسى ئۇنىڭ رۇخسىتىدىن مۇستەسنا ھالدا يات كۆزلەرنىڭ نەزىرىگە چۈش-مەسلىكى كېرەك. ئۇيغۇرلاردا بوسۇغا ئىچىدىكى ئىشلار بىلەن

بوسۇغا سىرتىدىكى ئىشلارنىڭ چەك ـ چېگراسى كەسكىن ئايرى-
لىدۇ. بوسۇغا ئۆينىڭ غوجايىنى بولغان ئەركەكنىڭ قەدىر ـ
قىممىتىدىن دېرەك بېرىدىغان نىشان. ئەركەكلەر سىرتقا چىقىپ
كەتكەن ھامان بوسۇغا يات ئادەملەرنىڭ قەدىمىگە نىسبەتەن بىر
ئېھتىيات سىزىقىدۇر. ئىچىدىن زەنجىرلەنگەن ئىشىكنىڭ كەي-
نىدىكى گۈللۈك ھويلا ۋە خىلۋەت خانىلار، خىلۋەت خانىلاردىكى
خانىملار ۋە قىزلار ئەرلىك غۇرۇرنىڭ بىغۇبار سەلتەنىتى سۈپى-
تىدە ئاۋايلاپ ساقلىنىدۇ. باكىرە قىزلارغا جۈپتى ھالال بولۇشنى
ئىستىگەن يىگىت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولى بىلەن بۇ جازىبىلىك
گۈلدار ئىشىكنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى شاراقلاتسا بولىدۇ.

قوش قاناتلىق ئىشىك ئېچىلغاندىمۇ، ئىشىكنىڭ ئىچى تەرى-
پىگە تارتىلغان پەردە ھويلىنىڭ خاسلىقىنى توسۇپ تۇرىدۇ. ئى-
شىكنى چەككۈچى پەقەت ئىشىكنى رازىمەنلىك بىلەن ئاچقۇچى
ساھىبخانا بىلەن دىدارلاشسا بولىدۇ، ئۆينىڭ ئىپپىتى پەردە ئار-
قىسىدا تۇرۇۋېرىدۇ.

مېھمان — ساھىبخانىنىڭ غۇرۇرى ئەرزىتكەن بۇ ئاشۇ زاتلار
ئۆينىڭ قەدىر ـ قىممەت ئەقىدىسىنىڭ تۆرىدە مۇھەببەتنىڭ مۇ-
ناسىپ پەزىلەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىن نېسىۋە ئالىدۇ.

پەردىلەنگەن قوش قاناتلىق ئىشىك، پەردىلەنگەن دېرىزە،
پەردىلەنگەن روخسار... قارىماققا، بۇلار كىشىلىك جەمئىيەتتىن
ئۆزىنى ئايرىۋېتىشنىڭ بەلگىسىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بۇ ئۆي-
لەردە ئالاھىدە تەقلەپ قويۇلغان ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنىڭ نا-
زۇك سەنئەتلىرىنى، مېھمانغا سۇ بېرىشتىكى ئادىمىي مەزمۇنغا
باي تەرتىپلەرنى ئويلىسىڭىز، بۇ خىلۋەت خانىدانىنىڭ سېخىي-
لىقتا تولىمۇ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىسىز. ئۆزى خالاپ
ئېچىلغان ئىشىكلەر ھەقىقەتەن سېخىيدۇر.

تۇڭگانلارنىڭ كاتتا يازغۇچىسى جاڭ چېڭجىڭ ئەپەندى بىر
تەسۋىرلەۋاتقان ئاشۇنداق بىر ھويلا ھەققىدە مۇنداق يازغانىكەن:

«بۇ هويلا مەن ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك. بۇ هويلىدا بەلكىم ھېچقانداق مال ـ مۈلۈك يوقتۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئېتىقاد، غۇرۇر، كۈي ۋە ھۆسن بار. مۈشۈ بىرقانچە خىل بايلىقتىن كېلىپ چىققان قەشقەر سېھرى مۈشۈ ئاددىي هويلىدا نامايان ئىدى.» (1995) ئۇ، ئۆزىنىڭ جامالىنى ئېرىنىڭ ئامانىتى دەپ چۈشەنگەن چۈمبەللىك بىر ئايالنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى جەلپكارلىقتىن تەسىرلەنگەن ھالدا شۇنداق يازماي تۇرالمىغان: «مەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدىم، لېكىن ئۇ ماڭا قەشقەرنىڭ قىياپىتىنىڭ بىر بۇرجىكىنى كۆرسەتتى.»

ئىنسانىيەتنىڭ بىر بۈيۈك ئەپەندىسى ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن مارىلىغانلارغا ئۇنىڭ كۆزىگە چېچىنى تارىغان تارغىقىنىڭ چىشىنى تىقىۋەتكۈدەك دەرىجىدە غەزەپلەنگەنىكەن. ئۇ ۋە ئائىلە دەل كېڭەيگەن ئۆزىمىز ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنىڭ قوۋمىنى ئائىلەم دەپ بارلىق ئار ـ نومۇسنى زىممىسىگە ئالىدىغان ئەزىمەتلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىش نەقەدەر شەرەپ ـ ھە!؟

## تار كوچىدىكى ئاقساقال

بۇ بوۋاي دىققىتىمنى نېمە ئۈچۈن تارتتىكىن؟ ئۇنى يىراقتىن كۆردۈم ـ دە، بىر شەيدالىقنى سەزدىم.

ئۇ قېرى بولسىمۇ، خۇش سۈرەتتۈركى، مەسچىتنىڭ سۇپىسىدا مۈلايىمغىنا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاپتاپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىغىنىچە، ئىچىدىكى سۆكۈناتلىرىنى ئەركىن قويۇپ بېرىشكە ئۈندىگەندەك ئىدى. ئاپپاق خەسە ئىشتان، ئۇزۇن خەسە كۆڭلەك ئەتىگەننىڭ ياغدەك ئاپتىپىدا بۆلەكچە جۇلاغا كىرىپتۇ. ئاپپاق ساقاللار مەيىن شامالنىڭ قولى بىلەن تارانماقتا. چىمەن دوپپا ساپ ھاۋالىق باغنىڭ ئەندازى بولۇپ، خۇشناۋالار گويا ئاپتاپلارنىڭ بەھرىدە جىلۋە ـ نامايىش قىلار.

ئىبادەتتىكى پاكىزلىقنى مەھەللىلەرگە باشلاپ چىققان ئەي چال، سۆكۈتلىرىڭدە بۇ دۇنيانىڭ يەنە قايسى غوۋغالىرىنى ھەزىم قىلىۋاتىسەن؟ شۇ تاپتا سەن شۈكرىلەرنىڭ زىياپىتىدە ئولتۇرۇۋا-تامسەن ياكى ئىجتىھاتنىڭ قىيامىتىدىمۇ؟

ئاقلىقنىڭ ئىمتاس دولقۇنلىرىدا تەمكىن ئۈزۈۋاتقان ئەي يو-لۇچى، قىلىچنىڭ بىسىغا دەل چۈشكەن تامچە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندەك، ۋۇجۇدۇڭ بۇ يەردە، روھىڭ ئۇ يەردىمۇ؟

بوۋاينىڭ سۆكۈتىگە جور بولۇپ تۆت ـ بەش قەدەم نېرىدا تۇراتتىم. كىيىملىرى ۋەيرانە بىر يىگىت ئۆز ـ ئۆزىگە بىرنېمە-لەرنى دەپ ياندىكى بىر كوچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ھېلى كەينى-گە، ھېلى ئالدىغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن چېھرىدىكى تەبەسسۇم گويا قېتىپ قالغاندەك بىر خىل رەۋىشتە تۇرۇۋېرەتتى. ئۇنىڭ بىر قولىدا نان بولۇپ، يەنە بىر قولىدا «بۇ يەردە جىق گەپ بار» دەپ يېزىلغان كۆرسىتەتتى.

«بۇ يەردە جىق گەپ بار»...

بۇ شۇنداق بىر نەق مەيدان ئىدىكى، ئىككى ئادەم دۇنيا بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى، بىرى ئاۋازسىز، بىرى ئاۋازلىق.

ئەي سۆكۈناتنى ئۆزىنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇۋالغان يەرلىك پەيلاسوپ، دېڭىزىڭدىن ماڭىمۇ بىر ئارال بەر. زەيتۇن شېخى چىش-لىگەن كەپتىرىمنى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش پاكىز ئولتۇرۇپ كۈتۈش-نى ئۆگىنىۋالاي.

بۇنىڭدىن ئاۋۋال نامازدىن قايتىپ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ يان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بەھۇزۇر پاراڭلاشقان ئىككى ئاقساقالنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار سوقرات بىلەن ئەپلاتوندەك ۋەزمىن ۋە سۆلەت-لىك ئىدى. ئۇلار سەنىمدىك ئەي ساھىبىي فىكرەت، زاھىرىڭدا كۆپ، باتىنىڭدا بىر بولغان؟

دۇنيادا ئەلق ھەرپى يېزىلغان دەپتەرلەر تالاي، لېكىن ئەلفنىڭ ئۆزى بىر بولغاندەك، قەشقەرنىڭ ئاپپاق ساقال مويسىپىتلىرى ھا-

يات مەنىسىنىڭ قىيامىدا گويا بىردەك ئىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ ۋاپا-سىزلىقىغا قانائەت ۋە سەۋرىنىڭ ئاددىي كەپىسىنى قورۇپ، جىمجىت ياشىماقتا ئىدى.

سىنى كۆرمىسەم ئەي ھېكمەتلىك ئاقساقال، قەشقەرنى كۆر-گىنىم ھېسابقا ئۆتمىگەن بولاتتى! سەن بەئەينى قەشقەرنىڭ داۋراڭسىز ئارخىپى.

## قېنى ئۇ، تۇۋرۇكلەر

توپىلار توشۇلۇپ بوپتۇ، تاملار غايىب بوپتۇ. قايمۇقۇپ ئۇچۇپ كەلگەن شامال قالدۇق ئاچچىق توپىلارنى توزىتىپ دىمىقىمغا ئۇر-دى. مىڭ يىللىق ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن خانلىق مەدرىسەسى بىلەن ئەنە شۇنداق كۆرۈشتۇم.

قېنى ئۇ ھەيۋەت دەرۋازىلار، مۇسانىڭ ھاسىسىدىن باشلانغان زۇمرەت بۇلاقلارنى ۋادىمىزغا باشلىغان؟

قېنى ئۇ پەشتاقلار، ئاينىڭ زىياپىتىدە لېۋىمىزنى زەمزەمگە چىلىغان؟

قېنى ئۇ ئىۋرىقلار، ئەگىزلىرى بىلەن تەكلىرىمىزنى كۆكلە-تىپ، بېدىشلىرىمىزنى ئۈزۈملەر بىلەن تولدۇرغان؟

قېنى ئۇ تۇۋرۇكلەر، كۆزلىرىمىزنى پەلەكنىڭ سەييارىلىرى بى-لەن ئۇلاپ، نەزەرلىرىمىزنى كائىناتنىڭ نۇرلىرى بىلەن سۇغارغان؟

قېنى ئۇ پېشايۋانلار، كەپتەرلەرنى ئۆگىتىپ، ئىلىم شەيدالى-رىنىڭ مۇڭلۇق قىرائەتلىرىگە تەڭكەش بۇقۇلداتقان؟

قېنى ئۇ ھاسا تاياقلار، پەسىللەرنىڭ يۆنىلىشىگە يول كۆر-سەتكەن؟

قېنى ئۇ ھويلىلارغا باغلانغان ئاتلار، تۇياقلىرىدىن بۇخارا ۋە ھىندىستاننىڭ توپىسى پۇراپ تۇرىدىغان؟

قېنى ئۇ تىلەكلەر، باشاقلارغا ئايلىنىپ كۆن نۇرىدا چايقالغان؟

قېنى ئۇ مەپىلەر، سۇبھى چولپىنىنى كولدۇرما قىلىپ چالغان؟ ھويلاڭدىكى تۆت تۇپ دەرەخنىڭلا قاپتۇ، ئەي مىڭ يىللىق يېشىل سۇلالەم. ئەمدى مەن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ قۇچاقلاپ چىقاي. قېنى، مەن ئۇلارنى بىر ئىرغىتىپ باقاي، يۇلتۇزلار ئۇجمە بولۇپ تۆكۈلەمدىكىن؟ سايىسىدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ باقاي، ئەي خادىم قولۇمغا كىتاب بەر! زاتىمىز ھەققىدە سوئال سوراپ باقاي، بۇ دەرەخلەرگە يۆلىنىپ كېتىپ قالغان ئەي مۇدەررىس، ئىجازەت بەر!

* * *

مەدرىسە ھويلىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاجىز ئىسسىق شامالدا ئېرىنچەكلىك بىلەن قىمىرلايتتى. توپىلار دىمىقىمنى ئېچىشتۇرۇپ، بارا ـ بارا ھەممە يېرىم ئاچچىق بولدى. ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى بىر تامدا مېھراب ۋە تەكچىلەر ئاخىرقى يادىكار بولۇپ قالماپتۇ. ئاشۇ تەكچىلەرگە كىتاب تىزىپ قويغۇم كەلدى.

توختاڭلار ئەي بازار ئەھلى! بىرپەس سۈكۈت قىلىڭلار، ماڭا سۈكۈت قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن ئەمەسمىدى.

## تونۇر

قەشقەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېتىۋېتىپ بىر ھويلىدىكى تونۇرنى كۆرۈپ قالدىم. ئىشىكى ئوچۇق بىر ھويلا، تونۇر بېشىدا ئاياللار. بىلىكىگە قېلىن يەڭلىك كىيىپ، گەزنە تۇتۇۋالغان ئوتتۇرا ياش بىر ئايال ھەدەپ تونۇرغا ئېڭىشەتتى. خېمىرلار ياش چوكانلارنىڭ قولىدا زوۋۇلىغا ئايلىناتتى، تولۇن ئايغا ئايلىناتتى، تۆكچىلەردىن يۇلتۇزلار تۆكۈلەتتى. ئانىلارنىڭ قولى بىلەن ئايلار تونۇرغا پېتىپ، يەنە شۇ ئانىلارنىڭ قولىدا قۇياش بولۇپ تونۇردىن تۇغۇلاتتى. ئانىلار ئايدىڭ ئاخشامنى ئۈزىتىپ قويۇپ، يەنە شۇ قوللىرىدا ئاتەش قۇياشنى كۈتۈۋالاتتى.

تونۇر بەجايىكى كائىناتنىڭ ئۆزى، ئۇ گويا ئانىلارنىڭ ئايىغى

ئاستىدا ئايلىنىۋاتىدۇ.

شۇ تاپتا ناندىكى ھالاللىقنىڭ پايانىغا ئەقلىم يەتمىدى. بىر تال دان باشاقتا ئايلانغۇچە تالاي مېھنەت كېتىدۇ. باشاقلار تۇپراق بىلەن سۈنىڭ تالاي كېچە، تالاي كۈندۈز پەپىلەشلىرىدە تەييار بولىدۇ. ئۇنىڭغا تالاي يۇلتۇز پەرۋانە بولىدۇ، ئاي بىلەن قۇياش تالاي قېتىم سالام بېرىدۇ. شامالار تىنىماي ئەركىلىتىدۇ. ئۇلار خاماندا قوشۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، چەشكە ئايلانغۇچە، چەش ئۇگۇتكە ئايلانغۇچە، ئۇگۇت ئاپپاق ئۇنغا ئايلانغۇچە قانچىلىك ئەجىر كېتىدۇ!؟ «بىر نان مىڭ قولدىن چىقىدۇ» دېگىنى شۇمىكىن (تەكلىپلىك مۇھەررىردىن)؟ جىمى ھالاللىق سەۋرچان مېھنەتتىن كېلىدۇ. ئاھ، بۇ ھالاللىقنىڭ تەرىپىگە سۆز يەتمەس!

لېكىن، نە ھېكمەتكى، شۇ قەدەر ھالال ناننىڭ تۇزكورلىرى بار. بۇ ھەقتە شائىر تۇردى سامساق شۇنداق يېزىپتۇ:

ھارارەت تەپتىدىن تومۇز ئاپتىپى،
توك بولۇپ تۇيۇلار جانۇ - تومۇرغا.
سۈت سۈركەپ توقاچنى تاۋلىغان ئانا،
دەممۇدەم چۆكەتتى چوغلۇق تونۇرغا.

بويۇڭدىن ئۆرگىلەي ئاق چاچ مېھرىبان،
تىلىكىڭ بار بولسۇن، مۇرادقا يەتكىن.
نېنىڭ يەپ، غېمىڭنى يېمىگەنلەرنى
ئادەملىك تىزىمىدىن ئۆچۈرۈۋەتكىن.

ئانىلارنىڭ قولىدىن چىققان نانلارغا ئۇلارنىڭ قوشۇۋەتكەن مېھرىنى قانداق ئۆلچەش مۇمكىن؟ بىر بۇردا ناننى ئېتىزدىن تونۇرغىچە بولغان ئۇزاق مۇساپىدىن ئۆز قولى بىلەن تەييار قىلغان

ئاننى بازاردىكى ناننىڭ كۆزى بىلەن كۆرەلەمسەن؟

قارا، ئانىلارنىڭ قولىدىكى گەزنىدىمۇ ئادىمىيلىككە ياتىدىغان بىر ھېكمەت بار. گەزنىنىڭ ئىككى يۈزى بار، لېكىن بىر يۈزى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئادەملەرنىڭ بىر يۈزى بار، لېكىن ئىككى ـ ئۈچ يۈزى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

تونۇر بىر مەھەللىنى ئۆزىگە جەم قىلىدۇ. بىر مەھەللىنىڭ قەلبى تونۇردا ۋايىگە يەتكەن تۇزنىڭ تەمىدىن كامالەت تاپىدۇ. تونۇردىن چىققان نان سان ـ ساناقسىز ئادەمنىڭ رىشتىسىنى ئۇلاپ، بىر ۋۇجۇدقا ئايلاندۇرىدۇ.

تونۇر يوق مەھەللىلەرگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇلار قوياشنىڭ نۇرى ئاستىدىمۇ سوغۇق بولىدۇ.

## ئوسمانقارىي كۆتۈپخانىسى

ئوسمانقارىي تامچى ئادەم ئىكەن. «قەشقەر كوچىلىرىدىكى تالاي ئۆيدە بارماقلىرىمىنىڭ ئىزى بار» دېدى ئۇ.

ئۆيلەر ئىنسان ئىپپىتىنىڭ قورغىنى. ئۆيلەر شەخسىيىتىمىزنىڭ دەخلىسىزلىكى ئۈچۈندۇر. پەقەت بوسۇغىنىڭ ئىچىگە ئۆتكىنىمىزدە بىز ئۆزىمىزگە قايتىمىز. ھەقىقىي ئۆزىمىزگە ئايلانغان ھالدا بىر پىيالە چېيىمىزنى ئارامخۇدا ئىچىمىز. تۆشەكلىرىمىز دېڭىزدەك كۆپچۈپ، تەشنا بەدەنلىرىمىزنى دولقۇنلىرىنىڭ قوينىغا ئالىدۇ، قۇشلىرىمىز شاخلىرىمىزغا قونۇپ، ئەركىن ناۋا قىلىشىدۇ. تالادىكى رەنج ـ ئاھانەتلىرىمىز ئاشۇ تام قېتىدىكى خاس ئارامىمىزدا ئاچچىق مەلھەمگە ئايلىنىدۇ.

ئوسمانقارىي تىترىگەن بەدەنلەرگە گويا تۇپراقتىن لىباس توقۇپ، پەم بىلەن يېپىپ قويماقتا، ھەربىر ئۆينىڭ دېرىزىسىگە ھىلال ئاينى باشلاپ قويۇپ، مۇنارلاردا سۇبھى بىلەن پىچىرلاشماقتا.

ئوسمانقارىي پۈتكەن ئۆيلەرنىڭ كىملىتىنى ئۆي ئىگىلىرىگە

ئىخلاس بىلەن تاپشۇرۇپ، «بۇنى باشقىلارغا بەرمەڭ، ئەۋلادلارنىڭ بۆشۈكىنى ھېكمەت بىلەن تەۋرىتىڭ» دەيتتى.

قەشقەر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ كىتابخۇمار كېلىدىغانلىقى ماڭا ئا- يان. قەشقەر رەستىلىرىدىكى دۇكانلارنىڭ كىتاب تېپىلمايدىغانلى- رى ناھايىتى ئاز. ھېيتگاھ ئەتراپىدىكى رەستىلەردە ھەممە ئىق- لىمنىڭ كىتابلىرى تېپىلاتتى بىر چاغلاردا. قەشقەركىشىلىرىدە تەبىئىي بالقىپ تۇرغان شائىرانە خىسلەت بار. ئەقىل بىلەن سىمە بولۇشنى بىلسەڭ، قەشقەرنىڭ پىشقان ئادەملىرى مۇتەپەككۇر كې- لىدۇ. بىرلا يېرى، ئۇلاردا ھەشەمەت يوق.

ئوسمانقارىي كىتابخۇمار كىشى ئىكەن. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىغا باشلىدى. ئەپچىل ھويلا گۈللەر بىلەن يا- ساندۇرۇلغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەشتاقتىن ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر خانىغا كىردىم. ئۆينىڭ ئىچ تېمىغا يانداپ قويۇلغان ئىشكاپ پۇتۇنلەي كىتاب بىلەن توشۇپتۇ. ئۇ يەنە ھەرقايسى دەۋردىن قالغان تام رەسىملىرى، تەشۋىقاتلار، ئاسما كالېندار، ئىزناك ۋە بىراشۇ- رىلارنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ توپلاپتۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا دىۋان ۋە شىرە قويۇلغان. ئۇ مېنى دېرىزىنىڭ يېنىغا قويۇلغان بىر دىۋانغا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى قانغۇچە كۆزدىن كەچۈردۈم. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا چىققان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئاساسەن دېگۈدەك سېتىۋاپتۇ. ئىزدىگەنلىكى كىتابنى بۇ يەردىن قىينالمايلا تاپقىلى بولاتتى.

ئۇ ماڭا ئالبوملىرىنى كۆرسەتتى. ئالبوم قەشقەر ئەدىبلىرى ۋە قەشقەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغان باشقا شەھەر ئەدىبلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن توشۇپتۇ. قارىسام، ئەھمەد زىيائىي، ئۆتكۈر ئە- پەندىم قاتارلىق پېشۋالارنىڭ دەل مەن ئولتۇرغان دىۋاندا ئولتۇرۇپ چۈشكەن سۈرەتلىرىمۇ تۇرۇپتۇ. ئالبوملار ۋە خاتىرىلەر ئەدىبلەر- نىڭ يالداما سۆزلىرى بىلەن تېخىمۇ قىممەتلىك بوپكەتكەن.

شۇ پەيتتە شۇنداق ئويلىغىنىم ئېسىمدە: ئادەملىرىمىز ئۆزد-

نىڭ ئىلىم ئادەملىرىنى ئوسمانقارىيدەك بايقىيالىغان بولسا، بىز -
نىڭ قەدىر - قىممەت سۆيپىسىدىكى ئورنىمىز قانداق بولار بول-
غىيتتى؟

ئوسمانقاري يالداما دەپتىرىنى ماڭا سۇنۇپ:

— ئەپەندىم، ئىككى كەلىمە ئىلتىپات قىلسىلا، — دېدى.

— يوقسۇ، تەقسىر! مەندە ئۇنداق سالاھىيەت يوق، — دېدىم مەن.

— مالال كەلمىسە، كەمىنىلىرى ئىنشالىرىنى ئىستىدىم.

تەڭقىسلىقتا دەپتەرنى قولۇمغا ئالدىم. بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ،
شۇنداق مەزمۇندا بىرنەچچە قۇر يازدىم: كېلەچەكنىڭ خېمىر تۇرۇ -
چى بەزىدە مۇشۇنداق خىلۋەت ماكانلاردا ئۆزىنى ساقلايدۇ. بۇ بىر
ئۆي ئەمەس، بەلكى گۈزەللىك ۋە ھەققانىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشنى
ئۆزىگە ئالغان قىممەتلىك قەلب.

قايتقۇچە بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىكى گىرە - گىرە ئۆيلەرگە
نەزەر تاشلاپ، قەشقەردە ئەقىل دۇردانىلىرى بىلەن زىننەت تاپقان
ئاشۇنداق خانىلارمۇ ئاز ئەمەستۇ، دەپ يېنىك تىنىدىم.

كىتابسىز ئۆي دېرىزىسىز ئۆيگە ئوخشايدۇ، دەپتىكەن بىراۋ.
شۇ تاپتا ماڭا كىتابسىز ئۆي پالاقسىز كېمىدەك بىلىنىدى. بۇنداق
كېمە ئۆزىنىڭ نىشانىغا قاراپ ئەمەس، ئېقىنىنىڭ مەيلىگە قاراپ
ئۈزىدۇ.

## قەشقەر چايخانىلىرى

ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر كىتابلىرىدا پارىژنىڭ
سالونلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. سالونلار گويا ئىسلاھات پىكىرلىرىنىڭ
بۆشۈكلىرى ئىدى. بىراق، قەشقەر چايخانىلىرى تۈزۈك
ۋاراقلانماي، قەغەزلىرى چىرىپ كېتەي دەۋاتقان بىر كىتاب.

دۇنيا قەشقەر چايخانىلىرىنى بىلمەيدۇ، بىراق دۇنيادىكى بۇ -
يۈك شەھەرلەرنىڭ نامى قەشقەر چايخانىلىرىدا تىلغا ئېلىنىپ تۇ -

رىدۇ. قەشقەرنى بىلمەيدىغان ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ سۆزلىرى قەشقەر چايخانىلىرىدا يادلىنىپ تۇرىدۇ. قەشقەر چايخانىلىرىدا ئولتۇرغان بىر ئەر تۆمۈرچىمۇ نەۋايى بېيىتلىرىنى ئوقۇيالايدۇ. كىمدۇر بىرى فۇزۇلىي قاپىيەسىگە كەلتۈرۈپ مۇشائىرە ئوقۇيالايدۇ. قەشقەر چايخانىلىرىدا شەيخ سەئدىي دۇردانىلىرى، جالالىددىن رۇمىي تەلقىنلىرى، ھۇۋەيدا مۇناجاتلىرى، شاھ مەشرەپ ھېكايەتلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئابدۇللا قادىرىينىڭ قەلىمىدىكى رەنا، مىرزا ئەنۋەر، ئاتابېك ۋە كۇمۇش بىبىلەر قەشقەر چايخانىلىرىنىڭ خېرىدارلىرىغا پىششىق تونۇش. بۇ يەردە پۈشكىن ئوقۇلۇپ تۇرغان، چۇستىي پاراڭ تېمىسى بولغان.

دۇنيانىڭ ئېسىگىمۇ كەلمەيدىغان قەشقەر چايخانىلىرىدا دۇنيانىڭ گېپى.

قەشقەر چايخانىلىرىغا كىرىدىغانلار ئومۇمەن ئاددىي كىشىلەر بولۇپ، بۇ يەردىن ھېچقانچە ھەشەمەتنى تاپالمايسىز. بۇ يەردىن تېپىلىدىغىنى باشقا يەردىن تاپقىلى بولمايدىغان قىزغىنلىق، خالىسلىق ۋە دىلكەشلىك. بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى بىر چەينەك چاي، بىر پارچە ناۋات، بىرقانچە گىردە بىلەن مەست بولالايدۇ. مەسخىرىلىك لەتىپىلەر، شېرىن زەبان ناخشىلار ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۇچۇكلىرىنى سەمىگىزگە سىڭىپ ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدۇ.

ھەسرەتكى، رېستوران مەدەنىيىتى بۇ شەھەرنىڭ ساپ مىللىي روھتىكى چايخانىلىرىنى يەكلەپ قويغاندەك تۇرىدۇ. بۇرۇنقىدەك ئىسسىق چىراي چايخانىلار ئەۋلادلىرىنىڭ ئاز قېلىۋاتقىنىدىن خورسىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

ھازىرمۇ ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان قەشقەر چايخانىلىرى ئۆزىنىڭ دەۋرىدىكى خىسلىتىدىن تامامەن قېپقالمىغاندى.

ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئېشىپ قالغان بىر چۈشتىن كېيىن بىر چايخانىغا كىردىم ـ دە، كوچا تەرەپكە قارايدىغان لەمپىنىڭ ئاستىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن ئەدىيالدىن ئورۇن ئالدىم. مۇلازىمغا بىر

چەينەك چاي، بىر نان بۇيرۇتتۇم. چاي كەلگىچە قېشىمدا ئولتۇرغان ئۈچ سۆھبەتداشقا نەزەر تاشلاشقا ئۈلگۈردۈم. ئۇلار ياشانغانلار بولۇپ، گىردىنى ئالدىدىكى پىيالىلىرىگە چىلاپ قويۇپ، پىنەك قىلىپ يۆگەلگەن موخوركىنى نۆۋەت بىلەن شورايتتى. ئۇلارنىڭ بىرى شاپ بۇرۇت، بادام دوپپىلىق ئورۇق، ئېگىز كىشى بولۇپ، سۆزمەن ئىدى. يەنە بىرى، مۇكچەيگەن گەۋدىسىنى پات ـ پات تىكلەپ كوچىغا قاراپ قوياتتى ۋە بېشىدىكى شاپاق دوپپىسىنى ئېلىپ، قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتەتتى. ئۈچىنچى بىرى بولسا، پىيالىلەرگە چاي لىقىلىغاچ پاراڭغا قوشۇق سېلىپ، سۆزلەۋاتقان شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ ھەپىلىسىنى ئۆرلىتەتتى. ئۇنىڭ يەرلىك ئۇسۇلدا تىكىلگەن كۆڭلىكى چاچراپ كەتكەن تاماكا چوغىدا كۆيۈپ، تۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى، كۆڭلەك يېڭى يۇيۇلغان بولسا كېرەك، ئاپپاق ئىدى.

مۇلازىم مەن بۇيرۇتقان چاي ۋە گىردىنى پەتنۇسقا سېلىپ ئەكىردى. چاينى پىيالىگە قۇيۇپ بىر ئوتلىدىم، دورىلىق چاي ئاغزىمنى ئازراق قورۇپ، ھۇزۇر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. گويا ئاشۇ بىر پىيالە چاي بىلەن چايخانىنىڭ كەيپىياتىغا بىراقلا سىڭىپ كەتكەندەك بولدۇم. بىر تەرىپىمدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۈچ چەت ئەللىك كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئۇلارنىڭ بىرى فوتو ئاپپاراتىنى كوچىنىڭ مەنزىرىسىگە توغرىلىغىلى تۇردى.

يېنىمدا خىيالىمنى بۆلىدىغان ھېچكىم يوق، ئۆزۈم خالىغان نۇقتىغا بولۇشىغا قارىيالايمەن، قەلبىمدىكى ھادىسىلەرنى بىمالال تىڭشىيالايمەن.

— غوجام، ئۆزلىرى بۇ يەدىن ئەمەستەك تۇرىلا، — دېدى شاپ بۇرۇت كاداڭ كىشى.

— شۇنداق، ئۈرۈمچىدىن كېلىشىم. لېكىن زۇۋۇلام قەشقەردىن.

— مۇنداق دېسىلە. كۆڭەللىرى پېقىرلارنىڭ چېيىنى تاتىپتۇ ـ دە؟

— شۇنداق. بۇ مەن ئىچىپ تۇرىدىغان چايلار ئەمەسمۇ.

— مالال قىپقويدۇق، قېنى، چايغا باقسىلا.

ئۇلار پىيالىدە تۇرۇپ يۇمشاپ قالغان گىردىنى مەززە بىلەن يېيىشتى.

— ئابدۇكېرىم ئاخۇن، بايىدىن گەپ قىلمىدىلا، نېمە بولدىلا؟

شاپاق دوپپىلىق چال قولىدىكى پىيالىنى قويۇپ ئاستا گەپ باشلىدى:

— بىز ئاخۇنۇم ئېتىغا مىنىپ بىز مەھەللىدىن ئۆتەپتۇ. بۇ مەھەللىدە كىچىك بىز كۆل بولاپ، كۆلنىڭ بويىدا تۆت ـ بەش ئۇششاق بالا ئويناۋاتقانىكەن، شۇ ۋاقىتتا ئاخۇنۇم كېلىپ كۆلدە ئېتىنى سۇغۇرۇپتا. بالىلاردىن كەپسىزرەك بىرى ئاتقا قاراپ «تىرت!» دەپ توۋلاپ قويغانىكەن، ئۇركۇپ كەتكەن ئات ئاخۇنۇمنىڭ قولىدىكى چۇلۇۋۇردىن بەش ـ ئالتە قەدەم سۆرەپ كېتىپتا. بۇنىڭ ـ دىن ھەپسىلىسى پىر بولغان ئاخۇنۇم كېلىپ ھاسا تايىقى بىلەن بالىلارنى ئۇرۇپ كېتىپتا.

— ئاخۇنۇم، نېمىدەپ ھەممىمىزنى ئۇرىلا، — دەپتۇ بالىلار.

ئاخۇنۇم بۇ گەپكە پەرۋامۇ قىلماي كېتىپ قاپتا.

ئەتىسى ئاخۇنۇم شۇ كۆلدە ئېتىنى سۇغۇرۇپتا. ھېلىقى با ـ لىلار ئويناۋاتقانىكەن. ئۇلار يەنە تاياق يېيىشتىن قوققانمۇ ياكى ئويۇن بىلەن بولۇپ كەتكەنمۇ، بۇ قېتىم ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىغا «تىرت!» دېمەپتۇ. ئاخۇنۇم ئېتىنى سۇغۇرۇپ بوپ، بالىلارنى ھا ـ سىسى بىلەن ئۇرۇپتا.

— ئاخۇنۇم، ئاتلىرىغا «تىرت!» دېمىگەن تۇرساق، نېمىشقا ئۇرىلا؟ — دەپتۇ بالىلار تېرىكىپ.

— ھەقايسىڭنىڭ ئېشىڭدا «تىرت» بومىغان بىلەن، ئىچىڭدە «تىرت» با، — دەپتۇ ئاخۇنۇم يولىغا راۋان بولاپ.

ئابدىكېرىم ئاخۇن لەتىپىسىنى تۈگىتىپ بولۇپ چايدىن بىر ئوتلىدى ـ دە، گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك تۇرگۇن تەلەتى بىلەن

چايخورلارغا قاراپ قويىدى. قالغان ئىككىسى «توۋا، ئەجەب ئىشكەنا» دەپ سىڭايان كۈلۈپ قويۇشتى.

— بىر كۈنى ئا. جالائىر ئەپەندى بىلەن ھەمداستىخان بولاپ قالغانتىم، — دەپ گەپ باشلىدى چاي قويۇپ ئولتۇرغان ئادەم، — ئۇ قىزىق بىر گەپ قىلدى.

— ھە، نېمە دېدى؟ — دېدى شاپ بۇرۇت.

— ئۇنىڭ بىر دوستىنىڭ بالىسى بىرەر سازنى چېلىشنى ئۆگىنىپ قويايمى دېگەنىتىم، قايسى سازنى ئۆگەنسەم بولا، — دەپ سوراپتا. جالائىر ئەپەندى: «چاۋاك چېلىشنى ئۆگەن» دەپتا. «چاۋاك دېگەنمۇ ساز بولامدا؟» دەپ سوراپتۇ ھەيران قالغان بالا. بۇنىڭغا جاۋابەن جالائىر ئەپەندى: «مەرىكىمىزدە ئەڭ كۆپ چېلىنىۋاتقىنى چاۋاك ئەمەسما» دەپتا.

— توۋا، بۇ جالائىر ئەپەندىگە چاۋاكنىڭ جىنى چاپلاشقانمۇ، ئۇنىڭ چاۋاك ھەققىدە ئوقۇپ بەرگەن بىر بېيتى ھازىرمۇ ئېسىمدە، — دېدى شاپ بۇرۇت.

— قېنى، ئوقۇسىلا، — دېيىشتى ئىككىيلەن.

شاپ بۇرۇت ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئوقۇدى:

ئاتام كەتتى بۇ دۇنيادىن «خوش ـ خوش» بىلەن چاۋاك چېلىپ،
ئانام ئۆتتى بۇ دۇنيادىن ئۇمۇ شۇنداق چاۋاك چېلىپ.
مەنمۇ ئەمدى ئۆتەر بولدۇم، بۇ دۇنيادىن كېتەر بولدۇم،
چاۋاك چېلىپ، چاۋاك چېلىپ، چاۋاك چېلىپ، چاۋاك چېلىپ.
...

ئۈچ قېرى ئۆزلىرىنى قويۇپ بېرىپ كۈلۈشتى.

قەشقەر چايخانىلىرى ئەدەبىياتنىڭ مەكتىپى ئىدى، لېكىن بۇ يەردە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئارىلىشىپ كېتەتتى. مەن بۇ مەكتەپتىن تاپقان تەپەككۇر تەرمەچلىرىنى ئېلىپ، خىيال بىلەن قايتىپ چىقتىم. ئىچىمدە مۇشۇنداق چايخانىلارغا ئاۋاتلىق تىلەيتتىم.

## پەرۇق ۋە دۇنيا

(خاتىمە ئورنىدا)

جانقورغان مەھەللىسىنى ئايلىنىۋاتقىنىمدا، باللار كوچا - كوچىدا چۇرۇقلىشىپ ئويناۋاتقانىكەن. باللارنىڭ خىرامان، سەبىي چېھرى دۇنيانىڭ ۋەھىمىلىرىنى قەلبىمدىن سۈپۈرۈۋەتكەندەك بىلىندى، ئۇلارغا يېقىنلىشىش ئىستىكى جۇش ئۇردى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدىم بىرىدىن.

— پەرۇق.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— 13 ياشقا.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدىم پەرۇقنىڭ يېتىلىۋالغان ئۇكىسىدىن.

— نىزامىدىن.

— سەنچۇ؟ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— بەش ياشقا.

— ماڭا مەھەللەڭلەرنى كۆرسەتسەڭلار بولامدۇ؟

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، تەلىپىمگە قوشۇلدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان كوچا - كويلارغا، هويلا - ئارانلارغا باشلىدى. مەن كىرگەنلىكى هويلىنىڭ ئىگىلىرى ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

بۇ قەدىمكى مەھەللىدە مېڭىۋېتىپ، ئايىغىم ئاستىدىن تالاي ئەسىرلىك ئۆتمۈشنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

— خوش، — دېدىم باللارغا قايتار چېغىمدا.

بايىدىن بېرى جىق ئارمىنىنى سۆزلەپ بەرگەن پەرۇق تۇرۇپلا قالدى.

— بىز يەنە كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — دېدى ئۇ بىردىنلا.

— خوپ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قول بېرىپ، — قانداق كۆ-رۈشىمىز؟

— توردا كۆرۈشىمىز.

— ئېلخەت ئادرېسىڭ بارمۇ؟

— يوق.

— QQ نومۇرۇڭ بارمۇ؟

— يوق.

— ئەمىسە...؟

— ئاكامنىڭ با. ئاكام بىلەن تورغا چىقىپ تۇرىمەن.

— مەن سەن ھەققىدە يازىمەن، پەرۇق، خالىساڭ مېنى ھامان تاپالايسەن.

ئۇلار قاراپ قېلىشتى.

شۇ تاپتا پۈتكۈل قەشقەر تورغا چىقىپ، ئۆزىنى دۇنياغا جا-كارلاۋاتقاندەك بىلىندى. پەرۇق قولىدىكى مائۇسنى بىر قىمىرلىتىد-ۋېدى، دۇنيانىڭ چېتىدىكى قەشقەر بىردىنلا دۇنيانىڭ يۈرىكىگە ئايلاندى.

2009 - يىلى سېنتەبىر، قەشقەر - ئۈرۈمچى

# ناركوز ياپراقلىرى

## 1

ئۆيگە تېزرەك يېتىپ بېرىشنى ئويلايتتىم، ھەممە ئەزايىم لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۆيگە قارىغاندا تالا كەڭ بولىدۇ، لېكىن شۇ تاپتا تالاغا پاتمايۋاتاتتىم، تالا مېنىڭ ئەمەس - تە. بۇ يەرنى ھەممە ئادەم تالىشاتتى، خۇددى كىشىلەر بەس - بەس بىلەن تەۋەلىك خېتىنى يانچۇقىغا سېلىپ يۈرگەندەك، ئادەملەر بىر - بىرىگە ھومىياتتى، بىر - بىرىگە قاراشقا پېتىنالمايتتى. بەزىلەر ياقىسىنى تۇتقان ھالدا يەرگە قارىغىنىچە ئىتتىك ئۆتۈپ كېتىشەتتى. رەستىدە ئادەملەر تولا، ھەربىر ئادەم بىر مەركەز. قەدىمكىلەر يىراق يۇلتۇزلاردىن كەلگەن مۇزىكىنى تىڭشاپ ھۇزۇرلانغان، ھازىرقى ئادەملەر بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ يۈرۈپمۇ بىر - بىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالماس بولۇپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئۆزىگە غەرق بولۇپ كەتكەن. رەستىدە ئادەملەر تولا، لېكىن ھېچكىمنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنداق پاتىپاراقچىلىق، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيىگە ئالدىرىشىدۇ. ھاۋا شۇنداق ئوچۇق، قۇياش ناھايىتى ئېگىزدە. شەھەرنىڭ ئارزۇلۇق دەرەخلىرى ۋىجىك قوللىرىنى پەلەككە سوزۇپ تۇرىدۇ، قۇشلار بىلەن سىردىشىپ باقمىغان ياپراقلار ئاسفالتتىن ئۆرلەپ چىققان ھارارەتتە لاپىسىيىپ كەتكەن.

ئادەملەر، نەگە بارىسىلەر؟ كىمدۇر بىرى ئىتتىك ماڭىمەن، دەپ يىقىلىپ كەتتى، شىمىنىڭ تىزى قىسمى يىرتىلىپ، تىزى سۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئالمان - تالمان قوپۇپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. مەنمۇ يۈگۈردۈم، باشقىلارمۇ يۈگۈردى، ھەممە ئادەم تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈردى. بارار يېرىمىز ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر - بىرىمىزگە پۈتلىشاتتۇق، ئەلپازىمىزنى بۇزۇپ قاراپ قويۇشاتتۇق.

نېمە ئىش بوپتۇ؟ ھېچ ئىش يوق، تېپتىنچ. ئۆگىتىلگەن قۇشلار يېشىل تىنچلىق جەمئىيىتىگە يۈزلەنگەن.

تار بىر خالتا كوچىغا كىردىم. ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيا ئارىلىقىدىكى مەڭگۈلۈك تار كوچىمۇ نېمە؟ ئىختىيارىمنى كوچىغا بەردىم. ھېچنېمىنى تاللىماسلىقىم كېرەك، چۈنكى ئىككى قاسناقتا تام، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە قايسى خىل دۇنيانىڭ بارلىقىنى ئويلىماسلىقىم كېرەك، باشقىلاردىن سورىسام تېخىمۇ بولمايدۇ. بىر پەيغەمبەر (بۇگۈنكى تاش دەۋرىنىڭ پەيغەمبىرى بولسا كېرەك) ئادەمگە مېڭىشتىن ئىبارەت بىرلا ئىمكانىيەت بار، دېگەنىدى. ئەگەر ماڭغىلى بولمىسىچۇ؟

— خىيالىڭ بىلەن ماڭ، — دېدى ھېلىقى پەيغەمبەر.

— خىيال بىلەن نەگە بارغىلى بولىدۇ؟

— بارلىق راست ۋە يالغان نەرسىگە بارغىلى بولىدۇ.

— مەن ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس.

— توغرا، ئۆزۈڭ موھتاج نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بايقىغىچە ماڭ.

— ئاندىنچۇ؟

— ئېرىشكىچە ماڭ.

— مەن ھازىرغىچە ماڭدىم، لېكىن ھېچنېمە يوق.

— ئاۋۋال بېشىڭ بىلەن ماڭ، ئاندىن پۇتۇڭ بىلەن ماڭ.

— قورسىقىم بىلەن مېڭىپ خاتا قىلدىممۇ نېمە؟

— ئەگەر يەنىلا قورسىقىڭ بىلەن ماڭساڭ، ئۆمىلىگۈچىلەر قوۋمىغا كىرىپ كېتىسەن.

پىكىر بىلەن ئۆتكەن ۋاقىت شۇنچە قىسقا، بىراق شۇ ۋاقىتتا كائىناتنى نۇرغۇن قېتىم دەۋر قىلغىلى بولىدۇ.

ئۆي — ئۆزۈمگە تامامەن مەنسۇپ دۇنيا، ئۇ يەر روبىنزوننىڭ تەنھا ئارىلىغا ئوخشايدۇ. ئىشىكنى ئاچتىم - دە، كىردىم. ئەمدى ئارام ئېلىشىم كېرەك. ئىشىكنىڭ ئۇلگۇجەكلىرىنى مۇستەھكەم ئەتتىم، كەينىمگە چۈشكەنلەر بارمۇ - يوق، دەپ ئەتراپنى تىڭشاپ

باقتىم، ئەتراپ تىمتاس، ئىشىكنى ئوبدان تاقىدىم، خۇددى پەلتو - يۇمىنىڭ تۈگمىسىنى مەھكەم ئېتىپ، ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغاندەك. كۆڭلۈم ئازراق تىنىم تاپقاندەك بولدى. قىلغانلىرىمدىن مەمنۇن بولغاندەك بولدۇم. بۇ مەمنۇنلۇق چىرايىمغا تەپتىمۇ - يوق، دەپ ئەينەككە قاراپ باقتىم، ئەينەكتە ئاخىرەتنىڭ پەيغەمبىرى كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

— ئاللاغا ئىشەن، لېكىن تۆگەڭنى مەھكەم باغلا! — دېدى ئۇ.

— تۆگەمنى يىتتۈرۈۋەتتىم، ئى ئاللا، — دېدىم خورسىنىپ.

— ئادەمنىڭ مۈلكى چەكسىز، تۈگمەڭگە قارا، ئۇمۇ سېنىڭ مۈلكۈڭ، مۇراسىمغا چىرايلىق كىيىنىپ بارغىن.

ئۆيۈم نەبىيلەر خۇمارىغا ۋاسىل بولغان تۇر تېغىغا ئوخشاپ قالدى.

دېرىزىدىن قارىدىم، ئاسمان شۇنچە تىنىق بولۇپ، قارىغانسېرى يۈكسىلىپ باراتتى. بىر تۈپ تاش ئالما دەرىخى نۇرلارنى بەكلا ياخشى كۆرسە كېرەك، ھەربىر نوتىسى بىردىن يۇلتۇزنى كۆزلەپ بوينىنى سوزغانىدى.

## 2

ئۇستىباشلىرى قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن بىر ئادەم جەننەتنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. پەرىشتە سورىدى:

— توختا، نېمە ئادەمسەن؟

— كۆرمىدىڭمۇ، نائەھلىلەر مېنى شۇنداق قىلىشتى. مەن ھېچكىمگە ئازار بەرمىگەن بەندىمەن، ئۆمرۈمنى ئېتىكاپتا ئۆتكۈزدۈم. پانىي دۇنيا ناھەقچىلىك بىلەن تولغان. بىر نائەھلى ماڭا ئازار قىلدى، ماڭا بىھۇدە تىغ ئۇردى. بارچە قىساسنىڭ ئۆزى ئاللاغىلا خاس، دەپ مەن باقىي دۇنيانىڭ شەپقىتىنى سېغىنىپ كەلدىم.

— توختا، سەن ئۇنىڭغا تىغ تەڭلىدىڭمۇ؟

— ياق.

— ئۇنى تىللىدىڭمۇ؟
— ياق.
— ھومايدىڭمۇ؟
— ياق.
— ئىچىڭدە پىكىر قىلدىڭمۇ؟
— ياق.
— ئارقاڭغا يان، سەن دوزاخ بەندىسى ئىكەنسەن.
— ماڭا ئۇۋال بولدى، ئاللا ماڭا ھەر ئىككى دۇنياسىنى نېسى قىلدى.
— ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە نېسى بوپتۇ — ۋىجدان قىينىڭغا نېسى، پەرمان ئېسىڭگە نېسى. جەننەت قىلىچىنىڭ سايىسى ئاستىدا.

## 3

كۆن ئەۋەتتىم مەن ساڭا،
ئاينى ئەۋەتتىم مەن ساڭا.
كۈنمۇ ياندى، ئايمۇ ياندى،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

ئاخىر خېتىمنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزۈم باردىم، زېمىننىڭ چېـ-كىگە كەلگەندە دۇپدۇگىلەك قۇياش قىزىرىپ چىقىۋاتاتتى.
— ئەي، قۇياش...
— بولدى، بەس. سەن ھەممىدىن بۇرۇن ئويغانغان تۇنجى ئا-دەمسەن. قۇياشنى قوغلىغان ئادەمنىڭ ئۆزى قۇياش.
قۇياشنىڭ يۈزىدە كۆيمەي ياشىرىپ تۇرغان بىر ئىنشانى كۆ-رۈپ قالدىم، ئىنشا بەئەينى ئۆگزىگە ياماشقان ھەشقىپېچەكتەك ياپېشىل كۆرۈندى:
ئىككى دۇنيا ئىلمىگەكامىل بىر كىشى ئۆلگەندىن كېيىن جەننەت ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.
پەرىشتە سورىدى:

— ئى بەندە، توختا، سەن ئالدى بىلەن جەننەتكە كىرىشتىكى سالاھىيىتىڭنى ئىپتىپ بەرگىن.

— ياق، سەن ئالدى بىلەن بۇ يەرنىڭ راستتىنلا جەننەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگىن. ئۇ، پانىي دۇنيادىكى شور پېشانىلەرنىڭ ئىنتىزارلىقىدىن پۈتكەن ساي ئەمەستۇر؟

پەرىشتە تېخى جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەستىن، دەرۋازا ئىچىدىن بىر ئاۋاز كەلدى:

— ئۇنى كىرگۈزۈۋەت، ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئادەم ئىكەن.

## 4

ئويغىنىپ كەتتىم، ئۆزۈمنى مىشەكتەك ھېس قىلدىم. قاردىغاندا، ئېتىلىپ بولغان بولسام كېرەك. روھ ئوققا ئوخشاش ئۆزى تەگكەن يېرىدە ئىز قالدۇرماي قالمايدۇ.

تەن — مىشەك، روھ — ئوق، مىشەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئوقتۇر.

ناشتىغا تۇتۇش قىلدىم، دېرىزەم ئۇدۇلىدىكى قۇياش ھېلىقى ئەۋلىيالارنىڭ ئىنشاسى پۈتۈلگەن قۇياشنىڭ ئۆزى ئىدى.

قايناقسۇنى ئۈزۈن قايناتتىم، ئۇ تېخىمۇ قايىنىشى كېرەك. زىياپەتتە ۋولقان يۇتۇۋالغىنىمدىمۇ چىرايىمنى پۈرۈشتۈرمەسلىكىم كېرەك. مەن ئۇنى قۇيغىنىمدا ھەممە نەرسە ئېرىپ كەتتى.

قايناقسۇغا قېنىمدىن بىر تامچە قوشتۇم ـ دە، ئۇ مېنى تونۇدى، گۈپپىدە ئىچىۋەتتىم.

1997 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# قىش بىلەن ياز ئارىلىقىدا

(ساياھەتنامە)

«يارەببىم» دەپ ئىشىكتىن چىق، كۆرمىشلىرىڭ نېمەت بولۇر.

— ئانام ئاغزىدىن

مەكتىپىمىزنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 30 غا يېقىن ئادەمدىن بىر ئۆمەك تەشكىللەپ جەنۇبىي جۇڭگودىكى بىرقانچە شەھەرگە — گۇاڭجۇ، شېنجېن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، جۇخەي قاتارلىق شەھەر ۋە رايونلارغا ساياھەتكە ئۇيۇشتۇردى. ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى مەكتىپىمىزنىڭ مەمۇرىي خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئاز بىر قىسمى سىرتتىن قوشۇلغانىدى. شىنجاڭ «غەربىي دىيار» خەلقئارا ساياھەت شىركىتى بىزگە ئىگە بولۇپ، 2004 - يىلى 15 - دېكابىر ئەتىگەن يولغا چىقتۇق. ئىشلار ۋە ئويلار ساياھەتنىڭ كۈنتەرتىپى بويىچە كۈندىلىك خاتىرە شەكلىدە يېزىلدى.

## 2004 - يىلى 15 - دېكابىر

ئۈرۈمچىدىن گۇاڭجۇغا بارىدىغان ئايروپىلان بېيجىڭ ۋاقتى 9:45تە قوزغىلاتتى. بىز بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 8:00 دە مەكتەپنىڭ ئالدى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلدۇق. ھاۋا سوغۇق، ئەتراپ قاراڭغۇ، جەنۇبىي ئىقلىمنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىچىمگە يىلىك كىيىنىپ، تېشىمغا پەلتو كىيىۋالدىم، ئەلۋەتتە باشقىلارمۇ مۇشۇنداق قىلىشقاندۇ. ساياھەت شىركىتىنىڭ ئاپتو-

بۇسى بىزنى ئايروپورتقا ئېلىپ ماڭدى. ئىنستىتۇت ئىشچىلار ئۇ-يۇشمىسىنىڭ ئىككى خادىمى مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ بىزنى ئۇزاتقىلى چىقتى.

ھاۋا تۇمانلىق بولۇپ، ئاپپاق قىروۋ باغلىغان دەرەخ شاخلىرى نېپىز مۇز تۇتقان ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئادەم-لەر دۇگدىيىشكەن ھالدا كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ بېكەتلىرىگە مې-ڭىشقا باشلىغانىدى. ئۈرۈمچىنىڭ جانغا تېگىدىغان بىر كۈنلۈك ئالدىراش تۇرمۇشى قەھرىتاننىڭ ئاچچىق سەھىرىدە ئۆز پايانىنى يېيىشقا باشلىماقتا. كوچا چىراغلىرى جايىدىلا قېتىپ قالغان، نۇرلارمۇ چىراغنى چۆرىدەپ ئۇيۇپ قالغان.

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ ئالدىدا قايناپ كەتكەن ما-شىنا چىراغلىرى ئويىنىشىۋاتقان مايقوڭغۇزلىرىنى ئەسلەتتى. شۇنچە سوغۇقتا ماشىنا چىراغلىرى نۇر سىزىقلىرىنىڭ ئىچىدە ئاقاتتى. ئادەملەر ئۆز ئىشانلىرى ئۇچۇن تېپىرلاشنى باشلىۋەتكە-نىدى. توڭلاپ ئېرىنچەكلىشىپ تۇرغىنىمدا تاڭ زاۋۇلىنىڭ باغرى-دىكى قاينام – تاشقىنلىق بۇ مەنزىرە ماڭا غەلىتە بىلىنگەنىدەك بولدى.

ئايروپورت زالىغا كىرىپلا ئۇچىمىزدىكى پەلتو ۋە چاپانلىرى-مىزنى سېلىپ مىنىبۇسقا تاشلىدۇق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خادىملىرى ئۇلارنى ئېلىپ كېتىپ ساياھەتتىن قايتىپ كەلگىنى-مىزدە ئالدىمىزغا ئېلىپ چىقاتتى. قېلىن كىيىملەردىن خالاس تېپىپ خېلى يېنىكلىشىپ قالدۇق. ھەممىمىز بىر – بىرىمىزنىڭ ئۇچىسىغا قاراپ، كىيىنىشلىرىمىزگە دىققەت قىلاتتۇق. ئۆمەك بولۇپ ساياھەت قىلغاندا، سەپەرگە ئائىت نېرى – بېرى ئىشلارنىڭ تەشۋىشى بولمايدۇ، مەن ئۇچۇن بۇ تولىمۇ ئەۋزەل بىر قولايلىق ئىدى، ئۆمەك باشلىقى جۇتى ئىشلارنى ۋاكالىتەن بېجىرەتتى. بىز پەقەت ئۇ ماڭ دېگەن يەرگە ماڭساقلا بولاتتى. قارىغاندا بەھۇزۇر خىيال سۈرۈشلىرىمگە تەسىر قىلىدىغان ئىشلار بولمايتتى.

— سەپەرگە لايىقلا كىيىنىپسىز، — دېدى موڭغۇل قىزى ئالتۇن ماڭا قاراپ. مەن كىر بولسىمۇ چېنىپ كەتمەيدىغان پادىچى ئىشتىنىنى، ئۈستۈمگە راھەت چاپان كىيىۋالغانىدىم. كۆپ يازچۇقلۇق ئاسما سومكامغا خېلى كۆپ نەرسە سىغاتتى.

— ئابدۇقادىر، ئۆزلە مۇخبىر يىگىتكە ئوخشاپ قاپلا، — دېدى سائادەت. ئۇ ئۆمەكتىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر ھەمراھىم ئىدى. ئالتۇن بىلەن سائادەت مەكتىپىمىزنىڭ تىل تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى، ئالتۇن ئىنگلىز تىلى ئۆتەتتى، سائادەت خەنزۇ تىلى ئۆتەتتى.

سائادەت سەپەرگە ئائىت كونكرېت ئىشلارنى سەممىگە سېلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى مېنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلدى.

ئۇششاق پاراڭلارغا تاۋىم بولمىغاچقا، توپتىن چەتتىرەك تۇرۇپ ئەتراپىمنى كۆزىتەتتىم. ئالدىراش كەيپىيات ماڭا بېسىم بولاتتى، ئىچىم تىتىلداپ، مەقسەتسىز ھالدا ئۇياق ـ بۇياقلارغا مېڭىپ قوياتتىم.

بىز گويا قىشتىن يازغا قاراپ ئۇچاتتۇق. جەنۇبنىڭ يازى خۇددى يېڭى نىكاھىمغا ئالدىغان لايىقىمدەك جىلمىيىپ ئۆزىگە تارتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى زىمىستاننىڭ ئاسارەتلىرى كەتمىگەن بەدىنىمگە ئۇرۇلۇپ، غىدىقلىغاندەك بىلىندى.

ھەرقانداق پۇقرا دۆلەتنىڭ ئامانلىق ئاپپاراتىنىڭ ئالدىدا گۇمانلىق. بىز ئايروپورتتىكى ئىنچىكە تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ئايروپىلانغا چىقتۇق، مەن ئالتۇن بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپتىمەن.

ئالتۇن ئىسرائىلىيەدە بىرقانچە ئاي تۇرۇپ باققانىكەن. بىز گاھ ئىنگلىزچە، گاھ خەنزۇچە پاراڭلاشتۇق. ئۇ مەن توغرۇلۇق كۆپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىنستىتۇتىمىزدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى مېنى بىلەتتى، بەزىدە مەن ھەققىدە پاراڭ سېلىشاتتى، ئالتۇن ئۇلاردىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك.

— سىز ئىنگلىزچە دەرس بېرىش بىلەن بىللە، يەنە نېمىنى

تەتتىق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ھازىرچە بىرەر تېمىنى تەتقىق قىلىشنى ئويلاشمىدىم. يە-نىلا موڭغۇللارنىڭ داستانلىرىنى تەتقىق قىلسام بولارمىكىن.

— ئىنگلىزچە بىلىش بىر قورالنى ئىشلىتىشنى بىلگەنلىك، لېكىن ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىشنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

— توغرا. كۆنلەر ئۆتۈۋەرسە ئىنگلىزچە بىلىش ئالاھىدىلى-كىم بولماي قالىدۇ، شۇڭا بىرەر كەسىپنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئىنگلىزچە ئارقىلىق نامايان قىلىشىم كېرەك.

— ئىنگلىزچىنى ھەرقانچە بىلگەن بىلەن سىز ئىنگلىز بولالمايسىز.

— مەن ئەلۋەتتە موڭغۇل - دە.

— موڭغۇلچىنى ياخشى سۆزلىيەلەمسىز؟

— ھەرھالدا بولىدۇ، لېكىن خەنزۇچىدا راۋانمەن.

— ئۇنداقتا، موڭغۇل خەلق داستانلىرىنى قانداق تەتقىق قى-لىسىز؟

— توغرا، موڭغۇلچىنى پىششىق بىلىشىم كېرەك.

— قاچان ئۆگىنىسىز؟

— بىلمەيمەن، لېكىن ئۆگىنىشىم كېرەك.

— ئۆزىنى ئۇنتۇپ باشقىلاردىن ئۇستۇن بولغىلى بولمايدۇ.

— توغرا. قىممىتىم يەنىلا ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى چۈشەنگەن موڭغۇل بولۇشتا.

بىز ئالتۇن بىلەن كۆپ نەرسە ئۇستىدە پاراڭلاشتۇق. ھەتتا چىڭگىزخانمۇ چالا قالمىدى. ئۇ گەپ قىلىپ بېرىشنى ياخشى كۆ-رىدىغان ئايال ئىدى.

بەش سائەتكە يېقىن ھاۋا سەپىرى ئاخىرلىشىپ ئايروپىلان گۇاڭجۇۋ خەلقئارا ئايروپورتىغا قوندى.

ئايروپورت زالىغا چىققۇچە پوپايكىلار ئېغىر كېلىشكە باشلى-دى. ھەممىمىز ئۇچىمىزدىكى پوپايكىنى سېلىپ سومكىلارغا

پومىلاپ تىقتۇق.

ئايروپورت زالى ھەيۋەتلىك ئىدى. ئېيتىلىشىچە، بۇ ئاسىيا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ خەلقئارا ئايروپورت ئىكەن.

گۇاڭجۇۋ ساياھەتچىلىك ئۇقتىسىدىن كەلگەن ساياھەت يېتەكچىسى بىزنى كۈتۈۋالدى. ئۆمەك ئەزالىرى بىر مىنىبۇسقا چىپپىدە كەلدۇق. ئىككى قاسنىقى گۈللەر ۋە ياپيېشىل مەنزىرە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان ئازادە يول بىزنى گۇاڭجۇۋ شەھىرىگە ئېلىپ ماڭدى.

گۇاڭجۇۋ شەھىرى ناھايىتى چوڭدەك قىلاتتى، قاتناش ئىنتايىن زىچ ئىدى. شەھەرنىڭ قاتناش لىنىيەلىرى يەرنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىگە كېڭەيگەندەك قىلاتتى. يوللارنىڭ ئۈستىدە كۆۋرۈك شەكىللىك يول. بەزىدە كۆۋرۈك رېشاتكىلىرى ياندىكى بىنالارنىڭ دېرىزىلىرى بىلەن يېقىنلاپ قالاتتى. گۇاڭجۇۋلۇقلار كىرلىرىنى دېرىزە سىرتىغا ئېسىپ قۇرۇتىدىكەن. گۇاڭجۇۋ كوچىلىرىدىكى باراقسان دەرەخلەر، ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەرگە قاراپ، ئۈرۈمچىنىڭ تۈتەك قاپلىغان ئاسمىنى، كونا يوتقاننىڭ مېزىدەك قار دۆۋىلىرى ئېسىمگە كەلدى. ئۈرۈمچىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا تولىمۇ ماس كېلىدىغان كاداڭ قارىياغاچلارنىڭ قويۇق سايىسىنى ئەمدىلىكتە يازدىمۇ كۆرگىلى بولماس بولۇپ كەتتى. ئەجەبا، تەرەققىيات يېشىللىقنى ئۆچمىدۇ!؟

مىنىبۇس بىزنى ۋۇ ياڭچېڭ (بەش ئۆچكە شەھىرى دېگەن مەنىدە) مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا چۈشۈردى. ئەمدىكى پائالىيەت ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. باشتىلا ئۆمەكتىكى ۋۇ خۇڭمىن ياتاقدىشىم قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. ئۇ سەپەر داۋامىدا تۇرمۇش ياردەمچىم ئىدى. ئۆمەك ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىكەن.

ئىككىمىز نۆۋەت بىلەن يۇيۇندۇق. مەن يۇيۇنۇپ بولۇپ، بىر ئوقۇغۇچۇم يوللۇق تۇتقان «كارۋان توقاچلىرى» دىن بىرنى يېدىم.

قورسىقىنىڭ ئاچسا نان بار دېدىم مەن شىياۋۋوغا. ئۇ مەندىن خېلىلا كىچىك بولۇپ، مەكتىپىمىز تىل تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىمۇ خېلى بىلىدىكەن.

كەچقۇرۇن سائادەت يېنىمغا كىرىپتۇ. گەرچە گۇاڭجۇ كوچىلىرىنى بىلمىسەكمۇ تەۋەككۇل قىلىپ ئايلاندۇق. ئويلىمىغان يەردىن شەھەرنىڭ ئاۋات كىيىم - كېچەك بازىرىغا بېرىپ قاپتۇق. سائادەتكە بولۇپ بەردى، ئۇ ھەربىر دۇكانغا كىرىپ كىيىملەرنى تۇتۇپ كۆرەتتى. باھاسىنى سورايتتى. گۇاڭجۇلۇقلار تۇرقىمىزغا قاراپ ئىنگلىزچە جاۋاب قايتۇراتتى. ئۇلارمۇ بىرەر ئىنگلىزغا ئىنگلىزچە سۆزلىۋالسا ئۆزىنى بىلىملىك ھېس قىلىدىغاندەك تۇراتتى. بۇنى چۈشەنگەندىن كېيىن مۇلازىم قىزلارغا ئىنگلىزچە گەپ قىلدىم. قىزلار ماڭسا ناز - كەرەشمە بىلەن سەكسەن خىل قىلىق چىقىرىپ، ئىنچىكە تىللىرىدا جاۋاب بېرىشەتتى. دۇنياغا ھاكىم مەدەنىيەتنىڭ تىلىدا گەپ قىلىشنىڭ تەمى باشقىچە بولىدىكەن، كىشىلەر سېنىمۇ ھاكىم قاتارىدا كۆرۈپ قالىدىكەن.

ئەلياتقۇ مەزگىلىدىكى گۇاڭجۇدا ھايات تېخىمۇ قايناق تۈس ئالىدىكەن. بىز تۇرغان مېھمانخانا شەھەرنىڭ قەدىمىي كوچىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، يوللار تار ئىدى. ئېگىز بىنالار ۋە كۆۋرۈكلەر دەستىدىن ئاسماننى ياكى ئوچۇق داللارنى كۆرگىلى بولمايتتى. سېزىلەر - سېزىلمەس بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىمىزنى سىققاندەك بولاتتى. مەن، شىياۋۇ، سائادەت ۋە ئالتۇن تۆتىمىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ جۇجياڭ دەرياسىنىڭ بويىغا باردۇق. چىراغ شولىسىدا ئاستا ئېقىۋاتقان دەريا بەئەينى ئوت كەتكەن دەريا ئىدى. دەريا بويىدىكى تاش ئورۇندۇقلاردا ئاشىقلار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، ئۇلار «ئوت كەتكەن دەريا»نىڭ بويىدا بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئولتۇرۇپ بىر - بىرىدىن ئوت ئىزدەپ، مۇزلاپ كەتكەن روھىغا تەسەللىي تاپماقچى بولغاندەك قىلىشاتتى. تاشنى تاشقا سۈركىسە ئوت چىقىدۇ، ئادەملەرنى ئادەملەرگە سۈركىسە سۇمۇ چىقمامدىكىنتاڭ. مۇھەببەت-

نىڭ قۇرغاقچىلىقى ھايا پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بۇ ۋادىدا يامراپ، بىر ـ بىرىگە يېقىن گەۋدىلەر غېرىب يېگانە ئىدى.

2004 ـ يىلى 16 ـ دېكابىر

ئاخشام كېچە سائەت ئىككىدە ياتتىم، ئۆمەك باشلىقى جۇتى، فىلولوگىيە تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جياۋەنجى مېنى مۇسۇلمانچە تاماق تېپىپ يېيەلىدىمۇ ـ يوق، دەپ ھال سوراپ كىرىپتۇ. ئۇلار پىۋا ئەكىرىپ ئىچىشتى، مەن ئۇلارغا ماسلىشىپ ئولتۇرۇپ بەردىم. ئۇيقۇمغا قانمايلا قوپتۇم. ھەممىمىز مىنىبۇسقا چىقىپ بىر رېستورانغا باردۇق. مەن روھسىز ئىدىم. ئىشتىھايىم تۇتۇلغانىدى. ناشتا پەقەت تېتىمىدى. مىنىبۇس تېخى چۈش بولمايلا شېنجېن شەھىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا كەلدى. ساقچى ئىجازەتنامىمىزدىكى سۈرىتىمىزگە ۋە بىزگە قاراپ بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدى. ئۇ چىرايىمىزغا مىختەك قادىلاتتى. دېڭ شياۋپىڭ لايىھەلىگەن بۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونغا كىرىش لەنجۇۋدىن قۇمۇلغا، قۇمۇلدىن تۇرپانغا بېرىشتەك ئاسان ئەمەس ئىدى. ئېغىزدىكى ساقچىنىڭ ئۆتكۈر ھەم سۈرلۈك نەزىرى يولۇچىلارنى بىر قۇر تاساقاپ چىقاتتى.

شېنجېنىنىڭ كوچىلىرىدا ئادەم ئازدەك قىلاتتى. تاغلار ۋە دۆڭلەر ياپيېشىل ئىدى. كوچىلار خىلمۇخىل گۈل ـ گىياھلار بىلەن پۈركەنگەنىدى. يازنىڭ رۇخسارىنى شېنجېنغا كەلگەندىن كېيىن ئېنىق كۆرگەندەك بولدۇم. كۆككە تاقاشقان بىنالار ئۇرۇمچىدىكىدەك قاسماق ئەمەس بولۇپ، ھەيۋەت ھەم ئېسىل كۆرۈنەتتى.

پاكىز كوچىلار ئازادە ئىدى، دېرىزىلەر، گۈل ـ گىياھلارنىڭ يوپۇرماقلىرى يارقىن ئاپتاپتا كۆزگە جىلۋىلىك تاشلىناتتى. ئاسمان ـ پەلەك بىنالار ئورمىنىدا لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراقلار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇچرايتتى. كۆز ئالدىمدىكى كۆرۈنۈشنىڭ قى-

زىل بايراق ئاستىدىكى تىپىك گۈللىنىش مەنزىرىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئېنىقكى، بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئىگىلىكنىڭ شەكلى كاپىتالىستىك بولۇپ، بۇ ئىگىلىكنىڭ ئاخىرقى نىشانىنى قىزىل بايراققا قاراپ ئۇققىلى بولاتتى. دېڭ شياۋپىڭ: «نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس» دېگەنىدى. ئەپتىدىن خېلىلا دۆلەتمەن كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەر 20 يىللىق ئالاھىدە سىياسەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى، بۇرۇن بۇ يەر بىر بېلىقچىلىق كەنتى ئىكەن.

بۇ رايونغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى پۇلدا ئەمەس، بەلكى سىياسەتتە ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى پۇلمۇ بۇ ئەقەللىي قائىدىنى ماڭا پىچىرلاپ دەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقان جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئەلدە سىياسەتنىڭ قۇدرىتى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر.

بىز چۈشكىچە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەيكىلى بار باغچىنى ئايلاندۇق. يېشىللىققا ئورالغان باغچىنىڭ قوينى كۆجۈم ھەم ئىللىق ئىدى. بىز بىر دۆڭگە ياماشتۇرۇلغان پەشتاقنى بويلاپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەيدانغا يېتىپ باردۇق. مەيدان بەجايىكى بىر گۈللۈك ئىدى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەيكىلى سالماق قەدەم بىلەن كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھەيكەل ئەتراپىغا گۈلدەستىلەر قويۇلغان، سۈرەتكە چۈشىدىغان ساياھەتچىلەر مىغىلدايتتى. ماڭا شېنجېن شەھىرىنىڭ پايانى گويا دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئايىغى ئاستىدىن باشلاپ كېڭەيگەندەك بىلىندى. بۇ ئېگىزلىكتىن قارىغاندا يىراقتىكى ئېگىز بىنالارمۇ پەستە قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ساماۋى بىنالار گويا دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزىرىدىن تۇغۇلغان مەنزىرىلەر ئىدى. مەن گاھ شەھەر مەنزىرىسىگە، گاھ ھەيكەلگە قاراپ، بىر سىياسىيوننىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ جۇڭگودا نەقەدەر زور تەسىر كۆچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى قايتىدىن تونۇغاندەك بولدۇم.

ھەيكەلنى بۇ يەرگە ئورنىتىشنى ئويلاشقانلارنىڭ سىياسىي سىمۋولنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا قايىل بولدۇم. ھەيكەلتىراش-

لىقتىن ئىبارەت سەنئەت شۇ تاپتا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي سەز-
گۈرلۈك بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن
«دىۋاڭ» سارىيىغا باردۇق. ئۇ يەردە مېنى بۇرۇنقى ئوقۇغۇچۇم ئابا-
بەكرى ساقلاۋاتاتتى. مەن «دىۋاڭ» سارىيىغا چىقىپ شېنجېن شە-
ھىرىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشتىن ۋاز كەچتىم.
چۈنكى ئابابەكرى بىلەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ سىردىشىۋالمىسام
بولمايتتى. ئابابەكرى قومۇللۇق يىگىت بولۇپ، شىنجاڭ مائارىپ
ئىنستىتۇتى مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ 7 — 8 يىل بۇرۇنقى ئوقۇ-
غۇچىسى ئىدى. بىز شۇ چاغلاردىن ئېتىبارەن تونۇشۇپ، هازىرغا
قەدەر ئىززەت ـ ھۆرمەتتە ئۆتۈپ كېلىۋاتىمىز. ئېسىمدە قىلىشى-
چە، مەن ئۇنىڭغا بىرەر سائەتمۇ دەرس ئۆتۈپ باقمىدىم، لېكىن ئۇ
مېنى ئىزچىل تۇردە مۇئەللىم دەپ ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ كەلدى.
كىم بىراۋنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىخلاسىدىن سۆيۈنمەيدۇ؟! ئۇ مەكتەپ
ئىچىدە مېنى يىراقتىن كۆرسىلا ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلەتتى، ئۇ-
نىڭ قولىدا «يېڭى ئۇقۇم ئىنگلىز تىلى» دېگەن كىتابنىڭ بىرىن-
چى ياكى ئىككىنچى قىسمىنى كۆرەتتىم. ئۇ چاغدا مەن ئالىي
مەكتەپ ئىنگلىز تىلىنىڭ تۆت قىسمىنى كۆرۈپ بولغانىدىم. مەن
ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئىلھامىغا مەدەت بېرىپ تۇردۇم.
ئۇ ئارىدا تەتىللەردە ئىچكىرىلەرگە باراتتى. بىر قېتىم ئۇ شاڭ-
خەيدىن ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان «ئەدەبىيات قامۇسى» دېگەن
كىتابنى ئالغاچ كېلىپ ماڭا تەقدىم قىلغانىدى، مەن بۇنىڭدىن
ئىنتايىن خۇرسەن بولغانىدىم. مېنى تاماق ئۈستىلىگە تەكلىپ
قىلىپ هاراق ئىچىشكە شاھىت قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى
كۆپ، ماڭا كىتاب سوۋغا قىلىدىغانلار يوق ھېسابتا. شۇڭلاشقا مەن
ئابابەكرىنىڭ بۇ سوۋغىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ھېلىقى سورۇن تۈزەپ مەندىن گەپ ئالىدىغان ئوقۇغۇچىلار
ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كې-
تىشتى. ئۇلار بەئەينى ئەدەبىياتنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدەك توقۇناق

سوئال سورىشاتتى. ۋاقىت ئۇلاردىن ھېچنېمە چىقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلارنى ئەدەبىياتنىڭ سۇنئىي ئىخلاسمىنى بولۇشقا نېمە مەجبۇر قىلدىكىنتاڭ؟ مەندىن تالاي قېتىم دەرس ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقاپ كېتىشتى، لېكىن مەندىن بىر سائەت دەرس ئېلىپ باقمىغان ئابابەكرى مېنى تاشلىماي كەلدى. بەلكىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۈچمەس ئىلىم ئىخلاسى رىشتىمىزنى چىڭىتىپ كەلگەندۇ.

ئابابەكرى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇرۇمچىدىكى ئىنگلىز تىلى كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتتى. ئارىدا چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقماقچى بولۇپ، نامەلۇم توسقۇلارغا ئۇچرىدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا بۇرۇن ئىشلىگەن مەكتىپىدىن ئۈزلىشىپ، شېنجېنغا تەۋەككۇل قىلىپ باردى، ئۇ يەردە ئىنگلىزچە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ ئاخىر شۇ يەردىكى ئىنگلىز تىلى مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. مەن ياپونىيەدە تۇرغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئىنتېر توردا ئالاقە قىلىشىپ تۇردۇق. ئۇ توردا ماڭا چەت ئەللىكلەر ئاچقان بىر مەكتەپتە چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچى سالاھىيىتىدە ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر ئۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر دېسە ئاڭلىغۇچىلار ئازىيىپ كېتەرمىش. مىللىي سالاھىيەت، مىللىي كىملىك بۈگۈنكى دۇنيادا بەزىلەرنىڭ يولىنى ئوچۇق، بەزىلەرنىڭ يولىنى تۇتۇق قىلىپ قويىدۇ. جۇڭگودا چەت ئەللىك يەنىلا ئىناۋەت ۋە ئىشەنچىنىڭ، ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ بەلگىسى. ئابابەكرى ئاشۇ بەلگىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى جايلاردىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇشتەك تەۋەككۇلچىلىك روھى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. بۇ، ئوقۇتقۇچىلىقنى سۆيگەنلىكتىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئوقۇتقۇچىلىقنى نان تېپىپ يېيىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ تونۇغانلىقتىن

ئىدى. بۇ ۋاسىتە مۇقىم كاپالەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇلاردا ئىز-دىنىپ ئۆزىنى يوقسەلدۈرۈش روھى ئەمەس، بەلكى بىر خىل قانا-ئەت روھى يېتىلگەنىدى. ئابابەكرى ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ مالايشىياغا چىقىپ باقتى، جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ باقتى، ئاخىر شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات سەھنىسى قىلىپ بېكىتتى. ئابابەكرىدە باشقا سىر يوق، ئۇ ئۆزى ۋە كەسپىگە ئەڭ سەمىمىي مۇئامىلە قىلدى، قىزغىنلىق بىلەن ئىزچىللىق ھاياتىغا باشتىن - ئاخىر ھەمراھ بولدى. ئاخىر ئۇ ئىنگلىز تىلىنىڭ نېنىنى يېدى. ئۇ ئىنگلىز تى-لى ئۆگەنىدىم دەپ ئەجنەبىيلىشىپ كەتمىدى، بەلكى ئۆز ئەجدادى ۋە ئەجدادىدىن مىراس ئېتىقادقا سادىق بولدى. ئۇ، پاكلىق بولىقى سۈيىنىڭ بۆلەكچە خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئابابەكرىنى مىنىبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن كۆردۈم، بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق.

ئابابەكرىنىڭ قارامتۇل ئۆڭى بىر ئاز سۇزۇلۇپ، سالاپەت كى-رىپ قالغانىدى. ئۇ ھېلىقى كەمتەرانە، ئارىسالدى ئابابەكرى ئە-مەس، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مۇلايىم ھەم مەغرۇر ئابابەكرى ئىدى. يۇپقا قويۇلغان قارا ساقىلى ئۆڭى بىلەن تەبىئىي سىڭىشىپ كەت-كەنىدى، سۇر رەڭ كاستۇمىدىن ئەنبەرنىڭ ھىدى كېلەتتى.

«دىۋاڭ» سارىيىنى كۆرۈش بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتقا پىلانلانغانىدى، مەن ئۆمەك باشلىقىغا دەپ قويۇپ، ئابابەكرى بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدۇم.

— مۇئەللىم، يېقىن ئەتراپتا بىر كىتابخانا بار، ئايلانغاچ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئابابەكرى.

— سىز مېنى چۈشىنىپسىز، بۇ ئوبدان گەپ بولدى، — دې-دىم مەن خورسەنلىكىمنى ئىزاھار قىلىپ.

— مۇئەللىم، ئىنگلىزچىنى تاشلاپ قويمىغانسىز؟

— نىمە دېسەم بولار، ئىشلەتمىگەندىكىن تاشلىنىپ قالىدى-

كەن. لېكىن ئىنگلىزچە كىتابلارنى كۆرۈپ تۇردۇم. ئېغىزچىغا كەلگەندە يەنىلا گاچىمەن.

ئابابەكرى شىنجىڭ ۋە جۇڭخەيلەردە ئىنگلىزچە زۇۋان چىقى-رىدىغان بىر ئايلىق كۇرس ئاچىدىغان مەكتەپلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنۇمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئابابەكرىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ئايغىچە مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقىشقا قويمايدى-كەن. مەكتەپ ئىچىدىكى تۇرمۇشتا پۈتكۈل ئالاقە ئىنگلىز تىلىدىلا بولىدىكەن، شۇڭا تارتىنچاقلارمۇ ئىنگلىزچە سۆزلەشكە مەجبۇر بولىدىكەن. ئاشۇ بىر ئايلىق ئوقۇش پۇلى 10 مىڭ يۈەن ئىكەن. چەت ئەللەرگە چىقىدىغانلار يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بۇ مەكتەپتە ئېغىزچىنى پىراكتىكا قىلىدىكەن.

كىتابخانا ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كىتابلارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. «كىتابلارنىڭ تولىسى ئۇرۇمچىگە بارمايدىكەن» دەپ ئويلى-دىم مەن. ئۇرۇمچىنىڭ كىتابخانىلىرىغا چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ توپلاملىرى كەلمەس بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇ يەردە جون ئاش-بېرى، پائۇل سېلان، رەسۇل ھەمزەتوف، گومىلوف، پولئەليار، مىلوش، ۋادون قاتارلىق شائىرلارنىڭ توپلاملىرى تۇراتتى. بۇلار-دىن مەن مىلوشنىڭ شېئىرلىرىنى تاللىدىم. روبېرت فروستىنىڭ تولۇق شېئىرلار توپلىمىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتىم. مەن ئۇ-نىڭ شېئىرلىرىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن پەلسەپىۋى دىتىنى ياقتۇراتتىم. «ياخشى قاشا ياخشى قوشنىنى بار-لىققا كەلتۈرىدۇ». فروستىنىڭ بۇ سۆزىنى خېلى يىللار ئىلگىرى كۆرگەن بولساممۇ، ئېسىمدە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، پات - پات بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ قالىمەن. «قاشا» سۆزى ئىنگ-لىزچىدە fence دەپ ئېلىناتتى، بۇ سۆز ئىنگلىزچىدە كۆپ مەنىنى بىلدۈرەتتى، مىسالەن: قاشا، پاسىل، زاڭ ماللارنى ئېلىپ - سات-قۇچى، شەمشەرۋازلىق، رەقىبى ئۇستىدىن غالىب كەلمەك، قوغدى-ماق... دېگەنلەردەك. بۇ كۆپ مەنىنى بىرلەشتۈرۈپ تەپەككۇر قىلى-

ساق، «قاشا» دېگەن گەپ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى قاشانى بىلدۈرمەي-دۇ، بەلكى ئۇ كۆرەش، قوغداشنى شەرت قىلغان مۇداپىئەنى بىلدۈ-رىدۇ. روشەنكى، ئىستىراتېگىيەلىك مۇداپىئە ئۆز ھەم ئۆزگە ئوت-تۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنىڭ كاپالىتى، «قاشا» دېگەن سۆزنى «پەردىشەپ» دەپ چۈشەنگەندە، ئادەملەر، مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئوت-تۇرىسىدىكى «پەردىشەپ» مۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى قوش-نىدارچىلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، بۇ «پەردىشەپ» رېئاللىقتا تا-قالغاندا تېخىمۇ كۆپ ۋارىيانتقا ئىگە بولىدۇ.

مەن تاللىغان كىتابلارنىڭ سوممىسى 200 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئابابەكرى تۆلىۋەتتى. «بۇنداق كى-تابلارنى بىز ئوقۇپ بولالمايدىكەنمىز، بۇ كىتابلارنىڭ روھى سىز ئارقىلىق خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشسۇن» دېدى ئۇ خىجىللى-قىمغا جاۋابەن.

— سىز بۇ يەردە يەنىلا «چەت ئەللىك» ئوقۇتقۇچىمۇ؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ھەئە، شۇنداق، — دېدى ئابابەكرى كۈلۈپ كېتىپ.

— ئۇنداقتا، قەيەرلىك بولىسىز؟

— كانادالىق.

— كانادالىق؟ مېنىڭچە، سىز كانادالىققا ئوخشاپ كەتمەيسىز، ھىندونېزىيەلىك بولسىڭىز بولامدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆڭى ۋە چىرايى سىزگە ئوخشايدۇ.

— مەن «بۇلغارىيەلىك كۆچمەننىڭ ئەۋلادى» بولىمەن، ئەجدا-دىم شۇ يەرلىك تۈرك.

— بۇمۇ خېلى قامىلىشىپتۇ، چانىمىغاندۇ؟

— مېنىڭچە، مەكتەپ مۇدىرى ھەممىنى بىلگەندەك قىلىدۇ، ئەمما ئىنگلىزچە سەۋىيەم ۋە ئوقۇش نەتىجەم ياخشى بولغاچقا، ئۇلارغا يېقىپ قالغان بولسام كېرەك. مەنچىلىك لاياقەتتىكى ئو-قۇتقۇچىنى تېپىشمۇ ئاسان ئەمەس.

— سىز «كانادالىق» بولغاندا ئىنگلىزچىڭىزنىڭ كۆرسىتىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئابابەكرى كۈلۈپ كەتتى.

كىتابخانىدىن قايتقۇچە، ئۇ ئۆزىنىڭ MBA دا ئوقۇۋاتقانلىقىنى، كېلەر يىلى ئوقۇشىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. MBA «Master of Business Administration» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بىزچە مەنىسى «ئىگىلىك باشقۇرۇش ماگىستىرلىقى» دېگەن بولاتتى.

مەن سېتىۋالغان كىتابلارنى ئابابەكرىگە قالدۇرۇپ، پوچتا ئارقىلىق خىزمەت ئورنۇمغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىدىم، ئۇ مېنى كەچتە ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

مىنىبۇس بىزنى «مېنىسسك» ناملىق ئاۋىياماتكىنى كۆرگىلى ئېلىپ ماڭدى. بۇ سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئاۋىياماتكا بولۇپ، ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن، شېنجېننىڭ دېڭىز ساھىلىغا ئەكېلىپ، كۆرگەزمىگە قويۇلغانىكەن. كۆرىدىغىنىمىز ئاۋىياماتكىنىڭ «جەسىتى» بولسىمۇ، ھەربىي قۇۋۋەتنىڭ بۇ ھەيۋەتلىك سەمەرىسىنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى. پىلنىڭ يىقىلىشىمۇ ھەيۋەتلىك بولىدۇ، دېگەندەك، تۆمۈر ـ تەرسەك ھالىتىدىكى ئاۋىياماتكىنىڭ غايەت زور گەۋدىسى يىراقتىنلا كۆزۈمىزگە تاشلاندى. ئېكسكۇرسىيە بېلىتى 180 يۈەن ئىكەن، شۇنداقتىمۇ، ئۆمەكتىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بېلەت ئېلىشتى. «مېنىسسك»نى كۆرۈش ئىككى سائەتچە داۋام قىلدى، ئۇ بارلىق سىستېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھەربىي رايون» ئىكەن. ئېيتىلىشىچە، سۇپىسىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ پارچە پۇتبول مەيدانىچىلىك كېلىدىكەن. ئۇ ئۇنىۋېرسال ھەربىي كۈچنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسىنىڭ دەھشەتلىك قىياپىتىنى كۆز ئالدىمدىن قىياسەن ئۆتكۈزدۈم.

بىز سۈرەتكە چۈشتۇق. باشقىلار سۈرەت تارتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ، فوتو ئاپپاراتىنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى. مەن ئىلاجسىز ھالدا

ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە، مەن يېڭى مەنزىرىلەرگە تىكىلگىنىمچە ئۆيلىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم. كۆز ئالدىمدىكىدەك زەڭگەر دېڭىز، زەڭگەر ئاسمان، خىيالدەك كۆرۈنىدىغان تەنھا ئاراللار دەل مەن ئىنتىزار نەرسىلەر ئەمەسمۇ؟ شۇنچە زور ئاۋىياماتكا دېڭىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىدەك كۆرۈنەتتى، لېكىن ئاۋىياماتكىنىڭ غوجايىنلىرى دېڭىزنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، تارىخ ئۈچۈن سىياھ ئېزەتتى.

ئاۋىياماتكا گېنېرالىنىڭ قوماندانلىق ئىشخانىسىنى كۆرۈۋاتقىچە شۇنداق ئويلىدىم: ئۇيغۇرلارنىڭ لىرىك شائىرلىرىنى ئۇرۇش ھالىتىدىكى ئاۋىياماتكىنىڭ رادار پونكىتىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ شېئىر يازغىلى سالساق قانداق بولار؟ پارتلاۋاتقان بومبا، كۆيۈۋاتقان ئوت، يېنىۋاتقان ئىسنىڭ يېنىدا نەۋايىنىڭ يار ھەققىدىكى غەزەللىرىنى ئوقۇسا قانداق بولار؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش كەتمەيدۇ، لېكىن شۇنداق ئويلاپ بېقىشقا بولىدۇ.

ئۇ يەردىن يېنىپ دامېيشا دېڭىز ساھىلىغا باردۇق. ئايىغىمنى سېلىپ قۇم كەچتىم، قۇم سوغۇق بولسىمۇ ئايىغىم ئاستىدا غىرتىلداپ، پۇت ئالغىنىمنى غىدىقلىدى. دەۋرەپ كېلىۋاتقان دولقۇنلار بىلەن ئويىنىشىۋېتىپ، ئىشتىنىمنىڭ پۇچقاقلىرىنى ھۆل قىلىۋالدىم. «بىر كۆرۈپ كۆيۈم قالدىم» دېگەندەك (مۇھەررىردىن) دېڭىزغا بىر قاراپلا ئۇز كۆرۈپ قالدىم ـ دە، شوخلىشىپ كەتتىم. شۇ چاغدا تەبىئەتتىكى دېڭىزدەك بىپايانلىقنى بايقاپ قالدىم. ئىشخانىدا ئۇزۇن يىل ئولتۇرۇپ، بۇ بىپايانلىقنى ئۇنتۇپ كەتكەنگە ئۇزاق بولغانىكەن.

ئۇيغۇر شائىرلىرى دېڭىزنى سېغىنسا، تار قاۋاقخانىلارغا كىرىپ ھاراق ئىچىدۇ، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى جازالايدۇ. ئاندىن ھېسسىياتنى شېئىرغا ئايلاندۇرىدۇ. دېڭىز ھەققىدىكى سېغىنىشنى دېڭىز بويىغا كېلىش ئارقىلىق قا-

نائەتلەندۇرۇشمۇ شېئىر يېزىشنىڭ بىر تۈرى ئەمەسمىدۇ. شۇ تاپتا شېئىر يازمىدىم، لېكىن كۆڭلۈمدە شېئىر داۋالغۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ-رۇمچىدىمۇ دېڭىز بولغان بولسا، قىزلار چۈشەنمىگەن كۈندىلىك بۇرۇقتۇرمىلىقلىرىمنى دولقۇنلىرىغا مىنگەشتۇرۇپ ئېلىپ كېتەر ئىكەن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. كەچلىك تاماقتىن كېيىن «دۇنيا كۆزىنكى» نامىدىكى باغچىغا بېرىپ كونسېرت كۆردۇق، تەقلىدىي كەلكۈن ئاپىتى ۋە تەقلىدىي يانار تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق.

ئابابەكرى بىلەن سائەت توققۇزدىن كېيىن كۆرۈشتۇق.

ئۇ بىزنى تۇنىگان ئاشخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە ئاساسەن ئۇيغۇر تائاملىرى بار ئىكەن، پاكىستانلىقلار بۇ ئاشخانىغا ئۆگىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

## 2004 - يىلى 17 - دېكابىر

ناشتىدىن كېيىنلا شياڭگاڭغا ئۆتۈش ئېغىزىغا قاراپ ماڭ-دۇق. شياڭگاڭدىكى بىر ساياھەت شىركىتىنىڭ ساياھەت يېتەك-چىسى شېنجېنغا كېلىپ بىزگە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. ئانچە ئۇ-زۇن ماڭمايلا ئېغىزغا يېتىپ بېرىپ چېگرادىن ئۆتۈش رەسمىيىتى ئۆتەشكە باشلىدۇق. پەمىمچە، 100 مېتىر ئارىلىقىدىلا چوڭ قو-رۇقلۇق ساقچىلىرى ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ساقچى-لىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتۇق. رەسمىيەتنى مۇرەككەپ دېگىلى بولمايتتى، ئەمما چېگرادىن ئۆتىدىغان ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئېيتىلىشىچە، كۈنىگە 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بۇ يەردىن ئۆتە-دىكەن. شياڭگاڭغا ئۆتكىچە ئۆچرەت بىلەن ئۆتتۇق. كارانتىن پەشتاختىسىنىڭ ئۈستىدىكى مىكروتېلېكامېرا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ، بىزنى چارلاپ تۇراتتى. بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كې-لىۋاتقان يولۇچىلار ئاستا ـ ئاستا ساقچىنىڭ ئالدىغا سۈرۈلەتتى. ئۆچرەت ماڭا كەلدى. ھەيرانمەنكى، ساقچى ئايال كىملىكىمنى

ئىنتايىن ئىنچىكە تەكشۈردى، كەينىمدە ئۆچرەت ساقلاۋاتقانلارنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ بويىنىنى سوزۇپ كېتىشتى. ئايال ساقچى يەنە بىر ساقچىنى چاقىرىپ كىملىكىمنى كۆرسەتتى

— جۇڭگولۇق؟ — دېدى ساقچى ئايال يەنە بىر ساقچىغا. ئىككى ساقچى ماڭا شارتتىدە بىر قارىۋالدى.

— توغرا، — دېدى يەنە بىر ساقچى.

مېنىڭ ئۆزگىچە ئىرقىي بەلگەم ۋە ئۇزۇن ئىسىم - فامىلەم ئۇلارنى ئازراق شۈبھىگە سالغاندەك قىلاتتى، بەلكىم بۈگۈنكى سەپەرچىلەرنىڭ ئىچىدە كارانتىن پەشتاختىسىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇنراق تۇرغۇزۇلۇپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈلگەن ئادەم مەن بولسام كېرەك.

ئۆمەكتىكى ھەممىمىز چېگرادىن ئۆتۈپ بولدۇق.

سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ ئارىلىقىدا بىر يېرىم سائەتتەك تۇردۇق، 100 مېتىر ئەتراپىدىكى مۇساپە ئەنە شۇنداق نازۇك ۋە ئېھتىياتتا بېسىلدى. قىزىل بايراق ئاستىدىكى كاپىتالىزم دۇنياسىدىن تويمايلا ئۆتۈپ كەتكىنىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. لېكىن تارىخ بۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى!

سەپەرداشلىرىم ساياھەتچىلەرنى سودا ۋە ئىستېمال ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەيدىغان تەشۋىقنامىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈپ، قىزىقىپ كۆرۈشكە باشلىدى. «love it live it hongkong» دەپ يېزىلغاندى تەشۋىقنامىلەرنىڭ مۇقاۋىسىغا. بۇ «شياڭگاڭ: ھايات بۇ يەردە، مۇھەببەت بۇ يەردە» دېگەن گەپ ئىدى. مۇقاۋىدا قىزىل تون ۋە ئاق مويلۇق پوسما كىيگەن روژدېستۋا بوۋاي ھەييارلىق قىلىپ كۈلۈپ تۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ كاپىتالىزم مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم. شياڭگاڭنى روژدېستۋا بايرىمىنىڭ تەييارلىق كەيپىياتى قاپلىغاندەك تۇراتتى.

زالنىڭ سىرتىغا چىقتۇق. زالنىڭ ئالدىدا تۆمۈريول بولۇپ، ھايال ئۆتمەي توك پويىزى كېلىپ توختىدى. بىز پويىزغا چىق-

تۇق. پويىزنىڭ پاكىزلىقى، ئادەملەرنىڭ تۇرقىدىكى سىپايىلىك تۇكيو ھەققىدىكى بەزى تەسىراتىمنى ئەسلەتتى. تۆمۈريولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئىمارەتلەر ياپپېشىل دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. تار رەستىلەر شۇنچە پاكىز. دەخلىسىز مۇھىت روھىمنى ئاز ـ تولا لەرزىگە سالغاندەك بولدى. سەپەرداشلىرىمغا قارىدىم. ئۇلار ھودۇققان چىراي كۆرۈندى. لېكىن پويىزدىكى شياڭگاڭ ئا ـ ھالىسى ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشنى ياخشى كۆرسە كېرەك، ئورۇندۇق تەگمىسە ئۆرە تۇرۇشقىنىچە گەپلىشىپ ماڭاتتى، ئۇلارنىڭ پارىڭى ـ نى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. پويىز بېكەتلەردە توختاپ ئۆتكەندە، ئاۋۋال چىقىپ ئاۋۋال چۈشۈشنى تالىشىدىغان ئەھۋاللار ـ نى ئۇچراتمىدىم. تالىشىش چوڭ قورۇقلۇق قاتنىشىنىڭ بارلىق ساھەسىدە كەڭتاشا كۆرگىلى بولىدىغان رېئاللىق بولۇپ، كىشىلەر ھەتتا داغدام يولدىمۇ قىزغىنىپ ماڭىدۇ.

بىز پويىزدىن چۈشۈپ ساياھەت شىركىتىنىڭ ئاپتوبۇسىغا چىقتۇق. شياڭگاڭنىڭ بەزى كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، رېس ـ تورانغا بېرىپ تاماق يېدۇق. بۇ بىرەر سائەت ئەتراپىدا كېچىكىپ يېيىلگەن چۈشلۈك تاماق بولدى. تاماقنى يەپ بولۇپلا شياڭگاڭ دې ـ ڭىز ساھىلىغا باردۇق. دۆڭ جيەنخۇا، لى جياچېڭ قاتارلىق مەش ـ ھۇر زاتلارنىڭ داچىلىرى مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەن. ئارقىدىنلا دېڭىز باغچىسىغا باردۇق. بۇ يەرنىڭ باغچىسىدا بىرلا كىرىش بېلىتى بىل ـ لەن باغچىدىكى ھەممە ئويۇنچۇقنى ئوينىغىلى بولىدۇ، كۆڭۈل ئې ـ چىش، كۆرۈش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقىلى بولىدۇ. ياپو ـ نىيەدىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئادەملەر كۆپ بولسىمۇ تەرتىپ ياخشى، مۇلازىمەت ئەلا ئىكەن. بىز ئاسما ۋاگوندا ئولتۇرۇپ كۆپكۆك دې ـ ڭىز ئۈستىدىن تاماشا قىلدۇق. دېڭىز سۈيىنىڭ پاكىزلىقى ياخشى قوغدالغان بولۇپ، قىرغاقتىكى خادا تاشلار ۋە كوكاتلار ئادەم ئاي ـ غى تەگمىگەندەكلا تەسىرات بېرىدۇ.

ــ دېڭىزنى كۆرسە ئادەمنىڭ ئىچ ـ قارنى بوشاپ قالىدىكەن.

پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل، - دېدى سائادەت، — شۇ ئەمەسمۇ، شىنجاڭدىمۇ دېڭىز بولغان بولسا - ھە، - دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان خەنزۇ قىز.

باغچىنىڭ مەنزىرە دەرەخلىرى ئاستىمىزدا، دېڭىز دەل ئاستىمىزدىن باشلاپ يېيىلىپ ئۇپۇققا تۇتاشقانىدى. ھېلىقى خەنزۇ قىزى خېلى سۇمباتلىق ئىدى. ئۇ ئاسما ۋاگوندىن چۈشۈپلا سۇپىنىڭ رېشاتكىسىغا قاراپ يۈگۈردى. دېڭىزنىڭ مەيىن شامىلى ئۇنىڭ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىنى ئۇچۇرۇپ، يۈزىنىڭ بىر قىسمىنى چاچلىرى بىلەن يۆگىدى، زىلۋا بويى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى.

— سىزنىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشىڭىز «خەيفېيسى» (海飞丝) ناملىق چاچ سوپۇنىنىڭ داۋراڭلىرىغا ماس كېلىدىغان كۆرۈنۈش بولدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ئوھوي، شۇنداقمۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — قېنى، سۈرەتكە تارتامسىز.

— مەن تارتاي، — دېدى ئۇنىڭغا ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەن خەنزۇ.

— سەن تارتقىن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — سۈرىتىڭ خەيفېيسى (海飞丝) شىركىتىگە ياراپ قالسا، ساتارسەن.

— ئۆزلەنى سۈرەتكە تارتىپ قويايمۇ، — دېدى سائادەت.

بىرپەس سۈرەتكە چۈشۈشلەردىن كېيىن، كىشىلەر تۆت-تىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ باغچىغا قاراپ كېتىشتى. مەن ئويۇنچۇقلارغا قىزىقمايتتىم، شۇڭا بىر ئۇرۇندۇقتا گۇرۇپپامدىكىلەرنىڭ سەۋەكىللىرىنى تۇتۇپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆزىتىپ ئولتۇردۇم. باغچىدىن چىققۇچە قاراڭغۇ چۈشتى. تاماقتىن كېيىن تەيپىڭ تېغىغا كېچىلىك مەنزىرە كۆرگىلى ماڭدۇق. شياڭگاڭنىڭ شەھەر كوچىلىرى ئىنتايىن تار بولۇپ، ئىككى ماشىنا ئۆتۈشۈپ كېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىكەن. يول كەڭ بولسا ۋەقە چىقمايدۇ، دېگەن

گەپ تازا توغرا ئەمەستەك قىلىدۇ. گەپ ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدا بولسا كېرەك.

بىنالار شىياڭگاڭدا ھەيۋەت ئىكەن. كۆككە تاقاشقان بىنالار بەزىدە بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كېتەتتى، بەزىدە بىر ـ بىرىدىن خاسلىق تالىشىپ، ياندىش تۇرۇشاتتى. بىنالارنىڭ تۇرقى ئۇرۇمچىدىكىدەك شالتاق ئەمەس ئىدى، پاكىز ھەم ئېسىل سۈپەت ئىدى. مەن شىياڭگاڭدىكى بىنارلارنى توكيودىكى بىنالاردىن سۈلەتلىك ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. بىنالار قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆزىنىڭ يەنە بىر سەلتەنەتىنى كۆرسەتتى. مەپتۇنكار چىراغ شولىسىغا چۆمۈلگەن بىنالار تەيپىڭ تېغى ئاستىدىكى كېچىلىك مەنزىرىگە ھەيۋەتلىك تۈس بېغىشلىغانىدى.

بىزگە يول باشلىغان چىن خانىم ئىقتىدارلىق ئايال ئىكەن، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى خېللىن (Hellen) بولۇپ، ئۆزىنى يۇمۇرلۇق قىلىپ تونۇشتۇردى:

— ئىسمىم خېللىن، بۇ بەك گۈزەل ئىسىم. لېكىن مەن ئانچە گۈزەل ئەمەس، ھەر ھالدا يولدىشىمغا يارايمەن. يولدىشىم بويىنۇمنى ئاق قۇنىڭ بويىنىغا ئوخشىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە داغلار كۆپ، ئاپتوبۇستىكى ئاكىلار بوينۇمغا قاراپ تاشلىماڭلار، خىجىل بولىمەن. ماڭا قانچىلىك قارىساڭلار بولىدۇ، يېقىنچىلىق قىلىمەن دېمىسەڭلارلا بولدى.

ئاپتوبۇستىكى ئۆمەكداش ئاياللارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى. ئەرلەر خېللىننىڭ شوخ سۆزلىرىدىن كۈلەتتى...

خېللىننىڭ يېشى مەن بىلەن تەڭ ئىكەن، ئۇ ئېگىز بوي، ئاقېشىما پىشماق ئايال بولۇپ، تايىنى قالمىغان چاچلىرىنى قىسقا قىلىپ دىڭگايتىپ، سېرىق بويىۋالغانىدى. بۇ ھال ماڭا سېرىق تۈك چۈجىنىڭ كاللىسىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ يول يۈرگەندە ياكى ئۆرە تۇرغاندا ئۇچلۇق ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ، باشقىلارغا ئېگىزدىن قارىغاندەك قارايتتى.

خېلىلىن ئەسلىدە چىڭداۋلىق بولۇپ، 18 يېشىدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ياۋروپاغا چىقىپ كەتكەنىكەن، كېيىن شياڭگاڭلىق بولۇپ قاپتۇ. ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن دۆلەتكە چىقىپتۇ. بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇ شياڭگاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي، جۇغراپىيەۋى ئەھۋالىنى سۆزلىگەندە، ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم. ئۆزى ياشىغان ۋەتەننى ئەنە شۇنداق پىششىق بىلىدىغان ساياھەت يېتەكچىلىرى ئۇيغۇرلاردىمۇ بارمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. خېلىلىن نەزىرىمدە خەلقئارالاشقان پۇقرا بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە خالىغان ۋاقىتتا بارالايدۇ. مەن بىر شائىر ۋە ئەدەبىيات پىروفېسسورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىر بېكىنمە پۇقرا، ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا بېرىشىممۇ ئاسان ئەمەس. شۇڭا دۇنيانى كىتابتىكى بايانلاردىن قوروپ چىققانمەن. مەن مەزكۇر دۇنيادا ياشىغانسېرى شۇنچە ئالدىنىمەن.

كەچلىك ھاۋا ئىللىق بولۇپ، كىشىلەر كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيىشكەنىدى. قىزلار يېرىم يالىڭاچ ھالدا مېڭىشاتتى. ماڭا كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى تولىمۇ ئەركىن كۆرۈندى. 40 ~ 50 ياشلار چامىسىدىكى ئەرلەر 18 ~ 20 ياشلاردىكى قىزلارنى قولتۇقلاپ نەگىدۇر مېڭىشاتتى. بەزىلىرى قىزلارنى كوچىدىلا قۇچاقلاپ سۆيۈپ قوياتتى، ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاق تەنلىكلەر ئىدى. تاپانچىدەك ئەپچىل قىزلارنىڭ بەللىرى ئەرلەرنىڭ يوغان غولاچلىرىدا بىر تۇتام بېدىگە ئوخشاپ قالاتتى. ئەرلەر يىرىك ساقاللىرىنى قىزلارنىڭ يۇمران لەۋلىرى ۋە ئوچۇق مورىلىرىگە سانجىپ قويۇپ، يولىنى راۋان قىلاتتى. ئېيتىلىشىچە، بۇ قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى فىلىپپىن بىلەن تايلاندتىن كېلىدىكەن.

بىز ماڭغان كوچىدا كېچىلىك بەزمىخانا قەدەمدە بىر ئۇچرىدى. تونەكخانىنىڭ ئالدىدا بىرقانچە ئايال كۆكسى بىلەن يوتىلىرىنى ئېچىپ ئالدىدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە قارايتتى. ئۇلار تونەكخانىغا خېرىدار چاقىرىدىغانلار ئىكەن. مەن ئىچىدىكى ئادەملەر دې-

رىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر تونەكخانىنىڭ ئالدىدا توختىدىم. كىشىلەر يېڭىلا ئىچىشىپ پاراڭلاشماقتا ئىدى. سورۇندا ئاياللار كۆپرەك قىلاتتى.

— كىرىپ ئولتۇرۇپ باقمامدۇق، — دېدى موڭغۇل قىزى ئالتۇن.

— بۇ يەردە خىراجەت بەك يۇقىرى، — دېدى شياۋۋۇ.

مەن گەپ - سۆز قىلماستىن ئىشىكنىڭ پەردىسىنى قايرىپ، تونەكخانىنىڭ ئىچىگە كىردىم. تونەكخانىنىڭ ئىچى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. 20 ~ 30 چە ئادەم ئۆرە تۇرۇپ يېڭىلا ئىچىشەتتى. سەھنىدە كۆكسى ۋە تۆشىدىن باشقا يەرلىرى يالىڭاچ بىر ئايال بەدەنلىرىنى تولغاپ ناخشا ئېيتاتتى. ئادەملەر ناخشىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ لىڭشىماقتا، بويۇنلىرىنى قاقماقتا.

مەن پىۋىنىڭ باھاسىنى سورىدىم. بىر بوتۇلكا پىۋا 25 شياڭگاڭ دوللىرى ئىكەن. بەلكىم، مۇلازىمەت پۇلى ۋە بىزگە ھەمراھ بولىدىغان قىزلارغا بېرىلىدىغان پۇل ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم مەن.

تونەكخانىدىن يېنىپ چىقسام، ھەمراھلىرىم قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارغا ئەھۋاللارنى دەپ بەردىم.

— پاھ، نېمىدېگەن قىممەتچىلىك، — دېدى شياۋۋۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ كىرىپ كۆرۈپ باقمامدۇق، — دېدى ئالتۇن.

سائادەتنىڭمۇ كىرگۈسى باردەك قىلاتتى.

— يۈرۈڭلا، ئاستا كېتىۋالايلى، — دېدىم مەن.

ئەمەلىيەتتە، كىرىپ كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى. ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قاتمال ئادەم نەزىرىمدە ئەخلاقنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشەنمەيدۇ. بىدئەت ئىشلارنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالىدىغان ئەخلاقنىڭ ئاساسىدا ھامان گۇمان بار بولىدۇ، ئەخلاق توغرا ئەقىدىنى مەنبە قىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە مەن پۇلنىڭ جىق كېتىشىدىن قورقتۇم. نامرات ئادەمدە مەڭگۈ ساقايمايدىغان مەنىۋى بەزگەكلىك

بولىدۇ، بۇ خىل بەزگەكلىك ئۇنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بىز مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپ، كۇتۇش زالىدىكى دىۋانلاردا سىرتنى كۆزىتىپ ئولتۇردۇق. ئۇدۇلىمىزدىكى بىرنەچچە پىۋىخا-نىنىڭ ئالدى ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، يىگىت - قىزلار ئۆرە تۇرۇشۇپ، سائەت - سائەتلەپ پاراڭلىشاتتى. ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى-دىن ئىشرەت ئەسەبىيلىكى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئەر ئۆمەكداشلىرىمىزنىڭ تولىسى تۇنەكخانىلارنىڭ ئىشىكلىرى-نى مارىلاپ بېقىپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارمۇ چۆنتىكىدىكى ئازغىنە پۇللار بىلەن تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا پېتىنالمىغان بولسا كې-رەك. ئۇلار يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كاپىتالىزمنىڭ غەلىتە يەرلىرىدىن شىكايەت قىلىشتى.

سۈرۈشتۈرسەك، بۇ يەر شياڭگاڭنىڭ «قىزىل چىراغ رايونى» ئىكەن. سىياسىي كېڭەشلەردىن ساياھەتكە ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر ساھەدىكى تۇرلۇك ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە بىزگە ئوخشاش سوتسىيا-لىزم ئەقىدىسىدىكىلەر كۆپرەك مۇشۇ رايوندىكى مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. بۇ يەر باشقا يەرلەردىن كۆپ ئەرزانىمش.

2004 - يىلى 18 - دېكابىر

خېلىلىن بىزنى ناشتىغا ئاپاردى. ئۇ بۇگۈن نېپىز قارا مايكا ۋە كۇل رەڭ يوپكا كىيىۋالغان بولۇپ، يوغان قىزىل شارپىنى بوي-نىغا ئارتىۋالغانىدى. قىزىل شارپا ئۇنىڭ سېرىق شالاڭ چېچى بى-لەن ماسلىشىپ، چىرايلىق قىلىپ قويغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ شياڭ-گاڭنىڭ سىمۋولى بولغان سېرىسنگۇلىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

بۇگۇنكى كۇنتەرتىپ بويىچە بىز شياڭگاڭنىڭ نۇقتىلىق سودا مەركەزلىرىنى ئايلانماقچى ئىدۇق. ناشتىدىن كېيىن ئاپتوبۇسقا چىقتۇق.

— بەزىلەر مېنى «بۇگۇن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن» دېيىشتى، — دېدى خېلىلىن شەيتانىلىق بىلەن كۇلۇپ، — بەزى

ئاكىلارنىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراشلىرىدىن مەنمۇ ئۆزۈمنى چىرايلىق ئوخشايمەن، دەپ ئويلىدىم. مەن راستتىنلا چىرايلىقمۇ؟

— چىرايلىق! — دېيىشتى ئاپتوبۇستىكىلەر.

— ئىراق، مېنى چىرايلىق قىلغان نەرسە نېمە؟

— قىزىل شارپا.

— توغرا، بۇگۈنكى كىيىملىرىمنىڭ ئىچىدە قىممەتلىكرەكى مۇشۇ قىزىل شارپا. سىلەرچە بۇ قانچە پۇلدۇ؟

— 150 يۈەن.

— 180 يۈەن.

— ...

— تاپالمىدىڭلار، پەقەتلا 80 يۈەن. مەن بۇنى شېنجېندىن سېتىۋالغان. مۇنۇ يوپكام قانچە پۇلدۇ؟

يولۇچىلار گەپ قىلالمىدۇق.

— 60 يۈەن، — دېدى خېلىلىن ئۆزى، — مۇنۇ مايكا 25 يۈەن.

يولۇچىلار بىر - بىرىگە قاراشتى.

— شۇنداق، — دېدى خېلىلىن، — سىلەر ھەيران قالدىڭلار، ئۇچامدىكى كىيىملەر شۇنداق ئەرزان. ئىراق ھېچقىسى يوق. ئادەمنى گۈزەل قىلىدىغان نەرسە كىيىم ئەمەس، بەلكى خاراكتېر ۋە ئىشەنچ. ئۆزىڭىزگە كەسىپ ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن ئىشەنسىڭىز كۆپ ئىشتا غەلىبە قىلىسىز، روھىڭىز كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ. كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئادەم ئاددىي ۋە پاكىز كىيىنسە، باشقىلارنىڭ كۆزىگە جەلپكار كۆرۈنىدۇ. روھى چۈشكۈن ئايال ھەرقانچە ياسانغان بىلەن بىكار. مەن ئاددىي يۈرىمەن، لېكىن ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن. شۇڭا، ئەركىن - ئازادە گەپ قىلالايمەن، گەپ قىلغاندا ھەقىقىي ئېچىلىپ كۈلۈمسىرەيمەن. بىلىپ قويۇڭلاركى، مۇنۇ زەنجىر ئەرزان ئەمەس، مۇنۇ ھالقىمۇ ئەرزان ئەمەس. كىيىمنىڭ قىممىتى ھامان كونىرايدۇ، لېكىن ئالتۇن، ياقۇت، ئالماس دېگەن نەرسىلەر كونىرىمايدۇ. ئۇنى قېرىپ كەتكەندە باللىرىمىزغا مىراس قالدۇرساق، ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىدۇ.

گەپ ئاخىرلاشقاندا بىز مەرۋايىت دۇكانلىرىغا كېلىپ قالغانىدۇق. ئۈمەكتىكىلەر مەرۋايىت دۇكانلىرىنى خېلى كۆپ ئايلىنىشتى. ئارقىدىن سائەت دۇكانلىرىغا باردۇق، مولازىم قىزلار چوڭ- چوڭ تىللىرى بىلەن سايراپ كېتىشتى. ماللار ھەقىقەتەن ئېسىل ئىدى. ئەمما ئۈمەكتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، يانچۇقى تازا توم ئەمەس ئىدى. نەرسە - كېرەك ئالغانلار مۇمكىنقەدەر ئەرزان ماللاردىن تاللاپ ئېلىشتى.

ئۇ يەرلەردىن قايتقاندا خېللىنىڭ ئوچۇق چىرايى تۇتۇلۇپ قالغانىدى.

— بۇ ئۈمەكتىكىلەرنىڭ يانچۇقى بوشتەك تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ ساياھەتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك، — دېدى خېللىن يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرماي.

سەپەرداشلىرىم بىر - بىرىگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى. ئۈمەكتىكىلەر قانچىكى كۆپ ۋە قىممەت نەرسە ئالسا، ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن ساياھەت يېتەكچىسىگە بېرىلىدىغان شېرىنكانە كۆپ بولاتتى. سەپەرداشلىرىم ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى.

بىز يەنە بىر بازارغا باردۇق. كىشىلەر بۇ يەردىن ئەتىر، دورا، ئېلېكتىر سايمانلىرىنى بەس - بەستە سېتىۋېلىشتى. ئۈمەكتىكىلەر ئاپتوبۇسقا قايتىپ چىقىپ خېلى ئۇزۇن كۈتكەندىن كېيىن خېللىن چىقىپ كەلدى. ئۇ خېلى خۇشخۇي ئىدى. كىشىلەر «شېرىنكانە يامان ئەمەس بوپتۇ» دېيىشتى.

كەچقۇرۇن پاراخوتقا چىقىپ ۋىكتورىيە دېڭىز قولتۇقىدا كېچىلىك مەنزىرە كۆردۇق. كېچىلىك مەنزىرە ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئىدى. پاراخوتتىكى ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن بولۇپ، پاراخوتتا ئۆرۈتۆپە بولۇشۇپ، دېرىزە تەرەپنى تالىشاتتى. مەن پاراخوتنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئوچۇق يەرگە چىقىپ مەنزىرە كۆردۈم. كېچە سالقىن ۋە ئارامبەخش، ھەيۋەتلىك، ئېگىز بىنالاردا چىراغلاردىن ھاسىل بولغان تەسۋىرىي سەنئەتلەر

روۋدېستۋا بايرىمىنىڭ ئاز قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ياتاققا قايتىشىمىزدا خېلىلا ئاچقۇچ ئاسىدىغان خاتىرە بۇيۇم-لىرىنى كۆرسەتتى. بەش خاتىرە بۇيۇمى بىر يالتىراق قاپچۇققا جايلاشتۇرۇلۇپ ئورالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاچقۇچقا ئاسىدى-غان ھالقا ئىدى. بىز ئۇنى بىزگە سوۋغا قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپتۇق. خېلىلا ئۇنىڭ باھاسى 100 يۈەن دەپ ئېلان قىلى-غاندا، قايتۇرۇپ بېرىشنى بىئەپ ھېس قىلغان سەپەرداشلار 100 يۈەن پۇلنى ئانچە رازى بولمىغان قىياپەتتە يانچۇقلىرىدىن چىقىرىشتى.

2004 - يىلى 19 - دېكابىر

بۈگۈن شياڭگاڭدىكى ساياھىتىمىزنىڭ ئاخىرقى بىركۈنى بو-لۇپ، ئۆز ئىختىيارىمىز بويىچە پائالىيەت قىلاتتۇق.

ھەممىمىز ئورنىمىزدىن ۋاقچە تۇردۇق. ناشتا قىلغۇچە سائەت ئون بولغانىدى. بۇ يەردە پۇقرالىققا ئۆتكەن ئەنۋەرگە تونۇگۈن تې-لېفون قىلىپ، مېنى شياڭگاڭدىكى ئەڭ چوڭ كىتابخانىغا ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىدىم. ئۇ كېچىسى ئىشلەپ، كۈندۈزى ئارام ئالىدىكەن. ئۇ چۈشتىن كېيىن ۋاقىت چىقىرالايدىغانلىقى-نى ئېيتقانىدى. ئەنۋەر ئابابەكرىنىڭ شېنجېندىكى دوستى بو-لۇپ، شياڭگاڭدا ئىشلەپ يۇرگىلى 7 ~ 8 يىل بولۇپ قاپتۇ. ئابا-بەكرى ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ماڭا بېرىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ-غا تېلېفون قىلىپ ماڭا ئىگە بولۇپ قويۇشنى تاپىلىغانىدى.

باشقىلارنى ئاۋارە قىلماي دەپ ئويلاپ، كوچىغا ئۆزۈم يالغۇز چىقىش قارارىغا كەلدىم - دە، شياڭگاڭنىڭ قاتناش خەرىتىسىنى كارىۋاتقا يېيىپ، نۇقتىلىق جايلار ۋە ئۇ يەرلەرگە بارىدىغان قاتناش لىنىيەلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. مەن ئەسلىدىلا پىلانىم بويى-چە كىتابخانىلارغا بېرىشىم كېرەك ئىدى. يېنىمدىكى شياۋۋۇغا بىللە بېرىشىپ بېرىشنى ئېيتقانىدىم، ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى. باش-قىلارغىمۇ ئېيتتىم، كىتابخانىغا بېرىش ئۇلارنىڭ ئەقلىگە سىغ-

مايلا قالدى. ئۇلار ئاۋات رەستىلەر ۋە ماگىزىنلارنى ئايلىنىپ، سوۋغات ئالمىسا بولمايتتى.

سائادەت خانىم تونۇگۇن سېتىۋالغان رەقەملىك فوتو ئاپپاراتىنىڭ كاشىلىسى بار ئىكەن دەپ ئويلاپ، تېگىشىپ كېلىش ئارزۇسىغا كېلىپ قالدى. بىراق فوتو ئاپپارات سېتىۋالغان جاينى تېپىپ بېرىش ئاسان بولمىغاچقا، ئارىسالدى بولغان سائادەت ئاپپاراتنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا كۆرسىتىپ مەسلىھەت ئېلىشقا باشلىدى. ئەگەر راستتىنلا كاشىلا بولسا ئۇ مېنىڭ ئالماشتۇرۇپ كېلىشكە بىللە بېرىشىمنى ئۈتۈنۈنۈشىدە گەپ يوق ئىدى. ئۆمەك باشلىقى جۇتى ئاپپاراتنى ئەستايىدىل كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئاپپاراتنى ئىشلىتىشتە مەسىلە بارلىقىنى جەزم قىلدى.

سائادەت مەن بىلەن بىللە رەستىگە چىقماقچى بولدى، ئۇ كىتابخانىغا كىرىشكىمۇ رازى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ شەرتى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ماگىزىن كۆرۈشۈپ بېرىشىم كېرەك ئىدى.

بىز سىرتقا چىققاندا سائەت 11:00 بولۇپ قالدى. شياڭگاڭنىڭ كوچىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كىشى ئاسانلا ئېزىقىپ قالىدىكەن. بىز كوچىدىكى ئادەملەردىن ھەتتا ساقچىلاردىن يول سوراپ كوچا ئايلاندۇق. كىشىلەر يول سورىغانلارغا ناھايىتى ئەستايىدىل جاۋاب بېرىدىكەن. بىز ئۇلاردىن پۇتۇڭخۇا سۆزلەپ يول سورىساق، ئۇلار بىزگە ئىنگلىزچە جاۋاب بەردى. ئەلۋەتتە، ئۇلار بىز خەنزۇ دەپ ئويلىغان كىشىلەر ئىدى. كېيىنچە مەن بىۋاستە ئىنگلىزچە يول سورىدىم. شياڭگاڭدىكى خەنزۇلار ئىنگلىزچە سۆزلىۋالغىنىغا خۇشال بولىدىغاندەك كۆرۈندى. شياڭگاڭنىڭ ساقچىلىرى ناھايىتى مۇلايىم كۆرۈندى. خۇددى ساقچىلار مۇلايىم بولسا بولمايدىغاندەك بەكلا ھەيران قالدىم. بىزچە بولغاندا، ساقچى دېگەن پۇقراغا تەتۈر قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى. شياڭگاڭنىڭ ساقچىلىرى بىزنى سورىغان يېرىمىزگە ئاپىرىپ قويغىلى تاس قالغىدەكلا مۇئامىلە قىلدى.

— قەيەردە چوڭ كىتابخانا بار؟

— «دەۋر مەيدانى» دا.

«دەۋر مەيدانى» دېسە، چوڭ بىر مەيداننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇ پەلەككە تاقاشقان سودا بىناسى بولۇپ چىقتى. ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردە «pageone» نامىدا بىر كىتابخانا بار ئىكەن، بۇ كىتابخانىنى شۇنچە قىلىپ چېلىقتۇرالمىدىم. سورىسام، ئۇ «دەۋر مەيدانى»نىڭ 9- قەۋىتىدە ئىكەن. كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىز تىلىدىكى كىتابلار ئىدى. بىرەر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىتاب كۆردۈم - دە، ئۈچ پارچە كىتابنى سېتىۋېلىشقا تاللىدىم. ئۈچ كىتابنىڭ سوممىسى 500 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىسخولوگىي خوۋارد گاردىنېرنىڭ «ئىجادىي روھ» دېگەن ئەسىرى، ئامېرىكا شائىرى تېد ھيۇس (Ted Hughes) نىڭ «تۇغۇلغان كۈن مەكتۇپلىرى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى بار ئىدى. گاردىنېر كىتابىدا فرېئود، ئېينىشتېيىن، پىكاسسو، ئېلىئوت، گەندى قاتارلىق داڭلىق شەخسلەرنىڭ ئىجادىيەتتىكى روھىي ھالىتىنى ئانالىز قىلغانىدى. ھيۇسنىڭ شېئىرلار توپلىمى ئامېرىكا شائىرەسى سىلۋىيە پلاس (Sylvia Plath) قا بېغىشلاپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەنىدى.

كىتابنى سېتىۋالغۇچە سائادەت يېنىمغا ئىككى قېتىم كېلىپ، «بارمۇسىز؟» دەپ قويدى. ئەمدى سائادەت بىلەن بىللە راسا ماگىزىن ئايلانساق بولاتتى.

شياڭگاڭنىڭ ماگىزىنلىرىدىكى كىيىملەر ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ سېتىۋېلىش ھەۋىسىنى قوزغايتتى. لېكىن بۇ كىيىملەرنىڭ بىرقەدەر ئەرزانلىرى بىزنىڭ بىر ئايلىق مائاشىمىزدىن ئېشىپ كېتەتتى. سائادەت ئۆزىگە يارىغان نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن توختاپ، ئىلاجسىز بولۇپ كېتەتتى.

سائەت ئىككى بولغاندا چۈشلۈك تاماق يېدۇق. ئالىقانچىلىك كېلىدىغان ئىككى تال بولكا ۋە ئىككى ئىستاكان قەھۋە 76 يۈەن خەلق پۇلىغا توغرا كەلدى. تېخى ئۇلارنى ئۈچرەتتە تۇرۇپ ئالدىم.

كەچكىچە كوچا ئايلاندۇق. ئارىدا بىر كىتابخانىغا كىرىپ مىلان كۇندېرا رومانلىرىنىڭ ئىنگلىزچە نەشرلىرىنى كۆرۈپ قال-دىم، ئالغۇم بولسىمۇ بولدى قىلدىم، چۈنكى كىتابلار ناھايىتى قىممەت ئىدى.

بەلكىم سائەت بەش بولغاندۇ، ئەنۋەرگە خوشلىشىش تېلېفونى قىلدىم، ئۇ مېنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇزىتىپ قويى-دىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز «خۇامېي» مېھمانسارىيىنىڭ كۈتۈش زالىدا كۆرۈشمەكچى بولدۇق.

پۈتۈشكەن ۋاقىتتا، كۈتۈش زالىدا تولا يول يۈرۈپ ئاغرىۋاتقان پۇتلىرىمنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇردۇم. ئالدىمدىكى ئەينەكتىن سىرتنىڭ مەنزىرىسىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم، سائادەتمۇ قېشىمدا ئىدى.

شياڭگاڭدەك بىر شەھەردە چىرايىمىزدىكى ئىرقىي بەلگىنىڭ ئۆزىلا قېرىنداشلىقتىن دېرەك بېرەتتى. بىر پىكاپ ئەينەكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى، رولنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر يىگىت ماڭا قاراۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئەنۋەر ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدىم - دە، سىرتقا ماڭدىم، سائادەت كەينىمدىن ئەگەشتى. دەرۋەقە، ئۇ ئەنۋەر ئىدى، بىز قىزغىن كەيپىياتتا كۆرۈشتۇق. بۇرۇن بىر - بىرى بىلەن ئەسلا كۆرۈشۈپ باقمىغان تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى، ئۈستىدە قارلار يالتىراپ تۇرىدىغان تەڭرىتاغدىن ناھايىتى يىراق يات بىر شەھەردە بىر - بىرىنى قىينالمايلا تونۇۋالدى. ئەنۋەر ئۆزى چوڭ بولغان تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىدىن ئالىي مەكتەپ يېشىدىن تار-تىپ ئايرىلىپ، ياقا شەھەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، شياڭگاڭ-دەك ھايات رىقابىتى كەسكىن شەھەردە نەچچە يىل ياشاپمۇ، ئۆزىنىڭ تونۇمىغان بىر قېرىندىشىنى ئىزدەپ كېلىدىغان يۈرىكىنى يوقاتمى-غانىدى. ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە قەدىرلىك، ئۆچمەس يۈرەك ئىدى.

ئەنۋەر كەم سۆزدەك قىلاتتى. ئۇ بىزنى پىكاپىغا ئولتۇرغۇزۇپ تۇڭلۇۋەن تەرەپكە ئېلىپ بارغۇچە سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىش بىلەن چەكلەندى. «كەچۈرۈڭ، مەن خەنزۇچە ئوقۇغان بولغاچقا، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى كۆپ قىلالمايمەن» دېدى ئەنۋەر ئۆزرە ئېيتىپ.

ئەنۋەر بىزنى تونۇشلۇقلىرىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، «ئىككى سائەتتىن كېيىن كېلىمەن» دېدى. ئۇنىڭغىچە بىز ماگىزىن ئارىلىدۇق، ئائىلىمىزدىكىلەرگە سوۋغاتلىق كىيىم ئالدۇق. ئىككى سائەتتىن كېيىن ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ بىزنى ئۇيغۇرچە تائاملار بار بىر رېستورانغا ئېلىپ ماڭدى. پىكاپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئاۋات بىر كوچىغا جايلاشقان گۈللۈك مەيداننىڭ ئالدىدا توختىدۇق. كوچىنىڭ جەلپكار چىراغلىرى ئەتراپنى يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى.

بىز ياندىكى بىر بىنانىڭ پەلەمپىيى ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتۇق، بىز كىرمەكچى بولغان رېستوران مۇشۇ قەۋەتتە ئىدى. رېستوراننىڭ ئالدىدا بۇدۇر چاچلىق، بورۇتلۇق بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن قوشۇپ تارتىلغان سۈرىتى تۇراتتى. زال خېلى چوڭ بولۇپ، ئورۇمچىدىكى ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى ئۇيغۇر رېستورانلىرىدەك كېلەتتى، مۇھىتى يورۇق ۋە ئازادە ئىدى.

ئۇچىمىز دېرىزە تەرەپتىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇق. توساتتىن سۈرەتتىكى ھېلىقى ئۇيغۇر يىگىتى ئالدىمىزدا پەيدا بولدى، ئۇ ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار كونا دوستلاردىن ئىكەن. ئەنۋەر ئۇنى تونۇشتۇردى، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەت تۇرسۇن ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايى قارامتۇل بولۇپ، قاپقارا بۇدۇر چېچى ۋە بۇرۇتى خېلى ياراشقانىدى، بىر قاراشتا پاكىستانلىققا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ بىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، نېمە يەيدىغانلىقىمىزنى سورىدى.

— ئىسسىق باسقۇدەك ئۇيغۇر تائامى بولسا بولدى، ئىسراپچىلىق قىلمايلى، — دېدىم مەن.

ئۇ ئەنۋەر بىلەن بىر قارىشىۋالغاندىن كېيىن:

— «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، مەن ئۆز قولۇم بىلەن تائام قىلاي، پاراڭنى ئاندىن سوقايلى، — دېدى - دە، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئۇ ئۈچ - تۆت خىل تائامنى ئالدىمىزغا قويدى.

— ھازىر ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولغاچقا شارائىتىمىز يېتەرلىك بولماي قالدى، — دېدى مۇھەممەت تۇرسۇن ئۆزرە ئېيتىپ.
ئۇ تەييارلىغان غىزالار كۆركەم ھەم مەززىلىك ئىدى. سائادەت خانىم توخۇ قوردىقىغا ئىشتىھا تارتىۋاتاتتى. مۇھەممەت تۇرسۇن تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمايدىغان، تۈز كۆڭۈل، قىزغىن يىگىت ئىكەن. مەن شياڭگاڭدەك چوڭ شەھەردە ئىككى نەپەر قېرىندىشىمنىڭ مۇھەببىتىدە مېھمان بولۇۋاتقىنىمدىن سۆيۈنگەنىدىم. مەن بۇ ھېسسىياتىمنى ئاياپ ئولتۇرماي ئۇلارغا ئېيتتىم. سەممىمي گەپ سەممىمي ھېسسىيات ئويغىتىدۇ، ئۇلار گېپىمدىن تەسىرلەندى. ئەنۋەر جىمىغۇر، ئويچان يىگىت ئىدى. مۇھەممەت تۇرسۇن ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەقىقەتەن تەسىرلىك بولۇپ، تىرىشچان، مۇستەھكەم ئىرادىسىنى نامايان قىلاتتى.
مۇھەممەت تۇرسۇن ئۇرۇمچىلىك بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى كونسۇل كوچىسىدا ئىكەن. ئۇ ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىزدىن تەركىب تاپقان ئائىلە باللىنىڭ چوڭى ئىكەن. ئۇ 16 يېشىدىن باشلاپ مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىدا چۆمۈچ تۇتۇشقا باشلىغانىكەن. 1989 - يىلى شېنجېندا ئاشخانا ئېچىپ ئىگىلىك تىكلەشكە باشلاپتۇ. ئىگىلىكى گۈللىنىپ، تارماق ئاشخانىلارنى ئېچىپتۇ. ئۇ شېنجېندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا كۆپ ياردەم قىپتۇ. خىرويىنغا ئۆگىنىپ قالغانلارنى خىرويىن تاشلىتىش جەھەتلەردە تالاي تەسىرلىك ئىشى بار ئىدى.
— ئىمان ۋە ئېتىقادتىن ئاجراپ كەتكەن ئادەم ۋاپانىمۇ بىلمەيدىكەن، قانداق ياشاشنىمۇ بىلمەيدىكەن، — دېدى مۇھەممەت تۇرسۇن شېنجېندىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ.
نەزىرىمدە بۇ بىر ھېكمەتلىك سۆز ئىدى. لېكىن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى مۇھەممەت تۇرسۇن كىتابلاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولماستىن، ئۆزىنىڭ قىسمەتلىرىدىن بىلگەنىدى. بۇ سۆزنى زور ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە ئەمەس، دەپ كىم ئېيتالايدۇ. پۇلنى ئادەم تاپىدۇ، لېكىن پۇلنى قانداق تېپىش، قانداق ساقلاش، نەگە ئىشلىتىش

قاتارلىقلارغا شۇ ئادەمنىڭ ئىدىيەسى قوماندانلىق قىلىدۇ.

مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ خانىمى قۇرەيشەم شىنجىڭدا مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان ئورۇنلارنىڭ زاكازلىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچە دوپپىلارنى تىكىپ، تارقىتىدىكەن. قۇرەيشەم ھازىرمۇ شىنجىڭدا تۇرىدىكەن، مۇھەممەت تۇرسۇن ھەپتىدە بىر قېتىم ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم شىنجىڭغا كېلىپ، بالىلىرى بىلەن جەم بولىدىكەن.

مۇھەممەت تۇرسۇن شياڭگاڭنىڭ تېلېۋىزىيەلىرىدە ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم يېرىم سائەتتىن ئۇيغۇر تائاملىرىنى تونۇشتۇرۇپ، تائاملارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر تائاملىرىنى مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ كونسۇلخانىلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ كۆرسەتكەن ھەم تەشۋىق قىلغان. ھېيتلاردا ئۇيغۇر تائاملىرىنى چىرايلىق ئوراپ ـ قاچىلاپ، مەسچىتلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ جامائەتكە سوۋغا قىلغان، رامىزانلاردا ئىپتارلىق بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ خېرىدارلىرى كۆپەيگەن.

مەن سۆھبەت ئارىلىقىدا رېستوران ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتۈم، رېستوران ھەرھالدا ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبتا بېزەلگەنىدى. دېرىزىلەر ئۈزۈم بارىڭىنى ئەسلىتىدىغان ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، تاملاردا قۇملۇقتىكى تۆگە كارۋانلىرى ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى قىزلىرىنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن مەنزىرە توقۇلمىلار ئېسىقلىق تۇراتتى. لەپتىكى بىر تامدا ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى غازى ئەمەتنىڭ ھۆسنخەتلىرى تۇراتتى. يەنە بىر تامدا ئۇيغۇر سازى كۆتۈرۈۋالغان ئۇيغۇر گۈزىلىنىڭ رەسىمى تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى.

مەن تۇرۇۋاتقان يەر تەكلىماكان ۋە تارىم ۋادىسىدىن ناھايىتى يىراقتىكى شياڭگاڭ، لېكىن قېشىمدا ئۈچ ئۇيغۇر قېرىندىشىم مەن بىلەن ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىۋاتىدۇ، ئالدىمدىكى تاماق ئۇيغۇرچە، زالدىكى قىياپەت ئۇيغۇرچە، ۋۇجۇدۇم يايراپ يېنىك بىر نەپەس ئالدىم.

«يېڭى دەۋر» مەيدانىغا جايلاشقان بۇ رېستوراننىڭ نامى «شىنجاڭ شىنجاڭ رېستورانى» بولۇپ، گۇاڭدۇڭ شىنيۈ مۇسۇلمانلار

رېستورانىنىڭ شياڭگاڭدىكى تارمىقى ئىكەن. مۇھەممەت تۇرسۇن بۇ يەردىكى قولى گۈل ئۇستاملارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىشلەۋاتقا-ندى. ئۇنىڭ نامى ۋە ئىش ئىزلىرى، ئەتكەن كۆركەم ۋە مەززىلىك تائاملىرى «فۇجيەن ئىقتىساد گېزىتى»، شياڭگاڭدا چىقىدىغان «شەرق گېزىتى»، «مىڭباۋ گېزىتى»، «شىنباۋ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئارقا - ئارقىدىن تەشۋىق قىلىنغانىدى. گېزىتنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ داپ ياكى راۋاب تۇتۇپ، ئوخشىغان ئۇيغۇر تا-ئاملىرى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلىرى چىقىپتۇ. توخۇ نېرد-نى، پولۇ، سامسا، ساڭزا، ھەر خىل كاۋاپ، يۇتازا (ھور قاتلىما) ۋە نانلار دىلنى رام قىلىدىغان دەرىجىدە سەنئەتلىك قىلىپ تىزىلغانىـ-دى. «زەڭگەر ئاسمان ئاستىدىكى ياپيېشىل يايلاقتا خۇش پۇراق گى-ياھلارنى يەپ، پاكىز سۇلارنى ئىچىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغان شىنجاڭ قويلىرىنىڭ گۆشى ناھايىتى يېپىشلىك بولىدۇ» دېيىلگە-نىدى. «قۇياش گېزىتى»دە «ياخشىمۇسەن؟»، «بەك ياخشى»، «رەھ-مەت» دېگەندەك دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلەر (شياڭگاڭ گېزىتلىرىدە «新疆语» دەپ ئېلىنغان) تونۇشتۇرۇلغانىدى.

مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ ئائىلىسى ئاددىي بىر ھۈنەرۋەنلەر ئا-ئىلىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە خاس جۇلاسىنى باشقا مىللەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ گىرەلەشمىسى ئىچىدە نامايان قىلغانىدى. دىيارىمىزدا بۇنداق ئاددىي ئائىلىلەر كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ. بىراق، بۇنداق ئائىلە ياكى بۇنداق كىشىلەر خەلقئارادىكى چوڭ شەھەرلەر-گە بېرىپ ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتكەندە، ئۇلار بىر مىللەت مەدە-نىيىتىنىڭ خالىس ئەلچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. مۇھەممەت تۇرسۇن ماڭا مۇنداق بىر ئەقلىنى ئۇقتۇردى:

تائاملار بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىخچام نەمۇنىسى، ئۇنىڭ بازار ئىقتىدارىنى ئېچىش بۇ مەدەنىيەتنىڭ مول قاتلىمىنى دۇنياغا يايغانلىق بىلەن باراۋەر. باشقا مىللەتتىن بولغان رېستوران غوجا-يىنلىرى ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ يوشۇرۇن بازار كۈچىگە سەل قارد-

مىغاندەك قىلاتتى.

سۆھبەتلىرىمىز قىزغىن، كۆڭۈللۈك بولدى. ئەنۋەر باشتا كەم سۆز بولدى، مەن ئۇنىڭغا «تاماكىڭىز بولسا چېكەيلى» دېدىم. ئەمەلىيەتتە مەن تاماكا چەكمەيتتىم، ئەنۋەرنىڭ قاتمال كەيپىياتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. ئەنۋەر گېپىمدىن گاڭگىراپ قالغاندەك بولدى.

— مەن بىلىمەن، سىز تاماكا چېكىسىز، بايا يانچۇقىڭىزغا تاماكا سالغىنىڭىزنى كۆرگەنىدىم، — دېدىم مەن.

ئەنۋەر ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، تاماكىسىنى چىقاردى. ئىككىمىز بىر تالدىن تاماكا تۇتاشتۇردۇق.

— سىز مەندىن تارتىنىۋاتىسىز، ھازىر تارتىنىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ماڭا كۆپرەك گەپ قىلىپ بېرىڭ، — دېدىم مەن.

مۇھەممەت تۇرسۇن يوغان بىر ئىستاكان پىۋىنى ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ ئۆزى ئىچمەيدىكەن ۋە چەكمەيدىكەن. ئەنۋەر بارغانسېرى ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشقا باشلىدى.

ئەنۋەرنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپ ئىكەن. تارتقان زىيانلىرى، تۆلىگەن بەدەللىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشنىڭ سىناقلىرىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىگە تەگكەن پەشۋالارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغانىدى، بەلكى تەمكىن ھالدا قارار چىقىرىپ، يېڭى يول ئىزدىگەنىدى. ئوتتۇز ياشتىن ئەمدىلا ھالقىغان بۇ بالا ياشاش جەھەتتە ناھايىتى قابىل ئىدى.

— نېمىشقا تېخىچە ئۆيلەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— شياڭگاڭدا مەن ئالىدىغان قىز يوق. يۇرتۇمغا كەمدىن - كەم بارىمەن. ئۇ يەردىمۇ بىرەر قىز بىلەن تونۇشقۇدەك ئىمكانىيەت يوق، — دېدى ئەنۋەر.

ئەنۋەر خەنزۇچە ئوقۇغان بالا ئىدى، ئۇ گۇاڭدۇڭ شېۋىسىنىمۇ ئوبدان سۆزلەيتتى. ئۇ شياڭگاڭدەك غايەت زور ئادەم دېڭىزىدا دې-

مىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر غايىنى كۆزلەپ ياشاۋاتقاندى.

بىز رېستوراندىكى ئۇيغۇرچە مەنزىرىلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق. كېچە سائەت 2:00 دە خوشلاشتۇق.

ئەنۋەر بىزنى «خۋامېي» مېھمانسارىيىنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويدى. بىز قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق، بۇ چاغدا ئەنۋەرنىڭ چىرايىغا يىغا ئولاشتى. ئوغۇلبالا ئاسانلىقچە يىغلىمايدۇ. ئۇ كۆڭلىدىكى ھەممە گېپىنى مۇشۇ ئۈنسىز يىغىسى ئارقىلىق دەۋەتكەندەكلا قىلاتتى.

— يۇرتۇمنى، ئاتا ــ ئانامنى سېغىندىم. ئۆتكەندە بارغاندا، پويىزدا «داۋانچىڭ قىزى»نى ئاڭلاپ تەنلىرىم يايراپ كەتكەندى، — دېدى ئەنۋەر.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئارىمىزنى سۈكۈت باستى.

— سىزگە قىزنى مەن تونۇشتۇرىمەن، يازدا ئۈرۈمچىگە بېرىڭ، — دېدى سائادەت ئەنۋەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ.

ئارىنى بىر ئاز سۈكۈت قاپلىدى.

— خوش، ئۇكام. سىز يەنە يالغۇز قالدىڭىز، ئۆزىڭىزگە پۇختا بولۇڭ، — دېدىم مەن.

ئەزەلدىن كۆرۈشۈپ باقمىغان بىرقانچە ئۇيغۇر شياڭگاڭدەك چوڭ خەلقئارا بازارنىڭ بىر بۇرجىكىدە قېرىنداشلارچە مۇڭدىشىپ خوشلاشتۇق. بىز يەنە كۆرۈشەلمەدۇق ــ يوق، بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى.

ئەنۋەر پىكاپىنى ھەيدەپ، كوچا چىراغلىرىنىڭ شولىسى ئىچىدە غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردۇق. تۇرمۇش سەھنىسىدىكى بۇ تەۋەككۈلچى جىددىي خىرىسلارنىڭ ئالدىدا تەمكىن تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغاندى. ئۇ كەلگۈسىگە ھېچقانداق ھاياجان ئارىلاشمىغان ئۈمىد بىلەن ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق تاسادىپىيلىق ئۇنى ھودۇقتۇرالمايدىغاندەك ئىدى. ئۇ خىزمەت، ئۇنۋان، مەنسەپ ۋەسۋەسىسىدە يۈرەكزەدە بولۇپ، قان بېسىمىغا گىرىپتار بولۇپ كەتكەن تالاي دىپلوم ئەھلىگە نىسبەتەن خېلىلا مۇكەممەل ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئورۇنلى-

شالمىسا چۈشكۈنلىشىپ، غۇرۇرسىزلىق گىردابىدا چىرايىنىڭ نۇرىنى يوقاتقان سان ـ ساناقسىز ياشلىرىمىزغا نىسبەتەن بىر ئۆلگە، ئۇ بىر تەنها تەۋەككۇلچى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ غەلىبە ـ سىگە تەنتەنە قىلىشىپ بېرىدىغان دوستلىرى ياكى ھەسرەتلىرىگە شېرىكلىشىپ بېرىدىغان مۇڭداشلىرى يوق.

## 2004 ـ يىلى 20 ـ دېكابىر

پىلان بويىچە سائەت 6:30 دا پىرىستانغا باراتتۇق. ئۇيقۇمغا قانماي، خامۇش ھالەتتە يۇك ـ تاقلىرىمنى يىغىشتۇرغىنىمچە جىددىيلەشتىم، چۈنكى باشقىلارنى ساقلىتىپ قويسام بولمايتتى. ھېلىھەم كېچىكىپتىمەن، مەن يۈك ـ تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشكىنىمدە، باشقىلار ئاپتوبۇسقا ئورۇنلىشىپ مېنى ساقلاۋاتقا ـ نىكەن.

ناشتىنى پىرىستاندا قىلدۇق ـ دە، قاشنىڭ يېنىدا لەپەڭشىپ تۇرغان كېمىگە چىقتۇق. دېرىزە قېشىدا ئولتۇرۇپ دېڭىزنى تاماشا قىلسام دەيتتىم. ئەپسۇس، بېلىتىمنىڭ ئورنى ئۇنداق يەرگە توغرا كەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەيپىياتىم ئېغىر، روھىم ھارغىن، كاللام گادىرماش، كۆزلىرىم ئېلىشاڭغۇ. زەڭگەر دېڭىز سۈس تۇ ـ مانىنىڭ قوينىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. سەھەردىكى شياڭگاڭنىڭ ئاس ـ مىنى تۇك تاشلىمىغان توڭ شاپتۇلنىڭ رەڭگىدە كۆرۈنەتتى. ئەتراپىمدىكىلەرمۇ تېتىك ئەمەس ئىدى، بەزىلەر ئولتۇرۇپلا ئۇيقۇ ـ غا كېتىشكەنىدى.

كېمە قوزغالدى، پىرىستان بارا ـ بارا كىچىكلەپ، تۇماننىڭ شۆلگەيلىرىدە ئېرىپ كەتتى. شياڭگاڭنىڭ ئېگىز بىنالىرىمۇ خى ـ يالىي گەۋدىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاراللار ئۇچرايتتى، بەزى ئاراللاردا داچا بولۇپ، خۇددى ئادەمسىزدەك تىپ ـ تىنچ ئىدى. ئۇنداق يەرلەردە ئەدىبلەر ئولتۇرالمىسا كېرەك، مىل ـ لەتنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ پۇتۇكچىسى بولغان ئەدىبلەرنىڭ كۆپ ـ

لىرى لاماكان ھالىدا قەلەم تەۋرەتتىشكەن. دۇنيادىكى بىر بۆلۈك كاتتا ئەسەرلەر داچىدا ئەمەس، ھەپسىدە ياكى مۇھاجىرەتتە بارلىققا كەلگەن. ۋاقىتتا ئەبەدىي سۈرگۈن قىلىنغان شائىرلار سۆزلەرنىڭ سىر - تىدا ئۆزلىرىنى تىڭشاپ يۈرۈشىدۇ. دېڭىز مەندەك بىر شەيداسىنى ئويلاپمۇ قويمىغاندەك تۇراتتى. ئۇخلاشقا شۇنچە تىرىشىپ باقتىم، كۆزلىرىمنى يۇمۇپ زەڭگەر دېڭىزنى قارا دېڭىزغا ئالماشتۇرۇپ باقتىم. ئەپيۇھەنناس، پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم. ئازراق ئۇخلىۋالغان بولسام زېھنىم، چىرايىم، ئەتراپ ئېچىلىپ كەتكەن بولاتتى.

ئاۋمېنىنىڭ پىرىستانىغا باردۇق، تاموژنىدىن ئۆتتۇق. بۇ يەر - نىڭ دېڭىزى شياڭگاڭنىڭ دېڭىزىدەك سۈزۈك ئەمەس ئىكەن، ئۆر - كەشلىنىپ تۇرغان لاي سۇلار كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان پىرىستان سۇپىسىنىڭ ئاستىنقى تۈۋرۈكلىرىگە شالاقلاپ ئۇرۇلاتتى. دېڭىز سۈيىدە ئەخلەتلەر چايقىلاتتى.

بىز ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ ئازراق ساقلىغاندىن كېيىن، بىر ئايال كەلدى. ئۇ بىزگە مەسئۇل ساياھەت يېتەكچىسى ئىكەن. ئۇنىڭ كىيىنىشى لابدۇر بولۇپ، ساياھەت يېتەكچىسى بۇنداق بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇچىگە كىيىۋالغان قىزىل نېپىز مايكە - سىنىڭ پېتى يوقاپ، كۆكسى قىسمى ساڭگىلاپ تۇراتتى، ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىگىلا پۈرلىشىپ كەتكەن ئىسپورت چاپان كىيىۋالغان بولۇپ، ئايالنىڭ سېمىز بولۇشىغا قارىماي، چوڭ كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈزىمۇ، كالپۇكلىرىمۇ گۆشلۈك ئىدى. كۆلگەندە لەۋسۇرۇغ سۇر - تۇۋالغان كالپۇكلىرى ئېچىلىپ، ئۇششاق، تەكشى سارغۇچ چىش - لىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. 45 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئايال بەئەينى ئۇزۇن يوللۇق تاشيولنىڭ خىلۋەت ئۆتەڭلىرىدىكى مەيخانىنىڭ ئا - يال غوجايىنىدەك بىلىنىپ كەتتى. لېكىن بۇ ئايال ناھايىتى بە - لىملىك ئىكەن، ئۇ ئاۋمېندىكى ھەربىر كوچا، ھەربىر بىنا، ھەر - بىر كۆۋرۈك، ھەربىر ھەيكەلنى ئىنچىكە تونۇشتۇراتتى. ئاۋمېن - دىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىشلىرى، ماللارنىڭ باھاسى، سۇپىتى قاتارلىقلارنى ئۇ بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى.

ئاۋمېن تىنچ بىر شەھەر ئىكەن، كوچىلىرىدا ئادەملەرمۇ شالاڭ، كۆلىمى 23.6 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ جايدا 438 مىڭ ئادەم ياشايدىكەن. بۇ يەرنىڭ كىرىمى تاشقى سودا، پۇل مۇئامىلە ۋە ساياھەتچىلىكتىن كېلىدىكەن. كوچا بويلىرىدىكى گۈللەر ۋە دەرەخلەر دېڭىز تەرەپتىن كەلگەن لەرزان شامالدا يەلپۈ- نۈپ مەيلىمنى تارتتى. نېمىشقىدۇر مەن ئادەم شالاڭ، كوچىلىرى ئازادە، خىيابان شەھەرلەرنى ياقتۇرۇپ قالىمەن. ئاۋمېندىكى بى- نالار شياڭگاڭدىكىدەك ئېگىز ئەمەس ئىدى. لېكىن پاكىز، رەتلىك ئىدى.

ئاۋمېندىكى تاماقلىرىمىز تېخىمۇ غورىگىل بولدى. بىزگە ئۈچ ۋاق گۈرۈچ تامىقى يېگىلى ھەپتىلەر بولغانىدى.

بىز قەدىمىي ئىبادەتخانىلارنى كۆردۇق. كوچا دوقمۇشلىرىغا ياسالغان بۇتلارنى زىيارەت قىلدۇق. زامانىۋى شەھەرنىڭ پۇقرالىرى ھېلىھەم بۇتلارنى تاۋاپ قىلىپ ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت، سالامەتلىك، بايلىق قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىشىدىكەن. مەن دۇنيادا ئىبادەتخا- نىسى يوق شەھەر يوق، بۇنىڭغا قىل سىغمايدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

بىز Casino دېگەن چوڭ قىمارخانىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. ئاۋمېن شەرقىي ئاسىيادىكى لاسۋېگاس دەپ تەرىپلىنىدىكەن. Casino غا باشقا دۆلەتلەردىن كېلىدىغان قىمارۋازلارمۇ كۆپ ئى- كەن. بەزى پۇلدارلار شەخسىي ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ كېلىپ، قى- مارنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتىپ كېتەرمىش. قىمارخانا بىناسى سىرتتىن قارىغاندا ئادەتتىكىچە ئىدى. بىنانىڭ ئىچى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىدى. بىز بىلمەيدىغان ئاللىقانداق قىمار تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، مۇلازىم قىزلار مېۋە شەربەتلىرىنى توشۇپ تۇراتتى. ئىچكۈمىز كەلسە ھەقسىز ئېلىۋەرسەك بولىدى- كەن. بىر تەرەپتىكى سەھنىدە يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇلچى قىزلار توختىماي ئويناپ تۇراتتى، مۇلازىم قىزلار ناھايىتى ياش بولۇپ، ماڭا پاھىشە چىراي كۆرۈنگەندەك بولدى. بىر قىمارخانىنىڭ ئاۋات بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالىسامۇ بۇنچىلىك ھەشەمەتلىك بولۇشى-

نى ئويلىماپتىكەنمەن. قايسىدۇر بىر دانىشمەننىڭ «زامانى ئاخىـ
ـرىدا ئىبادەتخانىلار چۆلدەرەپ، ئىشرەتخانىلار ئاۋاتلىشىدۇ» دېگەن
گېپى دەرھال ئېسىمدىن كەچتى.

بىز كىيىم ـ كېچەك، قول ھۈنەر، زىبۇ ـ زىننەت مەركەزلىـ
ـرىنى ئايلاندۇق، ئوخشاش بىر كوچىدىن نەچچە قېتىم ئۆتتۇق. ۋىـ
ـۋىسكىلاردا، قاتناش بەلگىلىرىدە پورتۇگالچە خەتلەر تۇراتتى. مۇسـ
ـتەملىكە دېگەن يامان نەرسە ئىكەن. پورتۇگاللار شۇنچە يىراق يەردىن
كېلىپ، شۇنچە زور جۇڭگونىڭ خەرىتىسىدىن كىچىككىنە يەردىكى
ئادەملەرنىڭ چىراي ۋە ئاشقازىنىدىن باشقا نۇرغۇن نەرسىسىنى
ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. مەن ئاۋمېن كوچىلىرىدا ياۋروپالىقلارنى كەمـ
ـدىن ـ كەم كۆردۇم، لېكىن يېزىقنى كەڭتاشا كۆردۇم. جۇڭگو خەـ
ـرىتىسىنى نانغا ئوخشاتساق، ئاۋمېن ئۇنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى كۇنـ
ـجۇتچىلىك كېلىدۇ، شياڭگاڭ بولسا قوناق دانچىسىدەك كېلىدۇ. بۇ
ئىككى رايون ھازىرقى جۇڭگو چوڭ قورۇقلۇقىنىڭ تەخمىنەن 8575
تىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى خەنزۇ تىل ـ يېـ
ـزىقى مەدەنىيىتى چەمبىرىكىدە بولسىمۇ، مۇستەملىكىدىن قالغان
كاپىتالىزم ئەندىزىسىدە مۇقىم ياشاۋاتاتتى.

2004 ـ يىلى 21 ـ دېكابىر

سائەت تەخمىنەن 10:00 بولغاندا ئاۋمېندىن جۇخەيگە ئۆتتۇق.
ئېغىزدىن ئۆتكىچە، ساقچى قىزغا ئىسمىمىزنى ئېيتىپ ئۆتتۇق.
ماشىنا كەلگەندە ساقچى قىز كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇلار مېنىڭ ئىسمىمـ
ـنى تەلەپپۇز قىلىشنى سىناپ بېقىشىپ، ئويۇن چىقىرىشقاندەك
قىلىدۇ.

جۇخەي ئەپچىل، پاكىز شەھەر ئىكەن. ساياھەتچىگە ھەممە يەر
گۈزەل كۆرۈنسە كېرەك. چۈنكى، ئۇ ئۆزى كۆرۈۋاتقان يەرلەرنىڭ
ئىجتىمائىي رېئاللىقىنىڭ تېشىدا بولۇپ، بىرنەچچە يىل تاپقان ـ
تەرگەنلىرىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە مېھمان بولىدۇ.

چۈشلۈك تاماق يامان ئەمەس بولدى. ئارىمىزدىكى بەزىلەر «يەنىلا ۋەتەن ئانىمىز ياخشى ئىكەن» دېيىشتى. ساياھەت يېتەكچىسى بىزنى بىر زىبۇ - زىننەت دۇكىنىغا ئېلىپ باردى. دۇكان غوجايىنى ئۆزىنىڭ چاقچاق ئارىلاش گېپى بىلەن ساياھەت جەريانىدىكى خىراجىتىمىزدىن خۇلاسە چىقارغاندەك بولدى.

— شياڭگاڭنىڭ ساياھەت يېتەكچىلىرى خۇددى كىر ئالغۇنىڭ سۇسىراتقۇچىسىغا ئوخشايدۇ، مەن بىلىمەن، سىلەرنىڭ يانچۇقۇڭلار قۇرۇقدىلىپ بولدى، بىز ئەمدى قۇرۇتقۇدىن چىققان كىيىملەرنى تانىغا يايغاندەك ئىش قىلىمىز.

بىز كۈلۈپ كەتتۇق، ئۇ كۆڭلىمىزدىكى تەسىراتلارنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ماللارنى ئەرزان بېرىشتىن دېرەك بېرىدىغان ئاخىرقى سۆزى كىشىلەرنىڭ ئىستېمال خۇمارىنى قوزغىدى.

كەچقۇرۇن گۇاڭجۇۋغا يېتىپ كېلىپ، يەنە «ۋۇياڭچېڭ» مېھمانخانىسىغا چۈشتۇق.

## 2004 - يىلى 22 - دېكابىر

كەچقۇرۇن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشتىن كېيىنلا گۇاڭجۇۋ ئايروپورتىغا قاراپ ماڭىمىز.

مەن چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كىتابخانا ئايلاندىم. ئۇ يەردىن سىماس ھېينىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ۋە جورجىي لۇكاشنىڭ ماقالىلەر توپلىمىنى سېتىۋالدىم. ئاندىن سەنيۇەنلى تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرمەكچى بولدۇم. لېكىن ۋاقىت يەتمەي ياۋتەي دېگەن يەرگە بېرىپ بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىدىن لەڭمەن يېدىم. ئۇ يەر - بۇ يەردە تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان ئۇيغۇرلار ماڭا شۇنداق غېرىبانە كۆرۈندى. لەڭمىنى مېنىڭ ھاردۇقۇمنى ئالدى. ئاشخانىدا قويۇلۇۋاتقان ھەرەڭ - سەرەڭ ئۇيغۇرچە MTV لەر دۇنيانىڭ ئاساسىي ئېقىمى تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بىپەرۋال-

قىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى.

## خاتىمە

ھاۋا ياخشى بولمىغاچقا، ئۈرۈمچىگە بىر كۈن كېچىكىپ كەلدۇق. ئۈرۈمچى ئايروپورتىغا قونۇشقا ئاز قالغاندا، سەپەرداشلىرىم يۇڭ پوپايكىلىرى ۋە يۇڭ ئىشتانلىرىنى كىيىشكە باشلىدى. مەن يۇڭ ئىشتان ئېلىۋالمىغانىدىم، ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىغا چىققۇچە ئۈرۈمچىنىڭ سوغۇقلىرى ئۆزىنىڭ مۇزدەك تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ، ئىشتىنىمنىڭ ئىچىنى ھىدلاشقا ئۈلگۈردى.

بىز قىش بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇن كۈنچە ۋاقىت ئىچىدە تەبىئەتنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈش بىلەن بىللە، جەمئىيەتنىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدە نۇرغۇن سوئالغا ئېرىشتۇق.

ئالدىمىزغا چىققان خىزمەتداشلىرىم ماڭا بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلدى. زىمىستاندا گۈل تاپشۇرۇۋېلىش بۈگۈنكى كۈندە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئەگەر كىشىلەر زىمىستاننىڭ سوغۇقلىرىدا تۇرۇپ باھارنى سېغىنمىسا گۈل ئۆستۈرەرمىدى. ئۈرۈمچىدە باھار ئازراق تۇرۇپلا، كىشىلەرنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ. لېكىن كىشىلەر باھاردىن رەنجىمەيدۇ.

مەن خۇددى باھارنى قۇچاقلىغاندەك كۆڭلۈم لىققىدە بولۇپ ئۆيگە قايتتىم. قارلار ئايىغىم ئاستىدا غاچىلدايتتى.

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىزلەر

# تارىختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

— زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيەسىنى ئوقۇپ

زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيەسىنى ئوقۇپ بولۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇزاق خىيال سۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم، بۇنى ھەرگىزمۇ كىشىگە يەڭگىللىك ۋە ئازادىلىك ئەكېلىدىغان خىيال دېگىلى بولمايتتى، بەلكى ئۇ، تارىخنىڭ قاتتىق تولغاقلىرى، ئاچچىق ساۋاقلىرى، ئۇچ - چېكى يوق نادامەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ۋىجدان مۇھاكىمىسى ئىدى. شۇ چاغدا مۇئەللىپنىڭ ئۆزى بىلەن راسا مۇڭداشقۇم كەلدى. ئەپسۇس، ئۇ ئارمىزدىن كېتىپ قالغان — ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تارىخ تېپىشماقلىرىغا ئاشىق بولۇپ قالغان زوردۇن سابىر ئاكا يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدىكى ئۆزۈن مۇساپىلىك ئىستىقامەتلىرىدە ھەل قىلالمىغان تېپىشماقلارغا ھەقىقىي جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تارىخنى قان بىلەن ياراتقۇچى شاھىتلارنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى. دەرۋەقە، تارىخ بەزىدە ئەرۋاھقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئەرۋاھ تىرىكلەرنىڭ ئارزۇ ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىدىن ئوزۇق ئالىدۇ. تىرىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق كۈرىشىگە بولغان سېزىكلىكىنى بىلىشكەندىلىرىدە، شۇنداقلا ئارزۇ چەمبەرلىرىنى ئەركىن كېڭەيتىشكە مۇمكىنلىك تاپالمىغانلىرىدا ئەجدادلىرىنى يادىغا ئالىدۇ، ئۆتمۈش ئۇلارنىڭ پائالىيەت ماكانىغا ئايلىنىدۇ، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا بۇرۇن ئۆتكەن ئەزىمەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بوگۈنىگە باشلاپ كېلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىر روھ، بىر تەن بولىدۇ؛ ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ

كەتكەن دەۋرلەر ھەم شۇ دەۋرلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ھازىرقى تىد-رىككىلەرنىڭ قېنى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىدۇ، بۈگۈنكىلەرنىڭ قېنى ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا ئۆركەش ياسايدۇ. ئەگەر بۈگۈنكىلەرنىڭ قېنى ھارارەتلىك، جەڭگىۋار قان بولسا ئەجدادلار-نىڭ ئەرۋاھى شۇنچە جۇلالىق كۆچ سۈپىتىدە كېلەچەكنىڭ سىرما-يىسىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بۈگۈنكىلەرنىڭ قېنى سوۋۇغان، سۇس، شالغۇت قان بولسا، ئەجدادلارنىڭ ئەرۋاھى قورۇنغان ھالدا بۈگۈن-كىلەرنى تاشلاپ قاچىدۇ. چۈنكى، تارىخ چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن ئېتى-قاندا، بىر روھتۇركى، ئۇنىڭمۇ تىرىكلەرنى جازالاش ياكى مۇكا-پاتلاش قۇدرىتى بولىدۇ. ئۆتمۈش شاھىتلىرى ھامان ئۆزىنىڭ قا-بىل ھەم قۇدرەتلىك ئەۋلادلىرىنىڭ قەدىمىگە مەدەتكار بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق كەلگۈسى تارىخنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئاي-لىنىدۇ. جەڭچىلەرگە خاس جاسارىتى بولمىغان لامزەللە رولچى با-ھادىر - ئەزىمەتلەرنىڭ قورقۇنچلۇق جەڭگاھلاردىكى رولىنى ئالغاندا، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە، ھېلىقى باھادىر - ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆزىمۇ لامزەللىلىك دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىلگىرىلەش مەنىسىدىن ئېيتقاندا، تارىخىي سىمالار ھامان تېخىمۇ جۇشقۇن ۋارىسلارنىڭ مەردانە قەدىمىدە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ.

قان بىلەن يېزىلغان تارىخ بولمىسا، سىياھ بىلەن يېزىلغان تارىخ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر تارىخنىڭ سىياھ بىلەن يېزىل-غان قىسمىغا ھالال ئېتىقاد بىلەن يۈرەك قېنى قوشۇلسا، بۇ ئا-خىر ھاياتىي كۈچكە تولغان تارىخىي روھ بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

زوردۇن سابىر ئاكا «ئانا يۇرت»نى قولىمىزغا تاپشۇرۇپ ئۆزاپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەزكۇر تارىخىي رومانىنىڭ شۆھرىتى بە-لەن باغلانغان ھالدا يارقىن بىر تارىخىي شەخسكە ئايلىنىپ كەت-تى. ئەمدى بىز بۇ ئاكىمىزنى ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلى-رىدىن، شۇنداقلا زاماندashلىرى خاتىرىسىدىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولىمىز، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك بىر ئارزۇنىڭ ئىگىسىگە ماس ھال-

دىكى شىجائەتلىك يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئىسپاتلىدى. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ تىرىكلىكتە قالدۇرغان بەزى تەسىراتلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ تۇرۇۋپتىمەن. بىلىشىمچە، زوردۇن سابىر ئاكىدەك كۆپ كىتاب كۆرىدىغان، ئۆزىدىن ھەمىشە قانائەت تاپمايدىغان يازغۇچى ئارىمىزدا ئانچە كۆپ ئەمەس. بىزدە بىرەر پارچە ئەسەرنى ئېلان قىلىپ بولۇپ، ئاممىدىن ياخشى ئىنكاس كۈتۈپ تەسىرات ماراپ يۈرىدىغان، بىرنەچچە پارچە ئەسەرنىڭ شۆھرىتى بىلەن ئىجتىمائىي دەرىجە ۋە مەنئەت ئىزدەيدىغان ئەدىبلەرمۇ ئاز ئەمەس. زوردۇن سابىر ئاكا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىش قىلغانلىقىنى نورمال رەۋىشتە چۈشىنەتتى، ئۆزىنى پەۋقۇلئاددە تالانتنىڭ رويختىگە تىزىپ كەتمەيتتى. ئۇ، ئۆزىنى مەن بىر يازغۇچى، ئۆزۈمدە بار قابىلىيەتنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئىشقا سالسام بولىدى، دەپ قارايتتى. بولۇپمۇ ئۇ، يازغۇچى قانداق بولمىسۇن، كۆپرەك مەھسۇلات يارىتىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلاتتى. ئاكىمىزنىڭ «ئۇيغۇرلاردىمۇ ‹تىنچ دون› بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزى ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇۋپتۇ.

«تىنچ دون» دون دەرياسى بويىدىكى كازاكلارنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئېچىنىشلىق بەدەللىرىنى ئاجايىپ چىن تەسۋىرلەپ، ئاپتورنىڭ پۈتكۈل كازاكلارنىڭ ھەرىكىتى، ئارزۇسى ۋە ھەسرىتى بىلەن سۇغىرىلغان يۈرىكىنى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنىدى. ساپ مىللىي تۇرمۇش، نازۇك تەسۋىر، ئاپتورنىڭ قويۇق شەخسىيىتى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان جۈملىلەردىن ھاسىل بولغان پۈتكۈل ئەسەر داۋالغۇپ تۇرغان بىر دېڭىزدۇركى، ئۇنىڭدا كازاكلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئايلانغان، ئۆزىدىن غايەت زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن مېخائىل شولوخوف ئۈزۈپ يۈرىدۇ. «تىنچ دون»نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى سىياسىي سۈيىقەست ۋە تېررورلۇق بىلەن قاپلانغان ئىستالىنىزم دەۋرىدىكى بىر ئىنقىلاب بولغانىدى. ئەگەردە شولوخوفتا قورقماس يۈرەك بولمىغىنىدا ئى-

دى، ئۇ ئۆزىدىكى كاتتا ئىستىبداتقا تايىنىش بىلەنلا بۇگۈنكى ھەي-ۋەتلىك شۇلوخوفقا ئايلىنالىغان بولاتتى. «ئەگەر يازغۇچى شىجا-ئەتلىك بولمىسا ئىش تامام، — دەيدۇ سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يازغۇچىسى يۇرىي كازاكوف، — ئۇ قانچىلىك تالانتلىق بولسىمۇ، بەرىبىر پايدىسى يوق، ئىقتىدارى ئۇنى ساقلاپ قالالمايدۇ.»

تېما ئېتىبارىدىن ئېيتقاندا، «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيەسى بىز-نىڭ «تىنچ دون». بەلكى ئۆزىمىزنىڭ تارىخى، ئۆزىمىزنىڭ گاڭ-گىراشلىرى، ئۆزىمىزنىڭ كۈرەشلىرى ساپ ئۆز تىلىمىزدا ئەكس ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك، «ئانا يۇرت» رومانى بىز ئۇچۇن «تىنچ دون»دىنمۇ قىممەتلىك. ئېھتىمال، بەزىلەر «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ بەدىئىي پەللىسىنى «تىنچ دون»غا يەتمەيدۇ، دەپ قارايدىغاندۇ. مې-نىڭچە، بۇنداق قاراش يۈزەكى سېلىشتۇرمىدىن كەلگەن. بىر مىل-لەتنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى نوقۇل ھالدا بەدىئىي نەتى-جىلەرنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئىزاھلاش مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە ئېستېتىك قاتلىمىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىق كۆرسىتەلىسىمۇ، لېكىن بۇ ھەر-گىزمۇ مىللىي قەدرىيەتنى نامايان قىلىش بىلەن باراۋەر ئەمەس. مىللىي قەدرىيەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئەكس ئېتىدىغان، ئەمما ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ھالقىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتى-سادىي ساھەلەردە ئىشقا ئاشىدىغان جەريان. قېنى كىم چىقىمىز ئايتماتوفنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ ئۈستۈنلۈكىدە دەۋر سۈرگەن رۇس مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزى-قىدىن ئايرىپ قارىيالايدۇ؟ ئايتماتوف قىرغىز خەلقىنىڭ پەرزەنتى سۈپىتىدە ئۆز ئانا تىلى بىلەن خەلقىگە يۈزلەندى، رۇس تىلى بىلەن دۇنياغا يۈزلەندى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ۋە ئىستەك-لىرىنى جاكارلايدىغان ھەمراھنى رۇس تىلىنىڭ راكېتاسى ئارقى-لىق ئالەم بوشلۇقىغا چىقاردى. تىل ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بو-لۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بىر مىللەتنىڭ

ئويلاش، پىكىر قىلىش، تەبىئەت بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە سىن-تېزلاش شەكلى، شۇنداقلا شۇ مىللەت ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ كىرىستالى. دېمەك، تىل بىر مىللەتنىڭ ئالىي فورمىسى. ئايتماتوف رۇس تىلىدا ئەسەر يازىدىغان قىرغىز ئەدىب سۈپىتىدە رۇس مەدە-نىيىتىنىڭ كەيپىياتىنىمۇ ئۆزىدە تېپىك نامايان قىلدى. ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ، لېكىن بېكىتىپ بېرەلمەيدۇ. مەلۇمكى، مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ دۇن-ياۋى ئورنى شۇ ئەسەرنى ياراتقان خەلقنىڭ دۇنياۋى ئورنىدىن دې-رەك بەرمەيدۇ، بەلكى بىر مىللەتنىڭ دۇنياۋى ئورنى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى ئورنىنى بېكىتىدۇ.

بىز «ئانا يۇرت»نى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمنى «تىنچ دون»دىن ئىزدىمەيمىز، بەلكى ئانا يۇرتنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيمىز. «يۇرت»، «ۋەتەن» چۈشەنچىلىرى نوقۇل تېررىتورىيەلىك ئۇقۇم ئەمەس، ۋە-تەن دېمەك مۇئەييەن ماكان ـ زامانىنى بىرلىك قىلغان خەلق رو-ھىدۇر. ئۆز روھىدىن مۇستەسنا ھالدا بىر قوۋم خەلق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولالمايدۇ، دېمەك، خەلق دېگەن ئۇزاق تارىخىي ئىزچىل-لىقىقا ئىگە روھنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسى. شۇنداق ئىكەن، خەلق-تىن ۋە خەلق روھىدىن مۇستەسنا ھالدىكى تېررىتورىيە ئەنە شۇ خەلققە تەۋە مۇكەممەل ۋەتەن بولالمايدۇ. «ئانا يۇرت» نىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئۆلچەملىرى دەل مۇشۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن خەلقنىڭ تەقدىرى، خۇلقى، دۇنيا قارىشى ھەمدە ئاجىزلىقىدىن ئىشلەپچىقى-رىلىدۇ. ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە ياتىدىغان بۇنداق پۈتۈن مېھنەت بىزدە تېخى رويابقا چىقمىدى. لېكىن، بىز قەدىمىمىزنى ئۆز چە-قىش يولىمىزغا قاراپ ئاتقۇزۇۋېرىمىز، بىزنى تولۇق قانائەتلەندۈ-رىدىغان نەتىجىلەر ئاشۇ تىنىمسىزلىقنىڭ پىشقان بىر ۋاقتىسىدا چىراي ئاچىدۇ. بىز قاچاندا ئۆزىمىزنى ھەم ئۆزگىلەرنى ئۆلچەيدى-غان مۇستەقىل قىممەت ئۆلچىمىمىزنى زامانغا لايىق ھالدا قۇرۇپ چىقالايدىكەنمىز، شۇ چاغدىن باشلاپ ئۆزىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق روھىي ۋە ماددىي بايلىقى ھالال ھەم بىمالال
رەۋىشتە بىزگىمۇ مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، زوردۇن
سابىر ئاكىنىڭ ئىراگىدىيەلىك تارىخ ئەسلىمىسىدىكى گاڭ-
گىراشلار تەكرار يۈز بېرىدۇ.

«ئانا يۇرت»نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كىشى تەبىئىي ھالدا
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى-
نى ئەسلەپ قالىدۇ. تارىخنىڭ مەلۇم بىر دەۋرىدىكى ۋەقە يەنە بىر
دەۋردە يۈز بەرگەن ۋەقە بىلەن باغلىنىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا بىر
يەردە يۈز بەرگەن ۋەقە باشقا بىر يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ سەۋەبى
بولۇپ چىقىدۇ. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر «يۇرت» دېگەن ئۇقۇمغا
مەركەزلەشكەن ھەيۋەتلىك بىر پۈتۈن تارىخنىڭ پائالىيەتچان
ئوبرازىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. بىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىنىڭ
رومانلىرىدىن تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق ئىنقىلاب
رەھبەرلىرىنىڭ ئوخشاش ماھىيەتتىكى پاجىئەسىنى كۆرىمىز.
ئۆتكۈر ئاكا «ئويغانغان زېمىن» رومانىنى تاماملىغاندا، ئىنقىلابنىڭ
كېيىنكى قىسىملىرىنى كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارنىڭ يېزىشىغا تاپ-
شۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەنە
شۇ ئىنقىلابلارنىڭ بەدىئىي ئەينىكى بولغان «ئانا يۇرت»نى ئوقۇپ،
تارىخ ھەققىدىكى مۇرەككەپ ئويلارغا گىرىپتار بولۇپ تۇرۇپتىمىز.
تېما ئىزچىللىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «ئانا يۇرت» بىر تارىخىي
رومان سۈپىتىدە «ئويغانغان زېمىن»نىڭ داۋامىدۇر. زوردۇن سابىر
ئاكىنىڭ «ئانا يۇرت» ترىلوگىيەسىنىڭ بايان ئىستىلى رۇس پې-
روزىلىرىنىڭ تەسىرىگە خېلى روشەن يولۇققان بولۇپ، تەبىئەت ۋە
ئۇرۇش ھەققىدىكى تەسۋىرلەر سالماق، ۋەزمىن تۈس ئالغان. مىل-
لىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ شىخۇ، جىڭ قاتارلىق جايلارنى گو-
مىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش جەريانىدىكى ئۇرۇشى
كۆز ئالدىمىزدا ھەيۋەت، سۈرلۈك قىياپەتتە نامايان بولىدۇ. ئۇرۇش
تەڭسىزلىكىنىڭ بۇرۇقتۇرما ھاۋاسىدا شەلۋەرگەن جاراھەت. بەزىدە

بۇ جاراھەتتىن تاتۇق ۋە بەزىدە جانغا بېرىپ تارقىلىدىغان زەرداب قالىدۇ. ئۇرۇش تەڭسىزلىكنىڭ رەھىمسىز تاپىنىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلغان كىشىلەرگە قانچىلىك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئەكەلمىسۇن، ئۇلار ئۈچۈن بۇ كۆپ ھالدا ئاخىرقى تاللاش بولۇپ قالىدۇ. ساختا تىنچلىق ئاستىغا كۆمۈلگەن ھاقارەتتىن ئۇرۇش ئوتلىرى بەرىبىر ئۇنۇپ چىقىدۇ. خورلانغانلارنىڭ ئاچچىق قىساسەتلىرىگە يوشۇرۇنغان ھەقىقەتنى ئىزدەشتىن لەززەت تاپىدىغان شجائەتلىك يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇرۇشمۇ بىر سەنئەتكە ئايلىنىدۇ، چۈنكى ئۇرۇشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كۆپ نەرسىنى يېڭىباشتىن يارىتىشقا قادىر. لېف. تولستوي، مىخائىل شولوخوف، ھېمىڭۋايلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەنە ئاشۇنداق ھەيۋەتلىك ئۇرۇش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش بىلەن دىققەتكە سازاۋەر. ئۇيغۇر خەلق ئېغىر ئەدەبىياتىدا جەڭنامىلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئاشۇ خىل تېمىدىكى يازما ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ھازىرلىغان. «ئانا يۇرت» تىكى ئۇرۇش تېمىسى بىزدە ئۇنتۇلۇپ كېتەي دېگەن جەڭنامە ئەدەبىياتىنىڭ زامانىۋى ۋارىيانتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇش بەزىدە چوڭ بىر تارىخىي كۆچۈشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ. ئومۇمەن، ئۇ، كىشىلەر ئويلاپ باقمىغان ھالدىكى ئىجابىي ياكى سەلبىي ۋەزىيەتنى پەيدا قىلىدۇ. زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئۇرۇش مەنزىرىسى ئاپتور قەلبىدىكى باتۇرلۇق، تەۋەككۈلچىلىك، پىداكارلىق كەبى ھەيۋەت خاراكتېردىن كېلىدىغان گۈزەللىككە بولغان سېغىنىشنى ئىزھارلاپ بېرىدۇ. رومانىدىكى غېنى باتۇر ھېچقانداق ئىجتىمائىي نىزام ۋە ئىسكەنجىدىن تەپ تارتمايدىغان، قارام كىشى بولۇش بىلەن بىللە، مۇھەببەت ــ نەپرىتى ئېنىق، ساددا ــ تۈز. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى بىر قارىسا تومتاقلىقتا ئىگە، نېرى ــ بېرى ئىشلارنى ئانچە ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ؛ يەنە بىر قارىسا، ناھايىتى ئىنچىكە، ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇق تەبىئىتى كۆتۈرەلمەيدىغان تەڭسىزلىكلەرنى ۋە قازايىقە-

دەرلەرنى كۆرسە، كۆزىگە ئاسانلا ياش ئالىدۇ. ئۇ يەنە خەلقىنىڭ غۇرۇرىغا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ ئىشلاردا سەزگۈرلۈكىنى يوقات-مايدۇ. غېنى باتۇر ۋىجدان يولىدىكى جەڭچى، شۇنداقلا خوتۇنپە-رەس. بۇ جىسمانىي كۈچ تېمىسىپ تۇرىدىغان باتۇرلاردا كۆپ كۆرۈ-لىدىغان خۇلق دىيالېكتىكىسى. ئاپتور غېنى باتۇرنى ھەممە پەزى-لەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئادىمىيلىكتىن يىراق بولغان سۇنئىي ئەۋرىشكىگە ئايلاندۇرۇپ قويمىغان. مېنىڭچە، غېنى باتۇرنىڭ قى-زىققان، قەيسەر، ئىشقىۋاز خاراكتېرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتىي كۈچىنى سەممىمىي، چىن رەۋىشتە يارقىنلاشتۇرغان. شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، غېنى باتۇردىكى خوتۇنپەرەسلىك ھەرگىزمۇ ھازىرقى دەۋردىكى ئېتىقادسىزلارچە سۇيۇقلۇق ئەمەس، ئۇنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشى ئەينى دەۋر كىشىلىرىگە ماس ھالدا ھايا-لىق ۋە ئىنتىزاملىق ئىدى. زوردۇن سابىر ئاكا تەبىئەتنىڭ ئەر-كىسى ۋە شۇ چاغدىكى جامائەت ئەخلاقىنىڭ نادىر ئەسىرى بولغان غېنى باتۇر ئۈچۈن ئاجراتقان سەھىپىلىرىدە بىر يازغۇچىغا خاس زوقمەنلىكنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ گويا باتۇرنىڭ قورقماس خاراكتېرى ۋە خوتۇنپەزلىكىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك تەسىرات بېرىدۇ. يازغۇچىنىڭ سۆيىدىغىنى ئىنسان، ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ دەرىجىسى ۋە تەبىقىسى ئەمەس. يازغۇچى ئۆزى مەستانە بولغان گۈزەللىكنى، ئىشەنچ ۋە ئېتىقادنى، ئالىي نىشاننى، ھەتتا خۇداغا بولغان ئىلتىجاسىنى ئىنساندىن بايقايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇ-چىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى سۆيۈملۈك. زوردۇن سابىر ئاكا شېئىر شىنسەيدەك جاللاتلاردىن ئەقىدە جەھەتتىن نەپرەتلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز قوۋمىنىڭ يىراق مەنپەئىتىگە سادىق تەرەپلىرىنى يوشۇرماي كۆر-سىتىدۇ. تارىخىي شەخسلەرنىڭ ساۋاقلىرىغا جىددىي قارايدىغان ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبرەت. روماندىكى سولاي-مانوف تېپىك سەلبىي تۇس ئالغان، لېكىن ئاپتورنىڭ پوزىتسىيە-

سىدە ئۇنى ئىنسان سۈپىتىدە ئاقلاپ چۈشىنىشمۇ مەۋجۇت. دېمەك، يازغۇچى مەيلى سۆيۈملۈك بولسۇن ياكى يىرگىنچلىك بولسۇن، ئۆزىنىڭ ھەربىر پېرسوناژىنى ئىنسان سۈپىتىدە چۈشەنمىگەندە، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى زەئىپلىشىشكە باشلايدۇ.

زوردۇن سابىر ئاكا ئۆزىنىڭ ھايات ھەققىدىكى قىممەت قاراشنى قانداقتۇر بىرقانچە تىپىك پېرسوناژغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويمىغان، بەلكى ئۇنى روماندىكى چوڭ - كىچىك بارلىق ئېلېمېنتقا تەكشى سىڭدۈرەلىگەن. شۇڭا بىز روماندىكى كىچىك ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا ئاپتورنىڭ ئىدىيەسى ھەققىدە لىللا چۈشەنچىگە كېلەلمەيمىز. بۇنداق ئەھۋال تولستوي، دوستويېۋسكىي رومانلىرىدا تازا ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، رۇس پىروزىسىدىكى ئوبراز يارىتىش مېتودلىرىنىڭ زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ قەلىمىگە بولغان تەسىرىنى يۇقىرىقى تەرەپلەردە خېلى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكىنىڭ رومانلىرىدا ئۇسلۇب جەھەتتىن شەرقچە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياچە پۇراق خېلى كۈچلۈك. بۇ رومانلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ۋ. گ. ياننىڭ «چىڭگىزخان» ناملىق رومانىنىڭ تەمىنى ئەسلەپ قالىمىز. مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى تارىخىي ھەقىقەتلەرنى ئەپسانىلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشتە، ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى ئۇسلۇب بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. يازغۇچى قانداق ئىپادىلەشتە ئۆزىگە خاس يول تۇتىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى ئەسەرلەرگە نۇرمۇھەممەت توختى ئاكىنىڭ «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ» (شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 - يىلى 1 - سان) ناملىق ھېكايىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇلار بەلگىلىك ئىجادىيلىق ۋە خاسلىققا ئىگە بەدىئىي يول بىلەن مۇنداق بىر سادانى ئاڭلىتىدۇ: ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئېنىق ھەل قىلالمىغان ۋە بۇ غايىنى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، پىروگراممىلاشتۇرۇلمىغان ئىنقىلابنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولىدۇ.

توشقاننى هارۋىغا قاتسا، هارۋىنى ئورمانغا تارتىدۇ؛ چاشقاننى هارۋىغا قاتسا، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تارتىدۇ. ئەگەر توشقان بىلەن چاشقاننى بىرلا ۋاقىتتا هارۋىغا قاتسا، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا بىزدە هازىرغىچە يېزىلغان تارىخىي رومانلار جاۋاب بېرىدۇ. ئوقۇرمەننىڭ سەمىگە سىڭىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تورمۇش هادىسىلىرىدىكى ھەقىقەتلەر، جۈملىدىن ئەدەبىياتتىكى بېشارەتلەر سەگەك پىكىر ئىگىلىرىگە ئايان بولىدۇ.

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتون ئىنسان روھىنى ئارزۇ، ئىدراك ۋە غۇرۇردىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسىمغا بۆلىدۇ. ئارزۇ بىر ئادەمنى ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى ئىزدىتىدۇ، ئىدراك بولسا، بۇ ئىزدىنىشتىن شارائىتقا مۇناسىپ هالدىكى ۋاستە ھەم ئۇسۇللارنى كەشىپ قىلىدۇ. ئىنساندا نان بولمىسا، نان ئارزۇغا ئايلىنىدۇ، ئەركىنلىك بولمىسا، ئەركىنلىك ئارزۇغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر نان كۈرىشىگە، بەزىلەر هوقۇق كۈرىشىگە ئۆزىنى ئاتىغان بولىدۇ. بىر ئىنقىلابىي قوشۇن ئەنە شۇنداق ھەر خىل تىپتىكى ئارزۇ ئىگىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىنسان ئەقىل ئەگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسانغا خاس سۈپەتكە ئىگە بولۇشىنى ئويلايدۇ. ئۆزىنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش، دەپ قاراش ئىپتىدائىي ئادالەت تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ تېگىشلىك قەدىر ـ قىممىتىنى هېس قىلالمىسا، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ، نومۇس هېس قىلىدۇ؛ ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ قىممىتىنى كۆرەلىسە، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلىسە، ئۆزىدىن مەمنۇن بولىدۇ، ئىپتىخارلىنىدۇ. مانا بۇ ئىنساندىكى غۇرۇردۇر. تارىخنى ئىنساندىكى يۇقىرىقى ئۈچ ئامىل يازىدۇ. لېكىن، تارىخنى يېتەكلەيدىغان قىسىم ئالىي مەپكۇرىگە ئايلانغان غۇرۇردۇر.

بىزنىڭ تارىخىي رومانلىرىمىزدا ئەكس ئەتكەن ئىنقىلابلار جاھانگىر كۈچلەرنىڭ ياكى پىكرىي تېيىزلىقنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا

ئۇچراپ كەلگەن. خەلق ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىدىن تارتىپ ۋاسى-
تىسىگە قەدەر ناقابىللىقنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا، مەقسەت ۋە
ۋاسىتىلەر كۆپ ھالدا باشقا يەرلەردىن ئىمپورت قىلىنغان. «باش-
قىلاردىن ئەكەلگەن نۇقتىئىنەزەر خەتەرلىك بولىدۇ» دەپ يازىدۇ.
ئەنگلىيە تارىخچىسى ئاكتون: «سەن باشقىلاردىن نۇقتىئىنەزەر ئە-
مەس، ئۇچۇر قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك. نۇقتىئىنەزەر خۇددى تەج-
رىبىگە ئوخشاشلا ئۆزۈڭنىڭ بولۇشى كېرەك.» بۇ سۆزنى ھازىرقى
زامان جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى نۇرغۇن پاكىت ئەمەلىي ھالدا ئىس-
پاتلايدۇ. ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيەسىنى جۇڭگو
ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇشتەك ئى-
جادىي روھنى ئىشقا سالدى. دېڭ شياۋپىڭ غەربنىڭ ئىدىيەسىنى
ئەمەس، بەلكى پەن - تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى.

ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنى بەدىئىي جەھەتتىن پىشىپ يې-
تىلىش باسقۇچىغا يەتتى، دەپ قاراشقا تېخى بالدۇر، بۇنىڭغا مەلۇم
بىر جەريان كېرەك، بۇنىڭدا يازغۇچىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيە-
لىشى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى. ھازىرقى كەيپىياتتىن قارىغاندا،
كىشىلەر تارىخىي پاكىتلارنىڭ پەردازسىز ھالدىكى ئوبيېكتىپ تە-
رەپلىرىگە ئېھتىياجلىقتەك تۇرىدۇ. كىشىلەر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر،
ئابدۇۋەلى ئەلى ئاكىلارنىڭ تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلىرىنى، جۇم-
لىدىن زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ كاتتا ئىجتىھاتىنىڭ سەمەرىسى
بولغان «ئانا يۇرت» رومانىنى ئېستېتىك ئېھتىياج ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى تارىخىي ھەقىقەت نۇقتىسىدىن چۈ-
شىنىش ئېھتىياجى ئۈچۈن زۆرۈر بىلدى.

سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە چەت ئەلدە سۈرگۈندە
يۈرگەن يازغۇچى ئالېكساندىر سولژېنىتسىن «ئىنسان ئۈچۈن
سەنئەت» دېگەن نۇتقىدا، دوستوييېۋسكىينىڭ «دۇنيا گۈزەللىك بى-
لەن قۇتقۇزۇلىدۇ» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «قان - ياش
بىلەن تولغان ئۇزۇن تارىختا گۈزەللىك كىملەرنى قۇتقۇزدى؟» دەپ

سوئال قويىدۇ. «گۈزەللىك كىشىلەرنىڭ روھىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ، — دەيدۇ سولژېنىتسىن، — لېكىن گۈزەللىك ئادەملەرنى قانداقمۇ قۇتقۇزسۇن.» دوستويېۋسكىي بىلەن سولژېنىتسىن ئىنسانىيەتنىڭ يىغىسىنى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل يول بىلەن يىغلىغان بۈيۈك يازغۇچىلار. لېكىن جىددىي تارىخىي پەيتتە، گۈزەللىكنىڭ قۇتقۇزۇشىغا قاراپ تۇرۇش ھەرقانچە تاقەتلىك ئىنساننىمۇ قىيناپ قويسا كېرەك.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇنداق ئىككى يۈزلىنىش بولۇۋاتىدۇ: بىرى، شېئىرىيەت ئىنسان پىسخىكىسىدىكى پەۋقۇلئاددە نازۇك، مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. شېئىرىيەت بۇنىڭغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتتىكى، شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ تاشقى دۇنياسىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چولىسى تەگمىدى. ياش شائىرلار ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئىنسان روھىدىكى تۇغما زىددىيەتلەر ئارقىلىق چۈشەنمەكچى بولدى. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلىۋاتىمەن، دەۋاتقان يەنە بىر تۈركۈم شائىر ھادىسىلەرنىڭ روھىي تەرەپلىرى بىلەن ئانچە ھېسابلاشمىغان ھالدا تۇرمۇشقا قارىتا تەنقىدلىرىنى ئاممىبابلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنداق قىلغانسېرى ئۇلارنىڭ تەنقىدلىرى ئابستراكت بىر ئىنساننىڭ بىر خىل مۇقامىدىكى ئاللا - تۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالدى. شائىر ھەرقانچە ئومۇمىيەتچىل بولىمەن دېسىمۇ، شائىرلىق شەخسىيىتىدىن ئاجرىيالمايدۇ . بۇنى شېئىرنىڭ ئۆزىدىكى خۇسۇسىيەت بەلگىلىگەن. يۈزلىنىشنىڭ يەنە بىرى، پىروزا مىللىي پىسخىكىغا تەسىر كۆرسەتكەن ماكرو مەسىلىلەرنى، يەنى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تاقالغان تاشقى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى كۆپرەك تېما قىلدى. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەرنى كۆپرەك ئۆزىگە تارتتى.

شېئىرىيەت سۇبيېكتىپلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك تۈر بولۇش

سۆپىتى بىلەن ئېستېتىك ئىزدىنىشتە بولدى. پىروزا ئوبيېكتىپ
جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى يازغۇچى سۇبيېكتى بىلەن بىرلەش-
تۈرگەن ئاساستا تارىخىي، ئىجتىمائىي ئىزدىنىشتە بولدى. شې-
ئىرىيەت بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى ئېستېتىك ئىزدىنىشلەر-
نىڭ ئالدىدا مېڭىپ كەلدى. زۆرۈرىيەت مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆ-
تۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان خەلقلەرنىڭ پىروزىسى ئاستا - ئاستا
شېئىرىي يۈكسەكلىككە قاراپ ئۆز - ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ
كەلدى.

زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ «ئانا يۇرت» ترىلوگىيەسى بىزدە يې-
زىلىۋاتقان تارىخىي رومانلار ئىچىدە بەدىئىي تۈسى نىسبەتەن يۇ-
قىرى ئەسەر بولۇپ قالدى. ئاپتور بەدىئىي تەلەپ بىلەن تارىخىي
ئۇچۇر سىغىمچانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر
تەرەپ قىلىشتا زور كۈچ سەرپ قىلغان. ئەسەردىن قارىغاندا، ئاپ-
تور تارىخىي ئۇچۇرلارنى توپلاش ئۈچۈن ئاجايىپ كۆپ ئەمگەك
قىلغان ۋە ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈشكە جىددىي ئەھمىيەت
بەرگەن. بۇ تەرەپ بىزدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئېتىبار
بەرمەيدىغان ئەدىبلەر ئۈچۈن بىر ئۈلگە.

روماندا پېرسوناژلار شۇنچە كۆپ، ئاساسلىق پېرسوناژلار
خاراكتېر جەھەتتىن ئۆز مۇستەقىللىقى بىلەن كۆزىمىزگە تاشلى-
نىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى تارىخىي
شەخسلەر بولۇپ، تارىخىي شەخسلەرگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش
شەرتى بىلەن بەدىئىي سۈپەتتە نامايان قىلىش يازغۇچىدىن ھەم
ئۆتكۈرلۈك، ھەم زىللىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دىيارىمىز ئۇزاق مۇددەت-
لىك ئازادلىق كۈرەشلىرى، سان - ساناقسىز شېھىت - قۇربان،
تالاي تارىخىي ئىبرەت بىلەن تولغانكى، بۇ زېمىندىن پۈتكەن كې-
سەكلەردىن، بۇ زېمىننىڭ تاغلىرىدىن ئېلىنغان يازماتاشلاردىن
ئارماندا كەتكەن مىليون - مىليون شېھىتنىڭ ئارمانلىق كۆزلىرى
قاراپ تۇرىدۇ.

ھايات ھەقىقەتلىرى ئەدەبىي ھەقىقەتلەرنى تۇغدۇ. تارىخىي تېمىلاردا ئەسەر يېزىش ئىنتىلىشلىرى بىر جەھەتتىن تارىخنىڭ چاقىرىقى، يەنە بىر جەھەتتىن بىز ياشاۋاتقان رېئاللىقنىڭ تەپەككۇر ئېھتىياجى. ھەقىقىي يازغۇچى باشقىلارنىڭ ھەر خىل غەرەزلىكى تەنقىدى ۋە ماختىشىغا قاراپ تۇرمايدۇ، ئۇ ئۆزى يورۇتۇپ بېرىشكە تېگىشلىك ھەقىقەتنى تاپقان كۈندىن باشلاپ، ئاشۇ ھەقىقەت ئۈستىدە مىننەتسىز قەلەم تەۋرىتىشنىڭ بىر خىل نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكىنى ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن جاكارلايدۇ. يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدا تۈنبويى چەككەن ئىزتىراپلار، تۆككەن ياشلار، ئېغىر پىكرىي مېھنەتلەر ھېچكىم سەزمەيدىغان ئاجايىپ بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى باشلاپ كېلىدۇ. يازغۇچىنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇ يەردە. زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ بۇ ئەسىرى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىشلىرىدىن كۆرە، تارىخىي ھەقىقەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى كۆپرەك ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان بىر مۇقەددەس سۆزگە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ھەممە نەرسىسىنى بېغىشلىغانىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئابىدىسىنى بىۋاستە ئۆزى تىكلەپ بولۇپ، بىز بىلەن خوشلاشتى. ئۇ مۇشۇ روماننى يېزىش جەريانىدىكى سان ـ ساناقسىز رىيازەتنى بىللە ئېلىپ كەتتى. ئىلمىي ئىشلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئەمەس، ھەتتا ھېسداشلىقمۇ ئاز ئۇچرايدىغان شارائىتتا، ئۇنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ بىز پەرەز قىلالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇشى مۇقەررەر.

زوردۇن سابىر ئاكا قولىمىزدىكى ئەسىر سوۋغىسى بىلەن تىرىكلەرگە شۇنى ئۇقتۇردى: بىزدە ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى ھەققىدە نەزەرىيەۋى ئىزدىنىش باشلىنىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپ ۋە ئاكادېمىيەلەرنىڭ ئەدەبىياتخانىلىرى تەتقىقاتنى ئۇنۋان ۋە ئىلمىي دەرىجىلەرنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالماستىن، مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسئۇلىيەت بىلەن تەخىرسىز ئىزدىنىدىغان بولۇشى لازىم.

نۆۋەتتە، تارىخىي ھەقىقەت توغرىسىدىكى بەدىئىي ئىنكاسلار

پەلسەپۋى ئىنكاسلارغا ئايلىنىش، شۇ ئاساستا مۇپەسسەل تارىخ ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى تارىخىي بىلىملەر تارىخ ئىدىيەسىگە ئايلانمىغاندا، تارىخنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ئاسانلا يۈز بېرىدۇ، ئۆتمۈشتىكى تارىخىي پاجىئەلەر يەنە تەكرارلىنىدۇ.

2001 ـ يىلى 20 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

# تەبىئەت بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىيە

*ئىلاۋە: غازى ئەھمەد، ئابدۇكېرىم نەسىرىددىن قاتارلىق رەسساملىرىمىز مەملىكەت مىقياسىدا تونۇلۇپلا قالماي، خەلقئارادىمۇ ئېتىراپ قىلىنىپ، تەكلىماكان ۋادىسىدىكى قەدىمىي بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش ۋە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى نەپىس سەنئەت نۇقتىسىدىن نامايان قىلدى. ھەممىگە ئايانكى، نەپىس سەنئەت ئۇيغۇر بەدىئىي ھاياتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەركىبى سۈپىتىدە جاھانغا مەشھۇر ئەنئەنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۈگۈنكى رەسساملىرىمىز ئاشۇ مول ئەنئەنىلەر بىلەن تاشقى تەسىر ۋە ئىجادىي روھنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ نەپىس سەنئەت بازىرىغا مەردانە كىرىپ كەلدى. تەرجىمە ۋاستىسى كەتمەيدىغان سەنئەت تۈرى — رەسىم ئەسەرلىرى مىللەت ھالقىغان ھالدا مىليونلاپ زوقمەننىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مول تۇرمۇش قاتلىمىدىن تىپىك كۆرۈنۈشلەرنى سەنئەت سارايلىرىغا تەقدىم قىلدى. نۆۋەتتە ئەدىبلەرىمىز، رەسساملىرىمىز، ناخشىچى ۋە مۇزىكانتلىرىمىز ھەمكارلاشما مېخانىزىم شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا تارقاق، ئىستىخىيەلىك يەككە ئىجادىيەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئۆتۈشمە تەسىر ۋە ھەمكارلىق مەنئۆى تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كەم كۆرۈلۈۋاتىدۇ. رەسساملار ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ئالىدىغان، ئەدىبلەر رەسساملاردىن ئىلھام ئالىدىغان مىساللار باشقا مىللەتلەردە تالاي ئۇچرايدۇ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ سەنئەتلىك جۇلاسى ۋە ئېقىملىرىدىن رەسساملىق ئىنرچىل ئوزۇق ئېلىپ كەلگەن، شۇنداقلا 20 ـ ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن ئېقىملار رەسساملارنىڭ سەنئەت پەلسەپىسى ۋە يېڭى قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.*

*تەھرىراتىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا مەشھۇر رەسسام ئابدۇكېرىم*

*نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئايرىم رەسىملىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، پىروفېسسور، ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندىنى ئوبزورغا تەكلىپ قىلدۇق. بۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت ساھەمىزدىكى قەلەم ئىگىلىرىنى ھەربىر ساھەگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە چاقىرماقچى بولۇۋاتىمىز.*

*— «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىراتى*

ئابدۇكېرىم نەسىرىددىن ئەپەندىنى زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق رەسسام سۈپىتىدە تونۇساممۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھازىرغا قەدەر بىۋاستە ئۇچرىشىپ باقماپتىمەن، بىرەر قېتىملىق رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ باققىنىممۇ ئېسىمدە يوق. ئۇ كىشىنىڭ سىيماسىنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭ كۆز نۇرىپلىرىنىڭ يىگلەش كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىنى، كېيىن ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلگەنىدىم. ئېكراندا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغان لاتاپەتلىك ياش خانىمىنىڭ گۈزەللىك ۋە كەسىپكە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىخلاسىنى بىلگىنىمدە ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ سەنئەتكارانە دۇنياسىنىڭ قايتا جىلۋە كۆرسىتىشىدە مۇھەببەت قۇدرىتىنىڭ بارلىقىغا ئېنىق ئىشەنگەنىدىم. مۇھەببەت بولمىغاندا ئىدى، نوقۇل داۋالاش ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۆزنىڭ كۆرىدىغىنى مېھرىسىز، سوغۇق ماددىي دۇنيادىن ئىبارەت بولار ئىدى. شەيئىلەرنىڭ جۇلاسىغا ئاشىقانە شەيدا بولغان رەسسام ئۆزىگە ئەقىدە باغلىغان ياش سۆيگۈ ئەلچىسىنىڭ تەبەسسۇمىنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەربىر ھۇجەيرىنىڭ دۇنيانىڭ قات - قېتىغا گىرە سالغان ھەرىكەتچان كۆزگە ئايلانغىنىنى ھېس قىلىدۇ. مەن بۇنى ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن سىزغان «ھاياتلىق كوردىناتى» دېگەن مەنزىرە رەسىمىدىن ھېس قىلىپ يەتتىم. ئاپپاق غوللۇق ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسۈپ بېرىپ، بوشلۇقنىڭ مۇئەييەن چېكىگە يەتكەندە گىرەلىشىپ كەت-

كەن. گىرەلىشىش نۇقتىسىدىن يامراپ ئۆسكەن باراقسان شاخلار سۇس شەپەق قىزىللىقىدا ئۇستىدىكى تىنىق ئاسماننىڭ زەڭگەر رەڭگىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇپ تۇراتتى. شاخلارنىڭ پايانىغا چېكىلگەن سېرىق، هال رەڭلەر كۆزنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. كۆز هاۋاسىدىكى قوشماق دەرەخلەر شۇنداق بېجىرىم ۋە ئۇمىدۋاركى، گويا «باهار قوينىمىزدا» دېگەن مەغرۇر ئاۋازنى جىمجىت كەيپىيات ئىچىدە جاكارلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. «مېنىڭچە، بىرەر هەيكەل ياكى بىرەر پارچە رەسىمنى ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇناسىپ سەۋەبى بولىدۇ» دەيدۇ ئەنگلىيەلىك سەنئەت تەتقىقاتچىسى گومبىرىچ(F.H.Gombrich). بىر پارچە رەسىم بەزىلەرگە يۇرتىنى ئەسلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزىلەرگە دوستىنى ئەسلەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ رەسىمنى قەدىرلەيدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسىنىڭ بولمايدىغان يېرى يوق. بىز بىر پارچە رەسىمنى كۆرگەندە نۇرغۇن نەرسىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز، ئۇ بىزنىڭ مۇهەببەت نەپرىتىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ.»[1]

«هاياتلىق كوردىناتى» ماڭا ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ مۇهەببەت ۋە هايات قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، چۆچەكلەردىكى مۇهەببەتنىڭ رېئال بىر ۋارىيانتىنى ئۇچراتقىنىم ئۈچۈن خۇشال بولغاندەك بولدۇم.

بىر پارچە رەسىم رەسسام تەرىپىدىن كىشىلەرگە تەقدىم قىلىنغان بىر كۆزنەك بولۇپ، بۇ كۆزنەك ئارقىلىق كىشىلەرنى پەقەت رەسسامنىڭ غايىسىدىكى دۇنيانىلا كۆرۈشكە مەجبۇرلاشقا هېچكىمنىڭ هەققى يوق. كىشىلەر ئۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن دۇنيالىرىنى قايتا تېپىۋېلىشى ياكى ئۆزلىرى دائىم تۇرۇۋاتقان مۇهىتنىڭ ئۆزگىچە بىر تەرىپىنى تاسادىپىي بايقاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە ئىنسان بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى ئالاقىنىڭ سانسىز ۋارىيانتى مەيدانغا كېلىپ، مەنىۋى زوق ئىلكىدىكى ئىنسانىي ئەركىنلىك كۈچ كۆرسە-

تىشى مۇمكىن

«ھاياتلىق كوردىناتى» دىكى ئىككى تۈپ دەرەخ ماڭا گويا ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئىدېئالى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەسۋىرىدەك كۆرۈندى. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ رېئال ئۆزى ئىدېئال ئۆزى بىلەن ئۇچرىشالماي تالاي يىللىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشى مۇمكىن. ھاياتتا شۇنداق ۋاقىتلارمۇ بولىدۇكى، رېئال ئادەم بىلەن ئىدېئال ئادەم تامامەن بىر بولۇپ چىقىدۇ، دەل مۇشۇ كوردىناتتا ئىنسان ئۆز شان — شەرىپىنىڭ چەكسىز ئىپتىخار لەززىتىنى تېتىپ، ئادىمىيلىكىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى بايقايدۇ. مۇبادا ئۇ بىر سەنئەتكار بولسا گۈزەللىكنىڭ نادىر سەمەرىسىنى بايقاپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

بىز مۇنداق ئويلاپ باقايلى: ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ ئاشۇ ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆزىتىش نۇقتىسى نېمىگە ئاساسەن قانداق تاللاندى؟ ئۇنىڭ ئاشۇ دەرەخلەر بىلەن ۋۇجۇد ھەم قەلبىنىڭ ئارىلىقى زادى قانچىلىك؟ بەلكىم، ئۇنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىكى رەسسامىمۇ ھېس قىلالمىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردىكى روھىيەت ھادىسىلىرى چۈشەنچىمىزدىكى مەنتىقىي ئۇراندىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ.

يېڭى مۇھەببەتنىڭ ھاياتىي كۈچى، تەبىئەتنىڭ رۇخسارىدىن قايتا نېسىۋىگە ئېرىشىش رەسسامنى ۋىسالنىڭ شېرىن قىيامىغا يەتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىلھامى تەبىئەتنىڭ قوينىدىكى ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ تەبىئىي قوشۇلۇشىدىكى ئىنسانىي مەنىنى بايقاشقا ئېلىپ بارغان دېسەك ئارتۇقچە بولمايدۇ. ھەرقانداق ئەسەر مۇئەييەن دەرىجىدە تەرجىمىھال خاراكتېرىگە ئىگە دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇنداق تەرەپلەردە بولسا كېرەك.

سەنئەتكارنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈش ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ياكى پاراڭلىشىشنىڭ ئۆزگىچە بىر شەكلىدۇر. مەن ئۇنىڭ باشقىلار ئارقىلىق ماڭا ئەۋەتكەن، قىزى خۇرشىدە ئابدۇكېرىم تەرى-

پىدىن تۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى ئاتاقلىق رەسسام كېرىم نەسىرىددىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن بەھرىلىنىش» ناملىق توپلىمى بىلەن «مەشرەپ» نامىدىكى رەسىملەر كۆرگەزمە توپلىمىنى بىر قۇر ۋاراقلاش داۋامىدا، ئابدۇكېرىم نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ رەسساملىق ھاياتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىشلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن رەسىملەردىن قارىغاندا، ئابدۇكېرىم ئەپەندىنى ئۇزۇن مۇساپىلىك ئىزدىنىش ۋە ئېسەنگىرەش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن دېيىش مۇمكىن. بۇ جەرياننى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ھەر خىل ئۇرۇنۇش ۋە تەۋەككۈلچىلىكنىڭ سىجىللىقى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمىدىن چىققان پورترېتلاردىن گوگىن، ۋانگوكلار ئۇسلۇبىنىڭ غىل - پال شولىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز، رەسسام تەكلىماكان ۋادىسىدىكى خىلۋەت يۇرتلاردا تىنىپ كەتكەن ئەسىرلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ جۇغلانمىسىدا ئاپىرىدە بولغان سەنئەتكارلىق گېنىنىڭ قۇترىتىشىدا، ئۆزىنىڭ يېڭىلىق ۋە ئەركىنلىككە تەلپۈنىدىغان روھىيىتىنى ئىپادىلەشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرى تەبىئەتتىكى دېتاللاردا، ئادەملەردىكى قىياپەت ۋە خاراكتېرلاردا يورغىلاپ، ئۆزىنىڭ فوكۇس نۇقتىسىنى تاپىدۇ. ئۇ يەنە تېما، ئۇسلۇب ۋە سەنئەتكارلىق ئېتىكىسى جەھەتتە تامامەن غەربچە بولغان يالىڭاچ تەن سىزمىچىلىقىدىمۇ ئۆزىنى سىناپ باققاندەك تۇرىدۇ. رەسسام مەيلى قانداق ئۇرۇنمىسۇن، بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ ئۇسلۇبى قانچىلىك كۆپ بولمىسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىق دىتىغا ھەقىقىي ماس كېلىدىغان ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى تاپمىغۇچە تەۋەككۈل قىلىشنى توختاتمايدۇ. بەلكىم، ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىق گېنىغا ماس كېلىدىغان رەڭ ۋە سىزىقلارنى كېچىكىپ تاپار؛ بەلكىم، ئۇنىڭ ئۆز يارىشىقىنى تاپقىچە ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولار؛ بەلكىم، ئۇ ئۆزىنى بىر ياكى ئىككى پارچە ئەسىرى ئارقىلىق ھەقىقىي نامايان قىلار. بىز ھامان ئاشۇ بىر - ئىككى پارچە ئەسەرنى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىل

قىلىمىز، ئۇ ئارقىلىق رەسسامنىڭ مۇستەقىل ئېستېتىك دۇنيا-سىنى بايقايمىز. 19 ـ ئەسىردىكى فىرانسىيە سىمۋولىستلىرىدىن چارلىز بودلېر (波德莱尔) «ماسلىق» (契合) ئۇقۇمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشىگە بېشارەت بولىدىغان شەيئىنى تاپ-قاندىلا مەنە روياپقا چىقىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىز بۇنى سەنئەتكارنىڭ ئۆزىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇسلۇبىنىڭ تېپىلىشىدىكى ئېستېتىك ئىنقىلابقا تەتبىقلاپ چۈ-شەنسەكمۇ بولمايدىغان تەرىپى يوق.

بىز ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ ھەممە ئەسىرى ھەققىدە مۇپەس-سەل توختىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن بۇ كىچىككىنە ماقالىمىز ئارقى-لىق ھەرگىز چىقالمايمىز، بىرەر كىتابلىق سەھىپە بولغاندىلا ئۇ-نىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئۇنىۋېرسال مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە تو-ۇنغىلى بولىدۇ. ناھايەت، بىز ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى پارچە ئەسىرى-گە نەزىرىمىزنى جۇغلاش ئارقىلىق بەدىئىي بايقاشلىرىمىزنى بايان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچىمىز.

خۇددى ئېمىل زولا مانېت (马奈) ھەققىدە توختالغاندا، «رە-سىمدىن ئىزدەيدىغىنىم ئادەم، ھەرگىزمۇ رەسىم ئەمەس»[2] دېگە-نىدەك، مېنىڭمۇ رەسىمدىن ئىزدەيدىغىنىم ئادەم توغرىسىدا يېت-تۇرۇپ قويغان ئادىمىيلىك ھېسلىرىم. بۇ يەردىكىسى قانداقتۇر بىر ئابستراكت ئادەم بولماستىن، بەلكى تارىخ ۋە مەدەنىيەت بىلەن بىرىكىپ كەتكەن يۈرەك؛ قەلەم، قول، مېڭە، كۆز، تومۇردىكى ئىسسىق قانلارنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن كەيپىيات. ئابدۇ-كېرىم ئەپەندىنىڭ رەسىملىرىنى ۋاراقلاۋاتقىنىمدا، نەزىرىم ئىختى-يارسىز ھالدا «شاتگۈل» (1985 ـ يىلى سىزىلغان) ناملىق رەسىمدە توختاپ قالدى. مەن بۇ رەسىمدىن ئەتەي ئۆتۈپ كېتىپ، باشقا رە-سىملەرنى ئاربلاپ چىقتىم، «شاتگۈل» ناملىق رەسىمنىڭ كەيپىياتى كۆز ئالدىمدىكى باشقا رەسىملەرگە تەسىر قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇ-نىڭ بىلەن يەنە بۇ رەسىمگە قايتىپ كەلدىم.

«شاتگۈل»دىكى پورترېت ماڭا تونۇش بولۇپ، ئۇ كىنو ئېكرانلىرى ئارقىلىق خاتىرەمدىن ئورۇن ئالغانىدى. ئۇنىڭ تىراگېدىيەسى ئۇنىڭدىكى نازاكەت ۋە گۈزەللىك بىلەن قوشۇلۇپ جانلىق، لېكىن مۇڭلۇق سۈرەت رەۋىشىدە يوشۇرۇن ئېڭىمدا تىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ قەلىمىدىن چىققان «شاتگۈل» ئوبرازى ئاشۇ پىنھان خاتىرىلەرنى تىرىلدۈردى. زوقمەنلىك تەسىراتىمدا رەسسامنىڭ سەنئەت دۇنياسى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىجادكارلىق تەبىئىتى قوشۇلۇپ، بەلكىم رەسسامنىڭ ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان مەنىلەر ھاسىلاتى باش كۆتۈرگەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان تاشقى تەسىرلەر شىددەتلىك تۈس ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە روشەن ئۆزگىرىش بولدى. شەھەر قىزلىرى ئېچىۋېتىش خاراكتېرىدىكى كىرىندى كىيىملەرنى كىيىشىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ھايا ۋە ئىپپەت قارىشىنىڭ قورۇندۇرۇشلىرىدىن بىراقلا ئازاد بولغۇسى كەلگەندەك بولۇشتى. بازار قانۇنىغا بولغان مەستانىلىق كىشىلەرنى زىيادە ئەمەلىيەتچىل قىلىۋەتتىكى، بۇ بۇرۇنقى مىللىي پىسخىكىغا تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا، كىشىلەرنىڭ قىلىق ـ قىياپەتلىرىدە روشەن ئەكس ئەتتى، ئەخلاق يېگىلى ۋە كىيگىلى بولمايدىغان مەۋھۇم نەرسە سۈپىتىدە نۇتۇقتا مۇھىم، ئەمەلىيەتتە جىددىي قارالمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىكى مەنىۋى بوھرانغا ئائىت تەلقىنلەردە قىزلىرىمىزدىكى سۈلكەت، تەمكىنلىك، ئىچكى گۈزەللىك، ھايا قاتارلىق خاراكتېرگە ياتىدىغان قىممەت بەلگىلىرىنى سېغىنىپ ئەسلىشىدىغان بولدى. بىز «شاتگۈل» دېگەن بۇ رەسىمنى ھازىرقى مەنىۋى ئاتموسفېراغا قويۇغىنىمىزدا، تارىخ تۇيغۇمىزنى شەرت قىلغان ھالدا ئاشكارىلىنىقا ئۆتكەن گۈزەللىكنى بايقاپ، ئىختىيارسىز مەپتۇن بولىمىز. بىز

ياسانچۇق قىزلارنى كۆرۈۋاتىمىز، لېكىن مەنىۋىيىتى قۇپقۇرۇق؛ بىز مودېل قىزلارنى كۆرۈۋاتىمىز، لېكىن خاراكتېرى يوق؛ بىز يۈزى چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈۋاتىمىز، لېكىن شۇنچە لاتاپەتسىز. قىزلاردىكى تاشقى گۈزەللىككە لاتاپەت ۋە سالاپەت قوشۇلۇپ كەلسە، بۇ گۈزەللىك ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھەقىقىي گۈزەللىككە ئايلانغان بولاتتى. ئابدۇكېرىم ئەپەندى «شاتگۈل» ئوبرازى ئارقىلىق بىزگە ھازىر تېزلىكتە يوقاپ كېتىۋاتقان، خاراكتېرىدىن ئاقسۆڭەكلەرچە سۈلكەت، مۇڭ بىلەن مەردانىلىك، نازاكەت ۋە تەمكىنلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك پورترېتىنى قالدۇرۇپ بەردى. كىشىگە ئىللىق سېزىم بېرىدىغان قېنىق قەھۋە رەڭلىك كۆڭلەك دۇتارنىڭ خورما رەڭگى بىلەن تەبىئىي سىڭىشىپ، قىزنىڭ كەينىدىكى ئاپپاق دىۋان ياپقۇچى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان، قىزنىڭ بېشىدىكى تىللا رەڭ پۈركەنجە ئاق بىلەن قەھۋە رەڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىنى يېنىك تەڭشەپ تۇرىدۇ. قىزنىڭ بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىر، بىلىكىدىكى ئالتۇن بىلەزۈك گويا بىر رەڭ قاپىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تىللا رەڭ پۈركەنجە بىلەن قوشقاندا، رىتىم تۇيغۇسى كۈچلۈك ئۇدار ـ قاپىيە كېلىپ چىقىپ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

رەسىمدە قانداقتۇر بىر كۈي بار ئىدى. گەرچە قىز مۇڭ ۋە تەمكىنلىك بىلەن بىزگە تىكىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇنياسىدىكى رەڭلەر قەلبىدىكى ئاھاڭلارنى بوياقلارنىڭ تىلىدا لەرزان ئاڭلاتماقتا ئىدى. قىز گويا پاكلىق، ۋىجدان، ساداقەت، غۇرۇر، ئارزۇلار ھەققىدە جىمجىت كۈيلىمەكتە ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رەسسام مونېت (莫奈) لوندونغا ئۈچ قېتىم سەپەر قىلىپ، ۋاتېرلوئو كۆۋرۈكىنى 100 قېتىمچە سىزغانىكەن. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىت ھاۋادىكى ھالىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ خىلمۇخىل كۆرۈنۈش ئۈنۈمىنى بايقىغانىكەن. ئۇ پارلاق ئاپتاپتىكى ۋاتېرلوئو كۆۋرۈكىنى

سىزغاندا، بىنالارنىڭ كۆرۈنۈشىگە ئەتەي سەل قاراپ، مەخسۇس ئاپتاپ، رەڭ ۋە ھاۋا كىلىماتىنى سىزىشقا كۆڭۈل بۆلگەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋاقىت كەيپىيات ئېقىمىدىن دېرەك بېرىدۇ، كەيپىيات ھەم رەڭنىڭ پىسخىك ئېقىمىدىن دېرەك بېرىدۇ، كەيپىيات ھەم رەڭنىڭ پىسخىك ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسسامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ سىياقى ياكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەڭ تىپىك پەيتىنى تاللاپ، دەقىقىنى مەڭگۈلۈك مەنىگە ئىگە قىلىش پاراستىنىڭ بولۇشى ناھايىتى زۆرۈر بولىدۇ. «شاتگۇل» ئەلۋەتتە قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە پۈتكەن رەسىم ئەمەس. رەسىمدىكى ھەربىر ئۇششاق دېتال قىزنىڭ گۈزەللىكىنىڭ رەسسام ئېڭىدا بەرق ئۇرغان چاغدىكى ماھىيەتلىك تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. گۈزەللىكنىڭ چاقنىغان ئاشۇ ۋاقتى رەسىمدىكى نۇرغۇن باشقا ۋاقىتنىڭ نېگىزى سۈپىتىدە نامەلۇم بوشلۇققا سىڭگەن بولىدۇ. ئاشۇ ۋاقىتلار (زامانلار) رەسسامنىڭ ماھارىتى رول ئويناۋاتقان جەرياندا قاتلىنىپ، پەلكۈچنىڭ چېكىلمىسىدە تەرتىپلەنگەن. نەتىجىدە، ھاياجاننىڭ ئۆركىشىدە رەسسام ۋۇجۇد ھەم قەلبىدە ئىنساننىڭ گۈزەللىك قىممىتى تىزىلىپ، رەسسامنىڭ كەچۈرمىشىگە ئايلانغان.

ئادەتتە، كىشىلەر «مەڭگۈلۈك سەنئەت» دېگەن سۈپەتنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «مەڭگۈلۈك سەنئەت» مەۋجۇت ئەمەس. ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىدىكى مەڭگۈلۈك بولغاچقىلا بىز سەنئەتنىڭ كۈچى ھەققىدە گەپ ئاچالايمىز. خۇددى ئىنسانلار بۇتقا ۋە دەرەخكە ئۆزلىرى مەنە ئاتا قىلىپ ئۇنى ئۇلۇغلاشقاندەك، رەسىمگىمۇ ھەربىر زاماننىڭ كىشىلىرى قايتا ـ قايتا مەنە بېغىشلىشىدۇ ـ دە، ئاقىۋەت ئۇنى «مەڭگۈلۈك سەنئەت»كە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر رەسىم تەكرار ئىجادىي زوقنىڭ تۈرتكىسى بولۇپ قالغان، خالاس.

«ئاياللار قېرىمايدۇ، — دەيدۇ ۋانگوك، — بۇ، قېرى ئاياللار

يوق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىر ئايال باشقىلارنى سۆيگەندە ياكى باشقىلار تەرىپىدىن سۆيۈلگەندە بۇ ئايال قېرىمايدۇ.»[1] «شاتگۇل» ياشلىق جازىبىسى ئۇرغۇپ تۇرغان هالدا ئالدىمىزدا مەڭگۇ قاراپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ رەسسامدىكى غايىۋانە گۈزەللىكنىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسانلاردىكى گۈزەللىك ئىنتىلىشلىرىنىڭ شاتگۇل پىروتوتىپىدا ئايان بولۇشىدۇر. ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ «شاتگۇل»، «ئامانىساخان» قاتارلىق رەسىملىرىدىكى ساھىبجاماللىق ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ قەلبىدىكى غايىۋى ئەندىزىنىڭ كونكرېت نامايەندىسى. ھەر ئىككى رەسىمدە ئاق رەڭ ئاساسىي مېلودىيەگە ئايلانغان، ئامانىساخان ۋە شاتگۇلدىن ئىبارەت ھەر ئىككى ئوبراز چوڭقۇر ئوي ئىچىدە ماتانەتلىك تۇس ئالىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ رەسىملىرىدىن دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتقانلىرىدىن يەنە «مەھمۇد كاشغەرىي»دۇر. رەسىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دالا تەكشۈرۈشىدىن بىر كۆرۈنۈش ئىدى. تۇمانلىق بوشلۇقتىن پەرقلىنىپ، دىققىتىمىزگە چېلىقىۋاتقان ئاق ئات شېئىرىي تۈس ئالغان، گويا ئۇ ئەپسانىلەردىكى باھادىرلارنىڭ ئاتلىرىدەك شاش ھالەتتە بويىنىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارىدۇ. رەسىمدىن شېئىر تۇغۇلىدۇ دېگەندەك، ئېسىمدىن ئۆزبېكىستان شائىرى خۇرشىد دەۋراننىڭ مۇنۇ مىسرالىرى كەچتى:

يىراق – يىراقلاردا كۆك يورۇقىدا
تاۋلانغان ئېدىردا سۇرگەنچە خىيال
ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئورتىلىقىدا
چال تۇرار
سالىلىن يەلپۈتەر شامال.
ئۇ دەپتەر ۋارىقى ئاپپاق قەغەزدەك
ھاۋا رەڭ ئاسماننى تەكشىلەپ، راسلاپ
قەلەمنى يالقۇنغا پاتۇرۇپ ئاستا

«قۇياش»سۆزىنى پۈتەر ئاۋايلاپ.
شۇندا دەريالاردا تولۇپ ئاقار سۇ
قىلارغا تامچىلار گۈللەر قۇياشتىن.
ئۇپۇقلار بويلاپ سوزۇلۇپ يوللار
مايسىلار سەكرىشىپ ئۆتىدۇ تاشتىن.
يىراق - يىراقلاردا يىللار قەرىدە
سۆزلەرنى ئويغىتار ئويچان كۆزلۈك چال.
قۇياشنىڭ تەپتى بار يۈرەك قېتىمدا
سۆزلەر چاڭگىسىدىن ئاقارغان ساقال.
چال بىلەر
سۆزلەر — ئۇ خەلق يۈرىكى
ئۆلمەس ئۇ سۆزىنى ئۆلتۈرەلمىسەڭ.
سۆزلەردە تىرىكتۇر خەلق تىلىكى
سۆزلەردە تىرىكتۇر دىلدىكى ئاھاڭ.
خىرە كۆزلىرىنى ئۇزمەي ۋاراقتىن
پۈتەر ئۇ ئەڭ ئاددىي ئۇلۇغ سۆزلەرنى
ئۇ سۆزلەرنى ئەمەس، بەلكى خورلۇقتىن
ئەلەمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى بىزلەرنى.

رەسىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە يىلانباغرى سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەريا تۇپراق رەڭگىدىكى يەنە بىر كەڭلىككە سىڭىپ كەتكەنىدى. بۇ ئانا دەريا تارىمنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

ئەمما، رەسىمدىكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سىماسى ماڭا ئانچە نىسبەتەن مەغلۇپ بولغان ئوبرازدەك تەسىرات بەردى. ھەممىگە ئايانكى، مەھمۇد كاشغەري قەلەمدارلىقتا كامىل بولۇپلا قالماي، ئەلىمى، لەشكىرىي ماھارەتكىمۇ كامىل باھادىردۇر. ئۇزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا يازغان مۇقەددىمىسىدىن ئۇنىڭ قەھرلىك، جەڭگىۋار كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىماق تەس ئەمەس. ۋاھالەنكى، رە-

سىمدىكى مەھمۇد كاشغەرىي كىشىگە ۋىجىك، نازۇك تۇيغۇ بېرىدۇ.

گېرمانىيە پەيلاسوپى كانت «ئاسماندىكى يۇلتۇزلار قەلبىمىزدىكى ئەخلاقتۇر» دېگەن مەنىدىكى بىر سۆزنى قىلغانىدى. قەدىمكى مۇنەججىملىرىمىز كائىناتتىكى ئاي، قۇياش، يۇلتۇزلارنىڭ ھەردىكىتىگە قاراپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە تەخمىنلەرنى قىلىشقان. تېۋىپلىرىمىزنىڭ دورا رېتسېپلىرىدا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى شەرت قىلىدىغان مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. خەلق ئارىسىدا قۇشلار، گىياھلار، شاماللارغا قاراپ تۇرۇپ، يۈز بەرگۈسى ئىشلارنى پەرەز قىلىدىغان ئادەتلەرمۇ ھېلىھەم بار. دېمەك، ئىنسانلار ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىشچان مۇۋازىنەتنى ئىزدەپ كەلدى. رەسسام ئابدۇكېرىم نەسىرىددىن ئەپەندى ئەنە شۇنداق ئىزدەشنى ئۆز ھاياتىدا رەڭ ۋە سىزىق ۋاسىتىسى بىلەن ئىشقا ئاشۇرغان سەنئەتكارىمىز بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن خاسلىقنى ياراتتى.

نەقىل مەنبەلىرى

① ف. خ. گومبرىچ: «سەنئەت ھەققىدە قىسسە»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى، 15 ـ بەت (خەنزۇچە).

② روبېرت ۋىللىيامىس: «سەنئەت نەزەرىيەسى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009 ـ يىل نەشرى، 136 ـ بەت (خەنزۇچە).

③ جىن ستون: «سۆيۈملۈك تىئو»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە).

2009 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى*

تارىختىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى ھەربىر كۆچۈش ئۇلارنىڭ جەمئىيەت شەكلىدە روشەن بۆرۈلۈشلارنى ھاسىل قىلدى. بۇنداق بۆرۈلۈشلار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، تەپەككۇر شەكلىدە ئوچۇق نامايان بولۇپ، ئەينى دەۋرلەردىكى يېزىق، بىناكارلىق، ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇيغۇرلاردىكى شامانىزم، مانىزم، بۇددىزم ۋە ئىسلامىزم ئەقىدىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئوخشىمىغان يېزىق ۋە ئىدېئولوگىيە شەكلىدىكى ئىزچىللىقتا ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى بارلىققا كەلتۈردى. جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىسلەر تارىم ۋادىسىدىكى يېزىقلار ئىلگىرى - ئاخىر 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ بېكىتىشتى. بۇ 2000 يىل داۋامىدا ئەدەبىياتنىڭ يېزىق شەكلىدىكى ۋە دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى كۆپ خىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدار ۋە كۆپ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. گەرچە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدە بىر قىسىم ئىشلار قىلىنغان بولسىمۇ، بۇنى يەنىلا باشلانغۇچ سەۋىيەدە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى كۆپلىگەن ئاپتور ۋە شەخسلەر تىلشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، مەدەنىيەت-

* بۇ ماقالە 2006 -2007 - يىللاردا ئەنگلىيەنىڭ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر يىللىق ئىلمىي زىيارىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇتەخەسسىسلىرىگە دىيارىمىزدىكى نەۋايى تەتقىقاتىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يېزىپ چىقىلغانىدى. ماقالىنى تەييارلاشنىڭ ئالدى - كەينىدە تىلشۇناس ئۇستاز مىرسۇلتان ئوسمانوف ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى پىروفېسسورى غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئەپەندىلەر قىممەتلىك تەۋسىيە، پىكىرلىرىنى بەردى. ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ( ئاپتوردىن)

شۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقـ-تىلىرىدىن كونكرېت تەتقىق قىلىنىشقا تېخى ئۈلگۈرگىنى يوق.

ئەلىشىر نەۋايى (1441 ـــ 1501) ئۇيغۇرلاردىكى ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ ئاممىۋى، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر شائىر بولسىمۇ، ئۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇچۇن بىر تېپىشماق. ئۇنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئاز ساندىكى ئەدەبىيات ئەھلى ۋە تەتقىقاتچىلا مۇئەييەن دەرىجىدە بىلىدۇ، كىـ-شىلەر نەۋايىدىن ئىبارەت بۇ دېڭىزنىڭ يۈزىدىكى ئۇششاق بۇژ-غۇنلاردۇر، خالاس. نەۋايى غەرب دۇنياسىدىكى ئەدىبلەر ۋە تەتقىقاتـ-چىلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك دەرىجىدە تونۇش، ئەمما غەربنىڭ مەكتەپلىرى نەۋايىنى دانتى، بايرون، پۇشكىنلارنى تونۇغاندەك تو-نۇمايدۇ. نەۋايى تېمىسى ئۆتكەنكى ئون نەچچە يىلدا پەيدا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تېمىسى ئىچىدىكى سەمەرىلىك بىر تېما سۈپىتىدە ئەدىبلەر ۋە تەتقىقاتچىلار ئالدىدا مانا مەن دەپ تۇرماقتا.

نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندە، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇيـ-غۇر ۋە باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدە تەربىيەلەنگەن ھەم يېتىلگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنى مول ئىجادىيەت مىراسلىرى ئارقىلىق يېڭىلىغان ھەم بېيىتقان. شۇڭا نەۋايىنى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنى يورۇتقۇچى چىراغ دەپ تەسۋىرلەش مۇمـ-كىن. نەۋايى ئىسلام تەسىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى كاتتا ۋەكىلى. ئۇ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپـ-لۈكى، مەزمۇنىنىڭ تېرەنلىكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۈكسەكلىكى بىـ-لەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەنگەن، پىشىپ يېتىلگەن بىر تارىخىي پەللىگە كۆتۈردى. ئۇ شېئىرىيەت، مۇزىكا، پەلسەپە، تارىخ، تىلشۇ-ناسلىق ساھەلىرىدە كۆرۈنەرلىك ئەمگەك قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەـ-دەبىياتى تارىخىدىكى گىگانت شائىر بولۇش بىلەن بىللە، مۇتەپەككۇر،

ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى مىلادىيە 1441 ـ يىلى ھازىرقى ئافغانىستاندىكى ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ شەھەر بەزىدە «ھېرى» ياكى «ھېرا» دەپمۇ ئاتالغان. نەۋايى ئۆزى ھەققىدە بىيوگرافىك ئەسەر قالدۇرمىغان. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتى تارىخىدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نۇرغۇن ئەدىبتە ئورتاق كۆرۈلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بۇنى ئۆزىنىڭ نام ـ شەرىپىنى كۆز ـ كۆز قىلماسلىقتەك شەرقچە ئەخلاقىي ئۇقۇم بىلەن باغلاپ ئىزاھلىشىدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، نەۋايىنىڭ مىللىي نەسەبى ھەققىدە ھەر خىل قاراش مەيدانغا كەلمەي قالمىغان.

20 ـ ئەسىردە، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۆزبېكىستاندا خېلى گۈللەندى. نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە كۆپ خىزمەت ئىشلەندى. ئىززەت سۇلتان، ئىبراھىم ھەققۇلوق، نۇرىللا ئەخمېدوف كەبى نەۋايىشۇناسلار نەۋايى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشتى. ئۇلار نەۋايى ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان دەۋرلەرنى ئىزاھلاش، نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئېستېتىك قاتلاملىرىنى قېزىش جەھەتتە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، نەۋايى ئەدەبىي تىلىنىڭ مەنبەسى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىزاھلىغاندا، ئىمكانقەدەر نەۋايى قوللانغان «چاغاتاي تىلى» نىڭ ئاتالمىش چاغاتاي تىلى شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلى ياكى «قەشقەر تىلى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يوق قىلىشقا تىرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، تىلشۇناس خەمىت تۆمۈرلەر بىرلىشىپ يازغان «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، غ. ئابدۇراخمانوف، ش. شۇكۇروف قا-

تارلىق ئۆزبېك ئالىملىرى «ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گىراماتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە 14 ~ 15 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن تۈركىي ئەدەبىي تىلى (چاغاتاي تىلى) «كونا ئۆزبېك تىلى» دەپ ئاتىلىشى كېرەك، دەپ ھۆكۈم چىقارغان. مىرسۇلتان ئۇسمانوف ۋە خەمىت تۆمۈرلەر ئۇسمانوف ئىسمىلىك ئۆزبېك ئالىمىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى، ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تۈركىي ئەدەبىي تىلمۇ ئۆزبېك تىلى ئىدى، دېگەن ھۆكۈمىنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، نەۋايى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل بولغان چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى مۇتلەق نەزەرگە ئېلىنمىغان بولىدۇ. نەۋايىمۇ تەبىئىي ھالدا پەقەت ئۆزبېك ئەدەبىياتىغا تەۋە شائىر بولىدۇ. مىرسۇلتان ئۇسمانوف بىلەن خەمىت تۆمۈر يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرنى رەت قىلىدۇ ۋە نەۋايى قوللانغان چاغاتاي ئەدەبىي تىلى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئەخمەت يۈكنەكىلەر قوللانغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى قەشقەر تۈركچىسىنىڭ راۋاجى، نەۋايىنىڭ تىلى شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا ئۇيغۇر تىلىدۇر، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ۋ.ۋ. رادلوف، س.ي. مالوف، ن. ئا. باسكاكوف قاتارلىق تۈركولوگلار: چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى ئىسلاملىشىشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىدۇر، ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى بولسا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكەن. مىرسۇلتان ئۇسمانوف ۋە خەمىت تۆمۈرلەر يۇقىرىقى تۈركولوگلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ئەل تۈركولوگلىرىنىڭ چاغاتاي تىلى ئۈستىدىكى خۇلاسىلىرىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ چاغاتاي ئەدەبىي تىلى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىشلەتكەن قەشقەر تۈركچىسىنىڭ راۋاجى، بۇ ئەدەبىي تىل تاكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللەنگەنگە قەدەر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن، دېگەن ھۆكۈمنى چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

ئارقىلىق دەلىللەيدۇ. ئۇلار نەۋايى ئەدەبىي تىلىدىكى سۆزلەرنى نەۋايىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تىلى ۋە خەلق تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئاساسەن بىردەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تارىخچىلار بىردەك ھالدا قەيت قىلىشىدۇكى، چىڭگىزخان دەۋرىدە ئىدىقۇت (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈمەت تىل - يېزىقى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. تېمۇرىيلەر دەۋرىگە كەلگەندە بۇ تىل - يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن. (ئەبۇلغازى باھادىرخان، شەمسىددىن سامى، فۇئاد كۆپرۈلۈ) چىڭگىزخاننىڭ 13 - ئەۋلادى بولغان ئەبۇلغازى باھادىرخان (مىلادىيە 1664 - يىلى ۋاپات بولغان) «تارىخىي شەجەرەئىي تۈركىي» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ماۋەرا ئۇننەھر، خۇراسان، ھەتتا ئىراق قاتارلىق جايلاردا مۆھۈردارلىق، پۈتۈكچىلىك ۋە ھېسابات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىدى.»[①] مەشھۇر باشقىرد ئالىمى ئەخمەد زەكىي ۋەلىدى توغان، رۇس ئالىمى بارتولدلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. جۇڭگودىكى قىرغىز تارىخچىسى ئەنۋەر بايتۇرمۇ «بىرمۇنچە تۈركشۇناس ۋە ئۇيغۇرشۇناسنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئۇلار چاغاتاي تىلىنى ئەينى زاماندا تۈركىي تىلىنىڭ ئىچىدە تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇر شېۋىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، دەپ قارايدۇ» دەپ يازىدۇ.[②] ئۇ چاغاتاي تىلىنىڭ تەركىبلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، يەرلىك تۈركىي تىل (ئۇيغۇر تىلى)نى ئاساس قىلىپ، ئەرەب، پارس ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن نۇرغۇن تىل ئېلېمېنتىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بۇ تىل تارىختا چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان، دەپ يازىدۇ.[③] ئۇ يەردىكى «چاغاتاي» ئاتالغۇسى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولغان چاغاتايخاننىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەت-

لىك. چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدە، ئىستېلا قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن زېمىنلىرىنى تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېردى. ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان بىپايان زېمىن، ماۋەرا ئۈننەھر (ئامۇ ۋە سىر دەريالىرىنىڭ ئارىلىقى) ۋە ھازىرقى شىنجاڭ چاغاتايخاننىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇلغانىدى. ھاكىمىيەتتە گەرچە موڭغۇللار ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئەلنى ئىدارە قىلىشتا يېتەرلىك مەدەنىيەت ئاساسى بولمىغان موڭغۇللار ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر ئىچىدىكى زىيالىيلارنى خانلىقتا مۇھىم ۋەزىپىگە قويدى. ئۇيغۇرلار چاغاتاي ھاكىمىيىتىدە مۇھىم رول ئويناپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى تېز ئومۇملاشتى، بۇ تىل خانىنىڭ نامى بىلەن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالدى.

دېمەك، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە سىياسىي، ئىجتىمائىي زېمىن ھازىرلىغان.

مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن خەمىت تۆمۈر چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان دەپ قارايدۇ ۋە چاغاتاي تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى شەكىللىنىش دەۋرى، كىلاسسىك دەۋرى ۋە كېيىنكى دەۋرى دەپ ئۈچ دەۋرگە بۆلىدۇ:

1. شەكىللىنىش دەۋرى: بۇ دەۋر 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 100 يىل ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر ۋارىيانتىغا خارەزم شېۋىسى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىلغان. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىللىرى خارەزمى، ئاتايى، لۇتفىي، سەككاكىي، گادايى قاتارلىقلار.

2. كىلاسسىك دەۋرى: بۇ دەۋر 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 150 يىللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ چاغاتاي تىلى قېلىپلاشقان ۋە تۇراقلاشقان

دەۋر بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايى، ھۈسەيىن بايقارا، مۇھەممەد سالىھ بابۇر، شىكەستە قاتارلىق ئەدىبلەر بۇ دەۋرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

3. چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى: بۇ دەۋر 17 ـ ئەسىر - نىڭ بېشىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋرگە كەلگەندە چاغاتاي تىلى ھەرقايسى خەلقنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇنلاشقان ھالدا ھەرقايسى رايوندا ئۆزدىگە خاس يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرىمۇ چاغاتاي تىلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەينى دەۋر شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلاردىن ھىرقەتي، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خىرابا - تى، مۇھەممەت سىددىق زەلىلي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ، زوھورى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي قاتارلىق شائىرلار مول ئەسەرلەرنى قالدۇرۇشتى.

مىرسۇلتان ئوسمانوف ۋە خەمىت تۆمۈرلەر ماقالىسىنىڭ ئا - خىرىدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «چاغاتاي تىلى ئوتتۇرا ئەسىر - دىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككى ۋارىيانتىنىڭ پۈتۈنلەي بىرلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى تۈپ قائىدىلىرى بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندى شۇ ئىككى ئەدەبىي تىلغا ئاساس بولغان ئىدىقۇت ۋە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ جانلىق تىلىدىن كەلگەن. ئۇ مەيلى قانداق تىل، قانداق دىيالېكت شارائىتىدا قوللىنىلمىسۇن، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان بۇ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان. توغرا، چاغاتاي تىلى ناھايىتى كەڭ زېمىندا قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. لېكىن بۇ تەسىرلەر ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان تۈپ خۇسۇسىيەت - لىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن.[4]

دېمەك، ئەلىشىر نەۋايىنى چاغاتاي تىلىنى مۇكەممەللەشتۈ-

رۇشكە زور تۆھپە قوشتى دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىل ۋە ئە-دەبىيات ئەنئەنىسىنى ئۇتقا قىلغان بىر ئەدەبىيات گۈللىنىشىنىڭ بايراقدارى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان بولىمىز.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى مەرھۇم ئابدۇ-شۈكۈر مۇھەممەتئىمىن نەۋايىنىڭ ھاياتىغا ئائىت مەنبەلەرنى ئىككىگە بۆلىدۇ. بىرى، شائىرنىڭ ئەسىرىدىكى روشەن ۋە مەجازىي ئۇچۇرلار، يەنە بىرى، نەۋايى دەۋرىدىن تاكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ۋە ئەدەبىياتى ئاخىرلاشقۇچە بولغان تارىخىي جەرياندا مەيدانغا كەلگەن ئەدىب ۋە تارىخچىلارنىڭ قول يازمىلىرىدىن ئىبارەت.[5]

تىلشۇناس ۋە ئەدەبىياتشۇناس ھاجى ئىمىن تۇرسۇن «نەۋايى ھەق-قىدە» ناملىق مەخسۇس ئەسىرىدە، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ نەسەبى توغرى-سىدا يىپ ئۇچى بەرگەن تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆ-تىدۇ. ئۇلار دۆلەتشاھ سەمەرقەندىي نەۋايىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مىلادى-يە 1486 - يىلى پارس تىلىدا يېزىپ چىققان «تەزكىرەتۇش — شۇئەرا» («شائىرلار تەزكىرىسى»)، مىرخۇندى مىلادىيە 1494 ~ 1496 - يىللىرى يازغان «رەۋزەتۇس - سەفافى» («پاكلىق بېغى»)، خاندەمىر مىلادىيە 1515 ~ 1523 - يىللىرى يازغان «ھەبىبۇسسىيەر» («ئۇل-پەتلەر تەرجىمىھاللىرى»)، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان مىلادىيە 1545 - يىلى يازغان «تارىخى رەشىدىي»، نەۋايىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن مىلادىيە 1481 - يىلى يېزىلغان «ۋەقفىيە»، زوھورىددىن مۇھەممەد با-بۇر 1518 ~ 1520 - يىللاردا يازغان «بابۇرنامە» قاتارلىقلاردىن ئى-بارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە نەۋايىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر بەزى بايانلار بار. بۇلاردىن نىسبەتەن ئوچۇق ئۇچۇر بەرگىنى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان بولۇپ، ئۇ ياركەندنى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى پادشاھى ئابدۇرەشىدخان نامىغا بېغىشلانغان ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي» دە، ئەلىشىرنىڭ «ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئاتىسىنى كىچىككىنە غىياسىدىن دەپ ئا-تايتتى» دېگەن بايانىنى قالدۇرغان.[6]

ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئىزاھلىشىچە: «باخشى» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ: 1. مۇئەللىم 2. ئۇستاز؛ 3. ھېكىم، دوكتور، تېۋىپ. جۇڭگونىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدە (1736 — 1796 ـ يىللار) تۈزۈلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» تە «باخشى» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆزگە خەنزۇچە «博士» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. «博士» دېگەن سۆز دوكتور (doctor) دېگەنلىكتۇر. بەزىلەر خەنزۇ تىلىدىكى «博士» (boshi) دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچە «باخشى» (bahshi) دېگەن سۆزدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ.[7]

پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «ئۇيغۇر قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىنىڭ نەۋايىغا ئائىت بابىدا، «باخشى» ئىبارىسىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىزاھاتلارنى كۆرسەتكەن. ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر نام ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ، ئالىملار، ئەمەلدارلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان لەقەپكە ئايلانغان. بۇ سۆز خەنزۇچە «博士»، «太师»، «法师» دەپ ئېلىنغان.

بەزى ئالىملار (بارتولد، بلوكفىت) بۇ سۆزنى سانسكرىت تىلىدىكى «Bhikshu» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.[8] «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى» دە «باخشى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئۇستاز»، «مەرىپەتچى» دەپ چۈشەندۈرۈلۈش بىلەن بىللە، «قەلەندەر»، «دەۋرىش» دېگەن مەنىدىكى سانسكرىت سۆزلۈكى «Bhikshu» نى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدا «باخشى» سۆزى ئىككى خىل مەنە ئاساسىدا ئىزاھلانغان: (1) خەلق داستانچىسى؛ (2) «موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرىدە بۇددا دىنىدىكى قەلەندەرلەرنى، خانلىقنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈرلۈك ھۆججەتنى تۈزگۈچى خادىملىرىنى، موڭغۇللار دەۋرىدىكى جەرراھلارنى، چاغاتاي ئۇلۇسى، ئالتۇن ئوردا، قازان ۋە قىرىم خانلىقلىرىدا كاتىپلارنى، بابۇرىيلار دۆلىتىدىكى لەشكىري قىسىملارنىڭ ھېساب ـ كىتاب

ئىشلىرىنى تۇتقۇچى ۋە ئۇلارغا مائاش بەرگۈچى يېرىك ئەمەلدارلارنى، بۇخارا خانلىقىدا مەمۇرىي بىنالار قۇرۇشتا مەبلەغ ھېسابىنى تۇتقۇچى كىشىلەرنى، تۈركمەنلەردە ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنى ھەم باخشى دەپ ئاتاشقان.»[9]

مەلۇمكى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ جەمەتى بىلىملىك ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى غىياسىددىن خوراسان شاھى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ سارىيىدا ئەلىمىي بەگلەردىن بولغان. بەزى تەتقىقاتچىلار غىياسىددىن باخشىنىڭ ئەسلىي يۇرتىنى قەشقەرگە باغلايدۇ. ئادەتتە «باخشى» ئاتالغۇسى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا بىلىملىك، مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ، كىشىلەر بۇنىڭغا قاراپ غىياسىددىننى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىدۇ.[10]

تارىخچىلارنىڭ بايانلىرىدىن كۆرە، نەۋائىينىڭ ئاتا تەرەپ بوۋىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ بىلەن ئېمىكداش بولۇپ، تېمۇرىيلەر ئوردىسىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادەملىرىدىن ئىكەن. ئەۋزەل ئائىلىۋى مۇھىت كىچىككىنە ئەلىشىرنى ياخشى تەربىيە پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ مىرسەئىد كابۇلىي ۋە مۇھەممەت ئەلى غەرىبى قاتارلىق تاغىلىرىمۇ شائىر بولۇپ، كىچىك ئەلىشىر ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن شېئىرىي پاراسەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىغانىدى. پات ـ پات ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرىدىغان شائىرلارنىڭ مۇشائىرە سورۇنلىرى ئەلىشىرنىڭ بالىلارچە تەسەۋۋۇرىغا قانات بېغىشلىغان بولۇپ، بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا تۈرك، پارس تىللىق شائىرلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرىنى يادلىۋالغانىدى.

1447 ـ يىلى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن خوراسان تىنچىپ، ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسى ئاخىر ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. نەۋايى بۈيۈك پارس شائىرى شەيخ سەئدىي (مىلادىيە 1203 — 1292) نىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە فەرىدىدىن ئەتتار (1148 — 1229) نىڭ «مەنتىقۇتتەيىر»

(«قۇشلار لوگىكىسى») دېگەن ئەسىرى بىلەن مۇشۇ مەزگىلدە ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى يادلىۋالغان. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋي، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋي قاتارلىق شېئىرىيەت ئۇستازلىرى نەۋائىينىڭ پىكىر دۇنياسىغا ساناقسىز يولتۇزنى چاچىدۇ. نەۋايى 12 ياشقا كىرگەندە، دادىسى ۋاپات بولۇپ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىغا قالىدۇ.

1457 ـ يىلى ئەبۇلقاسىم بابۇر ۋاپات بولۇپ، ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى يەنە ئەۋجىگە چىقىدۇ. 1464 ـ يىلى مىرزا ئەبۇسەئىدنىڭ غەلىبىسى بىلەن ۋەزىيەت ۋاقىتلىق تىنچىيدۇ، ئەبۇسەئىد تېمۇرىيلەر نەسلىدىن بولمىغاچقا، تېمۇرىيلەرگە يېقىن تۇرغان نەۋايىنى يەكلەيدۇ. ئېغىر روھىي ئەلەمگە پېتىپ تۇرغان نەۋايى بۇيۈك تاجىك شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى ئابدۇرەھمان جامىي (1414 — 1492) بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىدۇ. بىراق، غۇربەتچىلىككە پايلىمىغان نەۋايى سەمەرقەنتكە كېتىدۇ، ئۇ يەردە سەمەرقەنت ھاكىمى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلى، شائىر ئەھمەد ھاجى بەگنىڭ ھامىيلىقىدا نەۋايى توققۇز يىلنى ئۆتكۈزىدۇ.

1469 ـ يىلى ئىرانغا ھۇجۇم قىلغان ئەبۇسەئىد يېڭىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن، نەۋايىنىڭ ساۋاقدىشى ۋە دوستى ھۇسەيىن بايقارا خۇراسانغا پادشاھ بولىدۇ. نەۋايى ھىراتقا قايتىپ كېلىپ، ھۇسەيىن بايقارانىڭ تەكلىپى بىلەن مۆھۈردار بولىدۇ. ئۇ ھۇسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، مەدەنىيەت ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنى رەتكە سېلىش، جامائەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش جەھەتتە كۆپ ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەيدۇ. شۇ چاغلاردا نەۋايى ئۆز خىراجىتى بىلەن «ئىخلاسىيە» نامىدا چوڭ مەدرىسە سالدۇرغان، ئۇنىڭ يېنىغا خانىقا ۋە شىپاخانىلارنى قۇرغان. ئېيتىلىشىچە، نەۋايى 2000 ئەتراپىدىكى تالىبۇلئىلىم (ئىلىم تەلەپكارى)نىڭ خىراجىتىنى ئۆزىنىڭ يېنە-

دىن چىقارغان.

نەۋايى ئۆمرىنى بويتاق ئۆتكۈزگەن. تارىخچىلار ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ياشلىق دەۋرىدىكى بىر قېتىملىق مۇھەببەت پاجىئەسى سەۋەب بولغان دەپ قىياسلىشىدۇ. بۇ قىياس مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نەۋايى لىرىكىلىرىدىكى ئايرىم ئوبراز (Image) لار ۋە مۇڭلۇق كەيپىياتلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

نەۋايىنىڭ ئۆمرى سىياسىي جەھەتتە تەخت تالىشىش ماجىرالىرى يۈز بېرىپ تۇرغان، ئانچە مۇقىم بولمىغان، مەدەنىيەت جەھەتتە پارس ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كەڭ يېيىپ، پارس ۋە كۆپ قىسىم تۈركىي تىللىق شائىر پارس تىلىدا ئەسەر يېزىۋاتقان، گەرچە خان يارلىقلىرى تۈركىي تىلىدا يېزىلسىمۇ، چوڭ شائىرلار پارس تىلىدا شېئىر يېزىۋاتقان ئالاھىدە تارىخىي دەۋردە ئۆتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ دەۋردە تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسى ئاتايى، لۇتفىي، سەككاكىي، گادايى قاتارلىق شائىرلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلماقتا ئىدى. نەۋايى تۈركىي تىل ئەدەبىياتىنىڭ پەرۋىشكارى سۈپىتىدە بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئىجادىي رەۋىشتە راۋاجلاندۇردى. دېمەك، نەۋايىنىڭ قەلىمىدە ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى، پارس ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بىرلەشكەن ھالدا، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ۋۇجۇدقا چىقتى.

نەۋايى ئۆزىنىڭ غەزەللەر دىۋانىغا يازغان كىرىش سۆزىدە شائىر سەككاكىي بىلەن لۇتفىينى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى تۈركىي تىلىنىڭ يېتىلگەن ماھىرلىرى» دەپ سۈپەتلەيدۇ. بۇ يەردە «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز بىلەن «تۈرك» دېگەن سۆز تەڭداش مەنىدە قوللىنىلغان. دېمەك، نەۋايى قوللانغان ئەدەبىي تىل مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكىلەر ئاساس سالغان؛ لۇتفىي، سەككاكىي، ئاتايى قاتارلىق شائىرلار چاغاتاي دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن ھەممە شۇ دەۋرگە خاس ئۆزگىرىشلەردە ئۇيغۇر قارلۇق

تۈركۈمىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى روشەن ساقلاپ قالغان تىل.

مەلۇمكى، ئاز ساندىكى تەتقىقاتچىلاردىن باشقا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى كۆپ تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپ ساندىكىسىنىڭ يەكۈنىدە، ئەلىشىر نەۋايى «چاغاتاي تىلى» نامىدا داۋاملاشقان تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتىنىڭ 15 - ئەسىردىكى يىرىك ۋەكىلى. «ئۆزبېك» نامى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى پۈتكۈل ماۋەرا ئۇننەھردە قاراخانىيلار تۈركلىرى ياشايتتى، كېيىن دەشتى قىپچاقتىن كەلگەن شەيبانىلار بۇ رايونغا ئىستېلا يۈرگۈزۈپ، مۇسۇلمان خەلقلەرگە سىڭىپ كەتتى. ئەمما، بۇ خەلق كۆچمەن خەلق ھۆكۈمرانىنىڭ نامى بولغان «ئۆزبېك» نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان. ئۆزىنىڭ نامىنى يەرلىك خەلققە سىڭدۈرۈپ، ئۆزى يەرلىك خەلققە سىڭىپ كېتىشتەك بۇ ھادىسە 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىشقا ئاشقان. يېقىندا نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپلىرىمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تۈركىي خەلقنىڭ ھازىرقى ئۆزبېكلەرنىڭ ئېتنىك نېگىزىنى تەشكىل قىلغۇچى قاتلاملارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، «ئۆزبېك» نامىنىڭ دەشتى قىپچاقتىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.[11]

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن چۈشەندۈرگەندەك، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تالاي ئەسىردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئېتنىك نامىنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە چورتلا ئۈزۈپ، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىغان. پەقەت 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ بۇ نامنى قايتا تېپىۋالدى. مۇشۇ جەرياندا «ئۆزبېك» ئاتالغۇسى ماۋەرا ئۇننەھردە ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن خەلقنىڭ نامى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىنىپ، مۇقىملىشىپ قالدى. نەتىجىدە، نەۋايىنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى مۈجمەللىك كېلىپ چىقتى.[12]

ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نەۋايىنى پۈتكۈل

تۈركىي خەلقنىڭ مىللىي شائىرى دەپ تونۇيدۇ. لېكىن، كونكرېت بىر تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ئۇنىڭ تەۋەللۇتىنىڭ قايسى خەلقتىن بولغانلىقىنى ئېنىق ھەقىقەت بويىچە تونۇتۇشنى بىر خىل ئىلىم ئەخلاقى دەپ قارايدۇ. بۈگۈن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا بىردەك ھالدا ئەلىشىر نەۋايىنى غوللۇق شەخس سۈپىتىدە كىرگۈزۈشمەكتە. نەۋايى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتىكى بۈيۈك نامايەندە سۈپىتىدە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق تەرەپلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، نەۋايىنىڭ مىللىي نەسەبىنى تارىخنىڭ ئېنىق بويىچە چۈشىنىش بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇ ھەقتىكى تەتقىقات تار «جۇغراپىيەلىك سىياسەتچىلىك»تىن قۇتۇلالمىغان بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى ئىلىم ۋە مەدەنىيەتتە پارس تىلىنىڭ نوپۇزى ئۈستۈن تۇرغان مۇھىتتا ئۆستى ۋە بىلىم ئالدى. پارس ئەدەبىياتى نەۋايى ئەدەبىيات مەكتىپىنىڭ زور بىر بۆلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق شارائىتتا تۈركىي تىلنى قوغدىغۇچى ۋە ئۇنىڭ قەددىنى كۆتۈرگۈچى زەبەردەس جەڭچىگە ئايلاندى. تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات دەل نەۋايى تۈپەيلى چېكىنىش خەۋپىدىن ساقلىنىپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان ئەنئەنىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپ قالدى. نەۋايى تۆت ياش چېغىدا قاسىم ئەنۋەرى ئىسىملىك پارس شائىرىنىڭ شېئىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرىش بىلەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، پەرىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» («قۇشلار لوگىكىسى») ناملىق سوفىستىك داستانىنى يادقا ئالغان. ئۇ 1477 ـ يىلى ئابدۇراھمان جامىنىڭ تۈركىسى بىلەن سوپىزمنىڭ نەقشبەندىيە سۇلۇكىگە مۇرىت بولغان. بەزى تەتقىقاتچىلار يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ۋە نەۋايىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئېيتقان بىر قىسىم بايانىغا ئاساسەن، نەۋايىنىڭ تۇنجى لىرىكىلىرىنى پارس تىلىدا يېزىلغان دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.[13]

دەرۋەقە، نەۋايى تۈركىي ۋە پارس تىلىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، زاماندىشلىرى تەرىپىدىن «زۇل-لىسانەين» (قوش تىللىق) دەپ سۈپەتلەنگەن. نەۋايى تۈركىي تىلىدا يازغان شېئىرلىرى «نەۋا» («كۈي»، «ئاھاڭ») دېگەن سۆزگە «يى» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ «نەۋايى» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن، بۇ «كۈيچى» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا نەۋايىنىڭ نامى «نەۋايى» (Nevai)، «ناۋايى» (Navai) دېگەندەك ھەر خىل ئىپىنىماقتا. «خەنزۇچە - پارسچە كاتتا لۇغەت»[1] تە «نەۋا» دې-گەن سۆزنىڭ كەينىگە «ي» تاۋۇشى ئىسكوپكا ئىچىگە ئېلىنىپ قوشۇپ قويۇلغان، بۇ «نەۋا» سۆزىنىڭ كەينىگە «ئى» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈندۇر.

مەسىلەن: نەۋا - نەۋايى (Neva — Nevayi)

سەدا — سەدايى (Seda — Sedayi)

ئىملا — ئىملائى (Imla — Imlai)

ئىنشا — ئىنشائى (Inxa — Inxai)

دېمەك، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، نەۋايىنىڭ ئىسمىنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى نەۋايى (Nevayi) بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىغا «فانى» (Fani) (غايىب بولغان دېگەن مەنىدە) تەخەللۇسىنى قوللان-غان. بۇ سوپىزم پىكرى بويىچە «كامالەتكە يەتكەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەم كامالەتكە يەتكەندە روھقا ئايلىنىدۇ، روھقا ئايلان-غاندا خۇدا بىلەن قوشۇلۇپ كېتەلەيدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدە يېزىلىۋاتقان كىتابلاردا، نەۋايىنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان لىرىكىلىرىنى 44 مىڭ 901 مىسرا دەپ مەلۇم قىلماقتا، بۇ لىرىكىلار جەمئىي 16 خىل ژانىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەۋايىنىڭ پارس تىلىدىكى توپلىمى 485 پارچە غەزەل، 11 قەسىدە، 500 دىن ئارتۇق مۇئەممە ۋە باشقا ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ توپلام 10 دەك ژانىرنى ئۆز ئى-

چىگە ئالىدۇ.[1]

نەۋايى يىگىتلىك چاغلىرىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى توپلاپ «خەزائىنۇل ـ مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») دېگەن نامدا جەمئىي تۆت دىۋان قىلىپ تۈزگەن ۋە بۇلارغا ئايرىم ـ ئايرىم نام بەرگەن. كونكرېت ئېيتقاندا مۇنداق:

1. «غەيرايىبۇس ـ سىغەر» («بالىلىق غارايىپلىرى»)، بۇنىڭغا يەتتە ـ سەككىز ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى لىرىكىلار كىرگۈزۈلگەن.

2. «نەۋادىرۇش ـ شەباب» («يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»)، بۇنىڭغا 20 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى لىرىكىلار كىرگۈزۈلگەن.

3. «بەدائىيۇل ـ ۋەسەد» («ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى»)، بۇنىڭغا 35 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان لىرىكىلار كىرگۈزۈلگەن.

4. «فەۋائىدۇل ـ كىبەر» («قېرىلىق پايدىلىرى»)، بۇنىڭغا 45 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان لىرىكىلار كىرگۈزۈلگەن.

يۇقىرىقى تۆت دىۋانىنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مۇھەببەت، ھايات، جەمئىيەت، ئالەم، ئىلاھ، ئەبەدىيلىك ھەققىدىكى پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي قاراشلار يۇقىرى ئېستېتىك پەللە بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. نەۋايى يۇقىرىقى دىۋانلىرىدا ئۆزىنىڭ لىرىك ژانىرلاردىكى تالانتىنى نامايان قىلغان بولسا، يەنە بىر ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «خەمسە» (Khamsa) دە، ئۆزىنىڭ ئېپىك ژانىرلاردىكى تالانتىنى كۆرسەتتى. ئۇ بۇ ئەسەرلەردە جەمئىيەت، ئادالەت، گۈزەللىك، رەزىللىك، ئىنسان، غايە، تىل، تەپەككۇر مەسىلىلىرى ئۈستىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق پىكىرلەرنى يۈرگۈزىدۇ. تۈرك، ئەرەب، پارس، گىرېك تۇپراقلىرىدىكى رېئال ۋە ئىدېئال كارتىنىلارنى بىر ـ بىرى-

گە بىرىكتۈرۈپ، شەرقنىڭ سىرلىق، رەڭگارەڭ مەنىۋىيەت قاتلىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا سىزىپ چىقىدۇ.

نەۋايى چوڭ تىپتىكى داستانلار توپلىمى بولغان «خەمسە»نى 1483 ~ 1485 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىپ تاماملايدۇ. نەۋايىدىن بۇرۇن «خەمسە» يېزىش پارس تىللىق ئەدەبىياتتا بىر ئەنئەنىگە ئايلانغانىدى. «خەمسە» دېگەن ئىبارە ئەرەب تىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «بەش، بەشلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تولۇق ئېيتقاندا، بىز دەۋاتقان «خەمسە» «بەش داستان» دېگەن مەنىدە. «خەمسە»نى تۇنجى قېتىم يازغان كىشى 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەزەربەيجانلىق شائىر نىزامى گەنجىۋىي بولۇپ، ئۇ بەش داستاندىن تۈزۈلگەن بۇ توپلامنى پارس تىلىدا يازغانىدى. 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، شىمالىي هىندىستاندا ياشىغان ئەمىر خىسراۋ دېهلەۋىي نىزامى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «خەمسە»نى ئىجادىي يوسۇندا پارس تىلىدا قايتا يېزىپ چىقتى.

نەۋايى دەۋرىگە كەلگەندە، تاجىك شائىرى نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى يەنە ئىككى داستاننى قوشۇپ، «يەتتىلىك»كە ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭغا «هەفت ئەۋرەڭ» («يەتتە خەزىنە») دەپ ئىسىم قويدى. نەۋايى جامىنىڭ ئىلهاملاندۇرۇشى بىلەن «خەمسە»نى تۈركىي تىلدا يېزىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە جامى يۇقىرى باها بەرگەن: «نەۋايىنىڭ تۈركىي تىلدا ‹خەمسە› يېزىشى پارس تىلدا ئەسەر يازىدىغانلار ئۈچۈن زور بەختتۇر. ئەگەر نەۋايىمۇ خەمسەنى پارسچە يازغان بولسا ئىدى، بىزلەرگە سۆز ئېيتىشقا ماجال قالمىغان بولاتتى.»[15]

نەۋايى ئۆزىدىن بۇرۇن خەمسە يازغانلارنى يۈكسەك هۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئېسىل يەرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە تەتبىقلىدى. ئۇ بۇرۇن يازغان سۇژىتلارنى ئۆز پېتى تەكرارلىماستىن، ئىجادىي هالدا يېشىلىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، ئېستېتىك تەلەپلىرىگە ماسلاشقان

ھالدا ئۆزى ياشىغان ۋەتەننىڭ، ئۆزىنى چوڭ قىلغان خەلقنىڭ تا- رىخىي، ئىجتىمائىي ئېلېمېنتلىرىنى سىڭدۈردى.

نەۋايى ئۆزىدىن بۇرۇنقى «خەمسە» چىلەرگە يۇقىرى باھا بەردى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇتۇقلىرىنى باھالاپ ئۆتتى. ئۆزى بولسا ئە- رەب، پارس، ئەزەربەيجان خەلقلىرى ئارىسىدىكى رىۋايەت ۋە قىسسە- لەرنى ئىجادىيىتىگە ئېيىنەن ئەكىرمەستىن، «ئوغۇزنامە»، «ئاپراسىياپ» داستانلىرىدىكى بايانچىلىق ئېلېمېنتلىرى ۋە سۇژېت قۇرۇلمىلىرد- نى سىڭدۈردى. شۇڭا، نەۋايىنىڭ داستانلىرىدىكى سۇژېت ۋە قەھرد- مانلار ناھايىتى كەڭ جۇغراپىيەلىك ئىقلىمغا قانات يايدۇرۇلغان. مىسالەن، ماۋەرا ئۇننەھر، كەشمىر، خوتەن، ئەرەبىستان، سۇرىيە، ئىران، رىم، يۇنان قاتارلىقلار. دېمەك، نەۋايى داستانلىرىدىكى قەھ- رىمانلار بىرلا مىللەتتىن بولماستىن، تۈرك، ئىران، ئەرەب، ئەر- مەن، يۇنان قاتارلىق خەلقلەردىن ئېلىنغان. بۇ، نەۋايىنىڭ ئىنتېر- ناتسىيونالىزملىق (بېينەلمىنەلچىلىك) روھىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

نەۋايىنىڭ «خەمسە»سى مۇنداق تۈزۈلگەن:

1. «ھەيراتۇلئەبرار» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى») جەمئىي 63 باب، 3973 مىسرادىن تۈزۈلگەن. بۇ داستاندا شائىرنىڭ ئىمان، ئىنسان، جەمئىيەت، دۆلەت، ئادالەت، بىلىم توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن.

2. «پەرھاد ۋە شېرىن» جەمئىي 54 باب، 11560 مىسرادىن تەر- كىب تاپقان. بۇنىڭدا خوتەن شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمىنىيە مە- لىكىسى شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى چىن، سەمىمىي مۇھەببەت ھېكايە قىلىنىپ، پەرھادتىكى تۈرلۈك ھۈنەر ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن شېرىندىكى گۈزەللىك ۋە ۋاپا بىرلەشكەن ھالدا، نەۋايىنىڭ مۇھەب- بەت قارىشىنى ئىپادىلەنگەن. پەرھاد ئىشق ھىجرانلىرىدا ئاھ چېكىپ يۈرىدىغانلاردىن بولماستىن، بەلكى كۈرەشچان ۋە ئەمگەكچان.

3. «لەيلى ۋە مەجنۇن» جەمئىي 38 باب، 7228 مىسرادىن تەر- كىب تاپقان. داستاندا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى كىچىك بىر قەبى-

لىنىڭ باشلىقىنىڭ ئوغلى قەيس (Qays) بىلەن باي، ئابرۇيلۇق بىر قەبىلىنىڭ باشلىقىنىڭ قىزى لەيلى (Lyli) ئوتتۇرىسىدىكى ئىچىنىشلىق مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنىپ، مۇھەببەتتىكى ۋاپا ۋە قەتئىيلىك مەدھىيىلەنگەن.

4. «سەبئەئى سەييارە» («يەتتە يۇلتۇز») 38 باب، 10018 مىسرادىن تەشكىل تاپقان. داستاندا، يەتتە مۇساپىر كىشى بىر يەرگە كېلىپ يەتتە ھېكايىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھېكايىلەردە مۇھەببەتنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى چۈشەنمىگەن پادىشاھ بەھرامنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىز دىلئارامغا قىلغان زوراۋانلىقلىرى ئەكس ئېتىدۇ. مۇھەببەت ۋە نەپرەت، مەردلىك ۋە ساختىپەزلىك، نازاكەت ۋە قوپاللىق، دوستلۇق ۋە نامەردلىك كەبى ئەخلاقىي كاتېگورىيەلەر پاراللېل قويۇلۇپ، بەھرام كەبى زوراۋان، ئىشرەتخور پادىشاھلار تەنقىد قىلىنىدۇ.

5. «سەددى ئىسكەندەرى» («ئىسكەندەرنىڭ سېپىلى»)، بۇ داستان 89 باب، 14364 مىسرادىن تۈزۈلگەن. داستاننىڭ سۇژىتى قەدىمكى ماكىدونىيەلىك ئىستېلاچى ئالېكساندىر ماكىدونىسكىي (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن — مىلادىيەدىن ئاۋۋال 356 — مىلادىيەدىن ئاۋۋال 323 - يىللار) بىلەن باغلانغان. بۇنىڭدا ئىسكەندەر ئادالەتلىك، خەلقپەرۋەر، بىلىملىك پادىشاھ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئىسكەندەر نوقۇل تارىختىكى ئىسكەندەرنىڭ ئۆزىلا ئەمەس ئىدى. بەلكى غايىۋى شەخس سۈپىتىدە نەۋائىينىڭ نەزىرىدە گۈزەل جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمدارى ئىدى. ئۇنىڭ ئوبرازىدا ئارىستوتېل كەبى پەيلاسوپلۇق بىلەن ئىسكەندەردەك ھۆكۈمدارلىق بىرلىشىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدا ئەپلاتون (Plato) نىڭ غايىۋى دۆلەت قارىشىنىڭ تەسىرى بار بولسا كېرەك.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، نەۋايى «خەمسە»سى ئارقىلىق تۈركىي ئەدەبىياتتا غۇلىماس، پارلاق ئابىدىنى تىكلىدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر ئىدىيەسىنى ئىپادىلىدى.

ئەسەردىكى مەزمۇنلار يۇنان، رىم، ئەرەبىستان، ئىران، مىسىر، كەشمىر ئىقلىملىرىدىكى ھەر خىل پېرسوناژ بىلەن باغلاندى.

ئەلىشىر نەۋايى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەدەبىياتشۇناسلىق، ئېتىكا، تەسەۋۋۇپقا دائىر ئەسەرلەرنىمۇ يازدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. «مىزانۇلئەۋزان» («ۋەزىنلەر ئۆلچىمى»). بۇ ئەسەردە ئەرەب، پارس، تۈرك شائىرلىرى قوللانغان ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى سىستېمىلىق ھالدا تونۇشتۇرۇلغان ھەم تەھلىل قىلىنغان.

2. «مەجالىسۇننەفائىس» («گۈزەللەر سورۇنى»). 1491 - يىلى يېزىلغان. بۇ ئەسەردە نەۋايى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ئۆزىگە زامانداش بولغان 458 نەپەر شائىر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. نەۋايى ھەربىر شائىرنىڭ يۇرتى، مىللىتى، مىجەز - خۇسۇسىيىتى، ئۇسلۇبى ھەققىدە توختالغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەرنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ باھاسىنى بېرىپ ئۆتىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ئەسەردە تونۇشتۇرۇلغان 458 نەپەر شائىرنىڭ ئىچىدە ئاران 35 نەپەر شائىرلا تۈركىي تىلىدا ئەسەر يازغان، قالغانلىرى پارس تىلىدا ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

3. «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين» («ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە»). بۇ ئەسەر 1499 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا دائىر مەشھۇر ئەسەر. ئەسەردە نەۋايى پارس، تۈرك تىللىرىنى فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلدىمۇ ئاجايىپ گۈزەل لىرىكىلار، نازۇك پىكىرلىك ئەسەرلەرنى يازغىلى بولىدىغانلىقىنى مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلىغان ۋە تۈرك تىلىنى ھۈنەر (ماھارەت) تىلى دەپ ئاتىغان. نەۋايىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئۇلۇغلاشتەك ئېسىل روھى بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئەينەك.

4. «لىسانۇتتەير» («قۇشلار تىلى»). نەۋايى بۇ ئەسەرنى 1499 - يىلى يازغان. نەۋايى بالىلىق دەۋرىدە پارس شائىرى پەرىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» («قۇشلار لوگىكىسى») دېگەن ئەسىرىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان بولۇپ، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسى بويىچە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئەسەرنى جانلىق تەرجىمە ئۇسۇلىدا تۈركىي تىلىدا يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ ئەسلىي ئەسەرنىڭ ۋەزىن ۋە قاپىيە شەكىللىرىنى، ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنى مۇەككىنقەدەر ئەينەن گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئارىدا ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىنىمۇ قوشۇپ ئىپادىلەيدۇ.

5. «مەھبۇبۇلقۇلۇب» («كۆڭۈللەر دوستى»). بۇ ئەسەر 1500- يىلى يېزىلغان، نەۋايىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمرى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى يەكۈنى. ئەسەر ئاممىباب يېزىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى نۇرغۇن خەلق ماقال - تەمسىلى بۇ مۇتەپەككۇر ئەدىبنىڭ ئىدىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلار توپلۇشتۇرۇلغان «نەسايىمۇلمۇھەببە» («مۇھەببەت شامالللىرى») گە ئوخشاش ئەسەرلىرى ھەمدە تارىخقا ئائىت «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» («ئىران خەلقىنىڭ تارىخى») قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نەۋايى ئەسەرلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

دىۋانلار

1. «خەزائىنۇلمەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى»)

1) «غەرايىبۇسسىغەر» («بالىلىق غارايىپلىرى»)

2) «نەۋادىرۇششەباب» («يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»)

3) «بەدائىيۇلۋەسەد» («ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى»)

4) «فەۋائىدۇلكىبەر» («قېرىلىق پايدىلىرى»)

5) «دىۋان فانى» (پارسچە توپلام)

**خەمسە**

1. «ھەيراتۇلئەبرار» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى»)
2. «پەرھاد ۋە شىرىن»
3. «لەيلى ۋە مەجنۇن»
4. «سەبئەئى سەييارە» («يەتتە يۇلتۇز»)
5. «سەددى ئىسكەندەرى» («ئىسكەندەر سېپىلى»)

**تەزكىرىلەر**

1. «مەجالسۇننەفائىس» («گۈزەللەر سورۇنى»)
2. «نەسايىمۇلمۇھەببە» («مۇھەببەت شاماللىرى»)

**تىل ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ئەسەرلەر**

1. «رىسالەئى مۇئەمما» («تېپىشماقلار ھەققىدە»)
2. «مىزانۇلئەۋزان» («ۋەزىنلەر ئۆلچىمى»)
3. «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين» («ئىككى تىل مۇھاكىمىسى»)

**دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلەر**

1. «مۇناجات»
2. «چىھىل ھەدىس» («قىرىق ھەدىس»)
3. «نەزمۇلجەۋاھىر» («نەزمىلەر جەۋھىرى»)
4. «لىسانۇتتەير» («قۇشلار تىلى»)
5. «سىراجۇلمۇسلىمىن» («مۇسۇلمانلارنىڭ چىرىغى»)
6. «مەھبۇبۇلقۇلۇب» («كۆڭۈللەر دوستى»)

**تارىخقا ئائىت ئەسەرلەر**

1. «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» («ئىران تارىخى»)
2. «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» («پەيغەمبەرلەر ۋە پەيلاسوپلار»)
3. «زۇبدەتۇل ـ تەۋارىخ» («تاللانما تارىخلار»)

تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەرلەر

1. «ھالاتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر»
2. «خەمسەتۇل مۇتەخەييەرىن» («كىچىكىپ يېزىلغان خەمسە»)
3. «ھالاتى پەھلەۋان مۇھەممەد»

مەكتۇپلار

1. «مۇنشەئات» («مەكتۇپلار توپلىمى»)
2. «ۋەقفنامە»

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئومۇمەن قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى توغرىسىدا خوتەنلىك ئالىم مۇجىزىي 1854 ~ 1855 - يىللاردا يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» («مۇزىكا تارىخى») دا بەزى ئۇچۇرلارنى بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، نەۋايى ئۆمرىدە جەمئىي 63 پارچە كىتاب يازغانىكەن.[17]

ئۆزبېكىستان پەنلەر كاندىداتى بەھرىمەن باقايېف «نەۋايى ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

پۇشكىن ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىي 21197 سۆز ئىشلەتكەن.

شېكىسپىر 20 مىڭدىن كۆپ سۆز ئىشلەتكەن.

سېرۋانتىس 18 مىڭدىن كۆپ سۆز ئىشلەتكەن.

ئابدۇللا توقاي 14 مىڭ سۆز ئىشلەتكەن.

ئاباي 6000 سۆز ئىشلەتكەن.

نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سۆز مىقدارى 378 مىڭ 67 سۆز بولۇپ، لېكسىكىلىق مىقدارى 26 مىڭ 35 بولغان.[18]

نەۋايى ئەسەرلىرىدە تەڭرى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ نېگىزى بولۇپ، تەڭرى مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە زاتى (Substance) دىن ئىبارەت، شەيئىلەر بىردىنبىر تەڭرىنىڭ ھەر خىل ھالەتتە ئەكس ئېتىشىدۇر. دۇنيا ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، ئىنسانىڭ بەخت - سائادىتى تەبىئەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ۋە ھەربىر

دۆلەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىدۇر. تىل ۋە ئەقىل ئىنساننى ئەزىز ۋە يۈكسەك قىلغان بولۇپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سال-غانسېرى بىلىمى ئېشىپ، بەخت تاپالايدۇ.

نەۋايى لىرىكىلىرىدا مۇھەببەت ئاساسىي پىكىر لىنىيەسىگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ مۇھەببەت خۇسۇسىي، ئىجتىمائىي، ئىلاھىي قاتلاملارغا ئىگە. ئۆزبېكىستانلىق نەۋايىشۇناس، پىروفېسسور نەج-مىدىن كامىلوف نەۋايى غەزەللىرىنى مۇنداق گۇرۇپپىلايدۇ:

1) مۇناجات غەزەللىرى

2) خۇدا بىلەن پەيغەمبەر مەدھىيەسىگە بېغىشلانغان غەزەللەر

3) ئاشىقنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەيدىغان غەزەللەر

4) پەلسەپىۋى غەزەللەر[19]

تەتقىقاتچىلار نەۋايى ئىدىيەسىنىڭ مەنبەسىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ:

1. ئەپلاتون، سوقرات، ئارىستوتېل قاتارلىق گىرېك پەيلاسوپ-لىرى ۋە فارابى، ئىبنى سىنا، بىرونى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھ-مەد يەسەۋى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پەلسەپى-ۋى ئىدىيەسى.

2. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلە-ۋى، شەيخ سەئدى، پەرىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمى، نۇرىددىن ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق پارس تىللىق شائىرلارنىڭ ئىجادىي ئۇسلۇبى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، لۇتفى، سەك-كاكى، ئاتايى، ئەھمەد ھاجىبېك كاشغەرى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىب-لىرىنىڭ مىللىي ئېستېتىك ئەنئەنىسى.

3. ئەرەب، پارس، تۈرك ئەللىرىدىن چىققان ئاتاقلىق سو-پىزمچىلارنىڭ تەسىرى.

بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ناھايىتى مول ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ تەسىرچان ئەدىب، مۇ-تەپەككۇر، پېداگوك، مۇزىكانت ۋە جامائەت ئەربابى. ئۇ بەرگەن

ھوسۇلىنىڭ ئالاھىدە كۆپلۈكى، تەسىر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، بە-
دىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكى، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن
قاتلىمىنىڭ موللۇقى بىلەن چاغاتاي دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتىلا ئە-
مەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا، ھەتتا تۈركىي
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا پەۋقۇلئاددە ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنداق
دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى شائىرلارنىڭ ئۇستازىغا
ئايلاندى. نەۋايىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك شا-
ئىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى نەۋايى بەرگەن بەدىئىي زوقتىن ۋە نەۋا-
يىنىڭ پەلسەپىۋى، ئېستېتىك تەسىرىدىن خالىي ئەمەس. نەۋايى
ۋاپاتىدىن كېيىنكى بەش ئەسىر داۋامىدا، شائىرلار ئۇنى شېئىرى-
يەت پىرى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئال-
دى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ قامۇسى،
تۈركىي خەلقلەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۆلچىمى، مۇدەررىسلەرنىڭ مۇ-
ھىم دەرسلىكى سۈپىتىدە ئەدىبلەر تەرىپىدىن ئوقۇلۇپلا قالماس-
تىن، بەلكى يەنە مۇقامنىڭ نەزمىلىرى قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئام-
مىسى تەرىپىدىن ئەۋلادمۇئەۋلاد ئېيتىلىپ كەلدى.[20]

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بايانى: نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى 15 –
ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپلا خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆ-
چۈرۈلۈشكە باشلىغان. بۇنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە داۋام قىلىشى
ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس خەتتاتلىق مەكتىپىنى شەكىللەندۈرگەن.
نەۋايى ئەسەرلىرىگە مىنياتورا ئىشلەيدىغان رەسساملار بارلىققا
كەلگەن. مەلۇم بولۇشىچە، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدى-
كى ھەرقايسى كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋايى ئەسەرلىرى قول
يازمىلىرى 1000 تومدىن ئاشىدىكەن.[21] «مىلادىيە 16 ـ ئەسىردىن
باشلاپ شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق
شەھەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆلكىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ
نەۋايىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى
كۆرىمىز. نەۋايى ۋاپاتىدىن ئىككى ئاي كېيىن كۇچا مەدرىسەسىدە
نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ‹چاھار دىۋانى› تولۇقى بىلەن كۆ-

چۈررۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مىلادىيە 1700 ـ يىلى مۇشۇ ئەسەر يەنە «خەزائىنۇلمەئانى» دېگەن نام بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قول يازما نۇسخىسى يەنە شۇ دەۋردە قومۇل شەھىرىدە موللا مەقسۇد دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن.»[1]

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈشتە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايىدىن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تۆرلۈك قول يازما نۇسخىسى تېپىلغان. ئىلمىي خادىملار نەۋايى ئەسەرلىرى قول يازمىسىدىن 400 نۇسخىدىن ئوشۇقراقىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. 1957 ـ يىلى يەكەندىكى تەكشۈرۈشتە، 700 پارچە ئەسەرنىڭ قول يازمىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 150 پارچىسى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىسى ئىكەن.[2]

ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەر ۋە ناھىيەلەرنىڭ مەدەنىيەت يۇرتلىرىدا ناھايىتى كۆپ قول يازما بولۇپ، بۇلار رەتلەنمىگەن ۋە ئىستاتىستىكا قىلىنمىغان ھالدا تۇرىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1952 ~ 1959 ـ يىللاردا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن، قومۇل، تۇرپان، غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن قول يازما توپلانغان. شۇ قېتىم يىغىلغان قول يازمىلارنىڭ سانى 2000 پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلار جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئىلمىي ئورۇنلىرىغا تەقسىملەنگەن.

1962 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە تارىخ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شۇ چاغقا قەدەر توپلانغان قول يازمىلارغا ئاساسەن «شىنجاڭ كىتابلار كا-

تالوگى»نى تۈزۈپ، ئۇيغۇرچە باستۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ نوپۇزلۇق ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇرېشىت ئىسلامى (داموللام) «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا دائىر قەدىمىي كىتابلار كاتالوگى» نى تۈزۈپ، 1965 ـ يىلى باستۇرغان. بۇ كاتالوگدىكى نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

| كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى | | ساقلانغان ئورنى | قول يازما ئەسەرنىڭ نامى | قول يازما نومۇرى |
|---|---|---|---|---|
| مىلادىيە | ھىجرىيە | | | |
| | | ش ئۇ ئا ر مۇزېيى | «بەھرام گور» («سەبئەئى سەييارە»دىن پارچە) | No.0 - 137 |
| | | جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى | «ھەيراتۇلئەبرار» | No.705 |
| | 1225 | جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى | «چاھار دىۋان» | No.059.9931/501.1 |
| | 1269 | جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى | «تۆھپەتۇل — ئەبكار» | No.021.156/501.1 |
| | | جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى | «نەۋايى شېئىرلىرى» | No.909.21/149 |
| 1484 | | جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى | «خەمسە نەۋايى» | No.26-36 |
| | 1276 | ش ئۇ ئا ر مۇزېيى | «سەددى ئىسكەندەرى»، «قۇشلار تىلى»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، سەبۇرى | No.02-98 |
| 1484 | | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | «خەمسە» — نەۋايى («سەددى ئىسكەندەرى») | No.102 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1915 | 1334 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | «كۇللىياتى نەۋايى» (تاش باسما) | No.90 |
| | | ش ئۇ ئا ر مۇزېيى | «تەزكىرىلەردە نەۋايى تەرجىمھالى» | No.2 - 6 |
| | 1290 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | «مەجالسۇننەفائىس» | No.06 |
| | | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | «مەھبۇبۇلقۇلۇب» | No.140 |
| | | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | «قۇشلار تىلى» | No.208 |
| | 1813 | ش ئۇ ئا ر مۇزېيى | «نەسرلەشتۈرۈلگەن خەمسە» (سىددىق) | No.2 - 134 |
| | 1317 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى | نەۋايى شېئىرلىرى | No.0447 |

غەيرەتجان ئوسمانىنىڭ «نەۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.[24]

## تۆۋەندىكىلىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان نەۋايى ئەسەرلىرى قول يازمىسى

| كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى | | قول يازما ئەسەرنىڭ نامى | قول يازما نومۇرى |
|---|---|---|---|
| مىلادىيە | ھىجرىيە | | |
| | 1253 | «خەمسە نەۋايى» | 0060 |
| 1905 | 1332 | «خەمسە نەۋايى» | 0082 |
| | | «نەۋايىنىڭ يەتتە داستانى» | 0083 |
| | | «خەمسە نەۋايى» | 0107 |
| | | «فەرھاد ۋە شېرىن» | 0122 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 0131 | «خەمسە نەۋايى» | | |
| 0132 | «خەمسە نەۋايى» | | |
| 0171 | «خەمسە» دىن تاللانما | 1326 | |
| 0172 | «نەۋايى داستانلىرى» | | |
| 0181 | «مەۋلانە ئەمىر نەۋايى» | 1335 | |
| 0200 | «خەمسە نەۋايى» | 1315 | |
| 0201 | «خەمسە نەۋايى» | 1324 | |
| 0212 | «خەمسە نەۋايى» | | 1893 |
| 0218 | «خەمسە نەۋايى» | | |
| 0219 | «لەيلى ۋە مەجنۇن» | 1285 | |
| 0238 | «خەمسە ئەلىشىر نەۋايى» | 1311 | |
| 0242 | «نەۋايىنىڭ ئىپىك داستانلىرى» | | |
| 0257 | «نەۋايى داستانلىرىدىن تاللانما» | | |
| 0280 | «خەمسە نەۋايى» | | |
| 0359 | «نەۋايى شېئىرلىرىدىن تاللانما» | | |
| 0361 | «خەمسە نەۋايى» | | |

ئەسەد سۇلايماننىڭ «خەمسە ھادىسىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

دوكتور ئەسەد سۇلايمان «خەمسە ھادىسىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق دوكتورلۇق ماقالىسىدە مەخسۇس خەمسە ھەققىدە توختالغاچقا، نەۋايىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىلىرىنى ئىستاتىستىكىلىمىغان.

1977 ـ يىلى يەنە بىر قېتىملىق قول يازما يىغىش بولغان. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 1988 ـ يىللىق 6 ـ ساندا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە

ساقلىنىۋاتقان نەۋايى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

| ئەسەر نامى | بەت سانى | كۆچۈرۈلگەن ياكى بېسىلغان ۋاقتى | |
|---|---|---|---|
| | | ھىجرىيە | مىلادىيە |
| «مەھبۇبۇلقۇلۇب» (قول يازما) | | | |
| «مەھبۇبۇلقۇلۇب» (قول يازما) | 128 | | |
| «مەھبۇبۇلقۇلۇب» (قول يازما) | 240 | | |
| «نەۋايى غەزەللىرى» | 256 | | |
| «نەۋايى غەزەللىرى» | 218 | | پېتربورگ 1893 |
| «نەۋايى شېئىرلىرى» | 308 | | |
| «نەۋايى شېئىرلىرى» | 852 | | |
| «مىر ئەلىشىر نەۋايى» (باسما) | 456 | 1558 ~ 1559 | |
| «نەۋايى غەزەللىرى» | 110 | | |
| «مىر نەۋايى» | 220 | | |
| «نەۋايى شېئىرلىرى» | 108 | | |

غەيرەتجان ئوسماننىڭ «نەۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.[⑳]

1990 ~ 2000 ـ يىللاردا بىرقانچە قېتىملىق قول يازما تەكشۈرۈش پائالىيىتى بولۇپ، مەلۇم بولۇشىچە، پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يۇرتتىن ناھايىتى كۆپ قول يازما يىغىلغان، لېكىن ھازىرغىچە ئېنىق ئىستاتىستىكا قىلىنمىغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، نەۋايى قول يازمىلىرىنى يىغىش، رەتلەش، ئىستاتىستىكىلاش ۋە تەتقىق قىلىش نۆۋەتتىكى ناھايىتى مۇھىم ئىش بولۇپ، ئەگەر بۇ خىزمەت جىددىي تۇتۇلمايدىكەن، نەۋايىغا ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىيالنىڭ يوقىلىپ كېتىشى ئېنىق.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ھازىر ئۆزبېكىستان

پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ 254 قول يازما نۇسخىسى ئىچىدە 66 قول يازمىنىڭ تۈزگۈچىسى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتە چوڭ قول يازمىنىڭ كۆچۈرگۈچىلىرى «كاشغەرىي» تەخەللۇسلۇق خەتتاتلار ئىكەن.[1]

مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ دەپ بېرىشىچە، ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئابدۇرېھىم پازىل كاشغەرىي تەرىپىدىن 1824 ~ 1830 - يىللاردا كۆچۈرۈلگەن تولۇق توپلام بولۇپ، ئۇنىڭغا نەۋايىنىڭ 19 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەنىكەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى 1958 - يىلى ئۇ قول يازمىنى 3000 رۇبلىغا سېتىۋەتكەنىكەن.

ئۇيغۇر خەلقى نەۋايى شېئىرلىرىنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىپ مەكتەپلەرگە ئاسقان، ئۆي مېمارچىلىقى بىلەن بىرلەشتۈرگەن، ھەتتا نەۋايى شېئىرلىرىنى تۇرمۇش بۇيۇملىرىغىچە ئويغان. 1955 - يىلى شىنجاڭنىڭ قاراقاش ناھىيەسىدىن نەۋايىنىڭ يەتتە مىسرالىق شېئىرى ئويۇلغان بىر نەقىشلىك ئاپتۇۋا تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئاپتۇۋا مىلادىيە 1842 - يىلى سىرىق تۇچتىن ياسالغانىكەن.[2]

نەۋايى ئەسەرلىرى ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تېما مەنبەسىگە ئايلانغان. 19 - ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن ئابدۇرېھىم نىزارىي، زىيائىي، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىي، سەبۇرىي قاتارلىق شائىرلار نەۋايى داستانلىرىدىكى سۇژىتتىن پايدىلىنىپ داستان يازغان. سەبۇرىي 1840 - يىلى «نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنى يېزىپ، «سەددى ئىسكەندەرى» توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. 18 - ئەسىردە يەكەندە ياشىغان ئۆمەرباقى يەركەندىي نەۋايىنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ئەسىرىنى نەسرلەشتۈرۈپ ئاممىبابلاشتۇرغان. يەنە موللا سىددىق ياركەندىي «خەمسە» ئىچىدىكى تۆت داستانغا «لىسانۇتتەير» («قۇشلار تىلى»)نى قوشۇپ، نەسرلەشتۈرۈپ چىققان. نەتى-

جىدە، نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئاۋام خەلق بىلەن بولغان ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشقان. 20 - ئەسىرنىڭ 30 ~ 40 - يىللىرىدا ئۇيغۇر ئەدىبلىرى «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» نى درامىلاشتۇرۇپ چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ سەھنىلىرىدە ئوينىغان. نەۋايى ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈش 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىمۇ بىر مەزگىل ئەۋجىگە چىقتى. 1980 - يىلى كۇچا ناھىيە سەنئەت ئۆمىكى «پەرھاد ۋە شېرىن»نى سەھنىلەشتۈرۈپ شىنجاڭ بويىچە ئويناپ چىقتى. شائىر نىمشېھىت ئەرمىيا ئەلى داموللا سايرامىي (1906 ~ 1972) «پەرھاد ۋە شېرىن»دىن ئىلھاملىنىپ، «مىڭئۆي ۋە پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىنى يېزىپ چىقتى ھەم 1948 - يىلى غۇلجىدا ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشر قىلدۇردى (مۇھەررىردىن).

نەۋايى ئەسەرلىرى نەچچە، ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇر دىيارىدىكى داڭلىق مەدرىسەلەرنىڭ دەرسلىكى بولۇپ كەلدى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ نەۋايى شېئىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق، زور ھەجىملىك كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامغا غوللۇق نەزم قىلىپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ھال نەۋايىنى ئاۋام خەلققە ناھايىتى يېقىنلاشتۇردى. مۇقامغا نەۋايىنىڭ جەمئىي 90 پارچە غەزىلى كىرگۈزۈلگەن.

20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرى ئاخىرلىشىپ، نەۋايى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشر قىلىش ئەسلىگە كەلدى. نەۋايى ئەسەرلىرى جۇڭگودىكى ئۇيغۇرچە ھەرقايسى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپ، ياش ئەۋلادلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1982 - يىلى شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ «چاھار دىۋان» دىن تاللاپ تۈزگەن «غەزەللەر» نەشر قىلىندى. ئارقىدىن نەۋايىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس» (1994- يىلى)، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين» (1988 - يىلى)، «خەمسە» (1991 - يىلى) ۋە باشقا ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى.

لىيۇ جىڭيا (刘井亚)، جۇ خېڭجېڭ (周恒正) قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر «غەزەللەر» دېگەن كىتابتىن 128 پارچە غەزەلنى تاللاپ، 1992 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتىدا «نەۋايى شېئىرلىرىدىن تاللانما» («纳沃依诗选») دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى. تېيىپجان ئېلىيېف تۈزگەن نەۋايى غەزەللىرىنى مەشھۇر ئەدەبىي تەرجىمان جاڭ خۇڭچاۋ ئەپەندى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، «نەۋايى غەزەللىرىدىن تاللانما» («纳瓦依格则勒诗选集») دېگەن نام بىلەن 2001 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى.

بىر پۈتۈن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئائىت دەرسلىكلەر ۋە مەخسۇس ئەسەرلەر بارلىققا كېلىش بىلەن بىللە، نەۋايى ھەققىدىمۇ كۆرۈنەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا كەلدى. تۆۋەندە بىز نەۋايىغا ئائىت نۇقتىلىق تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ۋە نەۋايىنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. «بۈيۈك ئەلشىر نەۋايى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 480 بەت، ئۈرۈمچى. كىتابقا تەتقىقاتچىلارنىڭ 25 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەلشىر نەۋايىغا ئائىت ھەر خىل تېما مۇھاكىمە قىلىنغان، تۈزگۈچىسى ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ.

2. «ئۇلۇغ شائىر نەۋايى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى، 208 بەت، ئۈرۈمچى. كىتابقا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ جەمئىي 12 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن.

3. «نەۋايى ھەققىدە» (ئۇيغۇرچە)، ئاپتورى ھاجى ئىمىن تۇرسۇن، مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، 347 بەت، بېيجىڭ. بۇ ئەسەر نەۋايى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى بولۇپ، جۇڭگودىكى نەۋايىشۇناسلىق ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئەسەر دېيىشكە

بولىدۇ. كىتابتا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسلىي نەسەبى، ھاياتى، ئىجادىيىتى، نەۋايىنىڭ ئەدەبىي تىلى مول تارىخىي پاكىتلار ۋە دەلىللەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. ئاپتور يەنە نەۋايى شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن قاتلىمى، ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى، نەۋايىنىڭ ئىپادىلەش سەنئىتى، نەۋايىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەدەبىي تىل مۇھىتى ئۈستىدە ناھايىتى تەپسىلىي توختالغان. ھەتتا نەۋايىنىڭ كىشىلىك قارىشى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان.

4. «خەمسە ھادىسىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە)، ئاپتورى ئەسەد سۇلايمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى، 213 بەت، ئۈرۈمچى. بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى بولۇپ، «خەمسە» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تۇنجى كىتاب. بۇ كىتاب مۇقەددىمە، خاتىمە ۋە ئۈچ بابلىق ئاساسىي تېكىستتىن تەشكىل تاپقان. ئاپتور خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، راۋاجلىنىشى، خەمسەچىلىكنى شەكىللەندۈرگەن شەرق كىلاسسىكلىرى، ئۇلارنىڭ ئورنى، تۆھپىسى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك توختالغاندىن كېيىن، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ خەمسە ئىجادىيىتىگە ئۆتىدۇ. پارس ئەدەبىياتىدىكى خەمسەچىلىكتىن ئىلھام ئالغان نەۋايىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى كونكرېت ئاپتور ۋە ئەسەرلەر ئارقىلىق دەلىللەيدۇ.

5. «ئەلىشىر نەۋايى» (ئۇيغۇرچە)، ئاپتورى ئەسەد سۇلايمان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 134 بەت، ئۈرۈمچى. كىتاب مۇقەددىمە ۋە خاتىمە، سەككىز بابلىق ئاساسىي تېكىستتىن تەشكىل تاپقان. بۇ كىتاب نەۋايىنىڭ ۋەتىنى، مىللىتى، ھايات مۇساپىسى، ئىجادىيىتى، نەۋايىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرى، پەلسەپىۋى قاراشلىرى، نەۋايىنىڭ تۈركىي تىل ئىنقىلابى، ئۇنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى ئىخچام ھەم سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان. ئەسەر گەرچە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدە بولسىمۇ، تەنقىدىي، تەھلىلىي تۈسى

خېلى قويۇق.

6. «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، ئاپتورلىرى مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر. بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»غا كىرگۈزۈلۈپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنغان (2006 ـ يىلى ئىيۇن). مەزكۇر ماقالە «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» دا 84 بەتنى ئىگىلىگەن. بۇنى چاغاتاي تىلى نەۋايىشۇناسلىق ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ماقالە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىككى ئاپتور چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى، تەۋەلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا نەۋايىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىيات ۋەكىللىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئۇلار ئاۋۋال چاغاتاي تىلىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىغا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ، تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، روسىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ چاغاتاي تىلى، ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە راۋاجى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا تەنقىدىي باھا بېرىدۇ. ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە گىراماتىكىسىغا دائىر پۇختا بىلىمى ۋە مول تارىخ بىلىملىرى ئارقىلىق نەۋايى ئىشلەتكەن ئەدەبىي تىلنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ.

7. «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، ئاپتورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، بۇ ئەسەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)نىڭ 1991 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن يالقۇن روزى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ 1 ـ تومى) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ماقا ـ

لىنى ئۇيغۇرلاردا شەكىللىنىۋاتقان نەۋايىشۇناسلىق ساھەسىدىكى دادىل ۋە چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە، تارازا باسىدىغان ماقالە دېيىشكە بولىدۇ. پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ ماقالىسىدە نەۋايىنىڭ ھاياتىغا دائىر مەنبەلەر، نەۋايىنىڭ نەسەبى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ كېلىپ چىقىشى، نەۋايى دەۋرىدىكى مەدەنىي مۇھىت، نەۋايى ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېتنولوگىيەسى، نەۋايى مىراسلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى، نەۋايىنىڭ تەسىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ.

8. «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋايىخانلىق ئەنئەنىسى»، ئاپتورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن. بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» (يالقۇن روزى تۈزگەن) ناملىق توپلىمى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە) غا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1991 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 550 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلاپ يېزىلغان. ئاپتور نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، نەۋايى ئەسەرلىرىنى پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارىنىڭ مەدرىسەلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇش، نەۋايىغا مۇشائىرىلەرنى يېزىش، نەۋايى شېئىرلىرىنىڭ ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىغا نەزم قىلىنىپ سېلىنىشى قاتارلىق تەرەپلەردىكى تارىخىي ئەنئەنىلەرنى يورۇتۇش ئارقىلىق، بەش يېرىم ئەسىر مابەينىدىكى ئۇيغۇرلاردا نەۋايىخانلىق ئەنئەنىسىنىڭ قانداق داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

9. «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، ئاپتورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى. كىتابتا «كەنجى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى — ئۇلۇغبېك ۋە ئەلىشىر نەۋايى» دېگەن بىر باب بار. مەزكۇر بابتا، ئاپتور نەۋايىنىڭ ئىدىيە مەنبەلىرى، تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى كونكرېت مىساللار ئارقىلىق تەھلىل قىلىنىدۇ. ئۇ، نەۋايىنى ئۇيغۇ-

غۇر ئەدەبىياتىدا يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن كېيىن يەنە بىر يۈكسەك- لىك ياراتتى، دەپ باھالايدۇ.

10. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» (ئۇيغۇرچە)، ئاپتورلىرى ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن، مىللەتلەر نەشرى- ياتى 1987 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ. كىتابتا ئەلىشىر نەۋايى ئۈ- چۈن 174 بەت سەھىپە ئاجرىتىلغان. بۇ كىتاب ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى ئىچىدە بىرقەدەر يىرىك ھەم مۆتىۋەر دەرسلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىتابتا نەۋايىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە نۇقتىلىق ئەسەرلەرىنىڭ مەزمۇنى، ئېستېتىك ئۇنۇمى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

11. «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات» (ئۇيغۇرچە)، ئاپتورى شەرىپىددىن ئۆمەر، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى. بۇ كىتابتا نەۋايى ئۈچۈن 171 بەت سەھىپە ئاجرىتىلغان. ئاپتورنىڭ تەھلىللىرى رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا نەشر قىلىنغان مەنبەلەر ئاساسىدا چوڭقۇر قانات يايىدۇ.

12. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىككى توم)، باش تۈزگۈچى غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، ئۈرۈمچى. كىتابتا نەۋايى ئۈچۈن 91 بەت سەھىپە ئاجرىتىلغان. پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ھوسۇللۇق ئاپتور بولۇش سۈپىتى بىلەن، نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئى- جادىيىتى ھەققىدىكى بايانلارنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق قول- غا كەلگەن ماتېرىياللار بىلەن دەلىللەيدۇ. ئۇنىڭ نەۋايى ئىجادىيە- تىنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، نەۋا- يىخانلىق ئەنئەنىسىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئىزچىللىقىنى چۈشەندۈ- رۈش جەھەتتىكى ئەمگىكى نىسبەتەن ئالاھىدە بولغان.

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر يەنە 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا «ئە- لىشىر نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا تەلقىن-

لىق سۆھبەت» ماۋزۇسىدا جەمئىي 13 پارچە ماقالىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، نەۋايىنىڭ نەسەبى، مىللەت تەۋەلىكى، ئەدەبىي تىل ئالاھىدىلىكى، ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان ماكان - زامانىنىڭ تارىخىي، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، نەۋايى ۋە ۋارىسلىق مەسىلىسى، نەۋايىشۇناسلىقنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىدە نىسبەتەن ئىزچىللىققا ئىگە مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزگەن.

13. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (ئىككى توم)، باش تۈزگۈچى غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2004 - يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، ئۈرۈمچى. كىتابتا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئىجادىيىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، نەۋايى لىرىكىلىرى ۋە داستانلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن. ئاخىرىدا «ئەلىشىر نەۋايى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن بىر پارچە ماقالە بېرىلگەن.

14. زارىپ دولاتنىڭ باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، ئۈرۈمچى. نەۋايى ھەققىدىكى بابى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات ئاساسلىرى بىلەن بىردەك.

15. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - توم)، ئاپتورلىرى ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق، غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەھمەت، ئەسەد سۇلايمان، ھەبىبۇللا ئابدۇسالام، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، بېيجىڭ. كىتابتا نەۋايى ئۈچۈن 240 بەت سەھىپە ئاجرىتىلغان بولۇپ، بۇ كىتابنى نەۋايى ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىي ھەم ئىنچىكە مەلۇمات بەرگەن كىتاب دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» جەمئىي بەش توم بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىن مىلادىيە 2000 - يىلىغىچە بولغان ئەدىب ۋە ئەسەرلەر تو-

نۇشتۇرۇلغان.

16. «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، ئاپتورلىرى ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت، قادىر ئەكبەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، ئۈرۈمچى. كىتابتا ئەلىشىر نەۋايى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان. نەۋايى نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تەسىرىگە يولۇققاچقا، ئاپتورلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرىنسىپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغان. نەۋايىنىڭ مۇھەببەت، ھايات، ئىلاھىيەت قاراشلىرى تەسەۋۋۇپ قاراشلىرى ئاساسىدا نىسبەتەن چوڭقۇرلاپ يورۇتۇپ بېرىلگەن.

17. «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، ئاپتورى ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، ئۈرۈمچى. كىتابتا «نەۋايى ۋە تەسەۋۋۇپ» ماۋزۇسى ئاستىدا، نەۋايى يولۇققان تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى تەسىرىنىڭ مەنبەلىرى، ئەسەرلىرىدىكى ئىپادىسى، نەۋايى تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنىڭ ماھىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن.

18. «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پارس ـ تاجىك تىلىدىكى ئەسەرلىرى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە)، ئاپتورى زەمىر سەئىدۇللا زادە. بۇ ماقالە دەسلەپ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1998 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، كېيىن بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور تاجىك مىللىتىدىن چىققان دوكتور بولۇپ، دولتورلۇقنى تاجىكىستاندا تاماملىغان، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پارس ئەدەبىياتى بىلەن بولغان تەسىرىي مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش، شۇنداقلا نەۋايىنىڭ پارسچە توپلىمى ــ «دىۋان فانى»نى مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتە مەزكۇر ماقالىنىڭ تۆھپىسىنى ئالاھىدە باھالاشقا بولىدۇ. ئاپتور پارس تىلىنى بىلگەچكە، نەۋايىنىڭ پارس ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى رېئال مەۋقەدە تۇرۇپ ئىزاھلاپ

بېرەلىگەن.

19. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (خەنزۇچە)، ئاپتورى لى گوشياڭ (李国香)، لەنجۇۋ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يى- لى نەشرى. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلغان لى گوشياڭ ئەپەندى ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكى، ئون ئىككى مۇقام، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلارنى ياز- غان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى ژانىرلار»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھۆرمەتكە سازا- ۋەر. ئاپتور «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن ئەسەرىدە نەۋايى توغرىسىدىكى بابقا 39 بەت سەھىپە ئاجراتقان بولۇپ، نەۋايىنىڭ ھاياتى، ئەسەرلىرى ۋە تەسىرى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان. بو- لۇپمۇ نەۋايى ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتىكى مېھنىتى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. لى گوشياڭ ئەپەندى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ نامىنى لاتىن ھەرپى بىلەن بېرىش بىلەن بىللە، خەنزۇچە تەرجىمىسىنى نىسبەتەن ئۆلچەملىك تۇرغۇزۇپ، ئەسەرلەر ھەققىدە مېغىزلىق مۇھاكىمىلەرنى بەرگەن.

20. «پەرھاد ۋە شېرىن» (法尔哈德和希林) نىڭ خەنزۇچە نەشرى. چاڭچياڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 2008 - يىل نەشرى. ئەسەر رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن شاڭخەي ئىج- تىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات تەرەققىيات ئورنى چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ گوجاڭ (吴国璋) ئەپەندى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. كىتابنىڭ ئاخىرىغا قىس- تۇرۇلغان ئاخىرقى سۆزگە قارىغاندا، بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىلا پىلانلانغان بولۇپ، تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەسەرنىڭ نەشرى كېچىكىپ كەلگەن. ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان گې باۋچۈەن (戈宝权) ئەپەندى «تەرجىمىلەر» («译文») ژۇرنىلىنىڭ 1957 - يىلى ئىيۇندىكى سانىدا بىر قىسىم پارچىنىڭ تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. ۋۇ گوجاڭ ئەپەندى بولسا

ئۆزۈن يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، ئەسەرنى جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان دوستلۇقىغا ئاتاپ ئاخىر ئوكۇشلۇق نەشردىن چىقارغان. دۇنيا كىلاسسىكلىرى مەجمۇئەسى (世界文学名著典藏) قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بۇ كىتابنىڭ باش قىسمىغا شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى فەن چىڭلىڭ (番庆龄) ئەپەندى تونۇشتۇرۇش سۆزى يازغان بولۇپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى، سىياسىي كەچۈرمىشلىرى ۋە ئىجادىيىتى خېلى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ كېلىپ چىقىشىنى نوقۇل ئۆزبېك دەپ چۈشەنگەن فەن ئەپەندى شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ نەۋايى ئەنئەنىسىگە بولغان ۋارىسلىقىنى ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت دوستلۇقى قاتارىدا ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ئەسەرنىڭ رۇسچە نۇسخىسىدىن ئۆرۈلگىنىدىن قارىغاندا، تەرجىمە مۇئەللىپى نەۋائىينىڭ مىراسلىرىنىڭ ئەسلىي مەنبەلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشتىن يىراق بولسا كېرەك. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ تەرجىمە نەۋائىينىڭ يىرىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرىنىڭ خەنزۇچە تولۇق نەشرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرغانلىرىمىز ئۇيغۇرلاردا شەكىللىنىۋاتقان نەۋايىشۇناسلىققا دائىر بىر قىسىم دەرسلىك ۋە ماقالىدىن ئىبارەت. پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «نەۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىدە نەۋايىغا ئائىت 100 دىن ئارتۇق ماقالىنىڭ كاتالوگىنى كۆرسەتتىدۇ. بۇ ماقالىلەرنى بىر يەرگە ئەكەلسەك، روشەن تېماتىك ئىزچىللىق ۋە سىستېمىنى كۆرەلمەيمىز. ئەمما، ئۇلار كۈنىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەۋايىشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ھالىتى ۋە يۈزلىنىشىنى چۈشىنىشىمىزدە قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەۋايىخانلىق ئۇيغۇرلاردا بەش ئەسىردىن ئارتۇق ئەنئەنە. ئەمما بىزدە سىستېمىلىق، پىلانلىق، ئىزچىل تۈردىكى نەۋايىشۇناسلىق

تېخى شەكىللىنىپ بولالمىدى. بۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبى بار، ئەلۋەتتە. تۆۋەندە بىز نەۋايى تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز:

1. بىزدە تېخى نەۋايىنىڭ تولۇق ئەسەرلىرى توپلىمى ئەينى دەۋر تىرانسكرىپسىيەسى ۋە ھازىرقى زامان يەشمىسى بىلەن مۇكەممەل قىلىپ نەشر قىلىنغىنى يوق. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ نەۋايى ئەسەرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولالماسلىقى، چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ نەۋايى دەۋرىدىكى ئەھۋالى، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى چۈشەنمەسلىكىدەك بىر قاتار مەسىلىگە سەۋەبچى بولماقتا. نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يەشمىسى بىلەن تولۇق نەشر قىلىنماسلىقى ياش ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىنىڭ نەۋايىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى، نەۋايىنى ھازىرقى زامان كونتېكستىگە قويۇپ چۈشىنىشى، نەۋايى ئەدەبىي مىراسلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا نىسبەتەن زور توسالغۇ. چۈنكى، نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئەينى زامان ئەدەبىي تىلى بويىچە چۈشىنىش مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

2. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرى، ئوبلاستلىرى، شەھەرلىرى ۋە ناھىيەلىرىدە ساقلىنىۋاتقان نەۋايى ئەسەرلىرى قول يازمىسى تېخى ئەستايىدىل رەتلەنمىدى ۋە ئۇلاردىكى ئالاھىدىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن خۇلاسە چىقىرىلمىدى. بۇ قول يازمىلار ئۇزاق مۇددەت تۇرۇۋېرىپ يوقىلىپ كېتىش، چېچىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلارنى ئېنىقلاش، ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبىنى تونۇپ يېتىش، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەتتاتلىق تارىخىنى ئېنىقلاش زۆرۈر ئىدى. بۇ خىزمەتلەر ئىشلىنىش بىلەن بىللە، نەۋايى ئەسەرلىرى قول يازمىلىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى نۇسخىلىرىنىمۇ

ئىنقىلاپ، تەتقىقاتنىڭ دائىرىسىگە ئېلىش لازىم.
3. بىزدە چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى پۇختا بىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ ساھەدە ئىزباسار تەربىيەلەش خىزمىتى ئىشلەنمىدى. ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاكادېمىيەلەردە بۇ ساھە بويىچە ماگىستىر، دوكتور ئاسپىرانتلارنى تەربىيەلەشمۇ قولغا ئېلىنمىدى. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق پېتى كېتىۋەرسە بىزدە چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى بىلىدىغانلار قالمايدۇ. نەتىجىدە، نەۋايى ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ئەسلىي مەنبەگە ئاساسلانغان تەتقىقات ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.
4. ھەممىگە ئايانكى، چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر خېلى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاغاتاي ئەدەبىي تىلى يۇقىرىقى تىللارنىڭ بەزى گىراماتىكىلىق تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. شۇڭا نەۋايى ئەسەرلىرىدە ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئامىللىرى خېلى قويۇق، نەۋايىنىڭ ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنى چۈشىنىشمۇ ئەرەب، پارس تىلىنى ئوبدان بىلىشنى شەرت قىلىدۇ. نۆۋەتتە، نەۋايى تەتقىقاتىنى ياخشى قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئەرەب، پارس تىللىرىنى يېتەرلىك چۈشىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى، ھەتتا يوق بولۇشىدەك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز.
5. بىزدە نەۋايى ھەققىدىكى ئاز ــ تولا تەتقىقات بار دېيىلسە، بۇ تەتقىقاتلار يەنىلا ئىستىخىيەلىك بولۇپ، كۆلەملىشىپ بولالمىغان. بۇ ھەقتە پىلانلىق، قەدەم ــ باسقۇچلۇق، ئىزچىل تەتقىقاتلار بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلىي مەنبەگە تايانغان تەتقىقاتلار ناھايىتى ئاز. بۇنىڭ سەۋەبى، نەۋايى ئەسەرلىرىنى قول يازما پېتى ياكى ئەينى دەۋر تىلى بويىچە چۈشىنىدىغان ئادەملەر بەك كەم، ئاندىن بىزدىكى مەخسۇس نەۋايىخانلار ئۈزۈلۈپ قالماقتا، مەخسۇس نەۋايىشۇناسلارمۇ يوق دېيەرلىك. ئەسلىدە دىيارىمىزدىكى ئىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرىدە مەخسۇس نەۋايىشۇناسلىق ئورنى تەسىس قى-

لىنىش كېرەك ئىدى.

6. نەۋايى ئەسەرلىرى ھەققىدىكى مەخسۇس بابلار ئەدەبىيات تارىخى دەرسلىكلىرىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، ئەمما نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تېكىستلىرى ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل دەرسلىككە يېتەرلىك كىرگۈزۈلمىدى. نەۋايى ئەسەرلىرىنى، نەۋايىنىڭ ئىجادىيەت روھىنى، نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ بايلىقىغا ئايلاندۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەتلەر يوق دېيەرلىك.

7. نەۋايى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى نەزەرىيەۋى مەسىلىدە، نەۋايىنىڭ دەۋرى، نەۋايى دەۋرىدىكى دىنىي ئارقا كۆرۈنۈش، مىللىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە تارىخىي رېئاللىققا مۇناسىپ بولمىغان نەزەرىيەۋى ئېقىملارنى ئاساس قىلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن نەۋايى ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن باھا ۋە تەنقىدمۇ ئادىل بولماي قالدى. نەۋايى ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلار ۋە سىمۋوللار تار مەنىدىكى سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيەسىگە بويسۇندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن نەۋايىنىڭ مىللەت، سىنىپ ۋە دۆلەت ھالقىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسى مەلۇم دەرىجىدە بۇرمىلاندى. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، نەۋايى تەتقىقاتى سوپىزم تەتقىقاتى بىلەن يانداش مەسىلە بولۇپ، ئەرەب، پارس، تۈرك مۇتەسەۋۋۇپلىرىنىڭ ئىدىيە سىستېمىلىرى ۋە ئېقىملىرىنى چۈشەنمىگەندە، نەۋايى تەتقىقاتى مۇقەررەر ھالدا يۈزەكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

8. نەۋايى ئۇنىۋېرسال بىر تېما، ئۇ تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، مۇزىكىشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئېتىكا، مائارىپشۇناسلىق، فولكلور قاتارلىق نۇرغۇن ساھەگە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزدە نەۋايىشۇناسلىق مەخسۇس ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان سەۋىيەگە تېخى بارمىدى. نەۋايىشۇناسلىقتىكى مېتودولوگىيەلىك مەسىلىلەرمۇ تېخى تىلغا ئېلىنمىدى.

9. نەۋايى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا

مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان سىما. شۇنداق ئىكەن، ئۇ پۈتكۈل تۈرك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ياكى تۈركولوگىيە ئىلمىدىمۇ يۇكسەك سىما. ھازىرقى نەۋايى تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، نەۋايى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بىر پۈتۈن مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە قويۇلماي، يېقىنقى زاماندا كېلىپ چىققان تار سىياسىي جۇغراپىيەچىلىك خاھىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلدى.

10. بىزدىمۇ مەخسۇس نەۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى، نەۋايى لېكسىكسىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن ئايانكى، نەۋايى 21 - ئەسىردە يەنىلا يېپيېڭى تېما، بۇ تېما يېڭىباشتىن قولغا ئېلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمىنى نەشر قىلىشنى پىلانغا ئالدى. نەۋايى تەتقىقاتىدىكى كەمچىلىك مەسىلىلىرى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئىلمىي خادىملارنىڭ يۇكسەك ئېتىبارىنى كۈتىدۇ.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا، مەن ھازىرغا قەدەر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش، دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ ئەمگىكىگە تاياندىم، بىرقەدەر مۇقىملاشقان ۋە بېكىتىلگەن تارىخىي مەلۇماتلارنى ئۇلاردىن ئالدىم ۋە بۇنىڭغا قىسقا باھالارنى بېرىپ ئۆتتۇم. ئۇلارنىڭ ئەمگىكى بولمىغان بولسا بۇ ماقالىنى تەييارلىشىم تەسكە توختىغان بولاتتى. مەزكۇر ماقالىدە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ نامى ۋە ئالاھىدىلىكى قىسقا قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەمگىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

نەقىل مەنبەلىرى

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىددىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1991 - يىل نەشرى، 851 -

بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② يۇقىرىقى كىتاب 851 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 851 ـ بەت.

④ مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز» (ئۇيغۇرچە)، «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» دېگەن كىتابقا قارالسۇن. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2006 ـ يىلى نەشرى، 360 ~ 361 ـ بەتلەر.

⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» دېگەن كىتابقا قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، يالقۇن روزى تۈزگەن.

⑥ ھاجى ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋايى ھەققىدە» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2000 ـ يىلى نەشرى، 5 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتابقا قارالسۇن.

⑧ غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر: «ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى، 215 ـ بەت.

⑨ «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى» (ئۆزبېكچە)، دۆلەت ئىلمى نەشرىياتى، تاشكەنت 2000 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم 653 ـ بەت.

⑩ يۇقىرىقى قامۇسقا قارالسۇن.

⑪ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت، قادىر ئەكبەر: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى.

⑫ 5 ـ ئىزاھاتتىكى ماقالىگە قارالسۇن.

⑬ زەمىر سەئىدۇللا زادە: «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پارس ـ تاجىك تىلىدىكى ئەسەرلىرى توغرىسىدا»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» دېگەن كىتاب (ئۇيغۇرچە) قا قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى.

⑭ «خەنزۇچە ـ پارسچە كاتتا لۇغەت».

⑮ ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەھمەت، ئەسەد سۇلايمان، ھەبىبۇللا ئابدۇسالام قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۇيغۇرچە) نىڭ 2 ـ تومىغا قارالسۇن. مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ 2006 ـ يىلى نەشرى.

⑯ ئەسەت سۇلايمان: «ئەلىشىر نەۋايى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، 58 ـ بەت.

⑰ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، باش تۈزگۈچى غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، 668 ـ بەت.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب 668 ـ بەت.

⑲ 11 ـ ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگەن كىتاب 203 ـ بەت.

⑳ 15 ـ ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگەن كىتاب 430 ـ بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب 431 ـ بەت.

㉒ يۇقىرىقى كىتاب 433 ـ بەت.

㉓ غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر: «نەۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتى ھەققىدە» (خەنزۇچە)، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 2002 ـ يىلى 3 ـ سان.

㉔ يۇقىرىقى ماقالىگە قارالسۇن.

㉕ ئەسەت سۇلايمان: «خەمسە ھادىسىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى، 151 ~ 152 ـ بەتلەر.

㉖ 23 ـ ئىزاھاتتىكى ماقالىگە قارالسۇن.

㉗ 15 ـ ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگەن كىتاب 436 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㉘ يۇقىرىقى كىتاب 436 ـ بەت.

2006 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا دائىر مېتودولوگىيەلىك مەسىلىلەر

— گويا بارلىق پەن، تەزكىرىشۇناسلىقتىن تارتىپ بىيولوگىيەگە قەدەر ئۆزىنى كەسپىي بىلىمىنىڭ مەھسۇلى دەپلا قالماستىن، يەنە «دۇنيا قاراش» نىڭمۇ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ.

— ماكس ۋېبېر: «ئىجتىمائىي پەن مېتودولوگىيەسى»*

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇرەككەپ بىر تېما. بۇنى ئۇنىڭ شەخسىي ھاياتى، دەۋرى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتى ئەسەرلىرىنى ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈكى بويىچە تەھلىل قىلساق شۇنچە ئېنىق تونۇپ يېتەلەيمىز. بۇ پىكرىمىزنى سەل - پەل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەدىب بولۇپلا قالماي، بىر تەتقىقاتچى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ژانىرى كۆپ، ئېستېتىكىسى ۋە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشچان بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئەھۋال ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرى سۈپىتىدە ئۇ ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ قىيىنلىقىنى شەكىللەندۇرگەن.

ئىككىنچىدىن، بىر ئادەم ئىدىيەسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ. بىرى، يېزىلغان ياكى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئىدىيە (يېزىقتىكى ئىدىيە)؛ يەنە بىرى، يېزىقسىز ئىدىيە. بۇ خىل ئىدىيەنى

---

* ماكس ۋېبېر: «ئىجتىمائىي پەن مېتودولوگىيەسى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشرى (خەنزۇچە).

كىشى مەتبۇئاتلاردا، ئوچۇق ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەپ كېتىشى ناتايىن، بۇ بىر كىشىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى چوڭ - كىچىك ئىش - ھەرىكەتلىرى، ئائىلىدىكى رولى، كىشىلىك مۇنا- سىۋەتلەردىكى ئوبرازىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئىدىيە تەبىئىي ھەم چىن بولىدۇ. بەزى شەخسلەردە يۇقىرىقى ئىككى تەرەپ توقۇنۇشى- دۇ، بەزى شەخسلەردە بولسا بىردەك بولىدۇ. مېنىڭچە، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بىيوگرافىيەسى تېخى قولغا ئېلىنمىغان ئىش. بۇ ئىشنى سەممىي رەۋىشتە تاماملاش شارائىتىمىز ۋە ئىج- تىمائىي پەن خادىملىرىمىزنىڭ قىممەت قارىشىغا كۆرە ئېيتقاندا، قىيىن بىر جەريان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىيوگرافىيەسىنىڭ دېتاللىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، خىزمەتداشلىرى، مەس- لەكداشلىرى ۋە ئاللىقانداق نامەلۇم كىشىلەر ئارىسىدا چېچىلغان ھالدا تۇرۇپتۇ. بۇلارنى يۇتۇنلەشمۇ چوڭ بىر خىزمەت. بۇ خىزمەت ئىللا ھالدا تولۇق تاماملانمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇشۈكۈر مۇ- ھەممەتئىمىن دېگەن تېما ھامان چالا قالىدۇ.

ئۇچىنچىدىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆمرىنى ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈرەش ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان بوران - چاپقۇنلۇق تارىخىي دەۋرلەردە ئۆتكۈزدى. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭ تەسىرى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا مەن- پىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم ساھەسىدى- كى ئىزدىنىشىنى ئاشۇ خىل كۆلەڭگىنىڭ ئاستىدا قىلدى. بۇ ئۇ- نىڭ ئەسەرلىرىدىكى پىكىر مۇرەسسەچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقار- غان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىكى تارىخ، مەدەنى- يەت، ئىنسان قاراشلىرى ئەنە شۇ مۇرەسسەچىلىك تۈپەيلى ئۈزىدىن ئۈزۈل - كېسىللىكنى يوقاتقان. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەز- گىللىرىدە ۋاپاتىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىدە دۇنيا قاراش جەھەتتە بۇرۇلۇش پەيدا قىلىپ، ئۆز ئارزۇسىغا ماس بىر

مەۋقەنى نامايان قىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋە تەسىر مەسىلىسى ئەستايىدىل نەزەر ئاغدۇرۇشقا تېگىشلىك بىر تېما. بۇ تېما ئېنىقلانماي تۇرۇپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقاتىدىكى مېتودولوگىيەلىك مەسىلە ئايدىڭلاشمايدۇ. تەتقىقاتنىڭ تېما، قىممەت قاراش ۋە مېتودلارنىڭ بىرلىكى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، مېتودولوگىيە مەسىلىسى ۋە ئۇنى ئېنىقلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى شۇنچە مەلۇم بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلىرىنى ئەگەر بار دەپ ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭدا مېتودولوگىيە ئۇقۇمى تېخىچە نامەلۇم مەسىلە.

ھەممىگە ئايانكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەھسۇلاتلىق ئالىم. بۇ جەھەتتە ئۇ كۆپلىگەن كىشىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىكى تېما كەڭلىكى، ھەجىم، شۇنداقلا ئۇ تۇتقان تېمىنىڭ قىيىنلىقى ۋە نازۇكلۇقىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇنىڭ ئىجتىھاتلىق، ئەمگەكچان ئىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تەبىئىي رەۋىشتە تىلىمىز ۋە دىلىمىز بىلەن تەستىقلايمىز. ئۇ تەتقىقات مەبلىغى، ھەتتا تەتقىقاتنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى كاپالىتى بولمىغان شارائىت ئاستىدا كۆپ قىرلىق، ۋەزنى ئېغىر تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى تولىمۇ ئېغىر دېسەك ئارتۇقچە بولمايدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەھسۇلاتلىق ۋە ئىجتىھاتلىق قەلەم ئىگىسى بولۇشقا قارىماي، كەڭ ئاممىۋى تەسىرگە ئىگە زىيالىي بولالمىدى. ئۇنىڭ ئوبرازى ۋە تەسىرى ئاز ساندىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ ئارىسىدىلا چەكلەندى، بۇنىڭدىمۇ تۈرلۈك سەۋەب بار. بىرىنچىدىن، خەلقىمىز نەزەرىيە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى چۈشىنىدىغان سەۋىيەدە ئەمەس. بىزدە تېخى دۇنيانى ھېسسىيات بىلەن كۆزىتىدىغان، دۇنيانى سەنئەت كۆزى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىگىلەيدىغان خاراكتېر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن،

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى شەكىل، ئۇسلۇب جەھەت-لەردىن رۇس ماقالە ئەندىزىلىرىدىن كۆپرەك ئۇزۇقلانغاچقا، كىشى-لىرىمىز ئادەتلەنگەن ئامىباپلىقتىن خېلىلا يىراق. ئۇچىنچىدىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىكى ئاتالغۇلار ياۋروپا ئەل-لىرىنىڭ لۇغىتىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كونتېكستىدە يەرلىشىپ بولالمىدى. خەلقىمىزنىڭ تالاي ئەسىر-لىك ھەزارەت ۋە تەپەككۇر گېنلىرىنىڭ ئارىلاشمىسى بولغان رو-ھىي مەۋجۇدىيەت ئۆزىگە خاس تېرىمىن ۋە ئېھتىمالارنى بايقاپ چى-قىشىمىزنى ھەم ئۇنى مىللىي روھىيەت زېمىنىگە ئاساسلانغان پەلسەپىۋى ئىبارەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. تۆتىنچىدىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىدىكى نەزەرىيە-ۋى مېتود ماركسىزمدىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ نەزەرى-يەنى كەڭ ئاممىۋى ئاساستا چۈشىنىپ، قوبۇل قىلىشقا ۋاقىت تېخى بالدۇر. بەشىنچىدىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقى-قات ۋە يېزىقچىلىق تېمىلىرىدا دەۋر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئا-مىللىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ تېماتىك خاسلىقىنى چۈشىنىشىمىز-دە بەلگىلىك قايمۇقۇش يوق ئەمەس.

20- ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ماركسىزم بىلەن تونۇشقان بىر ئەسىر بولدى. 20 - ئەسىردىكى ماركسىزملىق ئىدىيەدىكى كىشىلىرىمىزنى مۇنداق ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئابدۇللا روزى باقىيېۋ باشچىلىقىدىكى تۇنجى ئەۋلاد كوممۇنىستىك ئىدىيەدىكى زىيالىيلار. بۇلار ماركسىزم كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ 20- ئەسىردىكى قەدىمىگە تەتبىقلاش جەھەتتە ئىزدەندى.

ئىككىنچى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىكىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد زىيالىيلار. بۇلار ماركسىزملىق ئىدىيەلەرنى قەلەمدىكى ۋە ھەرىكەتتىكى ئىنقىلابقا تەتبىقلىغان زىيالىيلاردۇر.

ئۈچىنچى، ماركسىزمنى ئاكادېمىيە ۋە ئالىي بىلىم يۇرت-لىرىدا دەرسلىك ۋە تەتقىقاتلارغا تەتبىقلىغان ئۈچىنچى ئەۋلاد زىيالىيلار بولۇپ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كەلتۈرگەن نەقىللەر، قوللانغان ئاتالغۇلار كۆپ ھالدا ماركسىزم كىلاسسىكلىرى ياكى ئۇنىڭ مەنبەلىرىدىن ئېلىنىدۇ. بۇلار ئاساسەن يېتەكچى ئىدىيە خاراكتېرىدىكى سۆز ـ ئىبارىلەردۇر. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن پايدىلانغان ئىلمىي مەنبەلەرمۇ ئاساسەن كوممۇنىستىك ئە-قىدىدىكى رۇس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زىيالىيلىرىنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەرلەر بولدى.

بۈگۈنكى دۇنيادا ماركسىزم داۋاملىق راۋاجلىنىۋاتقان بىر ئىجتىمائىي پەن ئېقىمى بولۇپ، ئۇ ئۈچۈر ۋە كېيىنكى سانائەت دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ماس ھالدا ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ باردى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاب-دۇشۇكۇرمۇھەممەتئىمىن تايانغان نەزەرىيەۋى ئاساس كىلاسسىك مەنىدىكى ماركسىزمدۇر.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ماركسىزملىق ئىدىيەنىڭ سى-ڭىشمىسىدۇر. بۇ ئەھۋال 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تەپەككۇر تارىخىنى يازماقچى بولىدىكەنمىز، بىز تەبىئىي ھالدا ئابدۇشۇ-كۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىكى مېتودولوگىيە ۋە يېتەكچى ئىدىيەگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز.

ھەرقانداق بىر پىكرىي مەھسۇلات مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە تەنقىدنىڭ ئوبيېكتىدۇر. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئابدۇشۇكۇر مۇ-ھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقا-تىمىز ۋە تەنقىدچىلىكىمىزدە پىشاڭلىرىمىزنى تايىنىش نۇقتى-سى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

ئىلىم ئەنئەنىسىنى ياراتقۇچى غوللۇق شەخسلەرنىڭ بىرى. بىر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئەنە شۇنداق شەخسلەرنى قايتا ـ قايتا تەنقىدىي تەھلىل ۋە تەتقىقاتتىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى پىكرىي مەسىلىلەرنى ئىشلەپچىقارغاندىلا، ئاندىن ئۆزگىچە مەكتەپ روھىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

بىر مەكتەپ پۈتكۈل بىر رايون، ئۆلكە ياكى مەملىكەت تونۇيدىغان ۋە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلىم نوپۇزلىرىغا ئېرىشەلمىسە تەقلىدىۋاز خىزمەت ئۇسۇلىدىن قۇتۇلالمايدۇ. 21 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۈملىدىن فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى مەملىكەتكە، ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە پۈتكۈل دۇنياغا تونۇلغان ئۆزگىچە تېماتىك خاسلىققا ئىگە ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرالىغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى روھى تەبىئىي ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئەنئەنىسىدىكى مۇھىم نامايەندە. ئۇ بىزگە نۇرغۇن تەتقىقات يىپ ئۇچىنى بېرىش بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي پەنلەر تەنقىدچىلىرىمىزنى كەڭرى زېمىن بىلەن تەمىنلەيدۇ. فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئۇ ھەققىدە بىر تەتقىقات ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەرزىيدىغان بىر ئىش، دەپ قارايمەن.

2004 ـ يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

# تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىمىزدە نېمىلەر كەم

بۇ قېتىمقى دەرس ئىسلاھاتى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىغا ھەقىقەتەن روشەن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسىغا مېنىمۇ تەكلىپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ياپونىيەدە تۇرۇپمۇ ئىشىتكەنىدىم — دوستلار E-mail (ئېلخەت — ئېلېكترون خەت دېگەن مەنىدە) ئارقىلىق مېنى ۋاقىتلاندۇردى. تەبىئىيكى مەن قاتنىشالمايتتىم، ئەمما مەن 2003 ـ يىلى ئاپرېلغا قەدەر ياپونىيەدە تۇرۇپ قېلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ 1 ـ يىللىق 1 ـ قىسمىنى تۈزۈشكە ئىشتىراك قىلالمىدىم. 1 ـ قىسىم كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا، «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكىنىڭ مۇستەقىل كىتاب ھالىتىدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتىم ۋە ئىنتايىن ئەپسۇسلاندىم. بۇنىڭ زادى قانداق ئەقىل ئىكەنلىكى ماڭا تېخىچە نامەلۇم. «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» دە تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ خاراكتېرى مۇنداق ئىزاھلانغان:

«تىل ـ ئەدەبىيات ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى بولۇپ، ئىنسانىي ھەزارەتنىڭ[1] مۇھىم تەركىبىي قىسمى. قورالچانلىق بىلەن بەشەرىيلىك (گۇمانىتارلىق — 人文性) تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.»[2]

مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇكى، تىل ئالاقە قورالى بولۇش بىلەن بىللە، ئىنسانىي ھەزارەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. تىل نوقۇل ھالدا تاۋۇش، سۆز، جۈملە ئىلمى بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر خىل تەپەككۇر شەكلى ياكى ئاڭ شاكىلى. ئۇ، مىللەتنىڭ مە-

نۇۋى ھاياتىنىڭ ئۇلى. «تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ھەزارىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.»[3] (شى جىسۇن) تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى مۇتەخەسسىسى جاۋ خۇيۇ خانىم ئۆزىنىڭ «تىل ـ ئەدەبىيات پېداگوگىكىسىنىڭ ھازىرقى زامانچە شەرھى»[4] ناملىق كىتابىدا تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن ساپا مائارىپىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، رۇس پېداگوكى ئوشىنسكىينىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ۋە بارلىق بىلىملىرىنىڭ خەزىنىسى. چۈنكى، ھەرقانچە چۈشىنىش ئۇنىڭدىن باشلىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق تىلغا ئايلىنىدۇ.»[4] ئوشىنسكىينىڭ بۇ سۆزى بىلىش نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئۈستىدىكى ھەرقانداق بىلىشنىڭ ئانا تىل ئاساسىغا قۇرۇلۇش بىلەن بىللە، ئانا تىلنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئوشىنسكىينىڭ مۇنۇ سۆزى ئانا تىلنىڭ بەشەريي ئىلىملەردىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «بالىلار ئۆز ئانا تىلىنى چۈشەنگەندە، ئۇلار خەلقنىڭ ئىدىيەسى، ھېسسىياتى ۋە تۇرمۇشىنى، خەلقنىڭ روھىيىتىنى چۈشىنەلەيدىغان بولىدۇ.»[5] بۇ ئىككى سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئانا تىل تەبىئىي پەنلەر ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر مائارىپىنىڭ ئاساسىي ئامىلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەقەللىي قائىدىگە ئېرىشىمىز.

بەشەريي (人文性) تەرەپنى تەكىتلەش ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈش بۇ قېتىمقى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر تەلىپى. ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى چۈشىنىش، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، گۈزەللىك، غايە، دۇنيا قاراش... قاتارلىقلار ئىنساننىڭ بەشەرىيەتىنى تۈزىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىنساننىڭ روھىدىكى خىلمۇخىل ھادىسە ۋە مۇرەككەپلىك ئەدەبىيات ۋە سەنئەتتە ئەكس ئېتىدۇ، مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەردىكى

ھەربىر سۆز ۋە ۋاستىگە يازغۇچى روھىي دۇنياسىنىڭ مول تەركىبلىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر ئەسەرنى كائىنات دېسەك، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلاردۇر. ئىنساننىڭ بەشەرىيەتتىدىن مۇستەسنا ھالدىكى تەپەككۇرىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان يەردە، ئانا تىلدىن مۇستەسنا ھالدىكى بەشەرىيەت (گۇمانىتارلىق)نى قىياسلاپ بولغىلى بولمايدۇ. «ماۋ زېدۇڭ ماركسىزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈردى» دېگىنىمىزدە مۇنداق بىر پاكىت ئۆز - ئۆزىدىن ئايان بولىدۇ: ماركسىزمنىڭ مەنبەسى غەربتۇر. غەرب دېگىنىمىز جۇڭگوغا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت بىرلىكى، ئۇنىڭدا قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى ۋە يەھۇدىي دىنلىرىنى مەنبە قىلغان دۇنيا قاراش سىستېمىسى ھەم سۆز بايلىقى ياتىدۇ. جۇڭگو بولسا تىپىك شەرقىي ئاسىيا دۆلىتى، ئۇنىڭدا كۇڭزىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت سىستېمىسى ياتىدۇ، خەنزۇ تىلى بولسا كۇڭزى، تويىن، بۇددىزمنى دەۋر قىلغان ئەدەبىياتنىڭ قەدىمى بىلەن تەرەققىي قىلىپ ماڭغان بولۇپ، جۇڭگولۇقلارغا خاس تەپەككۇر پىسخىكىسى بار. بۇ ئىككى خىل سىستېمىنى ئۇچراشتۇرۇش ئۇچۇن بىرىنى يەنە بىرى ھەزىم قىلىش كېرەك بولىدۇ. مانا بۇ «بىرلەشتۈرۈش» دېگەن ئىبارىدىكى يوشۇرۇن مەنە. دېمەك، جۇڭگوغا غەربتىن چىققان ماركسىزمچى ئەمەس، دەل جۇڭگولۇقنىڭ ئۆزىدىن چىققان ماركسىزمچى رەھبەرلىك قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇ جۇڭگوچە دۇنيا قاراشنى ئىپادىلەيدىغان خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشى كېرەك بولىدۇ.

• بىر داھىيدا ئۇنىڭغا ئەگىشىۋاتقان مىللەتنىڭ خاراكتېرى روشەن ئەكس ئەتكەندىلا، خەلق ئۇنى ئۆزىنىڭ داھىيسى دەپ تونۇپ ئەگىشىدۇ. مانا بۇ بەشەرىي ئىلىملەر تەتقىق قىلىدىغان بىر تەرەپ. يېڭى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپى شۇكى، سودا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت يەر شارىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە،

ئەۋلادلاردا مىللىي روھنى كۈچەيتىش تىل ۋە ئەدەبىيات قاتار-
لىق بەشەرىي ئىلىملەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.
تىل بولسا ئەدەبىياتنىڭ ئانا ئامىلى، ئەدەبىيات بولسا تىل-
نىڭ كۆرنىكى، تىل دەل ئەدەبىيات ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چوڭقۇر-
لۇقى ۋە پايانىنى نامايان قىلىدۇ، تىل ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي
پەنلەر ساھەلىرىدىكى رولى ئارقىلىق ئۆز قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ
بارىدۇ. روشەنكى، ئەۋلادلارغا بولغان بەشەرىي (گۇمانىتار) تەر-
بىيە ماھىيەتتە تىل تەربىيەسىدىن باشلىنىدۇ.
ئىنسانىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق بىرلىكى دەپ تونۇغىنىد-
مىزدا، ئۇ دەل تىلنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغاندا كونكرېتلىشىدۇ.
لېنىن رۇس پىرولېتارىياتلىرى ئۈچۈن ھەممىدىن كونكرېت
شەخستۇر. چۈنكى لېنىنىنىڭ دۇنيا قارىشى رۇس تىلىدا. بالزاك
فىرانسۇز تىلىدا تېخىمۇ كونكرېت. ھافىز شىرازىي غەزەللىرى
پەقەت پارس تىلىدىلا گۈزەلدۇر. بىر مىللەتنىڭ نازۇك ئوي -
پىكىرلىرىنى شۇ مىللەتنىڭ يازغۇچىسىلا ئەڭ چىن تەسۋىرلە-
يەلەيدۇ. دەرسلىك بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىكى شەكىل ۋە
مەزمۇن ئالامەتلىرىنى مەركەزلىك ھالدا يېتىلىۋاتقان ئەۋلادلارغا
ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرى قىلىشقا تېگىشلىك نۇر-
غۇن ئىشنى تاپشۇرىدۇ. بۇ جەريانىدىكى مەزمۇن، شەكىل، مې-
تودلارغا قويۇق مىللىي روھ سىڭگەن بولىدۇ. بۇرۇنقى دەرس-
لىكلەردە بىلىم خاراكتېرى كۈچلۈك بولغاچقا ۋە بۇ بىلىممۇ
ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوۋامى ۋە تەپەككۇر پىسخىكىسى بىلەن چەك
باسمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ئەدەبىياتتىكى گۈزەللىك مۇھىتىغا
ئىچكىرىلەپ كىرەلمىگەنىدى. بۇ ئەھۋالنى زامانىمىزدىكى مائا-
رىپشۇناس ياڭ دۇڭپىڭ مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى: «ئوتتۇرا مەك-
تەپ تىل ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى مەسىلىلەرنى بىر ئېغىز
گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بەشەرىي قىممەت ۋە بەشەرىي مولّلۇقنى
يوقىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت دېسەك بولىدۇ. كىشىلىك دۇنياسى

گۈزەللىك بىلەن تولغان. قىزىقارلىق تىل ـ ئەدەبىيات دەرس-لىكى قۇرغاق ماھارەت ئۆگىتىش ۋە بىلىم ئۆگىنىشكە ئايلى-نىپ قالدى. ھەتتا ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش مەشىقىگە ئايلى-نىپ قالدى.»[①] ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشىنى مەقسەت قىلمىغان بىلىم ئىنسانىيەتچىل بىلىم بولالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئىنساننىڭ زوقىنى خورىتىدىغان، زېھنىنى يەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇ قېتىمقى دەرس ئىسلاھاتى دەرسلىكنىڭ يەڭگىل ۋە تە-پەككۇرچان، بىلدۈرۈش رولىغا قارىغاندا ئويلاندۇرۇش رولىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىغا نىسبەتەن ئەھمىيەت بەرگەنىدى. مەن ياپونىيە-دىن قايتىپ كېلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ 1 ـ يىللىق 2 ـ قىسمىنى تۈزۈشكە قاتنىشىش جەريانىدا، بۇرۇنقى دەرسلىكنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى كەمچىلىكلەرنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈپ يەتتىم. بۇرۇنقى دەرس-لىكلەر نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى ئۆگىتىشكە كۆپرەك ئۇرۇنغاندەك قىلغىنى بىلەن، تېما دائىرىسى تار بولۇپ، ئاساسەن دېگۈدەك ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ياكى ئابستراكت سىياسىي ـ ئىدىيەۋى تەربىيە بىلەن چەكلەنگەنىدى. بۇ قېتىمقى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىدە ئوقۇغۇچىلار تارىخ، مەدەنىيەت، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەسىگىچە، جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە تۇيدۇرماي باشلاپ ئەكىرىلىشى كېرەك ئىدى. ئەسلىدە كۆنۈكمە سوئاللىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى تېكىستنىڭ ئۆزى ياكى تېكىست بىلەن ئو-قۇغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. كونا دەرسلىكلەردە نەزەرىيە ئۆگىتىشنىڭ تەلىپى كۆپ ھالدا تېكىست كۆتۈرەلمەيدىغان سوئاللارنى مەجبۇرلاپ تاڭاتتى، نەتىجىدە تې-كىستنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بىر چەتتە قېلىپ، ئوقۇ-غۇچىنىڭ زېھنىدە ئويغانغان سوئال كۆمۈلۈپ قېلىپ، ئېستې-تىك تەپەككۇردىكى كىشىلىك خاسلىقىنىڭ يىگلەپ قېلىش خەۋ-

پى يۈز بېرەتتى. بۇ قېتىم سوئالنى تېكىستنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە يول قويدۇق. تېكىست ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھالىغا يارىشا سوئال قويىدۇ. بىز بۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىزدىنىش سوئاللىرىنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى بىكار قىلىپ، ھەتتا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى سوئال چىقىرىشىغىمۇ ئىمكانىيەت قويدۇق.

يېڭى دەرسلىكنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى دەرسلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولغۇسى. مەن دەرسلىك تۈزۈش جەريانىدا ھېس قىلغان تەسىراتلىرىمنى نۇقتىلىق مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم. ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ ۋايتخىد: «ئەڭ مۇنەۋۋەر مائارىپ ئەڭ ئاددىي قوراللار ئارقىلىق ئەڭ كۆپ بىلىمگە ئېرىشىشتە نامايان بولىدۇ»[7] دېگەنىدى. دەرسلىكمۇ ئەنە شۇ قوراللارنىڭ ئىچىدە كەم بولسا بولمايدىغان قوراللارنىڭ بىرى. دەرسلىك كونكرېت ھەزارەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى، پسىخىكىسى ۋە تەپەككۇر قاتلىمىنى چىقىش قىلغاندىلا، ئاندىن ئەمەلىي قورال خاراكتېرىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. نوقۇل تەرجىمىگە تايىنىلغان دەرسلىك تەپەككۇردىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە جەمئىيەتتىكى خاس تەرەققىيات تەلىپىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانلىقتىن، زېھنىي قابىلىيەتنى ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلالمايدۇ. بەشەرىي ئىلىم ساھەسىدە تەرجىمە ئاساسىدىكى دەرسلىك ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مول ئىجابىي ئەنئەنىلەرنى يوقىتىپ تاشلايدۇ. مەلۇمكى، دەرسلىك تۈزۈش ھەرگىزمۇ دەرسلىك تۈزگۈچىلەرنىڭ بىلىم كۆرگەزمىسى ئەمەس، پۇل ۋە ئابرۇي تېپىشنىڭ دەسمايىسى تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى بىر مىللەت روھىنىڭ نۇۋەتتىكى ياشاش ئىقتىدارىنىڭ مۇناسىپ تەپەككۇر مېخانىزمىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن نوقۇل سەۋىيە ۋە قىزغىنلىقنىڭ

بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ئۆز ۋە ئۆزگىنىڭ مائارىپى
ھەققىدىكى ئەتراپلىق كۆزىتىش، بىلىش پسىخولوگىيەسىگە ئا-
ئىت ئەمەلىي تەجرىبە، سەۋر - تاقەت، ھەمكارلاشما ئىلمىي
ئەمگەك ئىقتىدارى قاتارلىقلارمۇ زۆرۈر. مەن بۇنى بىر قېتىم-
لىق دەرسلىك تۈزۈش ئەمگىكى داۋامىدا بەكرەك تونۇپ يەتتىم.
بىرەر سۆزنىڭ ئىملاسى زادى قانداق بولۇشى كېرەك، تىنىش
بەلگىلەرنى قانداق قويۇش لازىم، مانا بۇلار ھەرگىزمۇ سەل
قارايدىغان ئىشلار ئەمەس ئىدى. بىر ئاپتورنىڭ ئىملا ياكى تى-
نىش بەلگىلىرى جەھەتتىكى سەۋەنلىكلىرى ئۇنىڭ ئەسىرى
لاياقەتلىك بولسىلا مۇھەررىر ۋە كوررېكتور تەرىپىدىن تۈزىتى-
لىپ كېتىدۇ، لېكىن دەرسلىكتىكى بىرەر قېتىملىق سەۋەنلىك
ئېغىر بەدەللەرگە توختايدۇ، ئۇنىڭ زىيىنى ئۇرۇشتىكى بىر قې-
تىملىق خاتا بۇيرۇقنىڭ زىيىنىدىن ئارتۇق تۇرسا تۇرىدۇكى،
ھەرگىزمۇ كەم ئەمەس. ئۇرۇشتىكى خاتا بۇيرۇق نۇرغۇن قاننى
بەدەل قىلىدۇ، ھەتتا ئەجەللىك مەغلۇبىيەتمۇ ئېلىپ كېلىدۇ.
دەرسلىكتىكى سەۋەنلىك ئەۋلادلارنى پىكىر جەھەتتىكى مۇجمەل-
لىككە باشلاپ قويسا، ئۇنىڭ تەسىرى جەمئىيەتنىڭ ھەربىر قات-
لىمىغا كېڭەيگەن بولىدۇ. مانا بۇ تىنچ مەزگىللەردىكى زىيانكەش
تەپەككۇر بوھرانىدۇر. ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى بەزىدە
ماددىي مەدەنىيەت كىرىشمىسىدىكى زىياپەت ئۇستىلىنىڭ تەسىر
رامكىسى ئىچىدە ئەقىل مونوپوللۇقى دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى.
قارىماققا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇئەييەن گۈللىنىش مەز-
زىرىسى بىزگە تەسەللى بېرىدۇ. رومانچىلىق، پوۋېستچىلىق،
شېئىرىيەت ساھەسىدە خېلى كۆپ كىتاب نەشر قىلىندى. ئەل-
ۋەتتە، بۇ بىزنى سۆيۈندۇرمەي قالمايدۇ. بۇنى ئۆتمۈش بىلەن
سېلىشتۇرغاندا سان جەھەتتىكى نەتىجە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش-
كە بولىدۇ. لېكىن، دەۋرىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن پارال-
لېل سېلىشتۇرغاندا، بىزدە كەم نەرسىلەر كۆپلەپ بايقىلىدۇ.

تېما جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ شىد-
دەتلىرىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرلۇك تەبىقىسى-
دىكى روھىي زىددىيەت ۋە بوھرانلار يىلتىزىدىن ئېچىپ بېرىل-
مىدى، بەلكى ئاز - تولا نالە قىلىش بىلەن چەكلەندى. تۈر
جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىزدە ساپ ئەدەبىي ژانىرلار بولۇپ، غەير-
ىي ئەدەبىي ژانىرلار يوق ھېسابىتا بولۇپ كەلدى. بۇ ئەھۋال
دەرسلىك تۈزۈش جەريانىدا بىزگە تېخىمۇ ئېنىق مەلۇم بولدى.
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1 - يىللىقنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئە-
دەبىيات دەرسلىكى بىرقانچە بۆلەك بويىچە تۈزۈلۈشى كېرەك
ئىدى. مىسالەن، «مەشھۇر شەخسلەر»، «بالىلىقتىكى ھەۋەسلەر»،
«بىناكارلىق سەنئىتى»، «ھايۋانات»، «ئاخبارات ۋە ئۇچۇر»،
«شېئىرىيەت جەۋھەرلىرى» دېگەنلەردەك، يەنە ھۇزۇرلىنىش،
يېزىقچىلىق، مەخسۇس تېما، مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش
قاتارلىق سەھىپىلەرمۇ بار ئىدى. بىز دەرسلىك تۈزۈش جەريا-
نىدا شېئىرىيەت بۆلىكىگە ئائىت ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تېپىشتا
ئانچە قىينالمىدۇق، پىروزىغا ئائىت ئەسەرلەرنىمۇ ھەر ھالدا
تاپالىدۇق. بۇ ئانچە قىيىنغا توختىمىغان بولسىمۇ، دەرسلىك
تەلىپىگە تولۇق ئۇيغۇن كېلىدىغان، تەكرار يېڭى مۇھاكىمىلەر-
گە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەسەرلەرنى دەل جايىدا تېپىشنىڭ
ئۆزى ئايرىم مەسىلە ئىكەن. «بىناكارلىق سەنئىتى»گە كەلگەندە
خېلىلا قىينالدۇق. مىنىئۆيلەر، ھېيتگاھ جامەسى، ئافاق خوجا
مەقبەرىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىناركارلىقتىكى ئۆرنەك سە-
مەرىلەر بىزدە ئاز ئەمەس. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى»دا چېقىپ تاشلانغان تەۋەررۇك تارىخىي قۇرۇلۇشلارمۇ ھې-
سابسىز، ئەلۋەتتە. دىيارىمىزدا ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى نەمۇنە
بولالىغۇدەك ئۆي - جايلارمۇ خېلى بار. ئەمما، بۇلارنى سەنئەت،
ئېستېتىكا، بىناكارلىق ئىلمى ساھەلىرى بويىچە سىستېمىلىق
يورۇتقان تەتقىقات ئەسەرلىرى بىزدە يوق ھېسابىتا ئىكەن. ئاد-

دى قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭ بىرلا سەۋەبى بار: بىناكارلىق ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەردە ياۋروپا بىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئەكىرىش ۋە ئالىي مەكتەپ مۇنبەرلىرىدە سۆزلەشلا بار، ئەمما يەرلىك بىلىمنى سىستېماتىك بىلىم تەرتىقىسىدە پىشقاق شەقلاپ ئىشلەيدىغان ئىلمىي ئەمگەك يوق ھېسابىدا ھەم بۇنىڭغا تەشكىللەيدىغان ئىلىم ئورگىنىمۇ يوق.

بىزدىكى ئەسەر يوقسۇلچىلىقى ھايۋانلارغا ئائىت ئەسەر ئىزدىگەندە تېخىمۇ مەلۇم بولدى. دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىدە دەرسلىككە تاللانغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مىللىي ئاپتورلارنىڭ بولۇشى لازىم ئىدى. بىز بۇ تەلەپ بويىچە مىللىي ئاپتورلىرىمىزنىڭ ھايۋاناتلارنى تېما قىلغان ئەسەرلىرىنى قىدىرتىممىزنىڭ يېتىشىچە ئىزدەپ باقتۇق. ھايۋاناتلار ھەققىدە شېئىر ۋە ماقال - تەمسىللەر ئۇچرايدىكەن، ئەمما، پەننىي ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرنى تاپماق مۇشكۇل ئىكەن. ئىلى چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق مەكتىپىنىڭ ئالىي لېكتورى ساتتار سالىخ ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ تۆگىسى» ناملىق كىتابىنى تاپقىنىمىزدا خۇشال بولۇپ كەتتۇق. بۇ كىشى مەخسۇس تۆگە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. بىز ئۇنىڭ كىتابىدىن «قوش لوكىلىق ياۋا تۆگە» دېگەن بۆلەكنى ئۈزۈۋېلىپ دەرسلىككە كىرگۈزدۇق. ساتتار سالىخ دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن. بىزدە بەزى مەسئۇلىيەتسىز، سۈيۈق ئەدىبلەر ئات كۆتۈرسە كۆتۈرىدۇكى، ئۇن - تىنسىز ئىشلەپ باشقىلار نەزەر سالمىغان ياكى نەزەر سېلىشنى خالىمىغان ئىشلاردىن بىرەر نەتىجە ئېلىپ چىققانلارنى كىشىلەر تونۇمايدۇ. تېلېۋىزور ئېكرانلىرىمۇ، مۇخبىرلارمۇ بۇنداق كىشىلىرىمىزنى يادىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

بىز بۇ قېتىمقى كىتابتا مەخسۇس تېما سۈپىتىدە ئاتنى تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق. چۈنكى ئات ئەجدادلىرىمىزنىڭ

شۆھرەتلىك تارىخ بەتلىرىنى قالدۇرۇشىدا ئاجايىپ رول ئوينىغاندى. گويا بىزنىڭ تارىخىمىز قەلەم بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇلپارلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان ئۇچقۇنلار بىلەن يېزىلغاندەكلا ئىدى، دەرسلىك تۈزۈشنىڭ قازاق تىل - ئەدەبىيات گۇرۇپپىسىدىكى قازاق قېرىنداشلارمۇ بىز بىلەن بىردەك پىكىرگە كەلدى. ئىككى قېرىنداش گۇرۇپپا بىلىم ۋە لايىھە ئالماشتۇرماقچى بولدۇق ھەم شۇنداق قىلدۇق. ئۇلارمۇ ئات ھەققىدە شېئىردىن باشقا نەرسىلەرنى تاپالماپتۇ، بىزمۇ شۇنداق. بىر قازاق قېرىندىشىمىز ناھايىتى ئۆكۈنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «قازاقنىڭ بىر قانىتى ئات، بىر قانىتى دومبىرا دېيىلەتتى. ئەپسۇس، ئەلمىساقتىن بېرى ئات مىنىپ كەلگەن قازاق ئاتنى بىلمەيدىكەنمىز، سادىغاڭ كېتەي...» ئۇنىڭ بۇ ئىنكاسىغا بىزمۇ جور بولدۇق. ھەر ئىككى خەلق ئات مەدەنىيىتىگە ئىگە، ئات كۆندۈرۈش، ئىشلىتىش، جەڭلەردە مىنىش، ئاتلارنى بېقىش جەھەتتە مول بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە. ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئات ھەققىدىكى ئەمەلىي بىلىمى كۆپلىگەن مىللەتلەردىن ئارتۇقكى، كەم ئەمەس. لېكىن بىزدە يېزىققا ئايلاندۇرۇلغان بەلگىلىك مېتود بويىچە تەجرىبە ۋە تەتقىق قىلىنىپ ئېرىشىلگەن سىستېمىلىق پەننىي بىلىم يوق ئىدى. بىزدىكى بىلىم يۇرتلىرى ۋە بىلىم ئادەملىرى تەتقىقاتىنى ئۆزىنىڭ رېئاللىقىدىن باشلاش كېرەكلىكىنى بىلمىگەن. ئەسىرلەر تەكرار شېئىرىي تەلقىنلەر ئىچىدە بىھوش ئۆتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئەندىزىسىنى سىزىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەچچە ئەسىرلىك مۇشائىرە ئەۋجىدە ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى - دە، راۋاجلىنىش، مۇكەممەللىشىش ۋە ئىشقا ئېشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى. ئەگەر «قۇتادغۇبىلىك» ئەنئەنىسى ئەسىرلەر مابەينىدە تاشلىنىپ قالمىغان بولسا بىزنىڭ قانۇنچىلىق ۋە ئەلنى ئىدارە قى-

لىش سىستېمىلىرىمىز زامانغا لايىق مەۋجۇدىيتى ۋە تاكامۇللۇقىنى ياراتقان بولاتتى. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆز ئېلىدىكى تارىخىي كەچمىشلەرنى يازماي، ئەجەملەر ھەققىدە تارىخىي ئەسەر يېزىشى غەلىتە بىر تېپىشماق. تارىخشۇناسلارنىڭ قانداق چۈشەندۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تېپىشماق ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن قالمايدۇ، دەپ قارايمەن.

يامغۇر باھار بۇلۇتلىرىنىڭ كۆز يېشى دەپ شائىرانە سۈپەتلەش بىلەن $H_2O$ ئارقىلىق ئىپادىلەش ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار، ئالدىنقىسى ھېسسىياتنى ۋە تەسەۋۋۇرنى چىقىش قىلغان ئېستېتىك ئىنكاس، كېيىنكىسى ئىلمىي تەجرىبە ۋە ئەقلىي تەتقىقات ئاساسىدىكى پەننىي ئىنكاس. بىر مىللەتكە ھەر ئىككىسى كېرەك، بەلكى ھاجەتتىن خالىي بولالمايدىغان كىشىلىك ھايات ئۈچۈن كېيىنكى بىلىش شەكلى تېخىمۇ مۇھىم.

ئات بېقىپ ئاتنى چۈشەنمەسلىك، نان يېقىپ ناننى چۈشەنمەسلىك، ئۇسسۇل ئويناپ ئۇسسۇلنى چۈشەنمەسلىك ئەقلىي بىلىش ساھەسىدىكى بوشلۇقنى ئاشكارىلايدۇ. مانا بۇ بىر مىللەتنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى قىلغان كېيىنكى سانائەت دەۋرىدىكى مەنىۋى پالەچلىكىدۇر. نەشرىياتلىرىمىزدا يىرىك پەن - تېخنىكا ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ يوق بولۇشى، بار بولغاندىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تايىنسىز بولۇشى ئىلمىي جەھەتتىكى قالاقلىقتا بولغان مەھكۇملۇق ۋە مائارىپ جەھەتتىكى قاتالالىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. بىز دەرسلىك تۈزۈش داۋامىدا بۇ جەھەتتىكى كەمچىلىكىمىزنى جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تولدۇرۇشقا تىرىشتۇق. ئات ھەققىدىكى بىلىملەرنى جۇڭگودا ۋە قازاقىستاندا تۈزۈلگەن ئېنسىكلوپېدىيەلەردىن تەرجىمە قىلىپ ئالدۇق. بىز يەنە فىرانسىيەلىك مۇزېيشۇناس ۋە تەبىئەتشۇناس بۇفون (Buffon) نىڭ «ئات» ناملىق ئەسىرىنى بەردۇق. ئەسەردە قارىماققا ئات

تونۇشتۇرۇلغان، ئات باشتىن ـ ئاخىر تونۇشتۇرۇش ئوبيېكتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئاپتور بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئات ھەققىدىكى ئەستايىدىل كۆزىتىشلىرىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، ئاتقا بولغان زوقىنى ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئاتنىڭ تەقدىرى بىلەن يۇغۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىدۇ. «ئاتنىڭ تەربىيەلىنىشى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنىشتىن باشلىنىپ، تىزگىنلەشنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.»[8]، «تەبىئىيلىك سۇنئىيلىكتە تېخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ، بىرەر ھايۋاننىڭ تېنىدىكى ھەربىكەت ئەركىنلىكى گۈزەل تەبىئىيلىكنى ھاسىل قىلىدۇ.»[9] بۇفوننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئاتنىڭ ئىنسانلار مەنپەئىتىنىڭ بېقىندىسى بولۇشتەك ئاقىۋەتكە بولغان ئېچىنىش چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاتنىڭ شاش، ئەركىن ھالىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ مۇئەييەن تۇرالغۇسى بولمايدۇ، ئۇلارغا سۈزۈك ئاسماندىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمايدۇ.»[10] بىپايان ئاسمان، غۇر ـ غۇر شامال قىيغىتىپ تۇرغان يېشىل يايلاق، ئەركىن ئات ... بۇلار قوشۇلۇپ گۈزەل بىر سۇ بوياق رەسىمنى ھاسىل قىلىپ، ئاتنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە نىسبەتەن لەززەتلىك شەيدالىقىمىز ئۇرغۇيدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئاتقا بولغان ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «ئات بېشىنى كۆتۈرسە ئۆزىنىڭ تۆت پۇتلۇق ھايۋان ھالىتىدىن ھالقىپ كېتىمدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.»[11] بۇ بىر جانلىق تەسەۋۋۇر، ئات گويا زېمىننى قاشقىش تاختىسى قىلغان.

بۇفوننىڭ ئات ھەققىدىكى بۇ ئەسىرى ئاتنى كۆزىتىش داۋامىدىكى تەمكىنلىك بىلەن بايان قىلىش جەھەتتىكى شائىرانە لاتاپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ تەسۋىرلىرى ھەرگىزمۇ رېئال دۇنيانى ئىگىلەشتىن يىراق نازاكەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەرگە ئايلىنىپ قالمىغان. دەرسلىكتە يەنە بۇفوننىڭ «تىيىن» دېگەن ئەسىرى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەر بىزنى ئاپتور تە-

يىنىنى شۇنچىلىك بىلىش ئۈچۈن قانچىلىك يىللارنى سەرپ قىلغاندۇ دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ. تىيىنىنىڭ ئەپچىل ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەيدىغان سۆپەت سۆزلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن تەرجىماننىڭ ئەمگىكى ئۈستىدىن خېلى ئىشلىدۇق. تىلشۇناسلىقىمىز تەبىئىي پەنلەر جۈملىدىن تەبىئىي جۇغراپىيە، ئېكولوگىيە ساھەلىرىدىكى ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇر تىلىدا قانداق ھەل قىلىشتا ئۈلگۈرمىگەننىڭ ئۈستىگە، ئۆزىمىزنىڭ تىل بايلىقىنىڭ كىتابىي تىل دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالغانلىقىنى ھەسرەت ئىچىدە ھېس قىلدۇق. ھايۋانلارنىڭ نازۇك خۇلق - مىجەزى ۋە ھەرىكىتىنى دەل ئېچىپ بېرەلەيدىغان خەلق تىلىنىڭ كۆپلۈكى ئۆزىمىزگە ئايان. ئەپسۇسكى، خەلقىنىڭ قوينىغا شۇڭغۇيدىغان پۇرسەتلىرىمىز تولىمۇ ئاز. ھايۋانات ھەققىدىكى تەرجىمە تېكىستلەر مەنىنى ئېچىپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، تەرجىمە تىلىنىڭ جانلىق ۋە پاساھەتلىك بولۇشىغا نىسبەتەن ئانچە رازى ئەمەسمەن. بۇ بىزدە داڭلىق دۇنياۋى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ بولماسلىقى ياكى پىشقان - كامىل تەرجىمانلارنىڭ ئازلىقىدىن ھەمدە تەبىئىي پەنلەر ئەسەرلىرى تەرجىمىچىلىكى ئەنئەنىسىنىڭ راۋاج تاپالمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

دەرسلىكتە يەنە فىرانسىيەلىك ئاتاقلىق ھاشاراتشۇناس فابىرنىڭ «ياپونىيە مايقوڭغۇزى» دېگەن ئەسىرىمۇ بېرىلدى. ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى تەھرىرلەش جەريانىدا، بىرەيلەن: «نېمە دېگەن ئۇششاق گەپلەر بۇ، ئادەمنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ كېتىدىكەن» دېدى. لېكىن بۇ ئەسەر فابىرنىڭ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەرزىمەس ھېسابلىنىدىغان كىچىككىنە ھاشاراتنى زېرىكمەي - تېرىكمەي يىللار كۆزەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمى ھەرگىزمۇ نوقۇل بىر ھاشارات مۇتەخەسسىسىنىڭ قەلىمى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەرپلىرى جانلىقلاردىن پۈتكەن تەبىئەتتىن ئىبارەت بۈيۈك كىتابنىڭ شەرھىيچىسى ئىدى. ئۇ، ھاشاراتلار-

نىڭ پىنھان دۇنياسىنى چۈشەندۈرۈشتە شۇ قەدەر سەۋرچان ھەم سوغۇققان بولۇشنى قارىماي، تىل ئۇسلۇبىدىن يۇمۇرىستىك تۈس، شېئىرىي پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. فابىرنىڭ قەلىمىدە ھاشاراتلارنىڭ ھەرىكىتى ئادەمزاتلىشىدۇ. «ياپونىيە مايقوڭغۇزىنىڭ دۇنياسىدا ناخشا ئازابىنى ئىپادىلەيدۇ. جىمجىتلىق بولسا خۇشاللىقنىڭ ئالامىتىدۇر»[12] دەيدۇ فابىر. بۇ جۈملە قانداقتۇر بىر نەسرىي شېئىرنىڭ بىر پارچىسىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. فابىرنىڭ ئون توملۇق «ھاشاراتلار دۇنياسى» ئالىملار تەرىپىدىن «پەن بىلەن شېئىرنىڭ مۇكەممەل ماسلاشتۇرۇلۇشى» دەپ تەرىپلەنگەن بولۇپ، پۈتكۈل دۇنيادا دائىم نەشر قىلىنىپ تۇرىدىغان كىلاسسىك ئوقۇشلۇققا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تولۇق تەرجىمىسى بىرقانچە قېتىم نەشر قىلىندى ۋە بۇ ئەسەر ساپا مائارىپى ئوقۇشلۇقى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. مەشھۇر شائىر گۇچېڭ بۇ كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق مول روھىي ئوزۇق ئالغان، ئۇنىڭ شېئىرىي مەسىلىلىرىدىكى نۇرغۇن تېما مەزكۇر ئەسەردىن كەلگەن. بۇ «ھاشاراتلار دۇنياسى»نى ئەۋلادلىرىمىز بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يۈز كۆرۈشتۈرۈش كاتتا ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى، ئۇنىڭ مۇھىتىنى، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل ئالاقىنى پەننىي كۆز ياكى تەجرىبە ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان سوغۇققان ئەسەرلەر يوق. ئىبىن سىنا، ئەلخارەزمىي، ئۇلۇغبەگ ئەنئەنىسى كېيىنكى ئىشانچىلىق ۋە پىكىر مۇتلەقچىلىقى تەرىپىدىن يوق قىلىندى. بۈگۈنكى زىيالىيلىرىمىزدىمۇ خىيالىيلىق ئىنتايىن ئېغىر. بۇ قانداقتۇر ئەدەبىياتتا مەلۇم ژانىرنىڭ كەم بولۇش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى خەلقىمىزدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئەقلىي، پەننىي يۈرۈشنىڭ يېتەرسىز بولۇش مەسىلىسىدۇر. بىزدىكى تە-

بىئىي پەنلەر مۇتەخەسسىسلىرى ئەدەبىياتتا ئاجىز، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا راۋان ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر ئەمەس. ئانا تىلدىكى ئىلمىي ئەمگەككە يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋان ياكى مائاش بەرمىگەچكە، ئۇلار ئانا تىلىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يېزىقچىلىقى ئېلىپ بېرىشنى ھاجەتسىز دەپ قارايدۇ، ئۇنۋان ئۇلارنىڭ قىبلىگاھى.

خەلقىمىز ھېسسىياتچان خەلق سۈپىتىدە يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا باي، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى دېتاللارنى ئادەمگەرچىلىك نەزىرى بىلەن كۆزىتىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەخلاق خەلقىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى نېگىز بولۇپ كەلدىكى، بۇ ئەخلاق ئۆزىنىڭ ئېتىقاد مەنبەسىدىن ئايرىلغانسېرى ساددىلىشىپ كەتتى. ھەرقانداق ئەخلاق پەرز خاراكتېرلىك مۇنتىزىم ئىنتىزامنى شەرت قىلغاندىلا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ. بىر خەلقتە ئۆز - ئۆزىنى بىلىش ۋە تەرتىپلەش قابىلىيىتى ئۇنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى كونكرېت ئامىللارغا نىسبەتەن ئەقلىي مۇئامىلە قىلىشى ئارقىلىق يېتىلىدۇ، سەنئەت قېنىغا سىڭگەن بىزدەك ھاياجانلىق خەلق يۈكسەك ئەقلىيلەشكەن بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر قەدەمدە ئۇتتۇرىدۇ.

بىر تال قۇرت قارىماققا ئەرزىمەس نەرسە، ھەتتا بىز ئادەتتىكى كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيدىغان جانلىقلارمۇ بار. بىز بۇلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغىنىمىزدا ئەقلىمىز كۈچلىنىپ، تىلىمىز ئۆزىرايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھاياتلىق چەمبىرىمىزنىڭ ئېلېمېنتلىرى ھەمدە بىزنىڭ بىلىش دۇنيايىمىزغا بېرىلگەن تاپشۇرۇق. «كۆرمەمسەنكى، ئاللا بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك رەڭگارەڭ مېۋىنى چىقاردى. تاغلارنىڭ ئاق - قىزىللىرى، ھەر خىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار.»[13] شۇنىڭدەك «ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى.»[14] بۇنداق بۇيرۇقنى

ئاڭلىغانىغا مىڭ يىلدىن ئاشقان خەلقتە تەبىئەتكە نىسبەتەن ئەقىل يۈرگۈزۈش پارلاق بىر ئەنئەنىگە ئايلانسا بولاتتى. ئۇلۇغبەگ ئۆزىنىڭ ئوغلى تەرىپىدىن قەتل قىلىنىپ، ئۇنىڭ رەسەتخانىسى ۋە كۇتۇپخانىسى تالىۋلەرچە كۆيدۈرۈلگەندە، مۇقەددەس بۇيرۇققا قىلىنغان ئاسىيلىقمۇ يۈز بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارىم ۋە ماۋەرا ئۇننەھر ۋادىلىرى ئۈستىدىكى ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرى تەتۈر ئايلىنىپ، مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەيدىغان بولۇپ كەتتى.

دەرسلىكتىكى پەننىي ئەدەبىيات تېكىستلىرى بىزنىڭ تەبىئەتكە ئەقلىي يۈرۈش قىلىش ئېھتىياجىمىزنى قامدىيالمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىغا قىلىنغان پېداگوگىك خىتاب، ئەۋلادلىرىمىز بۇ يىپ ئۇچىنى بويلاپ ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ بۈيۈك نەتىجىلىرى بىلەن ئۆز ئەقلىنى بىلەپ، ئەمەلىيەتچان، ئەقلىي سوغۇققان، ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى چوڭقۇر، ئوبدان ئويلايدىغان سالماق كىشىلەردىن بولۇشى لازىم. چۈنكى ئەقلىي پەنلەر كىشىلەردە مەسئۇلىيەتچان، تەمكىن، دەڭسەپ ئىش قىلىدىغان خاراكتېرنى پەيدا قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار دەرسلىكتىكى ئاشۇ تېكىستلەر ئاساسىدا ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ۋەزىپىسىنى فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە، ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى بىلىشى شەرت. تەبىئىي پەنلەر ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ ئۆزى ئۆتۈۋاتقان دەرسلىكتىكى تۈرلۈك قائىدىلەرنى باشقا پەنلەردىن ئايرىلىپ تۇرغان دوگما نەرسە سۈپىتىدە يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. ئۇلارمۇ ئوقۇغۇچىلارنى تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئىگىلەشتىكى زوق - ھاياجانغا چۆمدۈرۈشنى بىلىشى كېرەك. كانت «ئالەم تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى يازىدۇ، مەن بۇ سۆزنى مەكتەپلىرىمىزدىكى تەبىئىي پەنلەر ئوقۇتقۇچىلىرىغا

ھاۋالە قىلىمەن:

«... ئۇنداقتا، سۆزۈك كېچىدە يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراش خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، بۇنداق خۇشاللىقنى پەقەت ئالىيجاناب روھلا ھېس قىلالايدۇ. شەيئىلەر تىمتاس تۇرغاندا ۋە تۇيغۇلار تىنچىغاندا ئۆلمەس روھنىڭ يوشۇرۇن بىلىش ئىقتىدارى سىرلىق تىل ئارقىلىق ئېچىلمىغان بەزى ئۇقۇملاردىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ ئۇقۇملارنى پەقەت ھېس قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن سۆز بىلەن ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدۇ.»[13]

كانتنىڭ سۆزىدىن مەلۇمكى، تەبىئەت ھەققىدىكى ھەرقانداق بايقاش تەبىئەتكە بولغان شەيدالىق ۋە بۇ شەيدالىقتىن كەلگەن لەززەتلىك ھېس - تۇيغۇدىن باشلىنىدۇ. باللارنى تەبىئەتتىكى شەيئىلەر ۋە نورمال ھېس - ھاياجاندىن ئايرىپ ئۆگىتىلگەن تەبىئىي پەنلەرنىڭ ساۋاتلىرى ئۇلارنى زامانىۋى دۇنيادىكى خۇراپاتچىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. تەبىئەت ئالدىدا تاگور بىلەن نيۇتون ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار تەبىئەتتىن ئىبارەت سىرلىق ئەسەرنى ئوخشىمىغان تىل بىلەن ئوقۇيدۇ، خالاس.

### نەقىل مەنبەلىرى

① ھەزارەت ــــ خەنزۇ تىلىدىكى «文化» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ- مۇمەن قىممەت قاراشنى نېگىز قىلىدۇ، ئابدۇقادىر جالالىددىنىنىڭ «تو- قۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ؟» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003 - يىللىق 5 - سان) ناملىق ماقالىسى ۋە ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇقنىڭ «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىيولوگىيەلىك ئىزاھات» («تۇرپان» ژۇرنىلى 2003 - يىللىق 4 - سان) دېگەن ماقا- لىسىگە قارالسۇن.

② لۇ جىيىڭ: «تىل - ئەدەبىيات دەرسى ھەققىدىكى يېڭى ئىزدى- نىش» تە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتې- تى نەشرىياتى 2003 - يىلى ئىيۇل نەشرى، 26 - بەت(خەنزۇچە).

③ يۇقىرىقى كىتابتا بېرىلگەن نەقىل، 9 - بەت.

④ جاۋ خۇيۇ: «تىل ـ ئەدەبىيات پېداگوكىسىنىڭ ھازىرقى زامان چە شەرھى»، مەركىزىي تەرجىمە نەشرىياتى 2003 ـ يىلى ماي نەشرى (خەنزۇچە).

⑤ يۇقىرىقى كىتابتا بېرىلگەن نەقىل، 298 ـ بەت.

⑥ لۇ جىيىڭ: «تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ھەققىدە يېڭى ئىزدى-نىش» تە بېرىلگەن نەقىل. شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 ـ يىلى ئىيۇل نەشرى، 10 ـ بەت.

⑦ ۋايىتخىد: «مائارىپنىڭ مەقسىتى»، «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 2002 ـ يىلى يانۋار نەشرى، 19 ـ بەت (خەنزۇچە).

⑧⑨⑩⑪ 7 ـ يىللىقلار ئۈچۈن تەييارلانغان «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكى 2 ـ قىسىم تەييارلانما ماتېرىيال، نەشر قىلىپ تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

⑫ يۇقىرىقى ماتېرىيال.

⑬⑭ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە فاتىر 27 ~ 28 ـ ئايەتكە قارالسۇن.

⑮ لى گۇڭمىڭ: «مەھكۇملۇق ۋە ئېلىشىش — پەن بىلەن سەنئەت-نىڭ دىيالوگى»غا قاراڭ. جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى يانۋار نەشرى، 30 ـ بەت (خەنزۇچە).

# ھۆكۈمەت، ئالىي مەكتەپ، بازار

ھەرقانداق بىر تەرەققىياتتا مائارىپنىڭ ئاچقۇچ ئىكەنلىكى مەتبۇئاتلىرىمىز ۋە ھۆكۈمەت يىغىنلىرىدىكى نۇتۇقلىرىمىزدا تەكرار تەكىتلىنىپ كەلدى. لېكىن بۇ كۆپ ھالدا كىشىگە ھېچقانداق بىر تەسىر كۆچى بولمىغان قۇرۇق سۆزدەك بىلىنىدۇ. توغرا ھۆكۈمۇ ئەمەلىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇلغان ھالدا ئېيتىلىۋەرسە قانچىلىك ئۇرغۇلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەدرىجىي دوگمىلىشىپ كېتىدۇ. ئىجرادىن مۇستەسنا قالتىس ھەقىقەتلەر ئۆز ھېكمىتىدىن ئايرىلىپ، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ مەنۋىيىتىگە يۈك بولۇپ قالىدۇ. مائارىپ جەمئىيەتكە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇ ھەم جەمئىيەت ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى. جەمئىيەت كونكرېت ئادەملەرنىڭ كونكرېت ئىش - پائالىيەتلىرى ۋە ياشاش تەرزىدىن ئىبارەت بولۇپ، مائارىپ كونكرېت جەمئىيەت مۇھىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ مائارىپ ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز، جۈملىدىن مائارىپىمىزنىڭ ئۆزى جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ماس بولۇپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا مېڭىشى لازىم.

مائارىپ ھەرگىزمۇ يەككە - يېگانە نەرسە ئەمەس، ئۇ مەلۇم بىر تۈزۈمدىكى ھۆكۈمەت، ئىقتىساد بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىزدە مۇئەييەن بىر شەكىلدىكى مائارىپ بار بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، مائارىپىمىزنىڭ نۆۋەتتە دۇچ كېلىدىغان خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇھىتتىكى ئىممۇنىتېت كۈچى، ھۆكۈمەت بىلەن مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-

سىۋەت، مائارىپ بىلەن ئىقتىساد، ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەت ھەققىدىكى ماكرولۇق تەتقىقاتلار قىلىنمىدى. پەقەت
ئايرىم دەرسلەر، ئايرىم تېكىستلەر ۋە بىر قىسىم مېتودقا ئا-
ئىت ئۇقۇم خاراكتېرلىك تېمىلارنى چۆرىدەش بىلەنلا چەكلەن-
دۇق. يۇقىرىقىلار بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ مائارىپ سىياسى-
تىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر بولغاچقا، مۇتەخەسسىسلىرىمىز كۆپ
نازۇك تەرەپنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

تېخنولوگىيەنىڭ تەرەققىي قىلىشى مائارىپقا مۆلچەرلىگۈ-
سىز تەسىر كۆرسەتتى. ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە
يېڭىلىنىشى ئەنئەنىۋى مەندىكى باشقۇرۇش سىستېمىسىدىن
تەشكىل تاپقان، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان مەكتەپ قو-
رۇلىرىنى ئۆڭكۈرگە سولانغان مائارىپقا ئوخشىتىپ قويىدى. ئې-
لېكترون ۋە ئۇچۇر دۇنيانىڭ ھەربىر نۇقتىسىنى ئىلىم نۇرى
بىلەن يورۇپ تۇرغان بوشلۇققا ئايلاندۇردى. دېمەك، بۈگۈنكى
كۈندە مەكتەپ قانداقتۇر بىر قورۇ ئەمەس، بەلكى يەر شارى
خاراكتېرلىك ئۇچۇرلىشىش سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ
قالدى. لېكىن تېخنولوگىيە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مائا-
رىپى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مائارىپى ئوتتۇ-
رىسىدىكى پەرقنى تېخىمۇ زورايتىۋەتمەكتە. تەرەققىي قىلىۋاتقان
دۆلەتلەر بۈگۈنكى كۈندە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ
ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسىمۇ، زامانىۋى
مائارىپ سىستېمىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئۈمىدۋار تە-
شەببۇسلار زامانىۋىلىق ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتىكى تەلەپ-
نىڭ يۇقىرىلىقىغا سېلىشتۇرغاندا، دىققەت مەركىزى بولۇش
ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويماقتا. ئالىي مائارىپقا ئېتىبار بې-
رىشنىڭ بارغانسېرى ئېشىشى بىلەن ئۇنى بويلىيالمايۋاتقان ما-
لىيە مەنبەسى ئوتتۇرىسىدا دىراماتىك بىر كۆرسەتكۈچ بارلىققا
كەلمەكتە. بۇنداق رېئاللىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ۋە

تەتقىقات سېپىدە تېپىك نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.
مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر قاتار ئەمەلىي قوزغات-
قۇچنىغا موھتاج. باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى كونا ئامىللارنى
چىقىرىپ تاشلاش، مائارىپ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى شەكىل-
لەندۇرۇش، مەبلەغنى كۆپەيتىش، ناچار ئەسلىھەلەر ۋە نامرات
كۇتۇپخانىلار، قالاق ئۇسكۇنىلەر، لاياقەتسىز خادىملار ئاساسىي
سالماقنى ئىگىلەشتە، سەلبىي تەرەپلەرنى پائال ئۆزگەرتىش نۆ-
ۋەتتىكى جىددىي سىگنال. ئەمما، بۇ مەسىلىلەرنى كىم ھەل
قىلىدۇ؟ دۆلەت كونتروللۇقى كۈچلۈك بولغان تەرەققىي قى-
لىۋاتقان ئەللەردە پۈتۈن مەسئۇلىيەت ھۆكۈمەت زىممىسىگە
مەركەزلىشىپ قالغان بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى
فۇنكسىيەسى بىلەن بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مائارىپ
ئىسلاھاتى تەلىپى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭسىز ۋەزىيەت روشەن
ھالدا مەۋجۇت بولماقتا. تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ كۆپىنى-
چىسىدە نوپۇس ۋە ئوقۇغۇچى سانىنىڭ كۆپ بولۇشى مائارىپ-
تىكى كىرىزىسلىق كەيپىياتلارنى كۈچەيتىۋەتمەكتە. بۇلارغا
ئوخشىمىغان ھالدا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مائارىپى ئۆزى-
دىكى تېخنولوگىيەلىك ئىلغارلىق، ئىجادىيەت، تەتقىقات مۇھە-
تىدىكى ئەۋزەللىك بىلەن ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىنى مول تۇرتكىلەر بىلەن تەمىنلىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەر شارى مىقياسىدا تەسىر دائىرىسىنى كې-
ڭەيتىپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى ئوقۇغۇچى مەنبەلىرىنى ئۆزىگە
كۆپلەپ جەلپ قىلماقتا. ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئالىي مەكتەپلىرى
تەرەققىي قىلىۋاتقان ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىدە ئۆزلىرىنىڭ شۆ-
بىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تەسىس قىلماقتا. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ
دەرسلىكلىرىنى خەلقئارالاشتۇرۇش يۆنىلىشىگە كىرگۈزۈپ بول-
دى. بەزىلەر بىر تىلنىڭ ئىلغارلىقى ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئەۋزەللى-
كىدە دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇ ئەۋزەللىكنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى

بىلمەيدۇ. تىلنىڭ تەرەققىياتىنى بىر ئىجتىمائىي ھادىسە دېگىنى-مىزدە، شۇ تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تىلنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، بۇ تەرەپ تىلدىكى ئېلېمېنتلارنى تاۋلاي-دۇ، كۈچەيتىدۇ. ئىنگلىز تىلىنىڭ بۈگۈنكى دۇنياۋى ئورنى ما-ھىيەتتە ئىنگلىز تىللىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال قۇۋۋىتىنى مەنبە قىلىدۇ. مەشھۇر مائارىپ مۇتەخەسسىسى فىلىپ گ. ئالت-بەچ (Philip G. Altbach) «سېلىشتۇرما ئالىي مائارىپ» (ئىنگ-لىزچە نەشرى 1998- يىلى، لوندون) دېگەن ئەسىرىدە: «ھازىر-قى ئەھۋالدىمۇ، دۇنيادىكى غەيرىي ئىنگلىز تىللىق ئەللەر ئىنگلىز تىلىنى ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە پىروگراممىلاشتۇرۇپ بولدى. مەلۇمكى، ھۆكۈمەت خەلققە ئىمكانىيەت بەرگەن شارائىت ئاستىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپ ۋە ئوقۇتۇش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش دائىرىسى رايون چېگراسىدىن ھالقىپ دۇنياۋى مىقياستا كېڭىيىدۇ.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەت-لەر ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرىقى پەرق ئاخىر يەنە ئۆتمۈشتىكىدىن ئېغىر بولغان ئىقتىسادىي پەرقنىڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ قا-لىدۇ. بۇنداق زورىيىپ بېرىۋاتقان پەرق چوڭ سىياسىي كىرى-زىسنى شەكىللەندۈرىدۇ. «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمگەكنىڭ قىممىتىدە ئەمەس، بىلىمنىڭ قىممە-تىدە ئايان بولىدۇ» دەيدۇ مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس دانىل بىل. ئۇنىڭ «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى» دېگىنى بىز دائىم سۆز-لەپ كېلىۋاتقان بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ. روشەن-كى، نوقۇل جىسمانىي ئەمگەككە تايىنىپ باي بولىدىغان دەۋر ئاللىبۇرۇن كەتتى. بەلكى، كىشىلەر ئەمگەككە ماھىيەتلىك سۈ-پەت ھەم يۇقىرى ئۈنۈم ئەكېلىدىغان بىلىمگە موھتاج بولىدۇ. تەربىيەلىنىش ۋە بىلىم ئېلىش جەمئىيەت پۇقرالىرىنىڭ كى-شىلىك ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىپ بولدى.

بىز مائارىپنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگىنىمىزدە، بىلىمنىڭ بىر خىل مۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەق - ھوقۇقىنى تۈزۈم، قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گەۋدىلىك بىر يۈزلىنىش شۇكى، مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش كۆرسەتكۈچى ئۆرلەش بىلەن بىللە، دىپلوم ئوقۇشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغانلىقىنىڭ كۆرسەتكۈچىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەقىقىي بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئوقۇتۇش بىلەن ئوقۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلىنىدۇ. لېكىن، ھازىر دىپلوم ھۆكۈمەت ئالدىدا مەجبۇرىيەت ئۆتەشنىڭ كۆرسەتكۈچىگە ئايلىنىپ قېلىپ، سۈپەت تەلىپىدىن يىراقلىشىپ كەتتى. مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرگىزمۇ سۈپەت كۆرسەتكۈچىنى مال باھاسىنى چۈشۈرگەندەك تۆۋەنلىتىش بولماستىن، بەلكى تۆۋەن سەۋىيەلىك پۇقرالارنى ئەلا سۈپەتلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

تېخنولوگىيەنىڭ ئالىي مائارىپقا بولغان تەسىرى زور بولىسىمۇ، لېكىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ يېتىش يېتەرلىك ئەمەس. مانا بۇ كۆپلىگەن داڭلىق مائارىپشۇناسىنىڭ ئورتاق قارىشى. بۇنىڭدىن بىزنىڭ چۈشىنىش سەزگۈرلۈكىمىز تېخنولوگىيەنىڭ تەسىرىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. تېخنولوگىيە دۇنيانى بىرلەشتۈردى، ئالاقىنى راۋانلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەمنىڭ خاراكتېرىدە روشەن ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، غەربچە قىممەت قارىشى ھەممە يەرگە كېڭەيدى. بۇ ئەھۋال مائارىپنىڭ مىللىيلىقىغا زور خەۋپلەرنى ئەكەلدى. ئۇنداقتا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ بۇ قايتىدىن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك سوئال بولۇپ قالدى. بىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈردۇقمۇ؟ مېنىڭچە، بىز بۇنداق سوئالنى پەرەز

قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرگىنىمىز يوق.

ئالىي مەكتەپلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىدىغان مۇھىم مەنبە دەپ قارالماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ قاراش ئىقتىساد مودا بولغان ھازىرقى دەۋرنىڭ ئاساسلىق مۇقامى بولۇپ قالدى. چۈنكى ئالىي مەكتەپلەر جەمئىيەتنىڭ مۇتەخەسسىسلىشىش كۆلىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. بۇ مەنىدە ئۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنىڭ مەركىزىدىن ئىبارەت. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر مۇئەييەن دائىرىدىكى ئاپتونومىيەگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىز غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە گۈللەندۈرۈش — تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتا بولۇش سۈپىتى بىلەن سىياسەتكە ئېلىنىۋاتقان شارائىتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ فۇنكسىيەسى ھەققىدە مىللىي رايونغا ماس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئاللىبۇرۇن تۇغۇلۇپ بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدا ئىككى خىل بۇرچ تۇرۇپتۇ: بىرى، ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىنى قانداق ئىجرا قىلىش؛ يەنە بىرى، ئوقۇغۇچىلارنى بازار ئىقتىسادىي شارائىتىغا قانداق لايىقلاشتۇرۇش. بۇ دېگەنلىك ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە بىلەن بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنى ئوڭۇشلۇق بېسىش ۋەزىپىسى بار دېگەنلىك. جۇڭگو بازار ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالنى شەخسلەر ۋە شەخسىي كارخانىلار بەلگىلەيدىغان تۈزۈلمە تامامەن بارلىققا كەلگىنى يوق، ئاپتونوم رايونىمىزدا پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن قىسمەن بازار ئىگىلىكى بىللە يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. روشەنكى، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز تولۇق مەنىدىكى بازار ئىقتىسادىي مۇھىتى-

غا تېخى كىرمىدى. ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش، دەرسلىك پىروگراممىسى بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى ۋە نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتە ئۇنىڭ ئىگىلىك مۇھىتىغا نەزەر سېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن خالىي ھالدىكى ئالىي مەكتەپنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەقىقىي بازار ئىقتىسادى دەۋرىنىڭ تەلىپىدىن ھازىرقى ھالىتى بىلەن چىقىپ كېتەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ تەس. بۇ يەردە بازار، ھۆكۈمەت ۋە ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى كېلىپ چىقىدۇ.

مائارىپشۇناسلار مائارىپ باشقۇرۇشنىڭ شەكلىنى مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ: بىرى، دۆلەت كونتروللى شەكلى؛ يەنە بىرى، دۆلەت نازارىتى شەكلى. بىرىنچى شەكىلدە دۆلەت مائارىپنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش، ئىشتات، دەرسلىك مەزمۇنى ۋە شەكلىنى تۇرغۇزۇش ئىمتىھان سىستېمىسى، تەقسىم قىلىش، يېتەكلەش، ئۇنۋان بېرىش، ئۆستۈرۈش، مۇكاپاتلاش، پىلانلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت بېجىرىدۇ، شەخسلەر پەقەت ئىجرا قىلىش ئورنىدا بولىدۇ. ئىككىنچى شەكىلدە، دۆلەت قانۇن ۋە ئىقتىساد جەھەتتىن نازارەت قىلىدۇ، قالغانلىرىنى ھەرقايسى مەكتەپ ئۆز خاراكتېرىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى مائارىپ باشقۇرۇش شەكلى دەل ئىككىنچى خىل شەكىلگە كىرىدۇ. ئىككىنچى خىل شەكىل مائارىپشۇناسلىقتا ئالىي مەكتەپ ئاپتونومىيەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسى ۋە مەقسىتىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ دۆلەت بويىچە قانۇن، ئىقتىساد، باج نۇقتىسىدا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. ئەمما ئادەم ئىشلىتىش،

ئىمتىھان سىستېمىسى دەرسلىك پىروگراممىلىرىنى لايىھەلەش، تەتقىقات تۈرلىرىنى بېكىتىش، پاتېنت ھوقۇقىنى ساقلاش ۋە سېتىش جەھەتتە ئۆز ئالاھىدىلىكىگە يارىشا ئىش كۆرىدۇ. چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن مەكتەپلەردە بىر ئوقۇتقۇچى بىر قانچە مەكتەپكە پىروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىنىدۇ ياكى شىركەت، كارخانىلارغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بىلىمى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن، جانلىق بىلىمگە ئايلىنىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان مەيدانغا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەت ھەم ئۆزى ئۇچۇن بايلىق يارىتىدۇ. پىروفېسسورلار خامچوت ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، مەكتەپ مۇدىرى تۈزۈلمە جەھەتتىن ئىستراتېگىيە ۋە مالىيە سىياسەتلىرىنى تۈرغۇزالايدۇ.

جۇڭگونىڭ مائارىپ باشقۇرۇش شەكلى دۆلەت كونترولى ئەندىزىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال 1949 ـ يىلىدىن كېيىن ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشكە باشلىغان. مائارىپ تەتقىقاتچىسى ۋېي فاڭمىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى: ئاپتونومىيە ۋە مەسئۇلىيەت ـــ ھۆكۈمەت بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە ئانالىز» دېگەن ماقالىسىدە يۇقىرىقى مەسىلە ئۈستىدە مەخسۇس توختالغان. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، جۇڭگودا ھۆكۈمەت بىلەن ئالىي مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە سىياسىي قارارلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ قارارلارنى ئالىي مائارىپ پۈتۈنسۇرۇك قوللىناتتى. 1970 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بازار ئىقتىسادىنىڭ تەلىپىگە قاراپ ئېغىشقا باشلىغان. مەزكۇر ماقالىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇن جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ۋە مىسسىيونېرلار ئىگىلىكىدىكى بولۇپ جەمئىي 223 ئالىي مەكتەپ بار ئىكەن، 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەممىسى دۆلەت كونتروللىغا ئۆتۈپ، دۆلەت

پىلان كومىتېتى قارارغا ئالغان پىلان بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. مالىيە، دەرسلىك كىتاب، مائارىپ خادىملىرى، ئوقۇ-غۇچى قوبۇل قىلىش، تەقسىملەش، ئىمتىھان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تاكى بازار ئىگىلىكى يۈزلىنىشى بارلىققا كەلگەنگە قەدەر مەھكەم ساقلانغان بولۇپ، 1990 - يىللاردىن بۇيانقى ئىق-تىسادىي دولقۇنغا ئەگىشىپ كۆرۈنەرلىك ئىسلاھاتلار قىلىنىشقا باشلىغان. مائارىپ مەركىزىي پىلان سىستېمىسى تۈزگەن ئومۇ-مىي پىلان ئىچىدە ھەرىكەت قىلغاندا، ئۆزىگە خاس ھەرىكەتچان-لىق، تەشەببۇسكارلىقتىن ئايرىلغان ھالدا بيۇروكراتلىشىدۇ. مەركىزىي پىلان كومىتېتى ۋە پىلاننى ئىجرا قىلىدىغان ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ نورمال فۇنكسىيەسىدىن ھالقىپ كەتكىنىچە، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تارمىقىنى ھەممىنى بىلى-دىغان ۋە ھەممىگە قادىر ھەرىكەتچى سۈپىتىدە ئۆز ئوبيېكتىغا ماسلاشتۇرۇشنى يوللۇق دەپ قارايدۇ. ھۆكۈمەت پىرىنسىپىنىڭ ئىجراچىلىرى بەرىبىر ئاز سانلىقلاردىن تۈزۈلىدىغان بولغاچقا، داۋاملىق ئىسلاھ قىلىنىشقا تېگىشلىك چارە - تەدبىرلەر ھۆج-جەت تۈسىنى ئېلىپ، ئاسانلا دوگمىلىشىپ قالىدۇ. بازار ئىگى-لىكى دەۋرىدىكى جۇڭگو ئالىي مائارىپى بۇنىڭ ئۆزىگە كەلتۈر-گەن زىيانلىق ئاقىۋەتلىرىنى تونۇپ يېتىشكە باشلاپ، بەزى تۈرلەردە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئاپتونومىيەلىك ھوقۇق بېرىلدى. بازار قانۇنىيەتلىك بولغاچقا، مەمۇرىي بۇيرۇققا بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ. ئېشەك مىنگەن ئادەم قامچا بىلەن بېدىگە تايىنىپ ئېشەكنى ماڭدۇرغانغا ئوخشاش، بازارمۇ پايدا ۋە زىيان ئارقىلىق كارخانىلارنى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئىشلەشكە يېتەكلەيدۇ. پايدا ۋە زىيان جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە روھىي سىلكىنىش ئېلىپ كېلىدىغان ئامىل بولغاچقا، كىشى-لەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى ئاشۇ نېگىزنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر جەمئىيەت ھە دېسىلا ئالىي فورمىسىغا تايىنىپ

مەۋجۇت بولالمايدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە گۈللىنىشى ئۇچۇن ئىقتىساد بولۇشى كېرەك. بۇ ئەھۋال جەمئىيىتىمىزدە مائارىپقا ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، ئىقتىسادىي نۇقتىدىن جىددىي قاراش لازىملىقىنى بەلگىلىدى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە، ئالىي مەكتەپلەر بازارنىڭ باشقۇرۇشىدا ياخشىمۇ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا ياخشىمۇ؟ ھۆكۈمەتنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى رولى قانداق بولۇشى كېرەك؟ دېگەن سوئاللارغا دۇچ كەلدى. ھۆكۈمەت تۈزۈم شەكلىدە مەكتەپلەرنى كونترول قىلىدۇ، بازار بىر خىل تاللاش ھوقۇقى بولۇپ، ھەر بىر ئىندىۋىدۇئال (شەخس) ئۆزىگە لايىق تۈزۈلمە ياكى ئەندىزىدىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بازاردىمۇ قارار چىقىرىش بولىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئالدىن بەلگىلەنگەن قارار بولماستىن، زىددىيەتنىڭ ئەمەلىي ھالىتىگە ئاساسەن كېتىۋېتىپ تۇرۇپ چىقىرىلىدىغان قارار، ھۆكۈمەت پەرمان ۋە قارار شەكلىدە ئىش كۆرىدۇ، بازار نۇرغۇن ئىمكانىيەت ئىچىدىن تاللايدۇ. ھۆكۈمەت بېكىتىپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بازار تاللاش شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇچۇن بازار ئامىلىنىڭ ئوينايدىغان رولىنى قوزغاتماي بولمايتتى. بازار تەرتىپكە موھتاج بولغاچقا، ئۇنى مۇۋاپىق كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدىغان، قانۇن جەھەتتىن قوغدايدىغان، پۇل مۇئامىلە سالەھسىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەيدىغان ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ. لېكىن، بۇ قارىقويۇق ھالدا پەرمانغىلا تايىنىدىغان ھۆكۈمەت بولماستىن، بەلكى بازار قانۇنىيىتىنى ياخشى ئىگىلىگەن ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رېئاللىقىدىن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلىرىمىز بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تىپىك ھۆكۈمەت كونترولى شەكلىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسىدىكى يادرولۇق ئۇنۇمنى

قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقى قاتمال مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. تەرەققىي قىلغان نۇرغۇن ئەللەردە كارخانا، ھۆكۈمەت،
مەكتەپ قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىشىش مۇناسىۋەت
يولغا قويۇلماقتا، بۇلارنى باراۋەر ئۆچ بۇلۇڭلۇق مۇناسىۋەت دې-
يىشكىمۇ بولىدۇ، جۇڭگونىڭ ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىمۇ مۇشۇ
يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەتتە مەكتەپ ھۆ-
كۈمەت ياكى خۇسۇسىيلار قارىمىقىدىكى كارخانىلارنىڭ مەلۇم
تۈرلەر بويىچە سالغان تەتقىقات ۋە ئېچىش مەبلىغىنى قولغا
كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۆزىمۇ پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر مەھ-
سۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە،
مالىيە جەھەتتىن ھۆكۈمەتنىڭ قولىغىلا قاراپ قېلىشتەك پاس-
سىپ ھالەتتىن خۇشلىنىشالايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارمۇ گەپ سېتىپ
جان باقىدىغان نىمجان ھالەتتىن بايلىق يارىتىدىغان ئاكتىپ
ھالەتكە ئۆتىدۇ. بۇ جەرياندا ھۆكۈمەت ئالىي مەكتەپلەرنى قا-
نۇن، مالىيە سىستېمىسى جەھەتتىن نازارەت قىلىپ، تەدرىجىي
ھالدا ئالىي مەكتەپلەرگە ئاپتونومىيەلىك ھوقۇق بېرىشى لازىم
بولىدۇ. «ئاپتونومىيە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئۆز - ئۆزىنى
باشقۇرۇش دېگەن بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ تەبىرى ئۇنچە ئاددىي
ئەمەس، ئۇ ھەرگىزمۇ نەزەرىيەۋى ئەركىنلىك ئەمەس. بۇ سۆز-
نىڭ مائارىپ - مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتىكى مەنىلىرى
ئۈستىدە بىزدە ئىزدىنىش بولمىدى. يۇقىرىقى ئۈچ بۇلۇڭلۇق
ئايلانما مۇناسىۋەتنى خەنزۇچە 产管学连携 دەپ ئاتايدۇ. ئالىي
مەكتەپ ئاپتونومىيەسىدە، مەكتەپلەر ئۆزى تۇرغان رايوننىڭ
ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كەسپىي خاراكتېرى بويىچە ئوقۇتۇش
پىروگراممىسى تۈزىدۇ، مەقسەت بەلگىلەيدۇ، ئىمتىھان ۋە
ئۇنىۋان باشقۇرۇش نىزاملىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئادەم تەك-
لىپ قىلىش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە جانلىق بولىدۇ. ھەرقانداق
بىر دۆلەتتە ئوخشاش شەكىلدىكى فۇنكسىيە ئۆتەيدىغان بىرقاز-

چە ئالىي مەكتەپ بولمايدۇ. بەلكىم بەزى مەكتەپلەرنىڭ كەسپى ئالاھىدىلىكى ئوخشاپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇنىڭ شارائىتى، جايلاشقان ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىدە پەرق بولىدۇ.

رايون ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ مەكتەپلەرنىڭ رولىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ھەتتا بۇ رايون بەزىدە مۇستەقىل بىر مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە ۋەكىللىك قىلىشىمۇ مۇمكىن. جۇڭگودەك كۆپ مىللەتلىك چوڭ بىر دۆلەتتە بۇنداق ئەھۋال تامامەن رېئال مەسىلە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقلىم ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت شەكلى، تارىخىي ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جۇغراپىيەسى ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەرگە قارىتا پەرقلىق ۋەزىپىدە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز ھەرگىزمۇ ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەرنى دوراش بىلەن ئۇلاردىن ئۇستۇنلۇك تالىشالمايدۇ. بەلكى، مەكتەپلىرىمىزنىڭ رايونىمىزدىكى ئەھمىيىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھەرقايسى كەسىپ تۈرى جەھەتتىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كونكرېت رېئاللىقىنى چىقىش قىلىپ قۇرۇلۇش ۋە ئادەم تەربىيەلەشى كېرەك بولىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر خىل ئىجادىيەت ۋە بايقاشتۇر. ئوقۇغۇچى مەكتەپكە پۇل تۆلەپ كىرىدۇ، ئىقتىسادىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچى ئىستېمالچى. ئۇنداقتا، ئۇ بىر ئىستېمالچى سۈپىتىدە ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان تاۋار (بىلىم)نىڭ سۈپىتىنى نېمىگە ئاساسەن قوغدايدۇ؟ بۇ بىزدە بازار ئىقتىسادىي شارائىتىغا لايىق مۇكەممەل ئالىي مائارىپ قانۇنى بولۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچى ئۆزى تۆلىگەن بەدەلگە مۇناسىپ ھالدا بىلىم مۇلازىمىتىنىڭ ساپاسىغا باھا بېرەلىشى، تاللاش ۋە رەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلىشى كېرەك بولىدۇ. مانا بۇنداق چاغدا ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىي كاپالە-

تى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىلىم دۇنياۋى نەرسە، شۇڭا دۇنياۋى سۈپەتتە يەتكۈزۈلۈشى كېرەك. يەتكۈزۈلۈشنىڭ ئۆزى مېتود بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە يارىشا ھەر خىل تۈس ئالىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى غەرب ئەللىرىگە ئەمەس، ھەتتا ئاسىيادىكى بىر دۆلەتكە بارسا ئەقلىي ئەمگەك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ مائارىپىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقنىڭ رېئال بىر كۆرۈنۈشى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىكى ۋە بازار ئىقتىسادىي شارائىتىدىكى ھۆكۈمەت مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ داۋاملىق ئىزدىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان، ئەمما مۇۋاپىق ھەل قىلىنسا بولمايدىغان ئەمەلىي مەسىلە.

2002 - يىلى نويابىر، ياپونىيە

## نەسەب، فاملە، سالاھىيەت

بىر جەمەتنىڭ تۇغقانچىلىق دەرىجىسى خۇددى بولاقنىڭ تارمىقى، دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشايدۇ؛ تارماق بىلەن شاخنىڭ يىراق-يېقىنلىقى پەرقلەنگىنى بىلەن ئۇنىڭ مەنبەسى، غولى بىردۇر.

— مورگان

مەن نامغا موھتاج، چۈنكى جىسمىم ھامان ئۆلىدۇ.

— جۇۋەينى

يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا مۇرەككەپ تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇساپىلىرىدە قانداق سالاھىيەتتە قەدەم بېسىش لازىملىقى ھەققىدە ساددا خىياللارغا بېرىلىپ كېتىشى تۇپەيلىدىن ئەقلىي سىستېمىغا ئىگە بولمىغان قىسمەن ئىجابىي ئۇرۇنۇشتا بولماقتا. بەزىلەر، تىل ۋە يېزىق كۆچۈشى ئېلىپ بارساق قاتمال تارىخ تېپىشماقلىرىدىن ساقىت بولالايمىز، دېيىشتى، لېكىن بۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى يېتەرلىك رېئال، تارىخىي پاكىتلار، ئىلمىي دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرەلمىدى. يەنە بەزىلەر، بىزدە پەلسەپە بولۇشى كېرەك، پەلسەپىسى بولمىغان خەلق بىچارە بولىدۇ، دېيىشتى. پەلسەپە مەۋجۇتلۇق مەسىلىلىرى بويىچە مۇلاھىزىدىن كېلىپ چىققان پىكىردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مەسىلە ھەل قىلىشقا ئاجىزدۇر. دۇنيادا ھەممىدىن بالدۇر پەلسەپە ياراتقان قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىنىڭ باشقا غەرب ئەللىرى ئالدىدىكى سېلىشتۇرمىلىق ھالىتى بىزگە بىر چاغلار-

دىكى پەلسەپە خۇرۇجلىرىنىڭ غالىبلار ئۇچۇنلا ئەنئەنە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئارىمىزدىكى يەنە بىر قىسىم كىشى، يىلتىزىمىزنى تېپىشىمىز كېرەك، شۇندىلا شاللاندىلارغا ئايلىنىپ قالمايمىز، دېيىشتى. لېكىن، يىلتىز تېخى تېپىلمىدى، يىلتىز ئىزدەيدىغانلار ئانا مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەكتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. فامىلە قوللىنىش غۇلغۇلىسى بىزدىكى يىلتىز ئىزدەش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى تەقلىدىي كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدى.

يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئىجتىمائىي ئۇرۇنۇشلىرى بولۇپ، ھېچبولمىغاندا غاپىللىقتىكى نائىلاجلىق سۇكۇتىگە قارىغاندا، مەلۇم ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز خەلقىنىڭ تارىخ، ئىجتىمائىي ھالىتىگە ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، تىل، تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئىلمىي دىياگنوز قويۇشتىن تېخى يىراق تۇرماقتا. بۇنداق ئىشلارنى قىلىش كىشىلىك تۇرمۇش ھاجەتلىرىگە بەند بولۇپ كەتكەن بۇ ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ قولىدىن كەلمىسە كېرەك. بىز ھەيران بولۇۋاتقان غەربلىكلەردە «رىم شەھىرى بىر كۈندىلا بىنا بولغان ئەمەس» دېگەن گەپ بار. تارىخنىڭ بەھەيۋەت قەسرى كىشىلەرنىڭ ئۆز ھالىغا يارىشا ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزۈكسىزلىكى ئارقىسىدا رويابقا چىقىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ غايە ۋە قىممەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ قەدىرلىك سىيماسىنى ئاشۇ قەسىرنىڭ ھەرىكەتچان، تىرىك گەۋدىسىدىن كۆرىدۇ.

فامىلە توغرىسىدا بىر قىسىم ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى جەمئىيەت ھاياتىدا فامىلە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئىلگىرى سۈرۈلدى. فامىلە تەشەببۇسى ئاخىرقى ھېسابتا زىيالىيلار ئىد-

چىدە جامائەت پىكرىگە ئايلاندى، ھەتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى قوزغىدى. خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىكى نوپۇزلۇق بىر قىسىم زىيالىيلارنى يىغىپ، فامىلە قوللىنىش مەسىلىسى بويىچە پىكىر ئېلىش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى ۋە فامىلە قوللىنىش توغرىسىدا خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەشەببۇسنامە ئېلان قىلىندى. تەشەببۇسنامىدە ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە قوللىنىش زۆرۈريەتلىرى ۋە فامىلە تاللاش ئۇسۇلىغا ئائىت پرىنسىپ خاراكتېرلىك كۆرسەتمىلەر ئەكس ئەتكەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، فامىلە قوللىنىش مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئادەتتىكى تەقەززاسى بولۇپ، شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز - ئۆزىنى نەسەب جەھەتتىن تونۇش ۋە بايقاشنىڭ بەلگىلەشكەن ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. «فامىلە» ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن ئۇقۇم، ئۇ ئائىلە، نەسەب، جەمەت، قانۇن، شان - شەرەپ قاتارلىق نۇرغۇن ئۇقۇمغا بېرىپ تاقىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن فامىلە مەسىلىسىنى تىلشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، فولكلور، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، بەلگىشۇناسلىق ئىلىملىرى بويىچە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بەزىدە شەخسنىڭ ئىرق، تەبىقىنى بەلگە قىلغان ئىجتىمائىي تەۋەلىكى سۈپىتىدە مۇھىم بولىدۇ؛ بەزىدە ئۇ شەخسنىڭ غورۇرى، ھەق - ھوقۇقىنى نېگىز قىلغان قانۇنىي مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؛ بەزىدە ئۇ تارىخنىڭ قىل قان تومۇرى سۈپىتىدە تارىخنىڭ ئۆگىلىرىنى ئېنىقلاشتا زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ بۇ مەسىلىنى تىلغا ئېلىشى گەرچە بۈگۈنكى مەدەنىيەت شارائىتىدا كۆپ كېچىكىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قانداقلا بولمىسۇن خەلقىمىزنىڭ ئۆزلۈك سەزگۈسىنىڭ ئاز - تولا ئۆسكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. فامىلىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى

نوقۇل ھالدا مەلۇم مۇئەسسەسەنىڭ تەدبىرى ۋە كۆرسەتمىسى بىلەنلا ئىلمىي ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇ جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمە تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. شۇڭا فامىلە توغرىسىدىكى سەمەرىلىك تەتقىقاتلار مەيدانغا چىققاندىن كېيىن فامىلە قوللانساق، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل ئېغىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولسا كېرەك.

«فامىلە» سۆزى لۇغەتىمىزگە غەربتىن كىرگەن. «يېڭى بىلىملەر ئىنگلىز تىلى لۇغىتى» («ئۈچ بىرلەشمە» كىتابخانىسى 2001 - يىلى ئىيۇن نەشرى، بېيجىڭ) دە ئىزاھلىنىشىچە، ئىنگلىز تىلىدىكى «family» دېگەن سۆز «ئائىلە»، «جەمەت»، «ئۇرۇق»، «ئىرق»، «تۈركۈم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن.

«ئىنگلىز تىلىنىڭ ۋېبىستېر لۇغىتى ۋە خەزىنىسى» (لېكسكون نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى، دانبۇرى) دېگەن لۇغەتتە «family» سۆزى مۇنداق ئىزاھلانغان:

① ئاتا - ئانا ۋە بالىلاردىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا؛

② قانداش كىشىلەر تۈركۈمى؛

③ بىر - بىرىگە يېقىن ھايۋان، ئۆسۈملۈك، تىل قاتارلىقلارنىڭ گۇرۇپپىسى؛

④ ئورتاقداشلىقىنىڭ گارمونىك تۈركۈم دائىرىسى.

بىز قوللىنىۋاتقان فامىلە ئىنگلىز تىلىدا «Surname»، «Last name» دەپ ئېلىنىدۇ. يۇقىرىقى لۇغەتتە «Surname» دېگەن ئىبارە مۇنداق ئىزاھلانغان:

① جەمەت نامى؛

② تۇغۇلغان، تۇرغان ئورنىغا ئاساسەن بىراۋغا بېرىلگەن نام.

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىزاھاتلار ئۆيغۇرچە مەدەنىيەت دائىرىسىدىكى فامىلە ھادىسىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، لېكىن ئۇ-قۇم مەزمۇنىنى چۈشىنىش ئىبارىسىدە مۇئەييەن ئىلمىي پايدىلى-

نىش قىممىتىگە ئىگە. مەدەنىيەتتىكى بەزى ئورتاق ئېلېمېنتلار خاس تەرەپلەرنى بايقاش ۋە چۈشىنىشىمىزگە يىپ ئۇچى بېرىدۇ.

«فامىلە» سۆزىنى بىز «شەجەرە»، «يىلتىز»دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. ئەمما بۇ مەنىنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس. غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى ۋە تارىخى ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىش بولدى. بىراق، قانائەتلىنىشتىن يىراقمىز. بىزمۇ ئۆز مەنپەئىتىمىزگە يارىشا تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئىزدىنىشلىرىدە بولۇشىمىز كېرەك. «فامىلە» ھەققىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قانداق ئىزنالارنىڭ بارلىقىنى بىز بۇ يەردە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قالدۇرىمىز. تيەن خۇيگاڭ ئىسىملىك بىر ئاپتور «جۇڭگو ــ غەرب كىشىلىك ئاتاق سىستېمىسى» (چەت تىللار ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى نەشرىياتى 1998 ــ يىلى ئاپرېل نەشرى، بېيجىڭ) دېگەن كىتابىدا كىشىلەرنىڭ قانداشلىق ۋە ئۇرۇق مۇناسىۋەتلىرى، جۈملىدىن مىللەتلەرنىڭ فامىلە تۈزۈملىرى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي توختالغان. بىراق، ئۇنىڭدا جۇڭگودىكى غەيرىي خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ ئىسىم ــ فامىلە مەدەنىيىتى ھەققىدە ھېچنېمە دېيىلمىگەن. ئاپتور ئىنگلىز مىللىتىنىڭ فامىلە نامى ھەققىدە كۆپ سەھىپە ئاجراتقان بولۇپ، فامىلىلەرنىڭ مەدەنىيەت مەنبەلىرىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى ئاساسەن دېگۇدەك ئىبراي («ئىنجىل») ۋە گىرېك (يۇنان ئەپسانە ــ رىۋايەتلىرى)، رىم مەنبەلىرىدىن كەلگەن. بىراق، ئىنگلىز فامىلە سۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى بىرقەدەر مۇرەككەپ. ئىنگلىز فامىلە نامى تۆۋەندىكىدەك رەۋىشتە پەيدا بولغان:

1. بەزى يەر ۋە يەر شارائىتناملىرى فامىلە قىلىپ قوللىنىلغان.

2. ئاتىنىڭ ئىسمى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

3. كەسىپ نامى فامىلە سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

4. ئادەمنىڭ قىياپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە فامىلە قوللىنىلغان.

5. ئۇسۇملۇك نامى فامىلە قىلىنغان.

6. نەرسىلەرنىڭ ئىسمى فامىلە قىلىنغان.

7. ئابستراكت مەنىدىكى سۈپەت، پېئىل سۆزلىرى فامىلە قىلىپ قوللىنىلغان.

8. باشقا مىللەتلەرنىڭ لۇغىتىدىنمۇ فامىلە ئېلىنغان.

9. ئادەتتىكى ئىسىملار ياكى شەرەپ ناملىرىنىمۇ فامىلە قىلىنغان.

يۇقىرىقى تەرەپلەرنى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە بىزدە مەيدانغا كەلگەن ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، كۆپ جەھەتتىن ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. ئۇيغۇر خەلقى تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت جەھەتتىن كۆپ قاتلاملىقتا ئىگە، جۇغراپىيە جەھەتتىن تۈت پەسىل روشەن دەۋر قىلىدىغان ئىقلىملاردا ياشىغان، غەرب، شەرق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ تۇگۈنى بولغان يىپەك يولىدا ئۆزگە خاس ئىجادىي روھىنى نامايان قىلغان، مۇرەككەپ ئېتنىك تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن خەلق بولغاچقا، ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىدە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت تۇتاشمىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى دۇنيا مەغرۇر ئەركىسى بولغان ئىنگلىزلاردىنمۇ رەشىدارلىقتا ئىگە. ئۇيغۇرلار بوستان مىللىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئەتكە بولغان سىرلىق ئورتاقداشلىق تۇيغۇسىنى بۈگۈنكى زامانىۋى دەۋردىمۇ يوقاتماي كەلگەن. شۇڭلاشقا، بۈگۈنكى ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىمىزدىمۇ تەبىئەتكە ۋە تەبىئەت ئارقىسىدىكى سىھرىي ھېكمەتكە بولغان چوقۇنۇش ئەكس ئەتمەكتە. ئىسىمنى بىر خىل روھىي كۈچ ياكى روھىي نىشان دەپ قارايدىغان خەلقىمىز ئەجدادلىرىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپلىرىنى تەۋەررۇك سۈپىتىدە ئىزچىل

داۋاملاشتۇرماقتا. مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدىكى مومسىنىنىڭ «رىم تارىخى» ناملىق كىتابىدا «جەمەتكە ۋە كىلىلىك قىلىدىغان فامىلە مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن ئەمەس» دېگەن سۆزىنى نەقىل ئېلىپ فامىلىنى مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئىزاھلايدۇ. ئىنسان بىرەر ئىزنا بىلەن ئۆزىنى خاتىرىلەشكە ياكى ئۆزىنى پەرقلەندۇرۇشكە ئۇرۇنغان كۈنى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت يوشۇرۇن كۈچ ئاشكارىلىنىشقا ئۆتكەن بولىدۇ. ئۇ مۇئەييەن بەلگە ياكى سىمۋول سۈپىتىدە تارىخنىڭ جەريانلىرىنى شەكىللەندۇرىدۇ. قەدىمكى ئىندىيانلارنىڭ فامىلە ۋە ئىسىم قاراشلىرىدا قەبىلە تۈزۈمىدىكى تەرتىپلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، شۇنداقلا ئىسىم ئادەمنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلانغان. بۇنى مورگاننىڭ مۇنۇ سۆزىدىن كۆرۈۋالالايمىز: «بەزىلەر قاتتىق ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن، خۇراپاتلىق تۈپەيلىدىن، يەنە بىر قېتىم ئات يەڭگۈشلەشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنداق ئىشلار كۆپ ئۇچراپ تۇراتتى. يەنە بەزىلەر بەك قېرىپ كەتسە ئېتىنى يەنە بىر قېتىم يەڭگۈشلەيتتى.»

«خۇراپاتلىق تۈپەيلىدىن» دېگەن ئىبارىگە ھېلىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى پەن — تېخنىكا راسا گۈللەنگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىغا چوقۇنۇشقان ھالدا شەيدالىقلىرىنى ئىپادىلىشىدۇ. ئىسىم ۋە فامىلە زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئابرۇي، ھەتتا كىشىنىڭ بەخت — سائادىتى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن، دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭدا مۇناسىپ غۇرۇر، ئىپتىخار ۋە ئار — نومۇس ئەكس ئېتىدۇ. «خۇدا بۇيرۇغان ئىشلارغا تەييارلىنىپ قويدۇم. ۋىجدانىم ئىنتايىن پاك. ئىسمىم، مېنىڭ شان — شەرىپىم ۋە مېنىڭ تارىختىكى ئورنۇم مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم. مەن دەل مۇشۇلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن.» پاكىستان خەلقىنىڭ پەخرى زۇلپىقار ئەلى بوتتونىڭ بۇ سۆزى كىشىلەرنىڭ نام — شەرەپ قارى-

شىنى مەركەزلىك هالدا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، ئادەم ھەرقانداق زامانىۋى دەۋردە ياشىغاندىمۇ، ئۇ ئۆز ھەۋەسلىرىنى قاناتلاندۇرۇش ۋە قاندۇرۇشقا كەلگەندە تۇيغۇلىرىنى مۇبالىغە قىلىشقا مايىل بولماي قالمايدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشتىياقى دەل ئىنساننىڭ ئۆزىنى خوراپىيلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

مورگاننىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىنىڭ روھىنى ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى هالىتىدىن ئاختۇرۇپ تاپالايمىز. ئۇيغۇرلار ئىسىم بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىگە روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. ئىسىم نامەلۇم بىر روھنى يۇدۇپ يۈرىدۇ، بۇ ئىسىم كىمگە قويۇلغان بولسا ئىسىمدىكى روھ ئادەمنىڭ روھىغا ئۆزلىشىپ، ئۇنىڭ خۇلق - مىجەزى، قىلىق - ھەرىكەتلىرىدە نامايان بولىدۇ، ئاخىر شۇ كىشىنىڭ تەلىيىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەقىدە بۈگۈنكى كىشىلەردىن يىراقلاپ كەتكىنى يوق. كاپىتالىستىك ئەقىدە يامراپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، كىشىلەر بىرەر تاۋارنى كەشىپ قىلغاندا، ئۇنىڭ مەركىسىنىڭ نامى ئۇئۇچۇن ئالاھىدە باش قاتۇرىدۇ. شىركەت قۇرغان چاغدا شىركەت نامى ئۈچۈن تۇجۇپىلەيدۇ. بۇ نامنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى شىركەت ياكى تاۋار ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئىسىم قويۇپ بەرگەنلەرگە ھەق ۋە سۆيۈنچە بېرىشىدۇ. مانا بۇ نام - ئاتاق ھېرىسمەنلىكىنىڭ بۈگۈنكى ۋارىيانتى. بۇرۇنقىلار ئىسىمنى روھ بىلەن باغلاپ ئۇلۇغلىغان بولسا، بۈگۈنكىلەر پۇل بىلەن باغلاپ ئەتىۋارلىشىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزى ياشاۋاتقان ھاياتلىق چەمبىرىكىگە نىسبەتەن شۇنچە زىل ئىنكاس قايتۇرالىغان خەلق تۇرۇپ، قانداقسىگە فامىلە قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ نەسىل - نەسەبىنى داۋاملىق خاتىرىلەپ مېڭىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالدى؟ بۇ، دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراش مەسىلىسىگە چېتىلىدىغان تېپىشماق. بۇنىڭغا فولكلور مەدەنىيەتشۇناسلىقى ھامان بىركۈنى جاۋاب بېرەر.

ئۇيغۇر خەلقى نۇرغۇن ئاچچىق تارىخىي سىناقنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلدى. ئالدىمىزدىكى تارىخىي سىناقلار بۇرۇنقىلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا مۇرەككەپ ۋە تېخىمۇ كۆپ. ئۆزىمىزنى يېتەرلىك قېزىپ، ئۆزىمىزنى توغرا تونۇپ يېتىشكە ئۇلگۇرمىگەن شارائىتتا، تاشقى مەدەنىيەتلەرنىڭ شىددەتلىك تەسىرىگە دۇچ كېلىشكە باشلىدۇق. ئەۋلادلىرىمىزدىكى ماڭقۇرتلىشىش بۈگۈنگە كەلگەندە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى. ئىجادچانلىق روھىنى نان ئۈچۈن دوغا تىكىۋەتكەن زىيالىيلارمۇ ئەمەلىيەتتە ماڭقۇرتلۇقنىڭ تۇمانلىق گىرداۋىلىرىدا ئەگىپ يۈرۈشىدۇ. ئەنگلىيە جەمئىيەتشۇناسى ئانتونىي گىددېنس «زامانىۋىلىق ۋە ئۆزلۈك سالاھىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قاندەك: «زامانىۋىلىق كۈندىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، شەخسىيەتلىرىمىزگە ياتىدىغان تەرەپلىرىمىزگە تەسىر كۆرسەتتى... زامانىۋىلىقنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى كېڭىيىشچانلىق ۋە غەرەزچانلىقتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئېشىۋاتقان تەسىر بارلىقىدا كۆرۈلمەكتە: بىرى، يەر شارىلىشىشنىڭ تەسىرى؛ يەنە بىرى، شەخسىي ساپانىڭ ئۆزگىرىشى.»

شەخسىيەت ۋە ئىقتىساد ھېرىسمەنلىكى غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلمىسىنى شىددەت بىلەن ئۆزگەرتتى. پايدا مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالغان ئۇچۇر كىشىلەرنىڭ پائالىيەت بوشلۇقىنى كېڭەيتتى. پائالىيەت قىلىشتىكى چەكلىمە جۇغراپىيەلىك بوشلۇق كومپيۇتېر قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ رولىدا مەدەنىيەتلەر ئارا سىڭىشىشنى نېگىز قىلغان «دۇنيا روھى»نى بارلىققا كەلتۈردى. قاتناشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ۋە دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ كۆپىيىشى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەمكارلاشمىلارنىڭ كېڭىيىشى ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدىنى ئەۋزەل ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە

قىلدى. بۇنداق شارائىتتا، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مۇقىم بىر قېلىپتا بىر - بىرىدىن ئايرىلالماي تۇرۇشىغا قاتتىق زەربە يەتتى، خىزمەت ۋە ئوقۇش ئېھتىياجى ئەرنى بىر شەھەردە، خوتۇنىنى يەنە بىر شەھەردە تۇرۇشقا مەجبۇرلايدىغان بولدى. مۇھەللەتنىڭ ئۇزىرىشى ياكى تەرتىپسىز بولۇشى ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات تەڭپۇڭلۇقىنى تەۋرىتىدىغان ياكى بۇزىدىغان ئامىل بولدى. بۇ ھادىسە ھەرقايسى ئەلنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا تۈرلۈك رەۋىشتە كۆرۈلدى. تەبىئىيكى، ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكى جان بېقىش قىيىنلىشىۋاتقان ھازىرقى جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ خەلقئارالىق مۇھىتتا ھاياتلىق پۇرسىتى ئىزدىشى نەتىجىسىدە، ئانچە مۇھىم بولماي قالدى. نەتىجىدە ئائىلە پارچىلاندى، بۇنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا غەيرىي نىكاھلىق ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتى ئىگىلەشكە باشلىدى، پەرزەنتلەر تەربىيەسى كۆپرەك ھالدا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرى ياكى مەكتەپلەرنىڭ رولىغا بېقىنىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا، كىشىلەردە فامىلە ۋە كىملىك توغرۇلۇق تېخىمۇ قېلىپسىز كەيپىيات شەكىللەندى. ئاياللار ھوقۇقچىلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىشتەك ئەنئەنىنىڭ ئۇلىغا سۇ كىرىشكە باشلىدى.

جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىردى. بۇ، بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلغاندىن بۇيانقى بىر قىسىم نىكاھ ئۆزگىرىشىگە تېخىمۇ زور دولقۇنلارنى باشلاپ كېلىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، جۇڭگو جەمئىيىتى قانداشلىقنى يادرو قىلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئەڭ تىپىك بولغان جەمئىيەت بولۇپ، كىشىلەر قانداشلىق ۋە قانداشلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمەتچىلىك ئەنئەنىسىنى ئەلا كۆرىدۇ. ئۆز جەمەتىگە بولغان سادىقلىق ئومۇمىي مەنىدىكى ئەخلاق سىستېمىسى سۈپىتىدە باشقا تەرتىپ، نىزاملارغا نىسبەتەن خېلى روشەن نوپۇزغا ئىگە. بۇنى چەت

ئەللەرنىڭ بەزى تەتقىقاتچىلىرى فامىلىزم (familism) (بىرچە جەمەتچىلىك) دەپ ئاتاشقان. جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى بۇ ھالەت نۆۋەتتىكى خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقە، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بىلەن روشەن ھالدا توقۇنۇشىدۇ. سالاھىيەت مەسىلىسى يېڭى خەلقئاراۋى مۇھىتقا دۇچ كېلىۋاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ قايتا ئويلىنىش تېمىسى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، سالاھىيەت مەسىلىسى تېخىمۇ نازۇك مەسىلىدۇر. ئېچىنىشلىق يېرى، زىيالىيلىرىمىز بىز دۇچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەرنى تەخىرسىز تېما سۈپىتىدە تەتقىق قىلمىدى. رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىلىم مەشغۇلاتلىرى ئاكادېمىيەلىرىمىز ۋە ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى ئەجەللىك ئىللەت. بىزنىڭ تەتقىقاتلىرىمىز خىرىس ۋە رىقابەت ئەۋج ئېلىۋاتقان ھاياتلىق مۇھىتىدا مىللىيچە مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىنىڭ مۇستەھكەم ھەم ئاكتۇئال ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇشقا كېپىل بولالىشى كېرەك ئىدى.

بىر خەلقتە ئۆزىنى ئىپادىلەش خاھىشى ئەمەلگە ئاشمىغان شارائىتتا، باشقا خەلقلەر بىلەن ھەمكارلىقتا بىللە تۇرالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىش ئىپتىخارىدىن بەھرىمەن بولۇشى تېخىمۇ تەس. دۇنيادىكى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىي تاپقان ۋە تاپمىغان پەرقىگە قاراپ، رىقابەتلىك ھايات سەھنىسىنىڭ ئوخشىمىغان بۇرجەكلىرىدە تۇرماقتا. مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنى قايتا تونۇش ھەرقانداق دەۋردىكىگە قارىغاندا مۇھىم بولۇپ قالدى. فامىلە قوللىنىش تەشەببۇسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىزدىكى يىلتىز ئىزدەش تۇيغۇسىنىڭ ئاجىز بىر ئىپادىسىدۇر. چۈنكى يىلتىزىنى بىلىش فامىلە ئىزدەش بىلەنلا ئىشقا ئېشىپ كەتمەيدۇ. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەقەت ئىرقىي ۋارىسلىرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالساق، ھايۋاندىن پەرقىمىز قالمايدۇ. بىز

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي قىممەتتىكى ياشاش ۋارىسلىرى-دىن بولۇشىمىز ئۈچۈن ئاددىي پەرقلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان فامىلە قىزغىنلىقى بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، نەسىل - نەسەب ۋە قىممەت قارىشى جەھەتتىكى مەرىپەتكە ھەمدە پاكلىق قۇرۇلۇشىغا قەدەم بېسىشىمىز لازىم.

فامىلە كىشىنىڭ شان - شەرەپ تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدى-غان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. غورۇرلۇق بىر ئىنسان ئۇلۇغ ھەم پاك نەسەبىنىڭ مىراسخورى بولغىنى بىلەن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ ياكى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدۇ. بىر خەلقتە ئەقىل - پاراسەت، ھالاللىق، بايلىق ۋە رەھنىما ۋەكىللىك قى-لىدىغان كىشىلەر تۈركۈمى بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدى-دىكى ئېسىللىك ۋە ئالىيجانابلىق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام، تۆۋەن قاتلامدىكى قېرىنداشلىرىغا نەمۇنە يارىتىدۇ، بۇ نەمۇنە ئۆزىدىكى ئىلھامبەخش جەلپكارلىق بىلەن ئۇلارنى ئەمە-گەككە، ئىجادىيەتكە، بايلىق يارىتىشقا دالالەت قىلىدۇ. ئۇلار بىر مىللەتتىكى ئەقىدە ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئايلىنىشى بىلەن تىرىك مائارىپ ۋە تەشۋىقاتتۇر. شۇنداق ئى-كەن، پۇرسەتپەرەسلىك ۋە قاقتى - سوقتىلىق بىلەن بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەر ھەرگىزمۇ ئاقسۆڭەك بولۇشقا مۇناسىپ ئە-مەس. ماددىي بايلىق روھىي جەھەتتىكى يالىڭتۆشلۈكنى ھەر-گىزمۇ يېپىپ قالالمايدۇ.

فامىلە تەتقىقاتى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ساھەگە بېرىپ چېتىلىدۇ. بىز فامىلە تەتقىقاتىدا سۆزلۈكلەر ۋە ئاتال-غۇلارنى ئېنىقلاش ھەم ئىزاھلاش بىلەن توختاپ قالساق بولماي-دۇ. ياۋروپالىقلارنىڭ ئەندىزىلىرىگە ئۆلۈك ھالدا تەقلىد قىلساق-مۇ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ئۆتمۈش ئەنئەنىلى-رىمىزگە ئۆلچەم ھەم تەنقىدىي تۇرغۇچ بولۇپ قالماسلىقى لازىم. فامىلە تەتقىقاتى بىز ئۈچۈن مىللىي خاسلىق ھەم ئوبراز يارى-

تىشتىن ئىبارەت بولۇشى، ئائىلە ۋە ئائىلە تۇزۇمىنىڭ سوتسى-
يولوگىيەلىك قىدىرلىشى بولۇشى لازىم. يېقىنقى زامان تارىخى-
دىكى پارلاق كىشىلەرگە چوقۇنۇش بىزنى ئۆزىمىزگە بولغان ر؟-
ئال، ئوبيېكتىپ تەتقىقاتتىن مەھرۇم قىلىپ تاشلايدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە فامىلە تەتقىقاتى
ماھىيەتتە ئۇيغۇر فولكلور لۇغىتىدىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن،
ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى سوغۇققانلىق بىلەن بېسىلىشى كېرەك.

فامىلە مەسىلىسى ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى نەسەب مە-
سىلىسى بولماستىن، بەلكى بىر خىل قېزىشتۇر، ئۆزىنى تو-
نۇشتۇر، شۇنداقلا ئېغىر مەسئۇلىيەتتۇر.

تارىخ ئۇزۇكسىز زورىيىۋاتقان بىر فامىلىنىڭ ئۆز - ئۆ-
زىنى يارىتىشى ۋە يۇيۇشىدىن ئىبارەت. جيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ
«مېنىڭ فامىلەم ۋە يۇرتۇم» ناملىق ماقالىسى بىر تارىخنىڭ
ئۆز نەسەبى ھەققىدىكى ئىقرارى ھەم ئىزدىنىشىدىن نىشاندۇر.
بۇ بىزگە ئۆزىنى تونۇشنىڭ بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئەسكەر-
تىدۇ. ئەگەر ھەربىر ئائىلە باشلىقىدا جيەن بوزەن ئەپەندىدەك
ئۆزىنى ئىزدەش ۋە ئىزاھلاش، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۇش مەسئۇ-
لىيىتى بولىدىغان بولسا، نادانلىق، بوشاڭلىق تۇپەيلى كېلىپ
چىقىدىغان خورلۇق ۋە ھاقارەتتىن خالاس تاپقان بولاتتى.

2002- يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ئاياللار ۋە بوسۇغا

تىجارەت، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى مەھەللە، رايون ۋە دۆلەت چېگرالىرىدىن ھالقىپ دۇنياۋى مىقيادا گىرەلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى دۇنيانىڭ داڭلىق مائارىپ، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى چەت ئەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى قەلەمگە ئېلىپ، ئانا ۋەتىنىدىكى يېقىنلىققا تەشنا خەلقنى تۈرلۈك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى. تەسەۋۋۇر ۋە ئىنتىلىشلەر ئاساسىدا قۇرۇپ چىقىلغان يات ئىقلىملار بارغانسېرى رېئال تۈس ئېلىشقا باشلىدى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ياشلىرى دۇنيانى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە قۇرۇپ چىقىشقا ئۆزلىرىنىڭمۇ نېسۋىسى بارلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇنداقلار كۆپەيگەندە، ئۆزىنىڭ ئانا خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى ھەقىقىي تونۇپ، خەلقىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۈچۈن كۆيۈپ ـ يانىدىغان ئەقىدىلىك ياشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنداق، يەر شارىدا بىزمۇ بار، شۇنداق ئىكەن، قەدىر ـ قىممەت، شان ـ شەرەپ مۇنبەرلىرىدە بىزمۇ بولۇشىمىز كېرەك. بىر قىسىم ياشلارنىڭ دۇنيانى كۆرۈپ يازغان ساياھەتنامىلىرىدە مۇشۇنداق ئىستەك بار.

بىزنى يېقىن بىر كىملىكنىڭ بايقىلىشى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنى تاپقاندا، ھەقىقىي ئۆزىمىزگە ئايلىنالايمىز. ساياھەتنامىلەردىن قىز ـ ئاياللار يازغان بەزى ساياھەتنامىلەر كىشىلەرنى جەلپ قىلىدى. ئاياللار ئايرىم تەرەپلەردە ئىنچىكە ھەم سەزگۈر كېلىدۇ، شۇنداقلا خېلىلا رومانتىك كېلىدۇ. ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن سۇ-

غىرىلغان يۇمران خاتىرىلەر قېلىپلىشىپ كەتكەن قاقشال، بىمەز-
زە گەپلەردىن تويۇپ كەتكەن قەلبلەرنى سۆيۈندۈرمەي قالامدۇ؟ ئايال
ئوقۇرمەنلەر بۇنداق ئەسەرلەرگە خېلىلا ھېرىسمەن كېلىدۇ.

تېز سۈرئەتتىكى شەھەرلىشىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي
قاراشلىرىنى شىددەت بىلەن ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكى ئە-
مەلىي مەنپەئەتنى باشقىنى نەزەرگە ئالمايدىغان قىلىۋەتتى. ئەن-
ئەنىۋى ئىگىلىك شەكىللىرى خىرىسقا ئۇچراپ، ئىگىلىك ئەھلە-
نىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدىكى نورمال تەرتىپنى بىتچىت قىلىۋەت-
تى. ئەرلەر ئىش ئىزدەپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتى، ئۆيدە ئول-
تۇرۇشقا تاقىتى قالمىغان ئاياللارمۇ سودا قىلىش ئۈچۈن بوسۇغى-
دىن چىقىشتى. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئائىلە ھاياتىنىڭ بىرلە-
كىمۇ بەربات بولۇپ، ئەر ئايالنى باقىدىغان، ئايال پەرزەنتلەرنى با-
قىدىغان قۇرۇلما لىڭشىپ قالدى. ئەرلەرنىڭ سۆلتىمۇ بۇرۇنقى-
دەك ھەيۋەتلىك بولماي قالدى. ئۇلارنىڭ نوپۇزى ساقال ـ بۇرۇتنى
پەش قىلاي دېسە، ئۇنىڭمۇ تايىنى قالمىدى. چۈنكى ساقال بىلەن
بۇرۇت مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ بىلەن بىرلەشمىسە، ئۇ پەقەت تۈك-
تىنلا ئىبارەت.

ئاياللارنىڭ بوسۇغىدىن چىقىپ كېتىشى بىزگە نۇرغۇن ئا-
قىۋەتنى ئېلىپ كەلدى، بالىلارنىڭ تەربىيەلىنىشى باشقىلارنىڭ
قولىغا قالدى. تەلىم ـ تەربىيە ئىشىنى بىر خىل ئەقىدە ئىشى
دەپ قارىماي زىيادە تاۋارلاشتۇرۇۋەتتۇق. مائارىپنى پەقەت ئىم-
تىھاندىن ئۆتۈش ئىشى دەپلا قالدۇق. بالىلىرىمىزمۇ ئاتا ـ ئا-
نىلارنىڭ مېھىر سۆيگە تويۇك قانمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار
خۇددى ئانىسىنى بىلمەي چوكۇلداپ يۈرۈشكەن توك چۈجىسىگە
ئوخشاپ قالدى. ئائىلە تەربىيەسى دېگەنلەرنى باشقىلارغا ھاۋالە
قىلىپ، ئانىلار خىزمەت ھەلەكچىلىكىدە قالدى.

«ئەرلەر ئۆينىڭ تۈۋرۈكى!» مېنىڭچە، بۇ گەپ ناھايىتى توغرا،
ئەمما بۇ گەپنىڭ سەلتەنىتىگە دەز كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئايال-لار-

نىڭ يۈرىكىگىمۇ دەز كەتتى. چۈنكى، ئاياللار مەزمۇت ئەرلەردىن مۇستەسنا ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىقىنى يوقىتىپ سەرسان بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار قەيسەر ئەرلەرنىڭ سايىسىدە ياشايدىغان سۇمبۇللار.

بىزنىڭ ئاياللىرىمىز بوسۇغىنىڭ ئىچىدىكى قىممەت بىلەن بوسۇغىنىڭ تېشىدىكى قىممەتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمىسە بولمايدىغان يەرگە كەلدى. ئوقۇغان ئاياللىرىمىزنىڭ ئىنكاسىدىن قارىغاندا، ئائىلە ئىنتايىن مۇھىم، ئايالغا خاس تاكامۇللۇقنىڭ كاپالىتى ئائىلىدە. ئۇلار بۇنى نەچچە يىللىق مۇساپىرلىقنىڭ ئىزغىرىن شامallىرىدا تونۇپ يەتكەن. بىراق، بۇنداق سادالار تازا ئومۇملىشىپ كېتەلمىدى. سەۋەبى، بىز ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى باشقىدىن چۈشىنىشكە ئۈرۈنۈپ باقمىدۇق، ئەكسىچە ئۇنى مۇھىم ئەمەس دەپ قارىدۇق. مېنىڭچە، ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلمىگەن خەلق ئۆزۈل ـ كېسىل چۈشكۈنلەشكەن خەلق.

ئوقۇۋاتقان قىزلىرىمىزنىڭ كۆپىيىشى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، بىراق ئانىلىقتا سەل قارىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بىزدە ئانىلىقنىڭ ئىللىق ھەم تاتلىق مەۋسۇمىدىن خەۋەرسىز ھالدا سولۇپ كەتكەن گۈزەل قىزلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ لاتاپەتتى چارچىغان يىگىتلەرنىڭ تەسەللىسىگە ئايلانسا، ساغلام باللارنىڭ خۇش ھاۋالىق باغچىسىغا ئايلانسا نەقەدەر ئوبدان بولاتتى ـ ھە!

تەدبىردىن خالىي ھالدىكى ئارزۇ پەقەتلا بىر خىل ئاجىزلىق.

ئەي گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرى، ئوقۇغۇچىلار، بىپايان جاھاننى چۈشىنىڭلار، لېكىن ئۆزۈڭلارنىڭ ئانا بولىدىغانلىقىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلا!

بۇرۇن بىر باتۇر يىگىت ئۆزىنىڭ شىرمەتلىكى بىلەن بىر شەھەرنى قوغداپ قاپتۇ. ئۇ جەڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭغا: «مۇنداق ئۈچ نەرسىدىن بىرنى تاللىساڭ، تەڭرى ئۇنى ساڭا ئىنئام قىلغۇسى: ئۇلار ئەقىل، گۈزەللىك، شەرم ـ ھايالاردۇر» دەپتۇ. باتۇر يىگىت ئازراق ئويلانغاندىن كېيىن: «ماڭا ئا-

يال كېرەك» دەپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. يىگىت: «ماڭا سىلى ئېيتقان ئۈچ نەرسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان ئايال كېرەك» دەپ سۆزىنى تولۇقلاپتۇ، پادىشاھ قايىل بوپتۇ.

باتۇرلۇق ھەرگىزمۇ قارا كۈچ ئەمەس، بەلكى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن كۈچنىڭ بىرلىكى. ئەقىل، گۈزەللىك ۋە شەرم ـ ھايانى ئۆزىگە جەم قىلغان ئايالنىڭ پۇشتىدىن يەنىلا باتۇر تۇغۇلىدۇ. ئۇ مەيلى قىز ياكى ئوغۇل تۇغسۇن، بۇنداق ئانىلاردىن قەيسەر ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇكەممەل ئاياللىق دۇنياسىغا كىممۇ سەل قارىيالىسۇن. ئاياللارنىڭ قۇدرىتى ئەنە شۇ يەردە.

2006 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# يوقىنىڭ گېپى بولدى، ئېپى بولمىدى

— جۇ گوپىڭنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009 - يىلى 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» ناملىق نۇتقىغا ئىلاۋە

ژۇرنالىست قۇربان مامۇت ئەپەندى: تەھرىراتىمىزغا جۇ گوپىڭنىڭ «جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» ناملىق نۇتقىنىڭ تەرجىمىسى كەلدى. مەزكۇر ماقالە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ئاكتۇئال قىممەتكە ئىگە ئىكەن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنى توغرا تەپەككۇر يۆنىلىشىگە ئىگە قىلىدىغان بىرەر پارچە ئىلاۋىنى قىستۇرۇپ بەرسەك بولاتتى. قولىغا قەلەم ئالغۇدەك ۋاقتىڭىز بارمۇ، دەپ سوراپ قالدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە ۋاقتىمنى ئىزدىنىش ۋە پىكىر قىلىشنىڭ قۇرغاق مۇساپىسىدە ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، ئوقۇرمەنلىرىمنى سۆيۈندۈرگۈدەك چوڭ نەتىجىنى رويابقا چىقىرىپ بولالمىدىم. شۇنداق ئىكەن، شېئىر توپلاملىرى ۋە ماقالىلەرگە ئىلاۋە ياكى كىرىش سۆز دېگەندەك نەرسىلەرنى يېزىش مەن ئۈچۈن ئېھتىيات دائىرىسىدىكى ئىش. تەرجىمە ئەسەرنىڭ سەرلەۋھىسىدىكى «نېمە كەم» دېگەن ئىبارىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى باردەك تۇيۇلدى. بىراق، جۇ گوپىڭنىڭ ماقالىسىگە ئىلاۋە يېزىشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكى ماڭا ئايان ئىدى. مەن جۇ گوپىڭنى ئۇزۇندىن بېرى بىلىمەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرىنى تەرجىمە قىلىپ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشى گېرمان پەيلاسوپى ف. نىچشېنىڭ بىر بۆلۈك ئەسىرىنىڭ تەرجىمانى بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىكى نىچشې بىلەن تونۇشقانىدىم. ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن نۇرغۇن قوي

مىجەز ئادەمگە ئىچىشىنىڭ «ھەممىنى قايتا باھالاش» تىن ئىبارەت جۇشقۇن تەشەببۇسىنى تولىمۇ زوروردەك ھېس قىلالتتىم. جۇ گو-پىڭ ئەپەندى نوقۇل تەرجىمانلا ئەمەس، بەلكى تەتقىقاتچى، ئۇنىڭ نىچىشى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلىرى بار. جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدىغان ئەقلىيە نەسرلىرى بار. دېمەك، ئۇ بۇ-گۈنكى جۇڭگودا روشەن تەسىرگە ئىگە مەدەنىيەت ئەربابى.

«جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» ــــ ماۋزۇنىڭ ئۆتكۈر بېشارەت خاراكتېرى باردەك قىلاتتى. ئۆزى مەنسۇپ بولغان دەۋردە نېمىنىڭ كەملىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش تارىختىن بۇيان زىيالىيلار ئۆتەپ كەلگەن ۋەزىپە ئىدى. زىيالىيلاردىكى سەگەكلىك مەۋجۇت رېئال-لىقنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان مەنزىرىسىگە يوشۇرۇنغان خەۋپلىك كېسەللىكلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى داۋالايدىغان رېتسېپلارنى ئىزدەشتە ئىپادىلىنىدۇ. ماۋزۇدىكى «جۇڭگو» كەلىمىسى ناھايىتى چوڭ ئۇ-قۇم بولۇپ، مەدەنىيەت ۋە تارىخ نۇقتىسىدىن سۈرۈشتۈرگەندە مۇ-رەككەپ، كۆپ قاتلاملىقا ئىگە. تارىختىكى جۇڭگو بىلەن بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ پەرقىنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ، بۇ ئۇقۇمنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋردىكى مەنىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىمۇ، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىمۇ ھەر خىل تەركىبتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. ھازىرقى ئاتموسفېرادا كۆزگى مەدە-نىيەت ئائىلىسىنىڭ چەمبىرىكى ئىسلام مەدەنىيەت ئائىلىسى ۋە خىرىستىيان مەدەنىيەت ئائىلىسىنىڭ چەمبىرىكى بىلەن كىرىد-شىپ، كۆزگە ئېنىق چېلىقىدىغان دىيالوگ نۇقتىلىرى شەكىللە-نىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى ھەربىر چەمبەرنىڭ مۇرەسسەگە كەلمەيدىغان ئۆزىگە خاس ئىچكى مەزمۇنلىرى ئاز ئەمەس. بۇ مەزمۇنلار ئوبيېك-تىپ تەتقىق قىلىنىپ، ئادالەت مىزانلىرى بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلگەندە، مەدەنىيەتلەر سۈزلەشمىسى ساغلام كەيپىيات ئىچىدە ئورتاق ھەمكارلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ئەمدى جۇ گوپىڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ دىياگنوزلىرى كۆزگى مەدەنىيەت ئائىلىسىدىكى غوللۇق ئەزالارنىڭ تومۇرىنى تۇ-

تۇش ئاساسىدا قويۇلغانىدى. شۇڭا، «نېمە كەم» دېگەن مەسىلىنى
جۇ گوپېڭدىن ئىلھام ئالغان ئاساستا، ھەربىر ئېتنىك ھالقا ئۆزد-
ىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، تەرەققىيات يولى ۋە كەلگۈسىگە ئائىت
ئىنتىلىشلىرى بىلەن تەتبىقلاپ، تەپەكۇر قىلىشى لازىم بولىدۇ.

بىزدە زادى نېمە كەم؟ — بىزنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىنىدىغان
ۋاقتىمىز باشقىلار بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ
مەدەنىيىتىمىز، قىممەت قارىشىمىز، ھازىرقى ئەھۋالىمىز، يولۇق-
قان مەسىلىلىرىمىز ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ. ئەلۋەتتە. بىزدە جىق
نەرسە كەم. بۇ كەم نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى قانداق نەرسىنى باشتا
ھەل قىلىش، قانداق نەرسىلەرنى ئاندىن ھەل قىلىشنىڭ ئەمەل-
ىيتى شەرت قىلىدىغان تەرتىپلىرى بولىدۇ. كەم نەرسىلەرنى دەپ
بېرىش بۇ ئىلاۋىمىزنىڭ مەقسىتى ئەمەس ھەم ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن
كېلىدىغان جاۋابمۇ ئەمەس. ئۇ كۆپ قىرلىق رېئاللىق ۋە ساھەنى
ئومۇمىيۈزلۈك كۆزدە تۇتۇپ، پەيدىنپەي ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان جاۋاب.

بىزدە نېمە كەم؟ — بىز جۇ گوپىڭ ئەپەندىنىڭ جاۋابىنى ئو-
قۇرمەنلىرىمىزنىڭ زوقىغا يارىشا ئىزاھلاش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ
مۇلاھىزىلىرىگە پايدىلىق ۋاقىتلارنى بەرسەك دېگەن ئۈمىدتىمىز.

جۇ گوپىڭ ئەپەندى بۇ نۇتقىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي
خاراكتېرى توغرىسىدىكى بىر ئەسىرلىك ئويلىنىشلارغا قايتا
سەپسىلىپ چىقىپ، بىزدە مەنىۋىلىك كەم دېگەن يەكۈننى چىقىرد-
دۇ. ئۇ دەيدۇكى، جۇڭگولۇقلار غەرب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي،
ئىقتىسادىي، سىياسىي زەربىلىرىنى تېتىغاندىن كېيىن سىلكىنىپ
ئويغاندى ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن غەربنىڭ پەن - تېخنىد-
كىسىنى، سىياسىي تۈزۈلمىسىنى، ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزلەشتۇ-
رۇشنى ئىجتىمائىي مۇقام قىلدى. زىيالىيلار مەيلى پەلسەپە ئۆ-
گەنسۇن، مەيلى قانۇن تەتقىق قىلسۇن، ئەقلىي ئەمگەككە ياتىدىغان
بارلىق ساھەدە پەقەت ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىنى
تۇتقا قىلدى، ئۇلاردىكى مەنىۋى قىممەتنى بولسا نەزەردىن ساقىت
قىلدى. «جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدە مەنىۋى قىممەتكە ئورۇن يوق،

هەرقانداق مەنىۋى قىممەت ــ ئەركىنلىك، ئادالەت، بىلىم، پەن،
دىن، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، مۇھەببەتنىڭ ئىشلىتىلىش
قىممىتى بولمىسا، ئۇنى قىممەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلمايدۇ»
دەيدۇ جۇ گوپىڭ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مەنىۋى قىممەت
ئامىللىرىنى يىغىلى بولۇشى كېرەك. يېقىلغۇ قىلغىلى ياكى كۆز-
لۈك قىلىپ ئىشلەتكىلى، ئايروپىلان قىلىپ ئولتۇرغىلى بولۇشى
كېرەك. ھېچبولمىغاندا، بىرەر ئىجتىمائىي مەقسەتنىڭ قورالى بو-
لۇشى كېرەك. ئاندىن ئۇ قىممەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە بولى-
دۇ. مانا بۇ جۇڭگوچە ئۇنۇمپەرەسلىكنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇپ كۆرسى-
تىلىشى. جۇ گوپىڭنىڭ سۆز ئۇرانىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگو-
لۇقلاردا داۋىخورلۇق ئىللىتى كۆزگە ئاسانلا چېلىقىدۇ. ئۇلار ئۆز-
لىرىنى قالتىس چاغلاۋاتقاندا، غەربتىن دەشنەم يەپ، ئۇلاردىن ئۆ-
گەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئاندىن ھېس قىلدى. ئۇلار بىرەر تەبى-
ئىي ئاپەتكە ياكى كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا، بىرەر مەبۇدتىن
كەچۈرۈم تىلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئاللىبۇرۇن
ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھىنى سېغىنىدىغان بولۇپ
قالىدۇ. بۇ يەردىكى روھىيەتتە مۇقەددەسلىك يوق دېگۇدەك بولۇپ،
ئۇ پەقەت ھاياتلىقنىڭ بىرەر مەنپەئەت كىرىزىسىنى شەرت قىلىپ
مەيدانغا كېلىدۇ. بىرەر بەختسىزلىك ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ قور-
شاۋىدا ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلغاندا، ئۆزىگە ئوخشاش بىرەر مەخ-
لۇقنىڭ ياردىمىدىن قەتئىي ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا،
ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر قۇتقۇزغۇچى بىلەن غايىبانە
سىردىشىدىغان دىنىي ھېسسىيات جۇڭگولۇقلاردا ناھايىتى كەم
دەپ ئەپسۇسلىنىدۇ جۇ گوپىڭ. تارىختا ئۆتكەن مەنىۋىيەت ئۇس-
تازلىرىدىن شۇنداق بىر ئورتاق سادانى ئاڭلايمىزكى، دىنىي ھېس-
سىيات ئىرق ۋە مىللەتتىن ھالقىغان ئورتاق تىل سۈپىتىدە ئوخ-
شىمىغان قىسمەت ۋە تەبىقىدىكى ئىنسانلارنى ھېسداشلىق، چۈ-
شىنىش رىشتىلىرى بىلەن باغلاپ، مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت خا-
لىس نېمەتكە ئىگە قىلىدۇ. 2008 - يىلى سىچۇەن ۋېنچۇەندىكى

يەر تەۋرەش ئاپىتىگە يولۇققان خەلقلەرگە ئوخشىمىغان ئېتىقادتىكى دۇنيا خەلقلىرىنىڭ يەتكۈزگەن ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى دەل مۇشۇ تۈيغۇنىڭ ئىپادىسىدۇر. گەرچە بۇنىڭدا سىياسىيونلارنىڭ دىپلوماتىيەسىنى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق مۇشۇ دىپلوماتىيەنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسانىي قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت مۇقەددەس ھېسسىياتنى كۆتۈرۈپ چىقىش بىلەن پۇت تىرەپ تۇرىدۇ.

«دىنىنىڭ ماھىيىتى مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن، ئەتراپىمدىكى پايانسىز دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتىم نېمە، دېگەندەك سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردا ئىپادىلىنىدۇ» دەيدۇ لېۋ تولستوي. بىز بۇ سوئاللارغا «مەن نەدىن كەلدىم، قەيەرگە بارىمەن» دېگەنلەرنىمۇ قوشۇپ قويۇشىمىز كېرەك. بۇ سوئاللار كىشىنى ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى سىرلىق، مېتافىزىكىلىق خىياللارغا يېتەكلەيدۇ.

ئەدەبىيات تارىخىدا مىللەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە باھالانغان جالالىددىن رۇمىي، لېۋ تولستوي، ھيۇگو، نەۋايى كەبى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى دەل ئىنسان بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەرنىڭ مېتافىزىكىلىق تەسۋىرلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

جۇ گوپىڭ يەنە نۇتقىدا لياڭ چىچاۋنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىدا ئەڭ كەم نەرسە ئاممىۋى ئەخلاق بولۇپ، جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەت يېتەرسىز، دېگەن ھۆكۈمىنى جۇڭگولۇقلاردىكى دىن روھىنىڭ كەمچىللىكى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ، ئەمەلىي قىممەتنى زىيادە تەكىتلىگۈچى ئىنگلىز پەلسەپىسىگە يېپىشقان يەن فۇ قاتارلىق مەرىپەت زىيالىيلىرىنى تەنقىدىي مەۋقەدە ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، مېتافىزىكىلىق روھقا باي گېرمان پەلسەپەسىنى بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلىپ تۈزۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئىگە بولالمىغان ۋاڭ گوۋېينى ھەسرەت بىلەن قەيت قىلىدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي ئىستىقبال توغرىسىدىكى ئويلىنىشلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلىنىدۇ. 1894 -، 1895 - يىللىرىدا بولۇنغان جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت بىراقنى ئويلايدىغان كىشىلەردە بىز غەربنىڭ ھەربىي ۋە سانائەت

بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادىي سىستېمىسى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، پەلسەپە ئىدىيەلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن، دېگەن قاراشنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئىشنى كەڭ كۆلەملىك تەرجىمە ھەرىكىتىدىن باشلايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتىنى سانلىق مەلۇمات نۇقتىسىدىن تېخىمۇ ئەمەلىي چۈشىنىپ باقايلى: 1810 ~ 1867 - يىللاردا خىرىستىيان مىسسىيونېرلىرى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر جەمئىي 795 پارچە بولۇپ، بۇنىڭدا دىنىي كىتابلار 86%، ئادىمىيەت ۋە تەبىئىي پەنلەرگە دائىر كىتابلار 6% بولغان. 1861 ~ 1895 - يىللاردىكى ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەرىكىتىدە دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار، تەبىئىي پەنلەر ۋە سانائەت جەھەتتىكى تەرجىمىلەرنىڭ نىسبىتى ئاشقان. 1850 ~ 1899 - يىللاردا تەرجىمە قىلىنغان 567 پارچە تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئىچىدە قوللىنىشچان پەنلەرگە دائىر كىتابلار 40%، تەبىئىي پەنلەرگە دائىر كىتابلار 30%، تارىخ - جۇغراپىيە كىتابلىرى 10%، ئىجتىمائىي پەنلەر كىتابلىرى 8%، دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت كىتابلىرى 3.5% ئەتراپىدا بولغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا كىتابلىرى 85% نى، ياپونىيە كىتابلىرى 15% نى ئىگىلىگەن. 1907 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى مەخسۇس تەرجىمە ئىدارىسى قۇرۇپ، تەرجىمانلارنى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرغان. ۋاڭ گوۋېي شۇ يەردە ئىشلەپ، كانت، شوپىنخاۋېر، نىچىشېلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلغان (Immanuel C. Y. Hsu نىڭ «زامانىۋى جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى، 1600 - 2000» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ).

يەن فۇ (严复 1854 — 1921) ئەنە شۇ زامانلاردىكى پىدائىي تەرجىمانلارنىڭ بىرى. ئۇ 14 يېشىدىن باشلاپ يېڭى مائارىپ (جەدىد مائارىپ) تا تەربىيە كۆرۈپ، 1876 - يىلى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئەنگلىيەدە دارۋىن، خېشلى، سپېنسېر قاتارلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ ئەنگلىيەنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا تەسىر

كۆرسەتكەن مۇھىم ئەسەرلەرنى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىشنى باشلايدۇ. ئۇ، جەمئىي سەككىز پارچە كىتابنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يول بەلگىسى بولۇپ قالغان.

يەن فۇنىڭ قارىشىچە، غەرب شۇنىڭ ئۈچۈن تەرەققىي قىلغانلىكى، غەرب ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ئاچىدىغان ئەركىنلىك، باراۋەر پۇرسەت مېخانىزمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنداق مۇھىتتا ھەر كىم مەجبۇرلانغان فورمىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە يارىشىدىغان بىر خاسلىقتا ئىنسانىي چىنلىقنى جارى قىلدۇرالايدۇ. جۇڭگودا بولسا كۆڭلى – مېڭىسى ئەقىدىلىرى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى خان – پادىشاھلارنىڭ رايىغا باغلاپ بەرگەن، كىشىلەر خانلارنىڭ مەنپەئىتىگە لايىق كېلىدىغان مۇقىملىق ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ ئۈچۈن يېگىلىق ھەم ئىسلاھاتنى تەرك ئېتىشكەن؛ ئۆتمۈشكە سېغىنىپ بۇگۈندىن ھەزەر ئەيلەشكەن. جۇ گوپىڭ نەقىل ئالغان مۇنۇ بىر جۈملە سۆز ئەركىنلىكنىڭ مەنىسىنى ھەقىقەتەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: «ئەڭ ياخشىسى ھەر كىم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىنى ئۆزى قۇرۇپ چىقسۇن، بۇ ئاشۇ خىل شەكىلنىڭ ئەڭ ياخشى بولغىنىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭلا شەكلى بولغىنىدىن.» مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىنى تەۋسىيە قىلىمەن، لېكىن مەجبۇرلاپ تاڭمايمەن. بۇركۇتنىڭ قانىتى ھەرقانچە بېجىرىم بولسىمۇ، ھەسەل ھەرىسىگە ياراشمايدۇ. پاشىنىڭ قانىتىمۇ ئۆزىگە ياخشى.

جون مىل تىكلىگەن ئەركىنلىك تەلىماتىنىڭ بۈگۈنكى مىراسخورلىرى ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى تېخىمۇ كەڭ ساھەلەر بويىچە ۋايىگە يەتكۈزدى. ۋاھالەنكى، يەن فۇ تەرجىمە قىلغان «ئەركىنلىك توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرنىڭ روھى جۇڭگو جەمئىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ يېتەرلىك قېزىلمىغان بىر تېما.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئوقۇرمەنلىرىمگە بىر سوئال قويۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم: 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئەنە شۇ ئاقارتىش خاراكتېرلىك تەرجىمە ھەرىكىتى بۈگۈن بىزدە بارمۇ؟

بىز ھازىرغا قەدەر چىقارغان كىتابلىرىمىزنى ھەرقايسى ساھە بويىچە ئىستاتىستىكىلاپ، نېمىلەرنى قىلغانلىقىمىزنى، نېمىلەرنى قىلماي قويغانلىقىمىزنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ باقتۇقمۇ؟

خوش، گېپىمىزگە كېلەيلى. تارىختىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئۆيغىنىش ئالدى بىلەن بىر مەيدان تارىختىكى تەرجىمە ھەرىكىتىدىن باشلانغان. جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىلىرى ھېسابلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېتىلىق تەرجىمانلىرى ئىدى. ئەنە شۇ تەرجىمە ئەسەرلەردىن تۇتاشقان پىكىر يانغىنلىرى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىچ - ئىچىگە تىنىپ كەتكەن ئىللەتلىرىنى يورۇتۇپ، مەرىپەت، دېموكراتىيە، تەرەققىيات روھىدىكى نەتىجىلىك ھەرىكەتنى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ھاياتىي كۈچى بار جەمئىيەت تەنقىدچى كەلسە كېرەك؛ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئىشەنمەيدىغان جەمئىيەت ماختانچاق كەلسە كېرەك. ئىنقىلابچى دېگەن گەپنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى ئۆتكۈر تەنقىدچى دېگەنلىكتۇر.

سۇن جۇڭشەن جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا توختالغاندا، مۇنداق بىر باياننى قىستۇرۇپ ئۆتمىدۇ: «بىر قېتىم بىر پاراخوت كاپىتانى بىلەن گەپلىشىپ قالدىم. ئۇ دېدىكى، جۇڭگولۇق بىر ئەلچى جاناب مۇشۇ پاراخوتۇمدا ماڭغانىدى. ئۇ خالىغان يەرگە تۈكۈرۈپ قىممەتلىك گىلەممىنىمۇ بۇلغىۋەتتى. مەن ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولدى، دەپ سورىدىم. ئۇ: نېمە ئامال، مەن يىپەك ياغلىقىم بىلەن گىلەمنى تازىلىۋەتتىم. شۇ چاغدا ئۇ ئەلچى جاناب خىيالىغا كەلمىگەندەك قاراپ تۇردى. ئەلچى تۈرۈپ شۇنداق قىلغان يەردە، ئادەتتىكى جۇڭگولۇقلار تېخىمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنى تەربىيەلەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.» («جۇڭگونىڭ مىللىتى» دېگەن كىتابقا قاراڭ).

سۇن جۇڭشەن مەنچىڭ ئىستېلاسى تۈپەيلى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەقلى ۋە ئەخلاقى ئۇخلاپ قېلىپ، ئۆزىمىز ئەينى يىللاردا كەشىپ قىلغان كومپاستىن تۈزۈك پايدىلانمىدۇق، ئەكسىچە غەرب-

لىكلەر كومپاستىن پايدىلىنىپ جاھاننى قولىغا ئالدى، دەيدۇ. روشەنكى، سۇن جۇڭشەن بۇ يەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراك- تېرىدىكى زەئىپلىكنىڭ سەۋەبىنى مۇستەملىكە بىلەن باغلاپ چۈ- شەندۈرىدۇ. ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان لۇ شۈنمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ پاجىئەسىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان جۇڭگولۇقلارنى كۆرۈپ قاتتىق ھەسرەت چەككەن ۋە قەلىمىنىڭ تىغ ئۇچىنى مىللىيەتتىكى زە- ئىپلىككە قاراتقانىدى. خۇ شى، چېن دۇشيۇلارمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تەنقىد بەرپارچىلىرى ئىدى.

جۇڭگو مەدەنىيەت سەركەردىلىرىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى مىللىيەتنىڭ نېگىزى بولغان كۆڭزى ئەقىدىسى ھەققىدىكى تەنقىدىي ئويلىنىشلىرى ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا. خې شىن ئەپەندى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سەرخىللارنى شاللاپ تاشلايدىغان مېخانىزمىنى تەن- قىدلەپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە كۆڭزىنى شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونلىرىنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ نېگىزىگە ئايلاندۇ- رۇش تەشەببۇسكارى. ھازىر بۇنداق مەسىلە خېلى كۆپىيىپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردا جياڭ رۇڭنىڭ «بۆرە توتېمى» دېگەن رومانى چىقىۋىدى، تەنقىد ۋە ئالقىش غوۋغالىرى ئىچىدە ئىنتايىن بازار تاپ- تى. پانكاج مىشرا (Pankaj Mishra) دېگەن بىر ئاپتور «نيۇ يورك ۋاقتى گېزىتى» دە 2008 ـ يىلى ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە، بۇ كىتابنى لۇ شۈن تەكىتلىگەن «مىللەت خاراكتېرىنى ئىسلاھ قىلىش» نىڭ رومانلاشتۇرۇلۇشى دەپ باھالىدى. بىراق، رومانىنىڭ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، زامانىۋىلىققا سەل قارايدىغان خاھىشىنى سۆككەنلەر مەملىكەتنىڭ ئىچىدە ناھايى- تى كۆپ بولدى. چۈشىنىشىمىزچە، جياڭ رۇڭ مۇنداق دېمەكچى: «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈ- رۈشنىڭ ئاساسى، لېكىن يەنىلا ئاساسنىڭ ئاساسى ئەمەس. قەيسەرانە ئىلگىرىلەيدىغان مىللەت خاراكتېرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچ- لىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەڭ تۇتقاندىلا، ئاندىن مىللەتنى يۇكسەل- دۈرەلەيدىغان ئىككى قاناتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ («بۆرە توتېمى»غا

قارالغ). جۇڭگو تارىخىدا بۆرە توتېمىغا ئىشىنىدىغان تۈرك، موڭغۇل خەلقلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن شۆھرەتلىك سەھىپىلەرنى قالدۇ-رۇشقان. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، بۆرىگە خاس جاسارىتى بىلەن تارىختا سەددىچىنىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تېرىقچىلىق خەلقلىرىنى ئىستېلا قىلغان. بۇنداق بۆرە روھى كېيىنكى غەربلىكلەرنىڭ رو-ھىدا مۇجەسسەم بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ خىل روھنى جەۋلان قىلدۇرۇپ جاھانغا كېڭەيگەن. دېمەك، بۆرە روھى دېگەنلىك ياۋاشلىقنى نومۇس بىلىدىغان ئىسيانكار روھ. دېمەك، جىياڭ رۇڭ دەۋاتقان روھ بىلەن جۇ گوپىڭ دەۋاتقان روھ يەنىلا جۇڭگولۇقلارغا نۆۋەتتە جىددىي كې-رەك دەپ قارالغان روھ بولۇپ، ئوخشاش بىر كوينىڭ ئىككى ئادەمچە مېڭىلىشىدۇر، خالاس.

يېتىمسىزلىك بىر خىل ئېھتىياجنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ ئىنساندىكى ئەقلىي، مەنىۋى، جىسمانىي پائالىيەتلەرگە تۈرتكە بولىدۇ. ئىنساننىڭ مەنىۋى سەۋىيەسى يۇكسەلگەنسېرى يېتىمسىزلىك ھەققىدىكى بايقاشلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنچە مول بولى-دۇ. ياشاش ئۆلچىمىدىكى بىر ھايۋانىي ئادەم بىلەن قەھرىمانىنىڭ پەرقى دەل «ماڭا نېمە كېرەك، بۈگۈن نېمە كېرەك، كەلگۈسىدە نېمە كېرەك؟» دېگەن سوئاللارغا بەرگەن جاۋابنىڭ پەرقىدە كۆرۈ-لىدۇ. ئىت ئۆزىنىڭ رىزقىنى ئىگىسىدىن ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئىگىسىنىڭ رايى بىلەن چەكلىنىدۇ. بۆرە ئۆزى تېپىپ يەيدۇ. شۇڭا، ھوشيارلىق بىلەن قەيسەرلىك ئۇنىڭ خاراكتېرى. ئىنسانلار ئائىلىسىدىمۇ كىرىزىسنى بۇرۇن بايقىغانلار كېيىن باي-قىغانلارغا ئۈلگە بولۇپ كەلدى. غەربلىكلەر ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى ئەقلىي ئىختىرالارنىڭ كۈچى بىلەن يىراق يەرلەردىن ئېلىپ كەل-دى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قەدىمى يەر شارىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. بىر خەنزۇ ئاپتورنىڭ مۇنداق بىر يازمىسىنى ئىنتېر توردىن كۆرگەنىدىم: «ئىنگلىزلار دېڭىز ئاتلاپ بېرىپ ئامېرىكا بىلەن كا-نادانى قولىغا ئالدى. ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيەلەرنىمۇ ئالدى. مانا بۈگۈن ئۇلار تەلتۆكۈس ئىنگلىز دۇنياسى بولۇپ كەتتى. ئىن-

ڭىلىز تىلىمۇ دۇنياۋى ئالاقە تىلى بولۇپ كەتتى. ئەگەر بۇ دىڭىز يولىنى مۇسۇلمانلار ئاچقان بولسا، بۈگۈن بىزنىڭ بالىلىرىمىز مەكتەپلەردە ئىنگلىز تىلىنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن بولاتتى.» ئېھتىياج ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى كەڭ دائىرىدە چۈشەندۈرگەنسېرى شۇنچە ئاقىلانە يول بىلەن پارلاق كېلەچەكنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ھېچ يەرنى كۆرۈپ باقمىغانلارنىڭ ئەقلى ۋە ئەخلاقى تەبىئىي ھالدا يېگىلەپ قالىدۇ.

مۇسابايلار، مۇھەممەدىيلارمۇ تاشقى دۇنيانى چۈشەنمىگەن بولسا ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەر ھەققىدە ماھىيەتلىك تونۇشقا ئىگە بولالمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇلاردىن بۇرۇنقى ئەجدادلار تاشقى دۇنيانى بالدۇرراق كۆرسە، ئىلىدا قۇرۇلغان زاۋۇتلار قەشقەر، خوتەن، كۇچا، قومۇللاردا بۇرۇنراق قۇرۇلۇپ، دەسلەپكى بىر توركۇم ئىشچىلار تەبىقىسى شەكىللەنگەن بولسا، دىيارىمىزنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولار بولغىيتتى!؟

ئويلىنىش تېپىشماقلىرى ساناقسىز، لېكىن زىيالىي كۈچىمىز بەك ئاز، زىيالىيلارنى بايقاش ۋە قوللاش دىتىمىز يوق ھېسابتا.

جۇ گوپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەر نۆۋەتتىكى رىقابەتلىك دۇنياغا يېتىشەلمەيدىغان مىللىي خاراكتېر ھەققىدىكى كىرىزىسلىك پىكىرلەرنىڭ پەقەتلا بىرىدۇر. ھازىر خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا بۇنداق مۇنازىرە تېپىدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ. ئەمما مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۈگۈنكىلەرنىڭ مۇلاھىزىلىرى يەن فۇ، ۋاڭ گوۋېي دەۋرىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ تېپىغا باققاندا ئۇزۇل ـ كېسىل ئەمەس بولۇپ، دېگەندەك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولۇپ بولالمىدى. يەر شارىلىشىش بىلەن مىللىيەت تەقەززالىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بۈگۈنكى جۇڭگو زىيالىيلىرىنى گاڭگىرىتىپ قويغاندەك قىلىدۇ.

جۇ گوپىڭنىڭ تەشەببۇسلىرىغا بۇ ئىلاۋىنى يېزىۋاتقىنىمدا، بەزىبىر ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ تۇرۇۋالدى. بۇمۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىرىسىگە خۇرۇج بولۇپ قالار: تەۋەيىمىزدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، يىراقلاردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇ-

چىلار خېلى كۆپ. ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا پەـ-
كاپ بىلەن تۇشۇيدۇ. ئۇلار چۈشتە ئائىلىلىرىگە قايتالمىغاچقا،
قوشنىلىرىمىز ئائىلە تامىقى مۇلازىمىتى بىلەن ئۇلارنى جەلپ قىلدى-
دى. بۇ مۇلازىمەت بىر مەزگىل قاتتىق بازار تاپتى. ئۇلار چۈش
ۋاقىتلىرىدا لىفىتلارغا پاتماي قالاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قىسـ-
تىشىپ لىفىتلارغا چىققاندا، ئۇلاردىن بۇرۇن كېلىپ لىفىتنىڭ ئال-
دىدا ساقلاپ تۇرغان چوڭلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى.
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار قولاق ـ مېڭىنى يەيتتى. كارىدور ۋە زاللار ئۇلار
تاشلىغان يېمەكلىك شۆپۆكلىرى بىلەن بۇلغىناتتى. شۇنىڭ بىلەن
بەزى ئاھالىلەردىن پىكىر چىقتى. رەھبەرلىك قارار چىقىرىپ، ئائى-
لە تامىقى مۇلازىمىتىنىڭ قانۇنسىز مۇلازىمەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنى
دەرھال توختىتىش لازىملىقىنى ئېيتتى. بۇ خىل مۇلازىمەتنى ئاچ-
قانلارنىڭ بىر قىسمى مەزكۇر بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى.
قارارنىڭ كۈچى بىلەن ھېلىقى كەپسىز بالىلار ئانچە كۆزگە چېلىقىپ
كەتمىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كەچقۇرۇنلىرى ئۇلارنى
كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۇقساق، ئۇلار ئوقۇتقۇچىسىدىن ئائىلە
تەكرارى قوبۇل قىلارمىش. ئوقۇتقۇچىلار مائارىپچى بولۇش بىلەن
بىللە، تىجارەتچىمۇ بولۇپ كەتكەنىدى. بالىلار ناھايىتى شەخسىيەتچى
بولۇپ، ئاممىۋى تەرتىپنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار پەقەت ئوقۇت-
قۇچىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلاتتى. ئەتراپتىكىلەر ھاي دېسە
ئۇنۇم بەرمەيتتى. مانا بۇ ئاۋات شەھەرنىڭ ئاۋانگارت مەكتەپلىرىدىكى
ئادىمىيەت روھىنىڭ ياندىن كۆرۈنۈشىدۇر. ئەمەلىيەتتە مەكتەپلەردە
قانۇن، تەرتىپ، نىزاملار سۆزلىنىپ تۇرىدۇ، بۇلاردا دۆلەتنىڭ مائا-
رىپ فاڭجېنىنىڭ روھى مۇجەسسەم. لېكىن بۇ روھ ئوقۇتقۇچىلار ۋە
ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاس كىشىلىك خاراكتېرىدىن راۋۇرۇس ئورۇن
ئالمىغان. دۆلەت بېكىتكەن بەلگىلىمىلەرگە ئەستايىدىل قارىماس-
لىقتەك بۇنداق ھادىسە دەل جۇڭگولۇقلارنىڭ پۇقرالىق ئېڭىنىڭ تې-
خىچە ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. يەنە بىر ئىشمۇ مەزكۇر تېمى-
مىزغا باب كېلىدۇ: ئامېرىكىلىق بىر قىز ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇ-

چىسى سوپىتىدە دىيارىمىزدىكى بىر مەكتەپتە بىر مەزگىل تۇرغاندىكەن. قىز مەكتەپ دائىرىلىرى تەرىپىدىن مېھمان سوپىتىدە گەنىۋارلىنىپتۇ. رەھبەرلىك ئۇ قىزنىڭ پاسپورتى بىلەن ئىمپورت پىكاپ سېتىۋالسا ئەرزان بولىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، «سىزنىڭ نامىڭىزدا بىر پىكاپ سېتىۋالغۇمىز بار ئىدى، سىزگە كېرەك بولغاندا سىز ئىشلىتىڭ، قالغان ۋاقىتلاردا بىز ئىشلەتسەك قانداق دەيسىز؟» دېگەنىكەن، ئۇ قىز: «يالغانچىلىق قىلساق پەرۋەردىگار كەچۈرەمدۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. رەھبەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئەگەر بىز بۇ قىزنى بىر خىرىستىيان مۇخلىسى دېسەك، يۇقىرىقى جاۋاب ئۇ قىزنىڭ ئەقىدىسىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئەگەر بىز بۇ قىزنى ئامېرىكا پۇقراسى دېسەك، ئۇ قىز ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولغان بولىدۇ. شۇ قىز ھەققىدىكى يەنە بىر ھېكايە قىزنىڭ ئەخلاقىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ دەپ قارايمەن: تۆت ـ بەش يىگىت دەرۋازا ئالدىدا گەپلىشىپ تۇرۇۋاتقاندا، يەنە شۇ قىز ئاچچىقسۇ ئېلىنغان شىشىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، لېكىن ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ شىشە سۇنۇپتۇ، ئاچچىقسۇ تۆكۈلۈپمۇ، قىز ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئەتراپىدىكىلەرگە «!Sorry — كەچۈرۈڭلار» دەپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ قىز سۈپۈرگە ۋە ئەخلەت ئالغۇچنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يولدىكى شىشە سۇنۇقلىرىنى پاكىز تازىلىۋېتىپتۇ. ھېلىقى تۆت ـ بەش يىگىتمۇ بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپتۇ.

خۇددى ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئەڭ ئۇششاق دېتاللاردا تېپىكلەشكەندەك، بىر مىللەتنىڭ خاراكتېر ساپاسىمۇ تۇرمۇشتىكى تاسادىپىي كىچىك ھادىسىدە مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر ئۇچۇم ئادەم بىر مىللەتكە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. لېكىن ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ھالىتىدىن بەلگىلىك بېشارەتلەرنى بېرەلەيدۇ. بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتتە ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز گۈزەل خاراكتېر بايلىقىنى گۆھەردەك ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر تۈركۈمى ھامان بولىدۇ. مەسىلە، ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ قانچە-

لىنىڭ ئىككەنلىكىدە ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك نەزەرگە ئېلىنىدىغانلىقىدا.

گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ كارل ياسپېرس 1960 – يىللاردا ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە ئالىي مەكتەپلىرىنى تەنقىدلەپ: ئالىي مەكتەپلەر پەقەتلا پەن ئۆگىتىدۇ. ئېتىقاد، پەندىن ھالقىغان مەنىدىكى ھەقىقەتنىڭ ئورنى يوقاپ كەتتى، دېگەنىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، غەرب ئۆزىنىڭ مەنىۋىيەت ساھەلىرىنى تەنقىد ئۇگىلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ ماڭغان. تەنقىدىي روھ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر گېنىغا ئايلانغان.

داڭلىق دىنشۇناس Hans Kung جۇڭگودىكى دىنلار ھەققىدە توختالغاندا، شىر ئۇسسۇلى خەن دەۋرىدىن باشلاپ پەيدا بولغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى شىرلار بۈگۈنكى ئىران ۋە ئافغانىستان رايونىدىكى خانلار تەرىپىدىن تارتۇقلانغان، دەيدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنشى(夕 xi) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەخلۇق خەلققە ئاپەت سالغاندا، شىر (狮 shi) ئۇنى ھەيدىۋەتكەنىكەن. ئۇ مەخلۇق كېيىن پەيدا بولغاندا، شىر خانلارنىڭ بوسۇغىسىنى قوغداش بىلەن بولۇپ كېتىپ، باشقىلارغا چولىسى تەگمەپتۇ. پۇقرالارمۇ ئاخىر ئامال تېپىپتۇ. ئۇلار بامبۇك ۋە لاتا – پۇرۇچلاردىن شىر ياساپ، ھېلىقى مەخلۇقنى قوغلاپتۇ.

ئەسلىدىكى شىرلارنىڭ سۈر – ھەيۋىسى ئەمدى كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئويۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. ناۋادا يېزىقچىلىقىمۇ پەقەت مۆتىۋەرلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئادەتتىكى ئاۋامنىڭ گېپىنى قىلمىسا، ئۇمۇ يېزىق ئويۇنىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ دېگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش. قەلەم بىلەن مەدىكارلىق قىلىشمۇ ئەنە شۇ يېزىق ئويۇنىنىڭ بىر تىمسالى بولۇپ، بۇنىڭغا گىرىپتار بولغانلارمۇ جۇ گوپىڭ ئەپەندىنىڭ تەنقىد دائىرىسىدىن نېرى بولمىسا كېرەك.

2009 – يىلى 5 – مارت، ئۈرۈمچى

# ئىلىمگە خىيانەت ــ ئەلگە جاھالەت

ــ زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى مەسىلىلىرى» ناملىق ماقالىسىگە ئىلاۋە

ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئىنىمىز زۇلپىقار بارات ئۆزباش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلىم ھاۋاسى توغرىسىدىكى بۇ ماقالىسىنى يېزىپ چىقىپتۇ. ئىلمىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىلىم ئەخلاقىنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك ئىجتىمائىي ئىللەت پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولسىمۇ، ئۇيغۇرلاردا ئادەم قورققۇدەك دەرىجىدە ئېغىر. بىز بۇ ھەقتە يۈزتۇرا سۆھبەتتە توختىلىشقانىدۇق. زۇلپىقار ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلىپ مەندىن ئەھۋال سورىغاندىمۇ گېپىمىز تەبىئىي ھالدا جەمئىيىتىمىز جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان بىلىم ۋە ساھەلەرگە مەركەزلىشىپ قالىدۇ.

مېنىڭ بۇ ئىلاۋىنى يېزىشىم زۇلپىقارنىڭ ماقالىسىدىكى بارلىق قاراشقا بىردەك قوشۇلۇشۇمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. زۇلپىقارنىڭ مەزكۇر ماقالىسى يەنىلا شەخسىي ئوي ـ پىكىر ۋە تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇددىئا قىلغاچقا، پىكىر يوللىرى ئاپتورنىڭ خاراكتېرى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ روشەن ئىزنالىرىغا ئىگە. بۇ ئىزنالاردىن يەنىلا ھاياجانلىق قەدەملەرنىڭ تىۋىشى سېزىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، زۇلپىقار بىر خەلقنىڭ ئىلىم تۇپرىقىدىكى ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇشقا بولغان ئەندىشىلىرىنى ئۆزىنىڭ چىن، سەمىمىي شەخسىيىتىگە ئايلاندۇرالىغاچقا، ئۇنىڭ ئۆرتىنىشلىرىدىن بىر پۈتۈن مىللىي مەنپەئەتكە بولغان مەسئۇلىيەتنى ئېنىق

بايىقايمىز. ئورتاق تەقدىرنى شەخسىيىتىگە ئايلاندۇرالىغان ئادەمنىڭ ئاۋازى مەلۇم مەنىدىن ئورتاقلىققا ۋەكىللىك قىلماي قالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى مۇنداق نۇقتىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەن:

ئۇيغۇرلاردا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى مەنپەئىتىگە جىددىي مەسئۇل بولىدىغان ئادىمىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش دەۋرىنىڭ تەقەززاسى.

باشقا ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىيەت ساھەسىدىكى نەزەرىيەلىرىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كونتېكستى (ئۇرانى) بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىلىم قويۇقلۇقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاكادېمىيە ۋە مەكتەپلەردىكى بىلىم ئادەملىرى، ژۇرنالىستلار ۋە نەشرىياتچىلار جان باقتىلىق مۇرەسسەچىلىكنىڭ ئېزىتقۇ قويندىن چىقىپ، ئىلىم ساھەسىدىكى يىراقنى كۆرۈش، تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىسىنى رېئاللىقتىن ئىزدەش بۇرچىغا قايتىشى كېرەك.

كوللېكتىپ ھەمكارلىق بىلەن تەتقىقات قىلالايدىغان يېڭى ئەۋلاد بىلىم ئادەملىرى مەيدانغا كېلىشى كېرەك.

ناھايىتى ئەپسۇسكى، يوقىنىڭ ئورنىدىكى بىلىم سەھنىلىرىمىز بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەقىل يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئورنىغا، بىر گۇرۇھ كىشىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش دەستىگاھىغا ئايلىنىپ قالدى. ئېھتىياجانلىقنى ئاقىللىقنىڭ فورمۇلاسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشقان خېلى كۆپ كىشى ئىش قىلماسلىقنى ئاقلايدىغان باھانىگە ئىگە بولۇشتى. ئىلىم ئىشى ئىلىم ئەھلىگە نېسىپ بولماي، ھەممە ياقتىن سەكراتنىڭ ھىدى كېلىشكە باشلىدى.

يېقىندىن بېرى «جۇڭگو ئەدەبىياتى بىر دۆۋە ئەخلەت»، «جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى بىر دۆۋە ئەخلەت» دېگەندەك سادالار كۆپىيىپ قالدى. روشەنكى، كىتابلار ۋە ماقالىلەر شىددەت بىلەن ئېلان قىلىنىۋاتقان، بىلىملىكلەر سېپى تېخىمۇ روزىيىۋاتقان ئەھۋالدا ئاشۇنداق سادالارنىڭ چىقىشى ئىلىم ساھەسىدىكى چە-

رىكلىكىنىڭ يوشۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ، ئاپەت تۇ-سىنى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى دوگماتىزم گويا ساختىلىقنىڭ قالقىنىغا ئايلانغان ھالدا «كېتى» (课题) ــــ تەتقىقات تۈرى ئىگىلىكى، تەشۋىقات ئىگىلىكى كېلىپ چىقتى. ئىلىمنىڭ مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن ھېچكىم ھېسابلاشمىدى.

زادى «ئەخلەت» دېگەن نېمە؟ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى نەتىجە يېزىلغان ۋە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى ئىنساننىڭ ئىززىتىنى ئىجتىمائىي ئورنى ئەڭ تۆۋەن ئادەملەرگىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش غايىسىدىكى قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بەختسىز ئىنسانلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن ھېسابلاش-مىغان تەتقىقاتلارنىڭ ئەخلەتچىلىكمۇ قىممىتى يوق. چۈنكى، ئەخ-لەتنىڭمۇ مەلۇم قىممىتى بار. بەزىلەرنىڭ خانىۋەيرانچىلىقى ۋە خاتىرجەمسىزلىكى ئۈستىگە يەنە بەزىلەرنىڭ ھالاۋىتى ۋە خاتىر-جەملىكىنى دەسسىتىشكە مەسلىھەت بېرىدىغان تەتقىقاتلار جىنا-يەتتۇر. تۈركىيەلىكلەرنىڭ «پەننىڭ دۈشمىنى ئۇنىڭ دوستىدىن ئاز ئەمەس» دېگەن ماقالى بۇ ئەھۋالغا تازا باب كېلىدۇ.

مەن زۇلپىقارنىڭ تەنقىدىنىڭ ئۇچى ئىلمىي مېتود، ئىلىم ئۆلچەمگە يەتمەيۋاتقان ۋە يېتىشنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيۋاتقان ئىلىم تەتقىقاتى ئەسەرلىرى ھەم ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرى تەھرىرلى-كىگە قارىتىلغان، دەپ قارىدىم. ئاممىنىڭ پىكىر دۇنياسىنى غى-دىقلاشنى مەقسەت قىلغان پىكرىي ئەسەرلەرمۇ ئېنىق مەۋقەگە ئى-گە بولۇشى كېرەك.

ئەمدىكى گەپ، ئەنە شۇ ژۇرنالغا كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆزى لايا-قەتلىك ئىلىم ئادىمىمۇ ياكى بىر يوللارنى قىلىپ سوقۇنۇپ كىر-گەن قورساق ئادىمىمۇ؟ ئەگەر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئورگانلىرىنى لاياقەتسىز ئادەملەر ئىگىلەپ كەتتى دېيىلسە، بۇ ئاقىۋەت قايسى خىل ئىجتىمائىي مېخانىزمدىن كەلگەن؟ تېگىدىن ئېيتقاندا، ئى-

لىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرى ۋە تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىدىكى كەسپىي پاك-لىق پەن تەتقىقاتى، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش قاتار-لىقلارنىڭ بىر گەۋدىسىدىن كېلىپ چىققان چوڭ سىستېما. شۇنداق ئىكەن، ئىلىم تەتقىقاتى ژۇرناللىرى ساھەسىدىكى مەسئۇ-لىيەتسىزلىك ماھىيەتتە چوڭ بىر ئىجتىمائىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. ئانتونىي گرەمشى: «ئادەم بىر جەريان، ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئادەم ئۆز پائالىيىتىنىڭ جەريانى» دېگەنىدى. ئۇنداقتا، ئادەمنىڭ پائالىيىتىگە ھالقىلىق تەسىر كۆرسىتىۋاتقان نەرسە نې-مە؟ مىچېل فۇكاۋ: «بىلىم بىلەن ھوقۇق بىر گەۋدە، بىلىمنىڭ ئىشلىنىشى ۋە بېكىتىلىشى ھوقۇقنى شەرت قىلىدۇ. بىلىم ھو-قۇقنىڭ ئەندىزىسى بويىچە رول ئوينايدۇ» دېگەنىدى. ھوقۇق نەپ ئىزدەيدۇ، بىلىم ھەق ئىزدەيدۇ. ئەگەر بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ ھەقى-قەت ئىزدەش روھى ھوقۇق ئۇچۇن كېرەك بولغان پايدا بىلەن زىد-دىيەتلىك بولسا، ئەنە شۇ بىلىم ئەھلىنىڭ ئەخلاقى ۋە قىممەت قا-رىشى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ، بەلكى تەھدىت ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن. ھوقۇق ئۈچۈن ھەققانىيەت ئىزدەيدىغان ئىلىم ئەھلى كېرەك بولماي، دەل ئەكسىچە بولسا، كىشىلەر ئىلىم ساھەسىدىن ديانەتكار ئالىملارنى ئۈمىد قىلمىسا بولىدۇ. ئىنسانىي ھاياتقا دائىر ماھىيەتلىك پرىنسىپلارنى ئۇلۇغلار بۇرۇنلا بايقاشقان ۋە بۇ-نى ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەن. بۇ پىكىر «رومىي ھېكمەتلىرى» دە نەقىل ئېلىنغان مۇنۇ ھەدىستە ئۆز كامالىتىنى تاپقان: «ئەمىر-لەرنى زىيارەت قىلغان ئالىم يامان ئالىم، ئالىملارنى زىيارەت قىل-غان ئەمىر ياخشى ئەمىردۇر؛ كەمبەغەلنىڭ ئىشىكىگە كەلگەن ئە-مىر قانچىلىك خۇشدۇر ۋە ئەمىرنىڭ ئىشىكىگە بارغان كەمبەغەل نەقەدەر كۆڭۈلسىزدۇر.» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى ماي نەشرى) بۇ ھەدىستە ئەمىر بىلەن ئالىم ئوتتۇرىسىدىكى ئىج-تىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تەڭلىمىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەقنى مىزان قىلغان ئەمىر بىلەن ئالىمنىڭ بوسۇغىسى ماھىيەتتە بىر بولىدۇ.

ئەمىر بىلەن ئالىمنىڭ بوسۇغىسىنىڭ باشقا ـ باشقا بولۇشى، توغرا يولدىكى ئالىمنىڭ ئۆز نىشانىدىن ئادىشىپ كەتمەسلىكىگە بېرىلگەن سىگنالدۇر.

بىلىم بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر سوتسىيولوگىيە ـ لىك مەسىلىلەرنى ئۇيغۇرلارغا خاس تارىخىي مەۋقەدە شەرھلەش ۋە ھەل قىلىش زۇلپىقار بارات ئۆزباش كەبى نۆۋەتتىكى ئىلىم ئەۋلاد ـ لىرىنىڭ مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. مانا، زۇلپىقار ئاشۇ ئىزدىنىشنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، زۇلپىقار بۇ جەھەتتىكى تەنقىدنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلىم زەئىپلىكى تاسادىپىي كېلىپ چىققان ئەمەس، بۇ يەنىلا جەمئىيەتتىكى مائارىپ قاتارلىق ھەر خىل تۈزۈلمىنىڭ مەھسۇلى. بۇ يانداش تېمىلار ھەققىدە ئىچكىرى ـ لەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىلىم ئىشى كەشپىيلىك، چوڭقۇرلۇق ۋە مۇنتىزىملىقتا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، قوللىنىشچانلىق، ئاممىۋىلىق ۋە ئوقۇشچان ـ لىقتا ئىگە. نۆۋەتتە، بىز ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىنىڭ ھەممە ساھە ـ سى بويىچە ئەستايىدىل دەڭسەپ، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ئەسەرلەر ـ نى پىلانلىق ھالدا تەرجىمە قىلىش، شەرھلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ بىرقانچە ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. بۇ ئىش يەنە ئىلىم سەرخىللىرى بىلەن ھوقۇق سەرخىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوڭ تاناسىپلىق ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

*

بىز زۇلپىقارنىڭ تەنقىدىي روھىنى ئۆگىنىپ، نەزىرىمىزنى ئۇنىڭ ماقالىسىگە تاشلايلى، تەنقىد بۆرىسى بىزنى ئەقلىنىڭ يورۇق ساھىلىغا باشلىسۇن!

2010 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ئىشىك چېكىلمەكتە، سەن كىم؟

## —— زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» ناملىق دەرسلىك كىتابىغا بېغىشلىما

تاشقى دۇنيا بىزنىڭ ئىشىكىمىزنىمۇ چەكمەكتە، تەشەببۇسكار قوللار بىزگە سۇنۇلماقتا، تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن بۈيۈك كارۋان يولى —— يىپەك يولىنىڭ زامانىمىزغا خاس بىر سۈبھىسى كۆرۈنمەكتە. بىز داۋاملىق تۈردە گاڭگىراپ يۈرمەسلىكىمىز ئۈچۈن بۈگۈنكى دۇنيانىڭ خۇلق - مىجەزىنى پائال بىر پوزىتسىيەدە بىلىشىمىزگە توغرا كەلدى. زامانىمىزدىكى مەدەنىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي قۇۋۋەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش بىزنىڭ تاللىشىمىز ھەم مەجبۇرىيىتىمىز. ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەمدىلىكتە ھېچبىر ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

بىز نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ يۈزلىنىشتە ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرۈپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن چەت ئەللەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ تىلىنى دەل شۇ باشقىلارغا ئايلىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆگىنىشىمىز، بۇ ئارقىلىق يېڭى ئۆزىمىزگە ئايلىنىشىمىز كېرەك.

زۇلپىقار بارات ئۆزباش تۈزگەن «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ سىرتىدىكى ئاۋام كۆپچىلىكنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشىغا بولغان سەممىي ئىنتىلىشلىرىنىڭ بىر ئەينىكى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ بىرقانچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە توپلانغان تەجرىبىلىرىنىڭ بىر يەكۈنىكى، ئۇنىڭدا زۇلپىقارنىڭ چەت تىللار مائارىپىغا بولغان ئىخلاسى، قىرىنداشلىرىغا بولغان مېھرى - مۇ-

ھەببىتى، تۇرلۇك ئىجتىمائىي خىرىسقا بولغان سەزگۈسى ئەكس ئېتىدۇ. زۇلپىقار دەرسلىك قۇرۇلمىسىنىڭ مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇر ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ سەۋىيەسى، پسىخىكىسى ۋە تەلىپىگە لايىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇيغۇر پسىخىكىسى داۋاملىق رەۋىشتىكى ئۆلۈك رىتىمنى ئەمەس، ئۆزگىرىشچان، دولقۇنلۇق، كۆتۈرەڭگۈ رىتىمنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ رىتىمغا ياندىشىش ئۈچۈن زۇلپىقار بارات نۇرغۇن تىل ھەۋەسكارى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، قولىغىزدىكى ئۇشبۇ دەرسلىكنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنى ئۇيغۇر چەت تىللار مائارىپىدىكى تەلتۆكۈس نامايەندە دېمەكچى ئەمەسمىز. لېكىن بۇ كىتابنىڭ مىللىي ئۆگىنىش مۇھىتىغا باب كېلىدىغان، ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر تىلى يەشمىسىدىكى ئىنگلىز تىلى دەرسلىكلىرى ئىچىدە ئىزدىنىش روھىغا ئەڭ باي ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

چەت تىللار مائارىپى — ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. نۆۋەتتە چوقۇم ئۆزىمىز تۈزگەن ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسىغا ماس كەلگەن، مۇكەممەللىككە يۈزلەنگەن ھەر خىل شەكىلدىكى دەرسلىكلەر بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە خەلق ئىچىدىكى چەت تىللار ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئۇلار ئاچقان ئىشتىن سىرتقى كۇرسلارنىڭ رولى خېلىلا چوڭ بولدى. ئۇلار بىزدىكى ئۈمىدلىك قوشۇن.

ئاخىرىدا بىر ئىنگلىزچە تېكىستنى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بىلەن قوشۇپ ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشنى لايىق تاپتىم. بۇ تېكىستنى بىر ئۇيغۇرچە ئىنتېر تورى بېكىتىدىن كۆرۈپ، خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالغانىدىم. تېكىستتە ئانا تىلىمىز بىلەن باشقا تىللارنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى خېلى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئاشۇ نامەلۇم قەلەم ئىگىسىگە تەشەككۇر ھېسسىياتىم قوزغالغانىدى.

## Language for me

Uyghur language makes me feel unique. I use it to express my thought and love...

Chinese language makes me feel urgent. I use it to make my living and survive...

Arabic makes me to be touched deep in my heart. I use it to clean may soul...

Well, English makes me feel hope. I use it for better life and better opportunity...

تەرجىمىسى:

ئۇيغۇر تىلى ماڭا تەڭداشسىزلىق بېغىشلايدۇ. مەن ئۇ ئارقىلىق ئۆز ئوي - پىكىرلىرىمنى ۋە مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەيمەن...

خەنزۇ تىلى ماڭا جىددىيلىك ھېس قىلدۇرىدۇ. مەن ئۇ ئارقىلىق ياشايمەن ۋە تىرىكچىلىك قىلىمەن...

ئەرەب تىلى ماڭا قەلبىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مەن ئۇ ئارقىلىق روھىمنى پاكلايمەن...

خوش، ئىنگلىز تىلى مېنى ئۈمىدۋار قىلىدۇ. مەن ئۇ ئارقىلىق ياخشى تۇرمۇش ۋە ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشەلەيمەن...

چەت تىللارنى ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن 2000 يىلدىن ئارتۇق ئەنئەنە. بۇ ئەنئەنە پەقەت ئۆزىنى ياخشى تونۇغان ۋە تونۇتقان ئەۋلادلارنىڭ قولىدا نۇر چاچىدۇ.

ئانا تىلىمىزنىڭ قۇدرىتى ئۈچۈن چەت ئەللەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنەيلى.

2003 ـ يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# نۇتۇقلاردىن تەرمىلەر

# جەمئىيەت ۋە ئائىلە مەدەنىيىتى

*ئىلاۋە: 2009 ـ يىلى 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ ئىيۇندا كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئابدۇقادىر جالالىددىن ، يالقۇن روزى، زۇلپىقار بارات ئۆزباش، ئەنۋەر تاشتۆمۈر، مۇھەممەد ئىسمائىل قاتارلىق زىيالىيلار كۇچاغا تەكلىپ قىلىنىپ، مەدەنىيەت خىزمىتى خادىملىرىغا نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. سۆزلەنگەن نۇتۇقلار ئاممىبابلىقى ۋە يەرلىك شارائىتقا ئۇيغۇنلۇقى بىلەن كىشىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، ناھىيە رادىيوسىدا ئاڭلىتىلىپ، ئاۋامنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولدى. تەھرىراتىمىز ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندىنىڭ نۇتقىنى ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ رەتلىدۇق. ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى «ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزا مەدەنىيەت خادىملىرى ئىكەن. بۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەركىن پاراڭ تۈسىدە سۆز قىلىشنى لايىق تاپقانىدىم. ئاغزاكى نۇتۇقتىكى ئىختىيارلىقنىڭ ئەۋزەللىكىنى دەل شۇنداق مەيداندا بىلگىلى بولىدۇ. قەغەزگە ئالغاندا نۇتۇقنىڭ جانلىق ھالىتى يوقايدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇنى نەزەرگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن سۆزنى ھاۋالە قىلدى. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۇندۇق.*

*ـــ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتى*

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت! كونىلاردا «ئۆزۈڭگە ئاتاپ شاپتۇل تىك، نەۋرەڭگە ئاتاپ ئامۇت» دېگەن گەپ بار. بەزى كۆچەتلەر مېۋىنى دەرھال بەرسە، بەزى كۆچەتلەر مېۋىنى ئالدىرىماي بېرىدۇ. مائارىپ، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ تەلىم ـ تەربىيەنىڭ مېۋىسى خېلى يىللاردىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بۇ ياندىن مەبلەغ سېلىپ، ئۇ ياندىن پايدىسىنى ئالىدىغان تىجارەت ئەمەس. بۇگۈن

بىز «جەمئىيەت ۋە ئائىلە مەدەنىيىتى» ھەققىدە پاراڭلىشايلى.

ھازىر بىز شەھەرلىشىش ۋە شەھەرلىشىش دولقۇنى ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل خىرىسقا قانداق تاقابىل تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەرلىشىش دولقۇنىغا ئەگىشىپ يېڭى مەدەنىيەت-لەرنى قوبۇل قىلىش ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قانداق ساقلاپ قېلىش، قوغداشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق. شەھەرنىڭ ئادەملىرى بىلەن يېزىنىڭ ئادەملىرىنى سېلىشتۇرغاندا، يېزىنىڭ ئادەملىرى بىرقەدەر ئېتىكى كەڭرى جايدا ياشايدۇ. شۇڭا زېمىن، ياشاش مۇھىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېزىدا رىقابەت ئانچە كەسكىن بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئېنېرگە-يەدىن پايدىلىنىش، سۇ مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش ياكى باشقا مەنبەلىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا رىقابەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن يېزىدا ئەنئەنىۋى ھالدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سېخىيلىق، مەردانىلىك، كەڭ قورساقلىق، ساددىلىق، سەمىمىيلىك، تۈزلۈكتىن ئىبارەت بۇ خىل خۇسۇسىيەت ھازىرغىچە خەلقىمىز بىلەن داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. «تارىخى رەشىدي» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتلاردا مېۋە سېتىش نومۇس ھېس قىلىنىدىغان ئىش ئىكەن. ئىلگىرى ئۈجمىنى ساتىدىغان ئىش يوق ئىدى. ئۈجمىنى خالىغان ئادەم ئىرغىتىپ يېسە بولاتتى. سەھرالىقلاردا بىر نەرسىنى ساتىدىغان ئاڭ تېخى شەكىللەنمىگەنىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش-تىن كېيىن بازارلىشىش دولقۇنىغا ئەگىشىپ، ئۇلاردا بازار ئېڭى، ئىقتىساد ئېڭى ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولۇپ، مېۋە ـ چىۋىلەرنى سا-تىدىغان ئەھۋال مەيدانغا كەلدى. شۇنداقتىمۇ، سەھرالىقلاردا يەنىلا كەڭ قورساقلىق، مەردانىلىك بار. شەھەردە نوپۇس زىچ بولۇپ، چەكلىك مۇھىتتا كۆپ ئادەم ياشىغانلىقى ئۈچۈن، تۇرالغۇ مەسى-لىسى، تىجارەت قىلىدىغان جاي مەسىلىسى شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتى-سادى ۋە كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، شەھەرلىكلەردە رىقابەت ئېڭى بىرقەدەر كۈچلۈك، ھايات رى-

تىمىمۇ بىرقەدەر تېز بولىدۇ. شەھەرلىكلەر بىلەن سەھرالىقلارنى سېلىشتۇرغاندا، شەھەرلىكلەر قاقىباشراق، سەھرالىقلار تۈزرەك، ساددىراق، سېخىيرەك بولىدۇ. شەھەرلىكلەردە ھەممە نەرسىدىن، ھەتتا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى، دوست ـ يارەنلىرىدىن ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىنىش ئېڭى بار. سەھرالىقلاردا سەرپ قىلىش، ئەنئەنىۋى ساۋاب قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، بېغىشلاش، باشقىلارنى بەھرىمەن قىلىش، خۇرسەن قىلىشتىن ئىبارەت ئاڭ بولىدۇ.

بۈگۈنكى شەھەرلىشىشنىڭ تەسىرى بار ـ بارا يېزىلاردىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. يېزىلىرىمىزدا چوڭ بىر قورۇنىڭ ئىچىدە بوۋىلار ـ دىن تارتىپ نەۋرە ـ چەۋرىلەرگىچە بولغان ئۈچ ـ تۆت ئەۋلاد بىللە ياشايدۇ. ئەمما، شەھەرلەردە بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شە ـ ھەرلەردە ئېگىز بىنالارغا كۆچۈۋاتىمىز. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش سۈپەتتە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن، قې ـ لىپلاشتۇرۇلغان. مەن 1986 ـ يىلى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە تەق ـ سىملىنىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، دۆڭكۆۋرۈك، بۇلاقبېشى رايونلىرىدا قىڭغىر ـ قىيسىق ئەنئەنىۋى ئۆيلەر كۆپ ئىدى. شىنجاڭ ئۇنى ـ ۋېرسىتېتىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە خابا مەھەللىسى دەيدىغان بىر مە ـ ھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللىمۇ قويۇق ئەنئەنىۋى مىللىي مەھەللە ئىدى. بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ تۇرىدىغان، قىز ـ چوكانلار ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇيدىغان مەنزىرىلەرنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 40 ~ 50 يىل ئاۋۋال كۆرگىلى بولاتتىكەن. بۈگۈنكى ئۈرۈمچىگە قارىسىڭىز بۇنداق مەنزىرىنى كۆرەلمەيسىز. ھەتتا ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ خى ـ يالىڭىزغىمۇ كەلتۈرەلمەيسىز. مانا بۇ شەھەرلىشىش دولقۇنىنىڭ بىزگە ئېلىپ كېلىۋاتقان تەسىرى. ئۈرۈمچىدە ئېگىز بىنالارغا كۆچۈش مودا بولدى. تۆۋىنى 15 قەۋەتلىك، يۇقىرىسى 30 قەۋەتلىك بىنالارغا كۆچۈش ئىقتىسادىي ئەھۋالى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ بىرقەدەر ياخشىلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئىش بولۇپ قالدى. لې ـ كىن چەت ئەللەردە ئۇنداق ئەمەس. ئەنگلىيە ياۋروپادىكى تەرەققىي

قىلغان دۆلەت. ئەنگلىيەنىڭ ماددىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى يۇقى-رى پەللىگە يېتىپ، ھازىرقى تەرەققىيات مۇلازىمەتچىلىككە يۈزلى-نىۋېتىپتۇ. مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تۈرلىرى ھەر خىل بولىدۇ. مىسا-لەن، تېببىي مۇلازىمەت، مائارىپ مۇلازىمىتى، پۇل مۇئامىلە مۇلا-زىمىتى قاتارلىقلار. ئەنگلىيەدە تايمىس دەرياسىنىڭ سۈيى 1950 – يىللاردا ئېغىر بۇلغانغان بولۇپ، لاي ـ لاتقا ئاقىدىكەن. بۈگۈنكى كۈندە تايمىس دەرياسىنىڭ سۈيى ئالىمبۇرۇن سۈزۈلۈپ بولدى. بىزدە ھازىر قەشقەردىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى بۇلغىنىپ بىر يەرگە باردى. ھۆكۈمىتىمىز بۇنى ھېس قىلىپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قورۇلۇشىنى باشلاۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شەھەر ئىچىدىكى باشقا دەريالارنىڭ مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا جىددىي كۆڭۈل بۆ-لۈۋاتىدۇ ۋە بۇ تۈردىكى قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەنگلى-يەنىڭ پايتەختى لوندوندا 11 مىليون نوپۇس بار ئىكەن. لوندون دۇنيانىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىدىن كەلگەن ئوخشاش بولمى-غان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت، ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادقا تەۋە كىشىلەر مەركەزلەشكەن ۋە ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقئارالىق شەھەر. ئەنگلىيە كۆپ خىل مەدەنىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان دۆلەت. شۇڭا، بىر ئادەمنىڭ كىيىنىشىگە يەنە بىر ئادەم زاڭلىق قىلىش نەزىرى بىلەن قارىمايدىكەن، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە غەيرىي تەرزدە قا-رىمايدىكەن. لوندوندا كۆچمەنلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئەنە شۇنداق ئېگىز بى-نالاردا ئولتۇرىدىكەن. بىز ئېگىز بىنالاردا ئولتۇرغانلارنى قول – ئىلكىدە بار، جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان سەرخىل كىشىلەر دەپ قارايمىز. مەن ئويلايمەنكى، يەنە 10 يىللاردىن كېيىن كىشى-لەر بۇ خىل ئاڭدىنمۇ يالتىيىدۇ. شۇڭا، يېزىلاردىكى ئادەملىرى-

مىزنىڭ ھويلىسى توت ـ بەش مو كېلىدىغان باغېراخلىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ يەردىكى گەپ ئاقسۆڭەكلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بىلىم ۋە ئىنسانىي كامىللىقنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىدا. ئەنگلىيەنىڭ يېزىلىرىدا پىروفېسسور، ئادۋوكات، دوختۇر، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، تەتقىقاتچى، ھۆكۈمەت خادىمى دېگەندەك يۇقىرى كىرىملىك كىشىلەر ئولتۇرىدىكەن. يېزىنىڭ ئەتراپلىرىدا چوڭ تىپتىكى تاللا بازارلىرى بولىدىكەن. ئۇلار پىكاپلىرىنى ھەيدەپ ھەپتىلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى تاللا بازارلىرىدىن ئېلىپ كېلىپ، توڭلاتقۇسىغا سېلىپ قويۇپ، بۇ يەردىكى ساپ ھاۋا، شارقىراپ تۇرغان سۇ، قۇشلارنىڭ ناۋاسى، ھەسەن ـ ھۈسەن، يامغۇر ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىكەن. كۆچمەنلەر بولسا شەھەرنىڭ قايناق بازارلىرىدا شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك جىددىي ھايات رىتىمى ئىچىدە ياشايدىكەن. شۇڭا، ئۇ يەردە ئاقسۆڭەكتەك ياشاشنىڭ دەرىجىسى يېزىدا ياشاش بىلەن ئۆلچىنىدىكەن.

بىزگە شەھەرلىشىش ئەمدى يېتىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شەھەرلىشىشنىڭ يۇمشاق مەدەنىيەت قىسمى، يەنى كىتاب ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەش، مەدەنىيەت ئىگىلەش شەكلىنى ئەمەس، بىنادا ئولتۇرۇش، كىيىم كىيىش، ماشىنىدا ئولتۇرۇش دېگەندەك تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتىمىز. شۇڭا، ئۇرۇمچىدە شەھەرلىشىشنىڭ دولقۇنى ئېگىز بىنالارغا كۆچۈش بولغاچقا، ئەسلىدىكى ئېتىنىك تەركىب ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ، ئائىلىنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسىغا تەبىئىي تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇنىڭ ئالامەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرىمىز. يېزىدىكى بىر بالا ئەتىگەن ئورنىدىن قوپسا ئاپپاق روماللىق مومىسىنىڭ ھويلىنى سۈپۈرۈپ سۇ سېپىۋاتقانلىقىنى ياكى ئانىسىنىڭ قوي، ياكى كالىغا ھەلەپ ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشى مۇمكىن. ياكى بولمىسا قۇربان ھېيتتا، قۇربانلىقنى قانداق سويىدۇ، ئۇنى سويۇش ئۈچۈن قانداق مەنىۋى، ماددىي شەرتلەرنى ھا-

زىرلاش كېرەك، دېگەنلەرنى تەبىئىي ھالدا بىلىۋالىدۇ، بۇ ھەقتە ئەمەلىي دەرس ئالالايدۇ. بىر بالا قويۇق ئەنئەنىۋى مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولسا، ئۆز خەلقىنىڭ قائىدىلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ھالال - ھارام، ياخشى - يامان ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تەبىئىي ھالدا بوۋا - مومىسى ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇرمۇشتىكى تەبىئىي ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرىدۇ، ياكى قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن ئۇرۇمچىدە بۇ خىل قوبۇل قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك. ئۇرۇمچىدە بىر ئايال يەڭگىپ بالىسى قۇچاقتىن تولۇق ئايرىلماي تۇرۇپلا ئۇنى بالا باققۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ بىزدىكى ئېغىر مەسىلە. ياپونىيەدە ئاياللار تۇغۇت پەيتى يېقىنلاشقاندا خىزمىتى بولسا خىزمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئۆيىدە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن كۈتۈنۈشكە باشلايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئۇچۇن ياخشى بىر پەرزەنتنى ئاپىرىدە قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى پاراۋانلىق ياردىمى يەتكۈزۈلىدىكەن. ياپونىيە خەلقىنىڭ ئەنئەنىسىدە، ئاياللار ياتلىق بولغاندىن باشلاپلا ئائىلىسىدە ئېرىنى كۈتۈش، بالا بېقىش، بالا تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. ئەنگلىيەدىمۇ شۇنداق بولىدىكەن. بۇنداق بولغاندا، ئانا ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى فىزىيولوگىيەلىك گىگىېنا، كۈتۈنۈشكە ئائىت كىتابلارنى كۆرۈپ، كۈتۈنۈش بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە باشلايدىكەن. تۇغقاندىن كېيىن بالىلارنى ئاساسەن ئۆزى باقىدىكەن. ئانىلارنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن بولغاچقا، بالا تەربىيەلەشتىكى نۇرغۇن تەرەپكە پايدىلىق شارائىتلار ھازىرلانغان بولىدىكەن. بالىلار مەكتەپكە كىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئوقۇتقۇچىلار ھەپتىدە بىر قېتىم ئاتا - ئانىلارنى چاقىرىپ، بالىلارنىڭ يازغان قوشاقلىرىنى ئوقۇيدىغان، سىزغان رەسىملىرىنى كۆرىدىغان، ئۇلارنى لۆڭگە يۇيۇش، قول يۇيۇشقا قات-

ناشتۇرىدىغان، يىرتىلىپ كەتكەن سومكىسىنى يامىتىدىغان ئىشلارغا ئارىلاشتۇرىدىكەن. بىزدە بولسا، ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان چەكلىك ۋاقىت ئىچىدىكى دەم ئېلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن بالىنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىمىز خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىمىز. دېمەك، بالا ئاساسەن قوچاقتىن ئايرىلماي تۇرۇپلا، سۈتنى ئانىسىدىن ئەمگىنى بىلەن تەلىم - تەربىيە، خۇلق - مىجەزنى تاما - مەن باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدا بەزى تاللاش، گەپ - سۆز جەھەتتە ئۇر - تاقلىق بولماي، زىددىيەتلەر شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋال بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ روشەن يۈز بېرىشى مۇمكىن.

شەھەرلىكلەرنىڭ ئەركەكچىلىك تۇيغۇسىمۇ ئۆزگىرىپ كەت - تى. ئىلگىرى ئەرلىرىمىزدە، خوتۇنىنى خىزمەت بولمىسىمۇ چوقۇم بېقىپ كېتەلەيمەن، دەيدىغان بىر خىل ئەركەكچىلىك تۇي - غۇسى بار ئىدى. بەزىلەر خوتۇننىڭ خىزمىتىنىلا ئويلاشماي، ئۆۋ - يى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىمتىيازى، بايلىقىنى كۆزلەيدىغان بولدى. بەزىلەرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك تۇرقى ئەركەك بولغىنى بىلەن، پىسخولوگىيەلىك خاراكتېرى ناچىنسلىقتا يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋاللارمۇ بار. شۇڭا، قىزلىرىمىز بەختسىز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. قاۋۇل، ئۆزىگە كاپالەت بېرەلەيدىغان، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدىغان ئەركەكلەر بارا - بارا ئاز قالغاچقا، قىزلارنىڭ چىرايى سارغىيىپ سامان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. قىزلارنىڭ بەختى ئەمەلى - يەتتە بېجىرىم ئەركەكلەردىن ئايرىلالمايدۇ.

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتى، بولۇپمۇ شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيى - تىدىكى يەنە بىر يۈزلىنىش سالامەتلىككە كۆڭۈل بۆلۈشتۇر. كىشى - لىرىمىزنىڭ دىيابىت، قان بېسىمى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بو - لۇشى 40 ~ 45 ياشلار ئەتراپىغا چۈشتى. بۇ تەن ساپايىمىزدىكى ئەشەددىي چېكىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەقىدىمىز بۇزۇلۇپ كەت - كەنلىكى، قىممەت قارىشىمىز بۇلغىنىپ كەتكەنلىكى، يېمەك -

ئىچمەكتە پەرھىز ئايرىماي يەيدىغان ئادەت شەكىللەنگەنلىكى ئۇ-چۇن، يېمەك - ئىچمەك، دەم ئېلىش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، يۈ-رۈش - تۇرۇشلاردا سالامەتلىكىمىزگە زىيانلىق ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەردى. مىسالەن، مېنىڭ يېشىمە-دىكىلەرنىڭ ئارىسىدا يىگىتلىكىنىڭ قىران ۋاقىتلىرىنى هاراق، پىۋا بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەنلەر يوق ئەمەس، شۇڭا ئۇلار هازىر جىد-دىي هالدا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدىغان ها-لەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، شەھەرلىشىش دولقۇنىغا ئەگىشىپ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتىمىزنى تاشلاپ، تۇرمۇشتا باش-قىلارغا ھەددىدىن زىيادە تەقلىد قىلىپ، ئۆزىمىزنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىمىزدا.

شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشتا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر گىرەلىشىدۇ، ھەر خىل ئىقلىمدىن كەلگەن يېمەك - ئىچمەكلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇرۇن بانان، ئاپېلسىن دېگەندەك مېۋە - چېۋىلەر بىزنىڭ رايونلىرىمىزدا يوق ئىدى. هازىر بەزى يېمەك - ئىچمەكلەر چەت ئەللەردىن رايونىمىزغا كىرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۇ-چۇن، تۇرمۇشىمىزغا ئوخشاش بولمىغان تەركىب، ئوخشاش بولمى-غان نەرسىلەر سىڭىپ كىرىۋاتقاندا، بۇ نەرسىلەر ئىچىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىز هازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ئورنى ۋە رولى قانداق بولۇشى كېرەك، دېگەن مەسىلىنى جىددىي ئويلايدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى. ئۇرۇمچىدە مىللىيچە تائاملار سانائەتلە-شىشكە باشلىدى، ھەرقايسى جايدىن كەلگەنلەر مىللىيچە تائاملى-رىمىزغا داخىل بولماي قالمايدۇ. ئىچكىرىدىن كەلگەنلەر مىللىي تۇرمۇشنى كۆرۈش ئۈچۈن تۇرپانغا بېرىپ، تۇرپاندىكى ئائىلە سا-ياھەتچىلىكىنى كۆرۈۋاتىدۇ. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ئېنىقلا كۆپىيىۋاتىدۇ. دېمەك، يېزىلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك نەرسىلەرنى باي-قاپ، ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇپ قوغدىشىمىز كېرەك.

بىز ئائىلە تېمىسىدا سۆزلەۋاتىمىز. بىزنىڭ ئائىلە ئەنئەنىمىزدە قوشنا ـ قولۇملار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تاماق سۇنىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ بالىسىغا قاراپ قويىدىغان ياخشى بىر ئادەت بار. بۇ يېزىلىرىمىزدا ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇرۇمچىدە بۇنداق ئەنئەنە قالمىغىلى تۇردى. مەسىلەن، مەن قوشنىلىرىمنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۆيلىرىگە كىرىپ ـ چىققىنىنى بىلمەيمەن. ئىشىكنى تاقاپ بىر كىرىپ كەتسە كىم نېمە بولۇۋاتىدۇ، بۇنى بىلمەيمىز. ھەتتا بىرەر كىم ئۆلۈپ كەتسە ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە بىلگىلى بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. شەھەردە بالىلارنىڭ سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناش، لايدىن ھەيكەل ياساپ ئويناش، قۇمدىن ئۆي ياساش ۋە باشقا تۈرلۈك بالىلار ئويۇننى ئويناش ئىمكانىيىتى يوق. شەھەردىكى بالىلار مەكتەپتىن كېلىدۇ ـ دە، كومپيۇتېرى بارلىرى كومپيۇتېرنى ئېچىپ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئوينايدۇ. بۇنى ئويناشقا رۇخسەت قىلمىساق تورخانىلارغا ئۆگىنىپ قېلىشى، ئۇ يەرلەردىن تۈرلۈك ناچار قىلىق يۇقتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئائىلىدە بىرەر سائەت ئەتراپىدا شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ شۇ خۇمارىنى قاندۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ باشقا تەلىم ـ تەربىيەسىنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇرۇمچىنىڭ شارائىتىدا بالىلار ئومۇمەن ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلدى، ئەۋلاد تەربىيەسى پۈتۈنلەي يەسلىگە، مەكتەپكە ھاۋالە قىلىندى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئۆزى بېرىشكە تېگىشلىك تەلىم ـ تەربىيە ئاساسەن بېرىلمەيۋاتىدۇ. ھازىر پارتىيە، ھۆكۈمەت بىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بالىلىرىمىزنى ئىچكى رايونلارغا ئاپىرىپ تەربىيەلەۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارمۇ ناھايىتى قىزغىن بولۇۋاتىدۇ. بالىلارنى كىچىكىدىنلا يەسلىگە بېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولغاچقا، كۆپرەك ۋاقتى خىزمەت بىلەن ئۆتۈپ، بالىلار بىلەن بىۋاسىتە ئارىلىشىپ تەلىم ـ تەربىيە بېرىدىغان ۋاقتىمىز ئازلاۋاتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ بالىلارنىڭ

مەكتەپتىن، جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلغان تەسىرى، بىلىمى ۋە ئىجتىمائىي نەرسىلەر ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ بالىلار تىلدا ياكى ماتېماتىكىدا ياخشى بولسىمۇ، مىللىي تۇرمۇشقا، ئەنئەنىۋى نەرسىلەرگە خاملىقى تۈپەيلى ئاخىرقى ھېسابتا تەپەككۇرىنىڭ يېتىلىشىدە بەزى كەمتۈكلۈكلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بالىلىرىمىزنى مەكتەپلەرگە بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مۇنتىزىملاشقان، قېلىپلاشقان مەكتەپلەردە ئوقۇتىمىز، بۇ تەبىئىي ئەھۋال. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بالىلارغا ئائىلىدىن بېرىدىغان تەلىم - تەربىيەگە ۋاقىت ئاجرىتىشىمىز كېرەك. بىر بالىنى ئالتە - يەتتە يېشىدا مەكتەپكە كىردى دەپ قارىساق، ئەمەلىيەتتە بالىنىڭ خاراكتېرى يەتتە - سەككىز يېشىدا شەكىللىنىدۇ. سەككىز ياشقىچە شەكىللەنگەن خاراكتېر ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىغان خاراكتېر. بالا سەككىز ياشقا كىرگۈچە ئۇنى ئۆز - ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىرادىسىنى تاۋلايدىغان مۇھىتتا چوڭ قىلساق ئۇ غۇرۇرلۇق، ئىرادىلىك چوڭ بولىدۇ. ئۆزۈمنى ئېيتسام، مەن تۇغۇلۇپ يەتتە ئايدىن كېيىن دادام ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ھامام، ئانام، ئىككى ئاچامنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغانمەن. ئەتراپتىكى يېزا بالىلىرى بىلەن ئويناپ، مۇشتلىشىپ، چېلىشىپ، قوپاللىقنىڭ ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ يىگىتلىك خاراكتېرىنى تاۋلىغان بولسامۇ، ئائىلىدە ئاتىدىن كېلىدىغان بىر خىل قەھرلىك تەلىم - تەربىيە كەم بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلۈم يۇمشاق. شۇڭا، بالىلىقتىكى خاراكتېردە كەم قالغان نەرسىنى ھەرقانچە تىرىشقان بىلەنمۇ يېتىشتۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. بالىلىقتا بېرىدىغان تەلىم - تەربىيەنى ئالىي مەكتەپ بېرەلمەيدۇ، ئانا بېرەلەيدىغان تەلىم - تەربىيەنى ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى بېرەلمەيدۇ، دادا تەبىئىي مۇھەببەت بىلەن ئاتا قىلىدىغان تەلىم - تەربىيەنى مەكتەپ بېرەلمەيدۇ. مەكتەپلەر بالىلاردىكى قابىلىيەتنىڭ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسىتىمۇ، لېكىن بىر ئىنسان قابىلىيەت بىلەنلا ياشىمايدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ

قانچىلىك دەرىجىدە پاراسەتلىك ئىكەنلىكى بىلەن سۆيۈملۈك ئەمەس. ئىنسان پاراسەتلىك بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارغا قانچىلىك مېھرىبانلىق ئاتا قىلالايدىغانلىقى، باشقىلارغا قانچىلىك كۆيۈنەلەيدىغانلىقى، قانچىلىك مۇھەببەت بېغىشلىيالايدىغانلىقى بىلەن سۆيۈملۈك. بىر ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ بىلىمىدە ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا ئاتا قىلالايدىغان ئىنسانىي ئادالىتىدە. بىلىم بىر قورال. بۇ قورالنى قانداق ئىشلىتىسىز؟ نېمىگە ئىشلىتىسىز؟ نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىسىز؟ بۇنى بەلگىلەيدىغان نەرسە سىزنىڭ ئەقىدىڭىز، ئىدىيەڭىز، قىممەت قارىشىڭىز، بىر ئىنسان نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ هالال، نېمىنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلمەي، بىلىم جەھەتتە قالتىس ئادەم بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ بىلىمى ئەكس تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، كىچىككىدىنلا مېھىر ــ مۇھەببەتكە قانمىغان بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، مۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇدەك ئېنېرگىيەگە ئىگە بولالمايدۇ. كومپيۇتېر ۋىرۇسلىنىپ قالسا بىرمۇنچە ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلغاندەك، بالىنىڭ قېنىغا تۇرمۇشتىكى نامۇۋاپىق نەرسىلەر، رەزىل ياكى هارام نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالسا، بۇ، بالىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ساغلام بولمىغان تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، بالىلىرىمىزنى مەكتەپكە بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ خاراكتېر قۇرۇلۇشىنى ئائىلىدە ياخشى ئېلىپ بارمىساق بولمايدۇ.

20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللەردىن نۇرغۇن ئالىم قەشقەر، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، جۇغراپىيەسى، ياشاش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، كىتابلارنى چىقاردى. ئۇلار يازغان ئەسەرلىرىدە: بۇ مىللەتنىڭ بىر يەرلىرىدىن چېچەنلىك يېغىپ تۇرىدىكەن، ئەمما ئاياللىرى ياخشى تەربىيەلەنمەيدىكەن، ئاياللار جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالغانىكەن، بالىلار ئوقۇمىغان بىر ئايالنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولىدىكەن. گەرچە

ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆتكۈرلۈك، پاراسەت تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، پاراسىتى قىزىلماي كۆمۈلۈپ قالغان ياكى قۇم بېسىپ كەتكەندەك. بۇ مىللەتنىڭ تەكلىماكان بويلىرىدا دۇنيادىن ئايرىلىپ يېتىم ھالەتتە تەرەققىياتىنىڭ كەينىدە قېلىشىدىكى سەۋەب مۇشۇ ئىكەن، دېگەن. دېمەك، ئانا ئىنتايىن مۇھىم، ئانىنىڭ ساپاسى ئىنتايىن مۇھىم. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يىگىتلەر ئۆيلەنمەكچى بولغاندا ئايالنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ ئالاتتى. ئاياللارمۇ ئەرلەرگە بېرىلىش تەلىپى قوياتتى. ھازىرقى كۈندە، لايىق تاللاشتا بەزىلەر زامانىۋى ياسىنىشنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن كەمتۈكلۈكلەرنى كۆرەلمەيدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئادەم ئالدايدىغان يېرى مانا مۇشۇ يەردە. بىزدە ئەۋلاد تەربىيەسىدە يىلتىزغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەنئەنە بار ئىدى. ھازىر نەسەبنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان، ئىجتىمائىي ئورنى ياكى كېلىش مەنبەسىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان شالغۇت ئەقىدە پەيدا بولۇپ قالدى. بالا تەربىيەلەش مەسىلىسىدە بىزنىڭ نۇرغۇن ئەۋزەل تەرىپىمىز، ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلىرىمىز بار. مۇشۇ قويۇق مىللىي ئەنئەنىمىزنىڭ بالا تەربىيەلەشتىكى رولىنى تونۇپ يېتىشىمىز، شەھەرلىشىش دولقۇنىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. تەرەققىياتنى قوغلاشقىنىمىز توغرا، تەرەققىي قىلىشىمىز، گۈللىنىشىمىز كېرەك. بىراق، تەرەققىياتنى قارىغۇلارچە قوغلاشساق بولمايدۇ. ئانىلار بالىلىرىنى ئۆزى تەربىيەلىمەيۋاتىدۇ. ھەتتا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن شەنبە ـ يەكشەنبىدىكى بىللە بولىدىغان ۋاقىتلىرىنىمۇ كومپيۇتېر، تېلېۋىزور بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئىجادچانلىقتىن مەھرۇم بولۇپ، بىر خىل ئۆسمۈرلۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئىستېمالىلا قىلىپ، ئىجاد قىلمايدىغان مەنىۋى پالەچلەر يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ.

ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىگە لايىق ئەنئەنىسى بار. چەت ئەللىكلەر بالىلىرى چۈشەنسۇن، چۈشەنمىسۇن كىتاب ئوقۇپ بېرىدىكەن. بىزنىڭ مەكتەپتە تۇرغان بىر كانادالىقنى كەچلىك تاماققا

تەكلىپ قىلغانىدىم. سائەت توققۇز بولا ـ بولمايلا قايتىمىز دېدى. بالدۇرغۇ تېخى دېسەك، بالىلىرىمىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشىم كېرەك، دېدى. بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى ئولتۇرغۇزۇپ كىتاب ئوقۇپ بېرىدىغان ۋاقتىمىز ئەمەلىيەتتە بىر سائەتكىمۇ بارمايدۇ، ھەتتا يوق دېيەرلىك. بىز ھەرقانداق ئالدىراش بولۇپ كەتسەكمۇ، بالىلىرىمىز بىلەن ئەركىلىشىدىغان ۋاقتىمىز كۈنىگە ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىر سائەت بولسۇن. شەنبە ـ يەكشەنبىدە بالىلار بىلەن بىللە ئوينايدىغان، ئۇلارغا دادىلىق، ئانىلىق مېھرىمىزنى بېرىدىغان شارائىتنى يارىتايلى. سىزنىڭ خاراكتېرىڭىز ئارقىلىق يۇقۇۋاتقان تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئېتىمىزدىن ئاچچىق تەر پۇراپ كىرگەن ئانا بالىسىنى ئېمىتكەندە، گەرچە ئۇنىڭدىن ئەتىر پۇراپ تۇرمىسىمۇ، ئۇ ئانىنىڭ بالىسىغا بېرىۋاتقان مېھرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ. كەلگۈسىدە ئاشۇ بالا تەرنى مەززىلىك ھېس قىلىدىغان بولىدۇ. ئۆزۈمنى ئالسام، تەر ماڭا مەززىلىك پۇرايدۇ. يېزىدا چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن تاكى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگىچە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم ئوقۇغۇچىلىق ھايات بىلەن ئۆتكەنىدىم. شۇڭا، مەندە دېھقاننى يات كۆرمەيدىغان، دېھقاننى كۆرگەندە سۆيۈنىدىغان، تەردىن ھۇزۇرلىنىدىغان بىر خىل پسىخىكا يېتىلگەن. تەر ئېسىل نەرسە، ئۇ ھالال مېھنەتتىن دېرەك بېرىدۇ. تەر بار يەردە ھارام ئەقىدىلىك ئىنسانلار يېتىلمەيدۇ، تەر بار يەردە پەزىلەت بولىدۇ، تەر بار يەردە ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار پەرزەنتلەر يېتىلىدۇ. مائارىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئائىلىدە جەمئىيەتكە مەسئۇل بولىدىغان، باشقىلارغا مەسئۇل بولىدىغان ئاڭنىڭ بولۇشى بىلىملىك بولۇشتىنمۇ مۇھىم.

ئۈرۈمچىدە ئائىلە كىرىزىسى بىرقەدەر ئېغىر، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىش نىسبىتى خېلى گەۋدىلىك. تويىنى بىر قېتىملىق پىراكتىكىدەك بىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار، ھەتتا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن توي قىلغانلىقىنى بىلمەي ئۆيلۈك ـ ئوچاق-

لىق بولىدىغانلارمۇ بار. بۇ، مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىدىكى زەئىپ-لىشىش. ئەركەك ئەركەكتەك بولالمىسا، ئايالمۇ ئايالدەك بولالمىسا مۇشۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بىزدە خاراكتېر چېكىنىشى ئىنتايىن روشەن.

بىزنىڭ مائارىپىمىز ئوغۇل بالىنى ئوغۇل بالىدەك جەسۇر، تەۋەككۇلچىلىك قىلالايدىغان، يۈرەكلىك قىلىپ، قىز بالىنى نازا-كەتلىك، ئەخلاقلىق، شەرم - ھايالىق، سۈلكەتلىك، گۈزەل قىلىپ تەربىيەلىشى كېرەك. ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىن نازاكەت ئۇرغۇپ تۇرسا تۇرمۇش تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ، ئەر كىشى خىزمەتتىن بالدۇرراق ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرايدىغان بولىدۇ. بىر ھېكايىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدا بىر ئۆزبېك ئانا ئۆزىنىڭ قىزىغا مۇنداق دەيدۇ: ئېرىڭ سەپەرگە چىققاندا چوقۇم ئۇنى ياخشى ئۇزات، ئۇنىڭغا ياخشى تا-ئاملارنى بەر، ئۇنى رازى قىل، ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى مايلاپ بەر، كې-يىملىرىنى دەزماللاپ چىرايلىق قاتلاپ سېلىپ بەر، ئۇ ماڭغان چاغدا ئىلاجى بار چىن ئەقىدەڭ بىلەن ئۇنى سۆيۈپ قوي، كۆزۈڭگە ياش ئال، ئۇنىڭدىن ئايرىلىۋاتقانلىقىڭدىن ئىبارەت ھېسسىياتىڭنى يوشۇرماي ئىپادىلە. شۇ ۋاقىتتا، بۇ ئەر سەپەرنىڭ قاتتىق - قۇ-رۇقلىرى ئىچىدە، ھارغان، ئۇسسىغان ۋاقىتلاردا چوقۇم سېنى ئەس-لەيدۇ، دەزمال سېلىپ بەرگەن كىيىمىڭنى سېغىنىدۇ، سەپەردىن ئىمكانقەدەر بالدۇراق قايتىشنى ئويلايدۇ، دەيدۇ. بۇنداق تەلىم - تەر-بىيەنى ئۆزىمىز بېرىشىمىز كېرەك.

تارىختا ئۆتكەن ئالىملىرىمىزنى، ئۆلىمالىرىمىزنى، مۇتەپەك-كۇرلىرىمىزنى، قەھرىمانلىرىمىزنى چوقۇم بالىلارغا سۆزلەپ بې-رىشىمىز كېرەك. ئۆيىڭىزدە يوق دېگەندىمۇ 50 پارچە كىتاب بول-سۇن، ئەڭ بولمىغاندا ئىككى ئايدا بىر كىتاب ئېلىپ قويساق، بالى-لىرىمىز ئاشۇ كىتابلارنى سىلاپ ئوينىسىمۇ، ئىچىدىكى قىستۇرما رەسىملەرنى، يازغۇچىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىمۇ ھېساب، بۇمۇ بىر تەلىم - تەربىيە. بىزنىڭ بالىلىرىمىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى يا-

شىغان يېزىدىن چىقماي تورۇپ ئۆلۈپ كەتسە، بۇ تولىمۇ پاجىئەلىك ئىش. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «دېھقاننىڭ ياخشىسى چامغۇر تېرىيدۇ، ئادەمنىڭ ياخشىسى يۇرتىدا قېرىيدۇ» دېگەن گەپ بار. يۇرتىمىزدا چوڭ بولىمىز. ئەقلىمىزنى تاپىمىز، ئۇچۇرما بولۇپ يىراق - يىراقلارغا پەرۋاز قىلىپ ئەقىل تاپىمىز، ئوقۇيمىز، بىلىم ئالىمىز، تاپقان پۇللىرىمىزنى يۇرتىمىزغا يوللايمىز، مەكتەپ سالىمىز، كارخانا قۇرىمىز، كەمبەغەللەرنى يۆلەيمىز، مەلۇم مەزگىللەرگە كەلگەندە يۇرتىمىزغا يېنىپ كېلىپ، ئاشۇ يۈزىمىز بىلەن مۆتىۋەر بولىمىز، يۈز - ئابرۇيىمىز بىلەن كېيىن چوڭ بولغانلارنى يېتەكلەيمىز، شۇنداق قىلىپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۇرتىنىڭ قەددىنى كۆتۈرىمىز. بىر ئۆمۈر مەھەللىسىدىن چىقماي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەر كىشىنىڭ قولىدىن تۈزۈك ئىش كەلمەيدۇ. جۇڭگودىكى تۈرلۈك مەتبۇئات، گېزىت - ژۇرنالدا ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىغا نىسبەتەن تەنقىدلەر ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق، ئوقۇش جەھەتتىكى ۋەزىپىسى ئېغىر، مۇشۇنداق ئوقۇپمۇ نېمە ئۈچۈن نوبېل مۇكاپاتى ئالغۇدەك ئالىم چىقمايدۇ، نېمە ئۈچۈن ئىجادچانلىق روھىمىز كەم، دېگەندەك مۇنازىرىلەر بولۇۋاتىدۇ. مەكتەپلەر ئوقۇتۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىكەن، بىز بالىلىرىمىزغا دۇنيا، تارىخ، ئەجدادلىرىمىز ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى، ياخشى - يامان ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزنى ئائىلىدە بەرمىسەك بولمايدۇ. ئائىلىدە بۇ خىل تەربىيەنى بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇمىساق بولمايدۇ. چەت ئەللەردە ھەر تۆت - بەش يۈز ئائىلە بار يەردە بىر كۇتۇپخانا بولىدىكەن، كۇتۇپخانىدا بالا باقىدىغان يەرلەرمۇ بار ئىكەن. ئانىلار بالىلىرىنى ھارۋىسىغا سېلىپ كۇتۇپخانىغا ئەكىرىپ تۈرلۈك كىتابنى كۆرسىتىپ، ئۇلار چۈشەنسۇن، چۈشەنمىسۇن ئوقۇپ بېرىپ چوڭ قىلىدىكەن. بىزدىمۇ كۇتۇپخانا شارائىتى ئەمدى بار بولۇۋېتىپتۇ، گەرچە ئۇنىڭغا يەتمىسىمۇ بار ئىمكانىيەتلەردىن

پايدىلىنىپ قولىمىزدىن كېلىشىچە تىرىشىشىمىز كېرەك. مۇم-كىنقەدەر ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى كىتابقا جەلپ قىلايلى. كى-تابلارنىڭ ئانچە - مۇنچە تەشۋىقاتىنى قىلىپ قويايلى، توي - تۆ-كۈنلەردە بىر يەرگە يىغىلغاندا بىرەر ياخشى كىتابنىڭ گېپىنى قىلىپ قويايلى. باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىگە زىيادە قىزىقمايلى، بۇنىڭ ئايىغى چىقمايدۇ. شەخسلەرنىڭ ئەيىبلىرىگە، نۇقسانلىرىغا ھەددىدىن زىيادە تىكىلىپ تۇرىۋالمايلى، باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقى ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى تولۇقلايدىغان پىسخىكىدىن ۋاز كېچەيلى. بىر ۋاقىتتا بىر ئەنگلىيەلىك بىلەن ئۈرۈمچى جەنۇ-بىي قوۋۇق (نەنمېن)تا كېتىۋېتىپ، ئىككى بوۋاينىڭ بوتكىدىن گېزىت سېتىۋېلىپ كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھېلىقى ئەنگلىيە-لىك ماڭا، سىنىڭ ئاشۇ بوۋايدەك ئادىمىڭ كۆپەيسە ئاندىن تەرەق-قىياتىڭ ياخشى بولىدۇ، دېگەنىدى. سىنىڭچە ئۇ بوۋايلار گېزىتتىن نېمىنى ئاختۇرۇۋاتىدۇ، دېسەم، ئۇ، مەيلى نېمە ئاختۇرسۇن، گې-زىت كۆرىدىمۇ، ھېچبولمىغاندا شۇ كۈننىڭ چېسلاسىنى بىلىۋال-سىمۇ ھېساب، دېگەنىدى. دېمەك، بىزدە گېزىت كۆرىدىغان، تېلې-ۋىزىيە خەۋەرلىرى كۆرىدىغان، ئۇلار ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مەنپە-ئەتىنى تەھلىل قىلىپ باقىدىغان ئاڭ بولۇشى كېرەك. ئائىلىلەر-دە تېلېۋىزور ئومۇملىشىۋاتىدۇ. بالىلارغىمۇ كۆرىدىغان نومۇرلى-رىنى بەلگىلەپ بېرەيلى، بالىلار تېلېۋىزورلا كۆرمەي، كىتابمۇ كۆرسۇن، ئۆزبېكىستانلىق شائىر شاۋكەت راخمانوفنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى تولىمۇ ئوبرازلاشتۇرغان «باي كىتاب كۆرىدۇ، كەمبەغەل تېلېۋىزور كۆرىدۇ» دېگەن گېپى بار. بىزدە تېلېۋىزور كۆرۈشنى مەلۇم بىر مەنپەئەت بىلەن باغلىيالايدىغان سەۋىيە بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇ تېلېۋىزور بولماي، دىلبۇزۇر بولۇپ قالىدۇ.

شەھەرلىشىش بارا - بارا كېڭىيىۋاتىدۇ، يېزىلىرىمىزغا ئوخ-شىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق قا-رىشىمىزغا، پەرزەنتلىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. تەرەققىيات-

تا ئەجابىي نەرسىمۇ، سەلبىي نەرسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شۇ تەرەققىياتنىڭ سەلبىي ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ قالماي، ئۇنى جانلىق بىر تەرەپ قىلىدىغان تەشەببۇسكار ئورۇندىكى ئادەملەرگە ئايلانساق، ئاندىن تەرەققىيات بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. ئەمما، بىز تەرەققىياتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئەگەشسەك، تەرەققىيات بىزنى ھەمىشە ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، ئەڭ مۇھىم ئىشنى ئۆزىمىزنىڭ كۈچى يېتىدىغان ساھەلەردىن باشلىشىمىز، ئائىلىمىزدە بالىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا سەل قارىسىمىز تەقدىرىمىزدىن رەنجىمەڭ، قاقشىماڭ.

جەمئىيەت ئۆزگەرمەكتە، تەرەققىي قىلماقتا، تەرەققىيات بىز ئويلىغاندىنمۇ تېز بولۇۋاتىدۇ، ئەتراپىمىزدا بىز كۈتكەن ياكى كۈتمىگەن ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى جىق بولۇۋاتىدۇ، بىز بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرۈپ بولالمايۋاتىمىز. بۇنداق شارائىتتا ئائىلىمىزدىن ئىبارەت قورغاننى پۇختا قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر ئېمېرسوننىڭ: «ئائىلە ئاتىلارنىڭ مەملىكىتى، ئانىلارنىڭ ھەممە نېمىسى، بالىلارنىڭ جەننىتى» دېگەن گېپى بار. ئاياللىرىمىز ئۈچۈن ئائىلە ھەممە دېمەكتۇر. كۆڭلى ئائىلىدىن سۇ ئىچسە خوتۇن ــ قىزلىرىمىز ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئائىلىگە بېغىشلايدۇ، مەيلى قانداق جاپا چەكسۇن بۇنىڭغا ۋايسىمايدۇ. ئانىلىرىمىز تۇزۇك كىيىم كىيمىسىمۇ مەنىۋى جەھەتتىن خۇشلا بولسا، بالىلىرىدىن رازى بولۇپ، ئېرىدىن سۆيۈنسە ئائىلە ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈشكە رازى. ئەمەلىيەتتە، كۆڭۈللۈك ئائىلىسى يوق ئايال ئەڭ بىچارە ئايالدۇر. بۇ يەردە بىر ئالىمنىڭ: «ئائىلىدىكى ئاددىي ئىشلارنى ئېپدىللىق بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئادەمنىڭ قولىدىن ۋاقتى كەلگەندە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشمۇ كېلىدۇ» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئەۋلادلىرىغا مەسئۇل بولالمىغان ئادەم باشقىلار-

غا مەسئۇل بولالمايدۇ. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پېداگوكى سو-خۇملىنسكىي: «چوڭلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالىلارنىڭ ئۆزىلا غايەت زور تەربىيەۋى كۈچ» دەيدۇ. بىر ئادەم بالىسىنى تەربىيەلەش جەريانىدا، ئۆزىمۇ تەربىيە ئالىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پەرزەنت ئاتا ـ ئانىنى تازىلايدىغان سوپۇن، ساغلام بىر بالا تۇغۇلۇپ ياخشى تەربىيە ئالماي، ناچار تەربىيە مۇھىتىدا چوڭ بولسا، يامان يولغا مېڭىپ قېلىشى مۇمكىن.

ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ يارىتىلغان چاغدىكى ئەسلىي خاراكتېر بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. لېكىن ئىنسان ئەقىل بىلەن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا بەلگىلىك قىممەت قاراش، ئەقىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتمىسە، ئۇنىڭدىكى بىلىم، ئەقىل ئاخىرقى ھېسابتا يامان يوللار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ھەر زامان تەربىيەگە موھتاج. تەربىيەنى بىر كۆن چالا قويسىڭىز ئۇنىڭغا بىر كۆنلۈك مىكروب يۇقىدۇ، بۇنى تازىلاش ئۈچۈن بىر ھەپتە ئەمگەك قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. شۇڭا، ئائىلە-مىز ئىچىدىن پۇختا بولسۇن. مۇشۇنداق بولغاندا جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆز ئورنىمىزنى يارد-تالايمىز.

2009 ـ يىلى ئىيۇل، كۇچا

# يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز

*ئىلاۋە: ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى 2007 ـ يىلى دېكابىردا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا چەت ئەللىكى ئىزدىنىش هاياتى ھەققىدىكى تەسىراتلىرى ئاساسىدا نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. بۇ نۇتۇق ياشلىرىمىزنى، بولۇپمۇ ئىستۇدېنتلىرىمىزنى جەلپ قىلىپ، روشەن تەسىر قوزغىغانىدى. بىز سەھىپىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى شۇ قېتىملىق نۇتۇقتىكى بىر قىسىم جەۋھەرلىك پىكىرنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سەمىگە تەقدىم قىلىشنى لايىق تاپتۇق.*

*ـــ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتى*

## 1

مەن زىيارەتچى ئالىمگەر سۈپىتىدە ئەنگلىيە كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ قايتىپ كەلدىم. بۇ مەن ئۈچۈن كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان پۇرسەت بولدى. بىلىمىنىڭ چېكى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ئۆزىنى بىلىم ئېلىشتەك مەنىلىك ئىشقا بېغىشلاپ ئۆتسە هاياتى مەنىلىك ئۆتىدۇ، مەنىسىز، تۇتۇرۇقسىز نەرسىگە بېغىشلاپ ئۆتسە هاياتى مەنىسىز بولىدۇ. هاياتىمىزنى نېمىگە بېغىشلىسىمىز ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى شۇنىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەلۋەتتە، سىزنىڭ ۋاقتىڭىز چەكلىك، زېھنىڭىز چەكلىك، ئىقتىسادىڭىز چەكلىك، ئىمكانىيىتىڭىز چەكلىك بولىدۇ، مۇشۇ چەكلىك ئىمكانىيەتنىڭ ئىچىدە ئالىدىغان بىلىمىڭىزمۇ چەكلىك بولىدۇ. بىز ئەنە شۇ چەكلىكلىك ئىچىدىن ئۆزىمىزگە لايىق بىلىمنى ئىگىلىسەك، بۇ چەكلىكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان بو-

لىمىز. ئەمما ئادەم پۈتۈن ئۆمرىنى بىلىم ئېلىش بىلەنلا ئۆتكۈزۈ-
ۋەتسە بۇ بىلىمنى خوراتلاشتۇرغانلىق بولىدۇ.

2

بىزنىڭ بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ يۈزۈم چۈشۈپ كېتىدۇ، سەت
بولىدۇ، دەيدىغان يۈز قارىشى سەل ئېغىرراق. ئەمەلىيەتتە، يۈز بى-
لەن غۇرۇر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرق بار. غۇرۇر ئادەمنىڭ ئېتىقاد،
قىممەت قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەقىقىي غۇرۇر سىزنىڭ
ئېتىقادىڭىز بىلەن تىكلىنىشى كېرەك. غۇرۇرىڭىزنى ئېتىقادىڭىز
پىرىنسىپىغا بويسۇندۇرسىڭىز بۇنداق غۇرۇر بىرقەدەر مۇستەھ-
كەم، پىرىنسىپلىق غۇرۇر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ غۇرۇ-
رىمىز قانچىكى ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلسە ھەم شۇنداق
قىلالايدىغان ئادەم كۆپەيسە، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ئورتاق بىر پىرىن-
سىپتا نامايان قىلىدىغان جامائەت توپى شەكىللەنسە بۇ ئاجايىپ
بىر كۈچ بولىدۇ.

3

ئۇ مېنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمنى، سالاھىيىتىمنى ئەرزىتكەن
ھالدا ماڭا بولغان ھۆرمەتنىڭ نىشانى سۈپىتىدە مەندىن «ئەسسالا-
مۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئەھۋال سورىغانىدى، مەن ئىنتايىن خۇشال بول-
دۇم، نەچچە دۆلەتنى ئاتلاپ بارغان سەپىرىمنىڭ ھاردۇقى چىققان-
دەك بولدى. چۈنكى ئىنساندا ئەڭ ئىپتىدائىي بىر تەرەپ بار، ئۇ
بولسىمۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئەرزىگۈدەك ئادەم بولۇش، باشقىلار-
نىڭ نەزىرىدە قەدىرلىنىش. بۇ ئىنسانىي غۇرۇرنىڭ ئەڭ ئىپتىدا-
ئىي باسقۇچى. باشقىلار تەرىپىدىن قەدىرلىنىشنى ئۈمىد قىلمىغان
ئىنساندىن ئىككىنچى بىر ئالىي تەلەپنى كۈتمىسەكمۇ بولىدۇ.

4

كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى بەزى ئۆلمەس نامايەن-

دىلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا شۇنى ھېس قىلىمىزكى، مەدەنىيىتىمىز ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەت بىلەن، ناھايىتى كۆپ خىل تىل بىلەن مەنىداش بولغان. يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ناھايىتى جىق شائىرىمىز ئۆتكەن. مەسىلەن، سەئىدۇللا گۇەن يۇنشى قاتارلىقلار. يېقىندا ئىمىن ئەھمىدى «غەربىي رايون ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابنى نەشردىن چىقاردى. ئۇنىڭدا يۇەن سۇلالىسىدە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدا يازغان شېئىرلىرى تەرجىمە قىلىنغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى كۆرسىڭىز ئۇنىڭ ئەرەب تىلىغا نەقەدەر پىششىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. بولۇپمۇ تۈركىي تىلىدىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنى، گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ئەرەب تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرگەندە، ھەتتا بىرەر ماقال - تەمسىلنى بەرگەندە، بۇ ماقال - تەمسىل ئەرەبلەردىكى قايسى ماقال - تەمسىلگە ماس كېلىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. ئەلىشىر نەۋايىغا قارىساق، ئۇنىڭ پارس تىلىدىكى دىۋانى شۇنداق ئېسىل چىققان. دېمەك، بىزنىڭ باشقا تىللاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەنئەنىمىز ناھايىتى كۈچلۈك.

## 5

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا خاتىرە ئەدەبىياتى كەم. ئەنگلىيە كىتابخانىلىرىغا شۇنداق قارىسىڭىز، ھىندىستاندىن تارتىپ ئافرىقىنىڭ چەت - ياقىلىرىغىچە ئوبيېكت قىلىنىپ تالاي - تالاي ئەسەر يېزىلىپ بولغان. شۇڭا دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ گۈزەل ھاياتى، تىلى، دىنى، ئېتىقادى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارغا ئائىت كىتابلارنى تاپقىلى بولىدۇ، ئىنگلىزلار ئۇنى ئاساسەن يېزىپ بولغان. ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى دۇنيادىكى ھەممە مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق يەرگە سىڭىپلا

كىرەلەيدۇ. شۇڭا دۇنيا ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۇلارنىڭ ئالىقىنىدا كىچىككىنە شارچىغا ئوخشاش دوملاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيا كىچىككىنە گىلوبۇس، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە دۇنيا ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كۆز يەتكۇسىز دەرىجىدە، بۇ، ئىنساننىڭ بىلىش، تەپەككۇر نۇقتىسىدىكى مەسىلە.

6

سىز يۇكسەك غايىلەرنى كۆڭلىڭىزگە پۈكۈۋېلىپ، غايىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغاندىن كۆرە كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدىكى بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئاددىي ھايات شەكلىگە كىرىسىڭىز ئاندىن كۆڭۈللۈك ياشىيالايسىز.

7

مېنىڭچە، ئۆزىنىڭ زىيالىيلىرىنى، ئۇلۇغ ئادەملىرىنى خورلاپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەيدىغان مىللەت... پىلاشتۇرۇپ چۈشەنگەندىن كۆرە رېئال مەنىدە چۈشەنسە، بۇنداق مىللەتتىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ.

8

تەنقىدلىگۈچىلەردە ئەستايىدىللىق بولىدۇ، چۈنكى تەنقىد ئاچچىقتىن چىقىدىغان نەرسە، ئاچچىق رېئال نەرسە.

9

ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ئۆزىگە ئەخلاق جەھەتتە قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى، ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەتلىرىنى بىر يانغا چۆرۈۋەتسە، كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي جەمئىيەتتە ئىگىلەيدىغان ئورنىمىز پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

10

دالى كارنېگ، ناپولېئون خېئول دېگەنلەر بىر ھېسابتا بىزگە

جىق نەرسىنى ئۆگەتتى. ئۇلار بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇپ، كىم-شىلەرنىڭ پىسخىكىسى ئۆزگىرىۋاتقاندا ئۇنىڭغا قانداق لايىقلىشىش جەھەتتە بەزى بىلىملەرنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىلىملەر ئا-مېرىكىغا ئوخشاش يۇقىرى سانائەتلىك جەمئىيەتكە مەنسۇپ بول-غاچقا، بىزگە ئوخشاش يېڭىدىن ئىگىلىك مىللەتلىرىنىڭ ئەخلاقى، مە-دەنىيەت زېمىنىغا يۈزدەيۈز ئۆزلىشىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى تەنقىدىي رەت قىلىشىمىز كېرەك. بەزى كىشىلەر دالى كارنېگىنىڭ گېپىنى ئۆزىگە تەتبىقلايمەن دەپ ھەددىدىن زىيادە پۇرسەتپەرەس بولۇپ كەتتى. ئاسانلا ۋاز كېچىۋېتىدىغان پوزىتسىيە جىقراق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، تازا سەممىي بولمىغان ياخشى گەپلەرنى قىلىش ئار-قىلىق ئادەملەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرىمەن، دېگەن ئەقىدە كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. ئادەمنىڭ سەممىيىتى ناھايىتى ئاسان بىلى-نىدۇ، سىزنىڭ چىرايىڭىز، ئىنتوناتسىيەڭىز، قىلىق ۋە ھەرىكەت-لىرىڭىزنى قوراشتۇرغاندا، ئۇنى بىلىشكە جىق ۋاقىت كەتمەيدۇ. سىزنىڭ دۇنيادىن ئالىدىغان مەنپەئىتىڭىز ساپايىڭىز بىلەن ئوڭ تاناسىپ. سىز دۇنياغا سەممىي مۇئامىلە قىلسىڭىز ئېرىشكىنى-ڭىزمۇ سەممىي نەرسە بولىدۇ. «ھەر ئىش نىيەتكە بېقىپ»، «ئەگرى پاچاقا دوناي توقماي» دېگەندەك. ناسەممىي بولسىڭىز ساختا نەر-سىگە ئېرىشىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىستراتېگىيە ئىشلەتكەندە ئۇنى ئورۇنغا قاراپ بەلگىلەيسىز، سەممىيەتلىك قىلىدىغان يەردە ھۈنەر ئىشلىتىپ قويسىڭىز ئېرىشىدىغان نەرسىڭىزمۇ ئالا - بۇلىماچ بو-لىدۇ، ئاپتاپتا قالغان ئىلمان سۇغا ئوخشاش يا ئۇسسۇزلۇقنى قان-دۇرمايدۇ، يا يۈرەككە مۇزدەك تەگمەيدۇ.

## 11

بىزدە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش دولقۇنى بولۇۋاتىدۇ، ياشلىرى-مىزدا كۇرسلار كۆپلەۋاتىدۇ. بۇ ياخشى ئەھۋال، ئۇ بىزنىڭ يەر شا-رىلىشىشقا قايتۇرۇۋاتقان ئازدۇر - كۆپتۇر ئىنكاسىمىز. ئەمما بۇلارنىڭ تولىسى ۋاقىتنى كۆپىنچە تىلنىڭ ئۆزىگە بېرىۋېتىپ،

رايونىمىز ھەققىدىكى يەرلىك بىلىملەرگە سەل قاراۋاتىدۇ. سىرتقا چىققاندىن كېيىن سىز خەقنىڭ بىلىملىرىنى ئۇلاردەك بىلمەيسىز، شۇڭا ھېچبولمىغاندا ئۆزىڭىز توغرىسىدىكى بىلىملەرنى، تارىخ، مەدەنىيەت، ئەنئەنە، ئۆرپ ـ ئادەت ھەققىدىكى بىلىملەرنى بىرقەدەر ياخشى بىلسىڭىز كىشىلەر مەلۇم جەھەتتە سىزگە ئېتىبار، ھۆرمەت بىلەن قارايدىكەن، ھېچبولمىغاندا ئۆزىڭىزگە ياخشى بولىدىكەن. چەت ئەللىكلەردە باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە قىزىقىدىغان خۇسۇسىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى ئانچە ـ مۇنچە باسالايدىغان بىلىم بولۇشى كېرەككەن. بولمىسا راۋان ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىچىدە شاكال بىر ئادەم كۆرۈنۈپ قالىدىكەن.

## 12

بىزدە تۆت ئادەم سىڭايان قارىغان ھامان ئۆز ـ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ بەل قويۇۋېتىدىغان ئىش ئېغىر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئۆزىڭىزدە ئېنىق چۈشەنچە بولسۇن، بۇ چۈشەنچە ساختا، سۈنئىي بولمىسۇن، سۈنئىي نەرسە ئۇزۇنغا بارمايدۇ، ھەقىقىي بولسا ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ، روھىي تەڭپۇڭلۇقىڭىز دائىم بىر خىل بولىدۇ، ئۆگىنىشىڭىزنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، تۇرمۇش جەھەتتە پاكىز بىر يول تاللىيالايسىز. پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغان، ھۆكۈم قىلىدىغان يەرلەردە كەسكىن بولالايسىز.

## 13

بىز ئەمدى قوشنىلىرىمىزنى چۈشىنىشكە تىرىشايلى، چۈنكى ئۆزىنى چۈشىنىش بەزى ۋاقىتلاردا ئەتراپتىكىلەرنى، قوشنىلىرىنى چۈشىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر مۇئەييەن بىر بوشلۇق بىلەن تەمىنلەنسە ئۆزىمىزنى چۈشىنىشنىڭ يوللىرى بارغانسېرى كېڭىيىدۇ.

14

بىزدە كىتاب ئوقۇيدىغان قاتلاملارنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ چىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مائاش ئالىدىغانلار ئاساسلىقى كىتاب ئوقۇشنىڭ ئورنىغا تېلېۋىزور كۆرىدۇ، ئەمەلىيەتتە كىنودىن ئالغان لەززەت بىلەن كىتاب ئوقۇشتىن ئالغان لەززەت ئوخشىمايدۇ. كىنوغا كۆرۈش ئىقتىدارىڭىز بولسىلا بولىدۇ. ئۇ گويا پالەچ ئادەمگە تاماق يېگۈزۈپ قويغاندەكلا ئىش. كىتاب ئوقۇش رەسمىي تەپەككۇرىڭىزنى ئىشقا سالىدىغان پائالىيەت، سىز بۇ چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ تەسەۋۋۇر ھەرىكىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭدا تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتنى خىيالەن كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرىسىز. ئۆزبېكىستاننىڭ شەۋكەت راخمانوف ئىسىملىك بىر شائىرى بار، ئۇنىڭ بىر شېئىرىدا «كەمبەغەللەر كىنو كۆرىدۇ، بايلار كىتاب كۆرىدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار.

15

ئۆزىمىزنىڭ مەكتەپتە ئۆگىنىۋاتقان كەسپىگە تايىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەل قاراۋاتقان نەرسىمىز ھۈنەردۇر. بۇرۇن بىز ھۈنەرۋەن خەلق بولغان، ئەمما ھازىر بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمىزدا بالىلىرى مەكتەپ يېشىغا توشقاندا مەكتەپكىلا ئىتتىرىپ قويۇپ، مەكتەپ مائارىپىغا ئىشەنچىنى ئارتىپ قويۇپ، بالىلارنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىك ياكى ھۈنەر بىلەن تەربىيەلىنىشىگە سەل قارايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ياپونىيە مائارىپى ۋە ئەنگلىيە مائارىپىنى كۆزىتىشىمگە قارىغاندا، ئۇ يەردىكى مائارىپ قوشۇمچە ھۈنەر ـ تېخنىكا مائارىپىنىمۇ يانداشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭىدىكەن.

16

بالىلىرىمىز قوشۇمچە ھۈنەر ئۆگىنىشى، دېھقانچىلىق ئۆگىنىشى، يۇڭ قىرقىشنى ئۆگىنىشى، قىزلىرىمىز پوپايكا توقۇپ

كىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ ئەينى ۋاقىتتا بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ياغاچچىلىق قىلغان. ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ئەينەكچىلىك قىلغان. بىر زىيالىي دېگەن ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەممە ئىشنى قىلىپ بېقىشى كېرەك. ھېچبولمىغاندا ساتىراشلىقنى ئۆگىنىپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ. يىگىتلىرىمىزدە ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن، دەپ يەڭنى تۈرەلەيدىغان تەۋەككۈلچىلىك روھى بولۇشى كېرەك.

## 17

بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىچىدە يىراق كەڭلىكلەردىن رىزىق ئىزدەيدىغان، تەۋەككۈلچىلىك روھى بىلەن تىل ئۆگىنىۋاتقان ياشلىرىمىز كۆپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، چەتكە چىقىشتا پىسخىكىلىق جەھەتتە، مەدەنىيەت جەھەتتە، بىلىم جەھەتتە ۋە ماھارەت جەھەتتە قانداق تەييارلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىش تولىمۇ مۇھىم. چەت ئەللەردە ئوقۇش ياخشى روھ، لېكىن كۆزلىگەن ئۇنۇملۇك مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ناھايىتى ئەمەلىي رېئال چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرى، ئۆزىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ بىلىم قاتلىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى دەڭسەشىمىز كېرەك. يەنە بىرى، چەت ئەل ھاياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

## 18

تىل بىلىش بەك ھوزۇر ئىش. بەزىدە سىز مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان كىشى بىلەن بىردەمدە ئورتاقلىق ھاسىل قىلىپ پاراڭلاشسىڭىز ئىچىڭىز بوشاپ كېتىدىكەن. بىر خىل يەڭگىللىك ھېس قىلىدىكەنسىز. سىز ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەنلەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەن، مەنمۇ ئۆزۈمەنىڭ بىر كىشىلىك قەدىر - قىممىتىمنى جارى قىلدۇرۇۋاتىمەن،

مەۋجۇتلۇقۇمنى ئىسپاتلاۋاتىمەن، دەپ ئويلاۋاتقان ۋاقتىڭىزدا سىزگە باشقا بىر خىل روھ كىرىدۇ.

## 19

ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ كەملىكىنى ئۆزىڭىز تونۇشىڭىز كېرەك. بۇنى تونۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى تارىخ ئوقۇش. ئۆزىنى بىلىش ھەربىر ئادەمدە كونكرېت نەرسە. ھەممە ئادەمنى تارىخچى قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇنى ئەقەللىي بىلىپ قويۇش كېرەك. ئىككىنچىسى، ئۆزىمىزنىڭ كەملىكىنى بىلىش ئۈچۈن مۇشۇ رايون بىلەن تارىختىن بېرى قوشنا بولۇپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخىنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىز ياشاش جەريانىدا نۇرغۇن ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىمىز. ئەجدادىم كىم؟ ھازىر مەن كىم؟ كەلگۈسى ئەھۋالىمدا كىم بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللارغا ياخشى جاۋاب تاپقىلى بولسا ئۆزىنى بىلىش مەسىلىسىگە خېمىرتۇرۇچ سېلىنغان بولىدۇ.

## 20

ئىنساننىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى شارائىت كىرىزىس، سىز سەللا دىققەت قىلمىسىڭىز ئۇ سىزنى شاللىۋېتىدۇ. ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدىكى جىددىي مۇھىت ئىقتىدارىڭىزنى ئەڭ قاتتىق تاۋلايدىغان نەرسە.

## 21

ھازىر بىزدە نۇرغۇن سۆزنىڭ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يوق، تۇرمۇشىمىزدا تولا سۆز ئەبجەشلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، تىلشۇناسلىرىمىز بۇ ئىشلاردا بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتىنى جارى قىلدۇرۇۋاتامدۇ ـ يوق؟

تىلشۇناسلىرىمىز جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن ئاز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىزدە مەسئۇلىيەتنى قىلغان ئادەمگىلا ئارتىۋېرىدىغان

بىر ئىش بار. يازغۇچىلىرىمىز نېمە ئۈچۈن ماۋۇ ئىشنى قىلمايدۇ، زىيالىيلىرىمىز نېمە ئۈچۈن ماۋۇ ئىشنى قىلمايدۇ، تىلشۇناسلىرىمىز نېمە ئۈچۈن ماۋۇ ئىشنى قىلمايدۇ، دېگەندەك. تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ تەربىيەلىنىش شارائىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ. تىلىمىزمۇ ئۆز ئارا سېلىشتۇرما جەھەتتىن قېلىپلىشىش كېرەك، بۇ ناھايىتى چوڭ ئەمگەك، بۇنى قىلىۋاتقانلار بار، سەل قاراۋاتقانلارمۇ بار. قىلىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا ياخشى قىلىدىغان ئادەممۇ جىق بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭا بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەسئۇلىيەتنى ئۆزىمىزدىن سورۇشتۇرۇپ ئادەتلەنسەك، ئىشنى شەخسنىڭ يەككىلىكىدىن باشلىساق ئۇمۇ بىر كوللېكتىپ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ.

# ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر

— ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلەنگەن نۇتۇق

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قەدىرلىك ساۋاقداشلار!

بۈگۈن مېنى ئەنگلىيەدىكى ئىلمىي زىيارىتىم ئاساسىدا ئىگە بولغان تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپسىلەر. بۈنىڭدىن دۇنيانى بىلىشكە تەشنا يۈرىكىڭلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. توغرا، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى چۈشىنىش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز ۋە ھەققىمىزدۇر. ئۇچۇر ۋە بىلىمنى يۈكسىلىشنىڭ ئاساسلىق سەرمايىسى قىلىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، دۇنيانى چۈشىنىش ئەقەللىي بىر ئىش بولۇپلا قالماي، بىز دۇنيانى قانچىكى چۈشەنسەك، ئۆزىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزمۇ توغرىلىققا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. مەن سىلەرنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان جۇشقۇن تەبىئىتىڭلارنى قەدىرلەيمەن. بۇ جەھەتتىكى ئىشتىياقىڭلارنى قاندۇرۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئۆزۈڭلار توغرىسىدا ئازراق ئويلىنىپ كۆرۈشكە تۈرتكە بولالىساملا، ھەممىمىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتى بىكارغا كەتمىگەن بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

بەزىلەر مېنىڭدىن بۇ قېتىمقى ئەنگلىيە سەپىرىڭدىن زادى نېمىگە ئېرىشتىڭ، دەپ سوراشتى. مەن «ۋەتەندىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدىكەن، دېگەن ھەقىقەتنى ھېس قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇلار بۇ جاۋابىمنى ناھايىتى ئاددىي ھېس قىلىشتى. شۇنداق، قارىماققا بۇ گەپ شۇنچە ئاددىي، لېكىن بۇ گەپنىڭ تېگىدىكى ھەقىقەتنى ھەربىر ئەۋلاد ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن، ھىجراندىكى ئازابلىرى بىلەن، كۆز ياشلىرى بىلەن

ئىزھارلاپ بولغىلى بولمايدىغان ماددىي ـ مەنىۋى بەدەللىرى بەلەنلا چۈشىنەلەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ خاتىرجەم ياشاۋاتقان بىر بالىنىڭ ۋەتەن تۇيغۇسى بىلەن ئۇرۇشنىڭ زەربىسىدىن ئۆيى ۋەيران بولغان مېيىپ پەلەستىنلىك بالىنىڭ ۋەتەن تۇيغۇسىنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟!

بەزى ھەقىقەتلەر ئېيتىلىشىدىنلا ناھايىتى ئاددىي ھەم ئاممىباب بولغاچقا، ئۇنىڭ توغرىلىقىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ، ئۇنى تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە ئېلىۋالىدۇ، ئاللاھىدە بىر ئىش تەسىر قىلمىغۇچە ئىنسان ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ھەقىقەت توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمايدۇ، ئۇ ئويلىنىپ بېقىشقا مەجبۇر بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزىنى يېڭىباشتىن چۈشىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. سىز ۋەتىنىڭىزدە تۇرۇۋاتقاندا ۋەتەنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلمايسىز ياكى يۈزەكى ھېس قىلىسىز. ئاشۇ ئەزىز ۋەتەندىن مەلۇم مەزگىل ئايرىلغاندىلا، «ۋەتەن» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ۋەزنىنىڭ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى بايقايسىز.

مەن لوندوندا باشقىلارغا ياللىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئافغانىستانلىق بىر بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ يەردىكى رەھىمسىز ئۇرۇش ئۇنى سەرگەردانلىق كوچىسىغا تاشلاپتۇ. ئۇ ھازىرغىچە ئىككى ئاكىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋەھىمە ئىچىدە ھېس قىلىپ، يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندا ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. «مەن ئۆزۈمنىڭ ۋەتىنىمدە نېمىشقا تۇرالمايمەن؟» دەيتتى ئۇ، مەن يەنە سومالىلىق بىر بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، مەن ئۇنىڭدىن: «لوندوننى ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدىم. «ۋەتىنىمدىكى ئۇرۇش ۋە قەھەتچىلىك مېنى سەرسانلىق بالاسىغا سالدى، مەن لوندوندا تۇرۇپ سومالىنى چۈشەيمەن» دېدى ئۇ ماڭا.

ۋەتەن سېغىنچى مېنى راسا ئۆرتەپ تۇرىۋاتقاندا، بىرەر كۆچ-مەننى كۆرسەم پۈرسەت بولسىلا ۋەتەن توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالاتتىم. ئۇنىڭ ۋەتەن توغرىسىدىكى ھەسرەتلىك باياناملىرى مېنىڭ يارامغا تۇز بولۇپ سېپىلەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۈگۈنكى كۈندە مۇساپىرەتتىكى چاغلىرىڭىزدا دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدىن دەرد-لەشكۈدەك بىرقانچە ۋەتەنداشنى تاپالايسىز، ئۇلار بىلەن بولغان پاراڭ ئارقىلىق سىزنى قىيناۋاتقان سېغىنىش ئوتىنى باسالايسىز. مۇشۇنداق چاغدا شۇنداق تەسىراتقا كېلىسىزكى، قېرىنداشلىرىڭىز-نىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھەربىر گەپ، ھەربىر شېۋە، ئۇنىڭ مە-جەزى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ئۆزىمۇ سىز سېغىنىۋاتقان سۆيۈملۈك ۋەتىنىڭ نەق بىر پارچىسى ئىدى. سىزمۇ بىلىسىز، ۋەتەن دېگە-نىمىز قانداقتۇر بىر پارچە يەرنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ يەنە ئاشۇ يەر-دە ياشاۋاتقان خەلق، خەلقنىڭ مىجەزى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيە-تى ۋە بىر پۈتۈن تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىراق بىر ئەلدە ئۇيلىمىغان يەردىن بىر قېرىندىشىڭىزنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، سىزدە بىردىنلا ئىللىق دىلكەشلىك سەزگۈسى پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ سالاھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز ئانا تىلىڭىزنى ئاڭلىسىڭىزلا زور تەسەللىگە ئېرىشىپ قالىسىز. شۇڭا، بەزىدە يات مۇھىتتىكى تونۇش چىراي، ئاددىي سالام، ھەتتا بىرەر تاۋۇشنىڭ ئۆزىلا ۋەتەن بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

ئىستانبۇلنىڭ ئاۋات بىر كوچىسىدا بىز ئۈچ يۇرتداش يۇمۇر-لۇق چاقچاقلىرىمىز بىلەن كېتىۋاتاتتۇق، «مېنىڭچە، كەينىمىزدى-كى ئاۋۇ قىز چوقۇم ئۇيغۇر» دېدى ھەمراھىمىزنىڭ بىرى. بىز ئىختىيارسىزلا كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، شۇنداق سەت چاندۇر-دۇق. «نېمىگە ئاساسەن ئۇنداق دەيسەن؟» دەپ سورىدىم مەن. «ئۇ قىز چاقچىقىمىزدىن كۈلگەندەك قىلدى» دېدى ھەمراھىم. مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ شۇ قىزنىڭ ئۆزىدىنلا سورىماقچى بولدۇم. بىز قىز بىزگە يېتىشكۈچە ساقلاپ تۇردۇق. قىز يېقىنلاپ كەلگەن-

دە، «سىز ئۇيغۇرمۇ؟» دەپ سورىدىم، قىز كۈلۈپ كەتتى ۋە «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى. بىز شۇ ھامانلا پاراڭلىشىپ كەتتۇق، ئۇ بىزنىڭ چاقچىقىمىزنى ئاڭلاپ قالغانىكەن. دېمەك، بىز قىلىشقان گەپنىڭ بىر بۆلىكىلا رەستىمدىكى يات ئادەملەرنى قېرىنداشلىق رىشتى بىلەن ئورىۋەتكەنىدى. قىز ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقىلى ئۈچ يىل بوپتۇ. شۇ تاپتا چېنىقىش كۈلۈپىغا قاراپ ماڭغانىكەن. بىز ئارىمىزدىكى بۇنداق تارتىشىش كۈچىنى قەشقەر ياكى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا بولسا ھېس قىلالمىغان بولاتتۇق. ئەسلىدە بىز بىر - بىرىمىز ئۈچۈن شۇ قەدەر سۆيۈملۈك بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇھىم ئىكەنمىز، بىزدە «يالغۇز دەرەخ ئورمان بولالماس» دېگەن ئاتىلار سۆزى بار. قېرىنداشلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا بىر - بىرىنى كۆزگە سىغدۇرالماسلىقى نادانلىقنىڭ ئالامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن لوندوندىكى ۋەتەنداشلارنىڭ ساپ ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بايقىدىم، مەن چاقچاق قىلىپ: «سىلەر مايكول جېكسون، مادوننا، سېلىن دىئونلارنىڭ ناخشىسىنى ئانچە ئاڭلاپ كەتمەمسىلەر - نېمە؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار: «ئۆزىمىزنىڭ ناخشىلىرى بەكرەك ياقىدىغان بولۇپ قالدى. سەۋەبىنى ئۆزىمىزمۇ ئۇقمايمىز» دېيىشتى، — ھوللىۋۇدنىڭ كىنولىرىنىمۇ ياقتۇرۇپ كۆرىمىز، لېكىن ۋەتەندە ئىشلەنگەن تۇرمۇش فىلىملىرىنى ئالاھىدە ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق، بۇ فىلىملەرنىڭ سەۋىيەسى تۆۋەن، لېكىن ئۆزىگە تارتىدۇ» دېدى بىرەيلەن. «مەن ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېيتۇتلىرىدىكى قەشقەر شېۋىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا تەكرار كۆرىمەن» دېدى يەنە بىرەيلەن.

مەن بۇ يەردە ھەرگىزمۇ ئاددىي ناخشا ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى تىلغا ئالماقچى ئەمەس، دەل ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان كۈچ پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولۇپ، مۇكەممەل ھەم ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنە شۇنداق ئاددىي ئېلېمېنتلار ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. نەچچە يۈز

تۇننا كېلىدىغان كىتمۇ ئاددىي ھۆجەيرىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟

ئارىدا بىر ۋەتەندىشىم مېنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قالدى. تاماقتىن كېيىن تاغدىن - باغدىن پاراڭلاشتۇق. گەپ ۋەتەن تېمىسىغا كەلگەندە ئۇ جىمىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ سۈكۈتلۈك دەقىقىلىرىگە ھۆرمەت قىلدىم. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر ئۆيگە چىقىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي بىر شېشىنى كۆتۈرۈپ كىردى. «بۇنى پۇراپ بېقىڭ» دېدى ئۇ شېشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ. مەن ئېھتىيات بىلەن پۇرىدىم، ئاچچىق توپا ھىدى دىمىقىمنى يېنىك قىچىشتۇردى. مەلۇمكى، شېشىگە قاچىلانغىنى توپا ئىكەن. «بۇ مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ توپىسى، كۈن نۇرىدا تاۋلانغان توپا، سەككىز يىل بولدى ساقلىغىلى» دېدى ساھىبخانا چۈشەندۈرۈپ.

شېشىدىكى توپا مېنى ئويغا سالدى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شائىرىمىز ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «تۇزان قەسىدىسى» دېگەن شېئىرى يادىمدىن كەچتى: چەت ئەلگە چىققان بىرەيلەن بىر مۇھاجىر قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ، مېھمان ئۈچىسىدىكى كىيىمنى قاقماقچى بولغاندا، مۇھاجىر ساھىبخانا: «قېرىندىشىم، ئۈچاڭدىكى توپىنى قاقمىغىن، ئۇ مەن ئۈچۈن تەۋەررۇك تۇتىيا» دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ھېسسىياتنى مۇساپىرلىقنىڭ مۇزدەك كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەملا چۈشىنەلەيدۇ.

مەن شۇنى چۈشەندىمكى، چەت ئەللەردىكى مۇھاجىرلار «ۋەتىنىم بارغۇ» دېگەن ئۈمىد بىلەن يۈرىكىنى پۈتۈن قىلىدىكەن، دەل مۇشۇ ئۈمىدنىڭ قۇدرىتى بىلەن نەچچە ئون يىللىق قارا ھىجرانغا بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن.

بەلكىم سىلەر «ۋەتەن» دېگەن زادى نېمىدۇ، دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. ۋەتەن ئابستراكت مەنىدىكى جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ سىز چوڭ بولغان ئۆي، مەھەللىڭىزدىكى كاداڭ قاپاق تېرەك، سىز كېچىپ ئۆتكەن كېچىك، ياۋا گىياھلار قاپلاپ كەتكەن خارابە، سارغىيىپ كەتكەن قول يازما، سىزگە ئىسرىق سېلىپ ئوت

كۆچۈرۈپ قويغان ئاق چاچلىق موماي، سىزگە ئىسمى قويۇپ بەر-گەن ئىمام ئاخۇنۇم، قوي - كالىلار توپا توزىتىپ كېتىۋاتقان يېزا يولى، دېھقانىنىڭ تېرىق زاغرىسىدەك يېرىلىپ كەتكەن تاپىنى، بۇ-رۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ سىيماسى ۋە ئۇلار ياراتقان ئەقىل - پاراسەت... ۋەھاكازالار. سىز يىراق بىر يەرگە كېتىپ ۋەتىنىڭىزنى سېغىنغاندا، ئالدى بىلەن ئانىڭىزنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ بەرگەن چۆچۈرىسىنى ياكى ئۆزىڭىز كۆپ ماڭغان قەدىم كوچىلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق بولۇشى تامامەن يوللۇق. چۈنكى ۋەتەن كونكرېت ئۇقۇم، مۇھەببەتمۇ كونكرېت ھېسسىيات. سىزنىڭ ئۆز خەلقىڭىز ۋە ۋەتىنىڭىزگە بولغان مۇ-ھەببىتىڭىز ئۆزىڭىز باشتىن كەچۈرگەن نۇرغۇن كونكرېت ئىش، سىز ئۇچراتقان تالاي كونكرېت ئادەمنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، سىز ياقا يۇرتتا كۆرگەن بىر پارچە سۈرەت، ھەتتا قامۇسلاردىن ئورۇن ئالغان يۇرتىڭىزنىڭ بىرەر خىل قۇشىمۇ يۈ-رىكىڭىزنى لەرزىگە سالىدۇ. سىز يات بىر ماكاندا يۇرتىڭىزغا دائىر كىچىككىنە ئۇچۇرنى كۆرسىڭىز پەخىرلىنىپ كېتىسىز. ئەنگلىيەدىكى ۋاقتىمدا تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پورجابىن دېگەن يېرىدىن 8 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن مويۇنچۇر قاغان تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ئۇيغۇر قەلئەسى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ، ۋەتەن ھەققىدىكى ئۇقۇمۇمدا كېڭىيىش بولغانىدى. تارىخ ئىلمىنىڭ ۋە-تەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىدە نەقەدەر مۇھىملىقىنى مۇشۇنىڭدىن كۆ-رۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىخىي پاكىتلار بىلىش ئۇپۇقىمىزنىڭ سىر-تىدا قالغاندا، ئېچىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتنىڭ ئاچقۇچى بولماي قالىدۇ.

ۋەتەننىڭ پاسىلى ئەقىل قۇۋۋىتىڭىز، غەيرەت - شىجائىتىڭىزنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كېڭىيىدۇ. نەزەر دائىرىسى تار، شەخسىيەتچى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىكى ۋەتەن تولىمۇ كىچىك بولىدۇ، نادانلىق ۋە نومۇسسىزلىق ئىسكەنجىسىدە قالغانلارنىڭ تاماق

قاچىسى قەيەردە بولسا، شۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى دەپ قارايدۇ، ئۇلار ۋەتەننى تاماق قاچىسى ئارقىلىق چۈشىنىدۇ، ئۆز نەپسىگە بولغان تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلالمىغان ئىنسان ۋەتەننى سۆيۈش لاياقىتىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ. بىر جەمئىيەتتە بۇنداق قورساق بەندىلىرى كۆپىيىپ كەتسە، خەلقنى ئاپەت باسقىنى شۇ.

ساۋاقداشلار، مەن سىلەرگە ۋەتەن توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن گېپىمنى ۋەتەن ھەققىدىكى تەسىراتىمدىن باشلىدىم. بىر ئادەم سۆيۈملۈك ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ بىر مەزگىل چەت ئەلدە يۈرۈپ، ئۆز ۋەتىنى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانمىسا، ئۇنىڭ سەپىرىنى تولۇق غەلىبىلىك بولدى دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ۋەتەن توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىشىمنىڭ سىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا قانداق زۆرۈرىيىتى باردۇ؟

سىلەر ئالاھىدە بىر دەۋردە ياشاۋاتىسىلەر. ھازىر ئۇچۇر ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش ئاجايىپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئىقتىساد ۋە مائارىپ يەر شارىلىشىۋاتىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈچىيىۋاتىدۇ. چوڭ مىللەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ تەسىرى كۆپىيىۋاتىدۇ. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىللە «مەدەنىيەتلەر دىيالوگى»، «مەدەنىيەتلەرنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشى» دېگەندەك سوئاللارمۇ بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر خىرىس بىلەن ئۈمىد بىللە مەۋجۇت دەپ تەسۋىرلىگەن ۋەزىيەت دەل بىزنى ئوراپ تۇرماقتا. سىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن بېيجىڭ، شاڭخەيلەردە ئوقۇشىڭىز مۇمكىن، بەلكىم كېيىنچە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىشىڭىز مۇمكىن. روشەنكى، سىز تۇغۇلغان يېرىمدە مەڭگۈ تۇرىمەن دەپ ئېيتالماسلىقىڭىز مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە «دۇنيانىڭ يەر شارىلىشىشى» دېگەن گەپ پۈرسەتنىڭمۇ يەر شارىلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قەيەردە خەلقىمىزگە لازىم بىلىملەر بولسا، ئىمكانىقەدەر شۇ يەرگە بېرىپ ئوقۇشىمى-

گىنىز كېرەك؛ بىزنىڭمۇ دۇنيادىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئىشلەيدىغان ئالىملىرىمىز بولۇشى كېرەك؛ بىزنىڭمۇ دۇنيانىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي ئورۇنلىرىدا قەد كۆتۈرگەن خادىملىرىمىز بولۇشى كېرەك. سىلەر مۇشۇنداق ئالىي مەقسەتلەرنى كۆڭلۈڭلارغا پۈكۈپ تۇرۇپ ئوقۇشۇڭلار لازىم. يېقىنقى خەۋەرلەرگە قارىسام، قازاقىستاننىڭ غالجات مەھەللىسىدە چوڭ بولغان، ئامېرىكىنىڭ بىر ئالىي مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر يىگىتى شۆھرەت مۇتەللىپ غول ھۆجەيرە تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ئارقىلىق خەلقئارادا چوڭ تەسىر قوزغاپتۇ. ھە دېسىلا كىمنىدۇر قېنى تۆكۈلگەن يەردىن چىقماسلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسابلانمايدۇ. بىر ئۆمۈر ۋەتەندە ياشاپ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا ھېچ ئىش قىلىپ بەرمەيدىغان ئىنسانلارمۇ بولىدۇ. ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلدە تۇرۇپ قىلىش ۋەتەننى تەرك ئەتكەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ، چۈنكى چەت ئەلدە تۇرۇپمۇ ۋەتەنگە ئىش قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ. ۋەتەندە ياشاپ تۇرۇپ قەلبىڭىزدە ۋەتەن بولمىسا، ۋەتەن ئالدىدا ناتكور بولسىڭىز، ۋەتەندە بولالمىسىڭىزمۇ ۋەتەن ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلسىڭىز، يەنىلا ۋەتەنپەرۋەر بولالايسىز. رۇسىيە شائىرى سالتىنكو شىندىرىن: «ۋەتىنى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى بولمايدىغان ئىنسانلار ئەڭ خەتەرلىكتۇر» دېگەنىكەن. سىز نەدە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئانا تۇپراققا بولغان سەمىمىي رىشتىڭىزنى ئۈزمىسىڭىزلا، بۇ رىشتە سىزنى ئادىمىيلىكنىڭ سۇزۇك بۇلاقلىرىغا ئۇندەپ تۇرىدۇ، ئۆزىڭىزدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچنى سېزىپ تۇرىسىز. ئۆزبېك يېڭى دېموكراتىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن شائىر مۇقىمىي ۋەتەن سېغىنىشىنى تولىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر» دېگەن ئوتلۇق مىسرانى قالدۇرغان. ئۇنىڭ مەزمۇننى ئۆزىمىزگە تەتبىقلىساق تازا جايىغا چۈشىدۇ. ئادەتتە پەننىڭ چېگراسى بولمايدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بايلىقى، لېكىن ئالىمنىڭ ھامان ۋە-

تىنى بولىدۇ. قۇش ھەرقانچە ئېگىز پەرۋاز قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئوزۇقى بىلەن ئۇۋىسى زېمىندا بولىدۇ.

ساۋاقداشلار، مەن سىلەرگە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى يەر شارى كەڭلىكىدىن ئىزدەڭلار، لېكىن ۋەتىنىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار دەۋاتىمەن. شۇنى ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىمۇ تەربىيەلەش ۋە پەرۋىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك قەيەردىن باشلىنىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئالدى بىلەن ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز، تۇغقانلىرىمىز، بوۋا - مومىلىرىمىز، ئاندىن قالسا قولۇم - قوشنا، مەھەللە - كويلىرىمىز ئەڭ بىۋاستە ۋەتەندۇر. بىز مۇشۇ ۋەتەن ئاساسىدا ۋەتەن ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى تەدرىجىي كېڭەيتىمىز، بېيىتىمىز ۋە ئالىيجاناب پەللىگە كۆتۈرىمىز. مىجەز - خۇلقىمىز ئانىمىز بەرگەن سۈت ۋە نان بىلەن شەكىللىنىدۇ، چۈنكى ئانىلار ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئالەمچە مېھرىنى قوشۇپ بېرىدۇ. مىجەز - خۇلقىمىز ئاتىمىز بەرگەن غۇرۇر بىلەن بېجىرىملىك ۋە قەتئىيلىككە ئىگە بولىدۇ. ئاتا - ئانا بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز سۈپىتىدە خاراكتېرىمىزگە ئۆچمەس تامغىلارنى باسىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزىمىز تەۋە بولغان خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ئېسىل ئەنئەنىسى، پارلاق مەدەنىيىتىنى بىلدۈرەلمىسە، بىز بالىلىقتىكى ناھايىتى مۇھىم ئوزۇقتىن مەھرۇم قالغان بولىمىز. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ تىل ئۇستازى، ئانا تىلىمىزدىكى چوڭقۇر مەنىلىك، ھېسسىياتقا باي سۆزلەرنى پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىدىن ئۆگىنىدۇ. ئانا تىل شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەتلىككى، ئۇنى بىزگە مېھرىبان ئاتا - ئانىلىرىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىز مۇھەببەت بىلەن ئۆگەتكەن. تىلىمىزدىكى ھەربىر تاۋۇش، ھەربىر ئاھاڭ بىزگە ئازادىلىك ۋە مۇھەببەت ئەۋجىدىكى شېرىنلىك ئىچىدە سىڭگەن بولىدۇ. بىز ئاتا - ئانىلىرىمىز ئارقىلىق سۆيۈشنى ۋە سۆيۈلۈشنى ئۆگىنىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتى، ئىنكاسى، خۇشاللىق ۋە قاي-

غۇسى بىلەن تەبىئىي ئۆزلىشىپ كەتكەن هايات بىلىملىرىنى ئۆگىنىمىز، بۇ بىلىملەر بىزنىڭ كېيىنكى سىستېمىلىق پەننىي بىلىملىرىمىزنىڭ خۇرۇچلىرىغا ئايلىنىدۇ.

بىز ئۆسكەن مەھەللە ۋەتەنپەرۋەرلىكلىرىمىزنىڭ يەنە بىر ئۇستازى. بىزنىڭ بالىلىقىمىز مەھەللىمىزدىكى تەبىئىي مەنزىرە، مەھەللىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ، بىزنىڭ تىلىمىز مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ ئىنچام مەدەنىيەت مۇزېيى ئارقىلىق تېخىمۇ بېيىدۇ. غەمسىز بالىلىق بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن مەھەللە ئۆمۈرلۈك ئەسلىمىمىزگە ئايلىنىپ، خۇشاللىق ۋە لەززەت ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ، بىز ئۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر روھىي ئوزۇق ئالىمىز، بىر ئۆمۈر ئىلھاملىنىمىز. بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى سۆز بايلىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى هامان شۇ خەلق ياشىغان ماكاننىڭ ئېكولوگىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىزدە بىر بالا تۇغۇلسا «ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟» دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا «بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ؟» دەپ سورايدىغان ئەھۋاللار بار. ئەگەر بۆرە بىلەن تۈلكە خەلقىمىز ياشاپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس زېمىندا مەۋجۇت بولمىسا، بىزدە بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ هاياتى ۋە خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئىنچىكە كۆزىتىش بولمىسا، ئۇلار ھەققىدە ھەققىي تونۇشمۇ بولمايتتى، جۈملىدىن يۇقىرىقىدەك ئىپادىلەشمۇ بولمايتتى. تىل دېگەن هاياتلىقتىكى كونكرېت ماكان ـ زاماننىڭ مەنىۋىلىشىشى سۈپىتىدە بىر مىللەتنىڭ هايات شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا بىر مىللەتنىڭ خۇلقىنى ئۇنىڭ تىلىدىن روشەن كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بالىلىقتا قوبۇل قىلغان تىل بىلەن تەپەككۇر بىزنىڭ كېيىنكى ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ گېنىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق مائارىپشۇناس مارىيە مونتېسسورىي: «كىشىلەر ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆزلەيەلەيدىغان بىردىنبىر تىل ــ بوۋاق مەزگىلىدە ئۆگەنگەن ئاشۇ تىلدۇر» دېگەنىدى. بىز باشقا تىللارنى ئانا تىلىمىز ئارقىلىق ئۆگ-

كىنىمىز ۋە دۇنياغا يۈزلىنىش مۇساپىمىزنى بىر قەدەم - بىر قە-دەمدىن باسىمىز.

ساۋاقداشلار، سىلەر ئۈرۈمچىدە چوڭ بولدۇڭلار. ئۈرۈمچى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئارىلاشما مەدەنىيەتلىك شەھەر. سىلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يېزا - قىشلاقلاردا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىڭلارغا نىسبەتەن بىرقەدەر ئەۋزەل ئائىلە ۋە مەكتەپ شارائىتىدا يېتىلدىڭلار. مەن سىلەرنىڭ ئائىلە ئەھۋالىڭلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن، سىلەردىن شۇنى سوراپ باققۇم كېلىدۇ: ئۆ-يۈڭلاردا كىچىكرەك بولسىمۇ ئائىلە كۇتۇپخانىسى بارمۇ - يوق؟ ئا-تا - ئانىڭىز تارىختىكى ھەم ھازىرقى ئالىم - ئەدىبلىرىمىزنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ تۇرامدۇ - يوق؟ ئاتا - ئانىڭىز ئائىلەڭلارنىڭ نەسەبنامىسىنى سۆزلەپ بېرەلەمدۇ - يوق؟ ئەگەر يۇقىرىقى شەرت-لەر ھازىرلانمىسا، ئائىلىڭىزنىڭ مەنىۋى مۇھىتىنى ھەرگىزمۇ مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. بۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى سىز ئاتا - ئانىڭىزدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوئال سوراڭ، بۇنداق قىلىش ئۇلارغا قىلغان ياردىمىڭىز بولىدۇ، ئۇلار سوئاللىرىڭىزدىن ئۆزلىرىنىڭ كەمتۈك تەرەپلىرىنى ھېس قىلىدىغان بولسۇن. كىلاسسىك كىتابلار ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ئاۋازى، سىز بۇ كىتابلارنى ئوقۇسىڭىز ئەجدادلار بىلەن ئۆزىڭىزنى تۇتاشتۇرالايسىز، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چۈشىنىدىغان بولىسىز، ئۆزىڭىزنى توغرا تارىخىي ئاڭغا ئىگە قىلالايسىز، ئەقىل بۇلىقىڭىز تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ، ئىجادىيەت ھەۋىسىڭىز ئۇرغۇيدۇ. سىز ئىراننىڭ 10-، 11 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن داڭلىق شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ تۈرك نەسىللىك سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي خوراسانغا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، پارسلارنىڭ ئەپسانە دەۋرىدىن ئىسلاملىشىش دەۋرىگىچە بولغان تارىخىنى پارس تىلىدا يېزىپ چىقىپ، «شاھنامە» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى تەقدىم قىلىدۇ. شائىر ئۆز ئەمگىكىدىن پەخىر-

لەنگەن هالدا مۇنداق يازىدۇ:

ئوتتۇز يىل مېهنەت ھەم زەخمەتتە قالدىم،
پارسچىدا ئىرانىنى قۇتقۇزۇپ ئالدىم.

فىردەۋسى شۇنى بىلىدۇكى، چېچىلاڭغۇ تارىخ راۋان، ساپ تىل بىلەن رەتلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغاندا، ئۇ ئەۋلادلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشى ۋە قەدىر - قىممەتىنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىنى تېپىشىدىكى يول خەرىتىسىگە ئايلىنىدۇ.

ساۋاقداشلار، ئۈرۈمچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولسىمۇ، خەلقىمىزگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان دېھقانلار ئاممىسىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرمىسىڭىز ۋەتىنىڭىزنى ھەرگىز تولۇق چۈشىنەلمەيسىز. ۋاھالەنكى، دېھقانلىرىمىز يېزىلاردا. سىز يېزىلارغا بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟ يېزىلىرىمىزنىڭ جاپالىق، لېكىن سېخىي قىياپىتىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەگەر تېخىچە ئۇنداق قىلىپ بولالمىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە تەكلىپ بېرىمەنكى، تەتىلدىكى پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ جەنۇب ۋە شىمالدىكى يېزىلارغا بېرىڭ، شۇ چاغدا ۋەتىنىڭىزنىڭ بىپايان قۇچىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىسىز، خەلقىمىزنىڭ روھىدىكى بايلىقلارنى كۆرۈپ كۆڭلىڭىز ئىققىدە بولىدۇ. تەكلىماكان ۋادىسىدىكى ھەربىر يۇرت، ھەربىر شەھەر ئۆزگىچە خىسلەتلەر بىلەن سىزنى رام قىلىۋالىدۇ، سىزگە ھەرقانداق كىتابتا دېيىلمىگەن ھايات مۆجىزىلىرىنى نامايان قىلىدۇ، سىز ئۇ گىگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئۈرۈمچىنىڭ ئېگىز بىنالىرىدىن تورلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىڭىز كەڭ دالالارنىڭ باغرىدا ئەركىن قىيغىتىدۇ. سىز ئانا دىيارىڭىزدىكى تاغ - دەريالارنى، ئۇنىڭدىكى بايلىقلارنى، خەلقىڭىزنىڭ ياشاش شەكلىنى تۈزۈك چۈشەنمەيلا يىراق ئەللەرگە

كېتىپ قالسىڭىز، كېيىنچە پۇرسەت يارىتىش تېخىمۇ تەس بولىدۇ. چۈنكى، سىز چوڭ بولغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىسىز. شۇنداق بىر ئاددىي پرىنسىپ بار، بىلىپ قويۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن: ئۆزىنى سۆيۈشنى بىلمىگەنلەر باشقىلارنى تېخىمۇ سۆيمەيدۇ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلەر باشقىلارنىڭ ۋەتىنىنىمۇ قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. بۇنداقلار ئۆزىنىڭ قەدرىنى مەڭگۇ باشقىلارغا بىلدۈرەلمەيدۇ. مەن سىزگە بىر ئاددىي ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىممەتلىك تەرەپ ھەققىدىكى بىر مىسالنى دەپ بېرەي، بۇنى بىر ۋەتەندىشىم ماڭا دەپ بەرگەنىدى: «ئىستانبۇلنىڭ بىر قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتىم، — دەپ بايان قىلىشقا باشلىدى ئۇ ۋەتەندىشىم، — بىر ئايالنىڭ قويۇق خوتەن شېۋىسىدىكى گېپى مېنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى، ئۇ ئايال مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمنى ھەرگىز بىلمەيدۇ، مەنمۇ ئۇ ئايالنى تونۇمايمەن، ئۇ مېنى بىر تۈرك دەپ يول سورىغانىدى، مەن ئۇ ئايالدىن ھەم ھەيران قالدىم، ھەم سۆيۈندۈم. ئۇ ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا ئۇيغۇرچە سۆزلىدى. ئەگەر ئۇ ئاقسۇدا ياكى غۇلجىدا بولغان بولسا ھەيران بولمايتتىم. ئۇ ئۇيغۇرنى ئاتايتەن ئىزدىمىسە ئۇچراتقىلى بولمايدىغان يات بىر شەھەردە خوتەن پۇراپ تۇرىدىغان تەلەپپۇزدا مەندىن يول سورىدى. قارىسام ئۇ ئايالدا نە تەڭقىسلىق، نە خىجىللىقنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئەكسىچە ناھايىتى تەبىئىي تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرىپ يولنى چۈشەندۈردۈم. ئۆزۈم شۇنداق ھاياجانلىنىپ كەتتىم.»

مانا بۇ خەلقىمىزدىكى ساپ دىللىق. ئىشىنىمەنكى، ئۇ ئايال ئىستانبۇللۇق بىر تۈرككە ئۇچراپ قالغان بولسىمۇ غەرىزىنى ئۇقتۇرالىغان بولاتتى. بىر سودىگەر ئۇيغۇرچە سۆزلەپ يۈرۈپ ئالمۇتا، بىشكەك، تاشكەنت، ئاشخاباد، باكۇ، ئىستانبۇللاردا نان تېپىپ يېيەلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەگەر سىز ئانا تىلىڭىزغا پىششىق بولۇپ، خەنزۇچە تىلغىمۇ ماھىر بولسىڭىز، كېيىن

ئىنگلىز تىلى قاتارلىق چەت تىللارنىمۇ ئۆگەنسىڭىز، سىز ياشايدىغان مۇھىت ھەسسىلەپ كېڭەيگەن بولىدۇ. سىز كۆپ تىللىقلىشىش دەۋرىدە ياشاۋاتىسىز. ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت مۇناسىۋىتىنى قانداق يارىتىسىز؟ بۇ سىلەردەك ئەۋلادلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان چوڭ مەسىلەن. تىل — بىلىملەر خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى، ئادەم بىلەن ئاچقۇچنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئادەم بەلگىلىگۈچى ئامىل، ئاچقۇچنى نېمىگە ئىشلىتىسىز؟ بۇ، غايە مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

ساۋاقداشلار، سىز ئانا يۇرتىڭىزدىن ئايرىلغان ھامان ۋەتەن ۋە تىل مەسىلىسى شۇ ھامان ئايدىڭلىشىدۇ. بۇلارنى توغرا ھەل قىلماي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن بۈگۈن بۇلار ھەققىدە توختالدىم. يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ، دېگەن گەپ بار. سىلەر زېرەك ھەم چېچەن، نۇرغۇن نەرسىنى ئاستا - ئاستا بىلىۋالىسىلەر. ئاخىرىدا مەن سىلەرنىڭ تېنىڭلارغا سالامەتلىك، ئۆگىنىشىڭلارغا ئۇتۇق، تۇرمۇشۇڭلارغا بەخت تىلەيمەن، زەپەر سىلەرگە يار بولسۇن.

تىڭشارمەنلىرىمگە رەھمەت.

2007 - يىلى دېكابىر

# تەرجىمە ئەسەرلەر

# پەلسەپىۋى نەسرلەر

*ئىلاۋە: نەسر ئەسلىدە بىر قېتىملىق ئىدىيە مەشقى. ئۇنىڭ ئەۋدىسى كىمياگەرلەرنىڭ قازىنىدەك ھەممە خورۇجنى ئېرىتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ياسايدۇ. ھېچكىم تېخى نەسرنىڭ مۇقىم شەكلى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېمىدى. مېنىڭچە، نەسرنىڭ بىرەر مۇقىم قېلىپى يوق. ئۇ ژانىرلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كەپسىز ژانىر. ھازىرقى دەۋردە نەسر بىلەن شېئىر بىر - بىرى بىلەن سىڭىشىپ كەتتى.*

*ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ئۆزىگە خاس تەرەققىيات تارىخىنى ياراتتى. بىراق بىزنىڭ نەسرلىرىمىزدە ئىندىۋىدۇئال پىكىرنىڭ نامرات بولۇشى بىلەن بىللە، يەنە شەكىل تەۋەككۈلچىلىكىمۇ يوق ھېسابىدا بولۇپ كەلدى. لىرىك نەسر دېسە ھېسسىياتنى بىۋاسىتە تاپشۇرۇشنىڭ سۈيۈق، بىمەززە ئىستىللىرى ئادەتكە ئايلاندى. مۇقامىدا غەمكىنلىك، يىغلاڭغۇلۇق ئېغىر بولۇپ، گويا بۇرۇقتۇرما ئاياللارنىڭ ئاجىز نىداسىغا ئوخشاش تەسىرات بېرىدۇ. بىزگە ياسانچۇق نامراتلىقنىڭ ھاجىتى يوق.*

*تۆۋەندىكى نەسرلەر ھەققىدە ئويلىنىشقا تۈرتكە بولسا ئەجەب ئەمەس.*

*— تەرجىماندىن*

## ئۆمۈچۈك تورى

ئاكۇتاگاۋا ليۇنوسكې* (ياپونىيە)

### 1

مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن. ساكىيامۇنى جەننەتتىكى نىلۇپەر كۆلىنىڭ بويىدا سەيلە قىلىۋاتقانىكەن، كۆلدىكى نىلۇپەر گۈللىرى قاشتېشىدەك غۇبارسىز ئىدى. ئوتتۇرىدىكى زەر رەڭ گۈل چېچە-

* ئاكۇتاگاۋا ليۇنوسكې (1892 — 1927) ياپونىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «راشومون»، «توشىشون»، «بۇرۇن» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

دىن گۈپۈلدەپ پۇراۋاتقان خۇش پۇراقلارنى تەسۋىرلەشكە تىل يەت-
مەيتتى. شۇ تاپتا جەننەتتە دەل سەھەر ئىدى.

بىر پەستىن كېيىن، ساكيامۇنى كۆل بويىدا توختىدى ۋە نىې-
لۇپەر يوپۇرماقلىرى بىلەن چۈمكەلگەن سۇنىڭ ئۈستىدىكى
ئەھۋالغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. جەننەتتىكى بۇ نىېلۇپەر كۆلىنىڭ
ئاستىدا دوزاخ بار ئىدى. سۇ زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، ئاخىرەت
دەرياسى* ۋە يىڭنە تاغلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

دوزاخنىڭ ئاستىدا كەنداتا ئىسىملىك بىر ئەر باشقا گۇناھ
ئەھلىلىرى بىلەن بىللە قىمىرلاپ يۈرەتتى. كەنداتا ئادەم ئۆلتۈ-
رۈش ۋە ئوت قويۇشتەك ئىشلارنى قىلغان بىر قاراقچى ئىدى. ئەم-
ما ئۇنىڭ بىر ساۋابلىق ئىشى بار. كەنداتا ئورماندا كېتىۋېتىپ،
يول بويىدا ئۆمىلەپ يۈرگەن كىچىك بىر ئۆمۈچۈكنى كۆرۈپ ئۇنى
چەيلىۋەتمەكچى بولغانىدى. «ياق، ياق» دېدى ئۇ ئىچىدە، «ئۆمۈچۈك
شۇنچە ئەرزىمەس نەرسە بولسىمۇ، بەرىبىر جانلىق. ئۇنىڭ ھاياتى
بۇنداق ئاخىرلاشسا، تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولمامدۇ.» كەنداتا
شۇنداق قىلىپ ئۆمۈچۈكنى ئۆلتۈرمىگەنىدى.

ساكيامۇنى دوزاخقا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ، كەنداتانىڭ ئۆمۈ-
چۈكنى قۇتقۇزۇۋالغىنىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كەنداتانىڭ بۇ ساۋاب-
لىق ئىشىغا جاۋابەن، كەنداتانى دوزاختىن قۇتقۇزماقچى بولدى.
ساكيامۇنى يېنىغا قارىسا مەرمەر تاشتەك نىېلۇپەر يوپۇرمىقىدا بىر
جەننەت ئۆمۈچۈكى نەپىس تورلىرىنى يېيىپ تۇراتتى. ساكيامۇنى
ئۆمۈچۈك تورىنى ئېلىپ ئاپپاق نىېلۇپەرلەر ئارىسىدىن ھېلىقى
دوزاخنىڭ تەكتىگە ساڭگىلاتتى.

* ئاخىرەت دەرياسى — بۇددا رىۋايەتلىرىدىكى ئۇ دۇنيا سەپىرىدە دۈچ كېلىدىغان بىر
دەريا. دەريانىڭ بەزى يەرلىرى شىددەتلىك، بەزى يەرلىرى ئۇلۇغ بولىدىكەن. پانىي ھاياتتى-
كى قىلمىشلارغا ئاساسەن دەريانىڭ ئۆتكەللىرىمۇ ئوخشىمايدىكەن.

## 2

بۇ يەر دەل دوزاخنىڭ ئاستىدىكى قان كۆلى ئىدى. كەنداتا باشقا گۇناھكارلارغا ئوخشاشلا قان كۆلىدە گاھ چۆكەتتى، گاھ لەيلەيتتى. ئەتراپ قاراڭغۇ بولۇپ، بەزى نەرسىلەر خىرە ـ شىرە كۆرۈنگەندەك بولاتتى، ئەسلىدە بۇ يىڭنە تاغدىكى يىڭنىلەردىن چاقنىغان شولىلار ئىدى. بۇ يەردىكى ۋەھىمىنى تەسۋىرلەپ بېرىش مۇشكۇل ئىدى. ئەتراپ گۆرستاندەك جىمجىت، گۇناھكارلارنىڭ زەئىپ ئىدالىرى ئۇشتۇمتۇت قۇلاققا كىرىپ قالاتتى. دوزاخ بەندىلىرى ھەر خىل ئازابتىن تولىمۇ ھالسىراپ كەتكەچكە، يىغلاشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان بولۇپ كېتىشكەنىدى. قان ئىچىدە تۇنجۇقۇۋاتقان قاراقچى كەنداتامۇ ئۆلۈم خەۋپىدىكى پاقىدەك تېپىرلايتتى.

بۇ چاغدا مۇنداق ئىش بولدى. كەنداتا ئىختىيارسىز ھالدا قان كۆلىنىڭ ئۈستىگە قارىغانىدى، كۈمۈش رەڭ بىر تال ئۆمۈچۈك تورى يىراق ئېگىزلىكتىن جىمجىت قاراڭغۇلۇقنى شۆڭگۈپ ئۆتۈپ، گويا باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك غۇۋا نۇر چېچىپ ئۆزىگە قاراپ تېزلىك بىلەن چۈشۈۋاتقانىدى. كەنداتا بۇنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئۆمۈچۈك تورىغا ياماشقاندا، دوزاختىن چىقىپ كەتكىلى بولاتتى. ھەتتا ئىش ئوڭدىن كەلسە جەننەتكىمۇ كىرىپ كەتكىلى بولاتتى. شۇ چاغدىلا يىڭنە تاغقا چىقىش، قان كۆلىگە چۈشۈشتەك ئازابلىق تەقدىردىن قۇتۇلغىلى بولاتتى.

كەنداتا ئۆمۈچۈك تورىنى مەھكەم تۇتۇپ، كۈچىنىڭ بارىچە يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ ئەسلىدە قاراقچى بولغاچقا، ئۇنداق ئىشلارغا ماھىر ئىدى.

دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسى نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم بولغاچقا، چىقىپ كېتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. كەنداتا ئازراق

ئۆرلەپ ھېرىپ كەتكەچكە، قوللىرىنى يۆتكىگۈدەك ھالى قالمىدى. ئۇ ئامالسىز ئارام ئالماقچى بولدى ـ دە، تورنى چىڭ تۇتۇپ، يىراقتا قالغان تۆۋەنگە قارىدى.

ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى زايە كەتمىگەنىدى. قان كۆلى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە قېپقالغانىدى. غۇۋا چاقناپ تۇرغان يىڭنە تاغمۇ پەستە قالغانىدى. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق ئىلگىرىلەۋەرسە دوزاختىن چىقىپ كېتىش ئويلىغاندىنمۇ ئاسان بولاتتى. كەنداتا ئۆمۈچۈك تورىنى قوللىرىغا ئالماپ تۇرۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان شادىيانە ئاۋازى بىلەن «ئەجەب ياخشى بولدى، ئەجەبمۇ ياخشى بولدى» دەپ تۇۋلاپ كەتتى. ئۇ شۇنداق قارىۋىدى، سان ـ ساناقسىز گۇناھكار ئۆمۈچۈك تورىغا يامىشىپ خۇددى چۈمۈلىلەردەك چىقىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ كەنداتا بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ھەم ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېغىزى ئېچىلىپ قالدى، كۆز قارىچۇقلىرى پىلدىرلاپ تۇراتتى. بۇ ئىنچىكە ئۆمۈچۈك تورى كەنداتانىڭ ئۆزىنى ئاران كۆتۈرەۋاتسا، ئۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن؟ ئەگەر تور ئۈزۈلۈپ كەتسە، ھەممىدىن مۇھىم بولغان ئۇ ئۆزىمۇ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىمەن ئەمەسمۇ. ئۇنداق بولسا ھەرگىز بولمايدۇ. نۇرغۇن گۇناھكار تورغا يامىشىپ چىقىپ كېلىشەتتى، كەنداتا «دەرھال ئامال قىلمىسام تور ئۈزۈلۈپ كەتسە دوزاخقا چۈشۈپ كېتىمەن» دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن كەنداتا: «ئەي گۇناھكار بەندىلەر، بۇ ئۆمۈچۈك تورى مېنىڭ! كىم سىلەرنى ئېسىلسۇن دەپتۇ. چۈشۈپ كېتىش! دەرھال چۈشۈپ كېتىش!» دەپ ۋارقىرىدى. دەل شۇ چاغدا بايىدىن بېرى ھېچنېمە بولمىغان ئۆمۈچۈك تورى كەنداتا تۇتقان يەردىن «پىسسىدە» ئۈزۈلۈپ كەتتى. كەنداتا ئامالسىز قالدى. ئۇ دەقىقە ئىچىدىلا پىرقىراپ ھېلىقى زۇلمەتلىك دوزاخنىڭ ئاستىغا بېشى-

چىلاپ چۇشۇپ كەتتى.

جەننەتنىڭ يېرىم - يارتا ئۆمۈچۈك تورى نۇر چاچقان ھالدا ئاي - يۇلتۇزسىز بوشلۇقتا ساڭگىلاپ قالدى.

## 3

ساكىيامۇنى جەننەتتىكى نىلۇپەر كۆلىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يۇقىرىقى ئىشنى باشتىن - ئاخىر كۆزىتىپ تۇردى. كەنداتا دوزاختىكى قان كۆلىگە خۇددى تاشتەك چۇشۇپ كەتكەندە، ساكىيامۇنىنىڭ چىرايى قايغۇلۇق تۇس ئالدى - دە، سەيلىسىنى داۋام قىلدۇردى. كەنداتانىڭ پەقەت ئۆزىنىلا قۇتۇلدۇرۇشتەك يامان نىيىتى تۈپەيلىدىن دوزاخقا قايتىدىن مەھكۇم بولۇشى ساكىيامۇنىنىڭ مۇبارەك نەزىرىدە ئېچىنىشلىق ھەم رەزىل ئىش ئىدى.

جەننەتتىكى نىلۇپەر ئىسپادىسىز ئىدى. نىلۇپەرلەرنىڭ قاشتېشىدەك سۇزۇك گۇللىرى ساكىيامۇنىنىڭ پۇتىنىڭ چۆرىسىدە يەڭگىل تەۋرىنەتتى. نىلۇپەر گۇلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۇل چاڭلىرىدىن چىقىۋاتقان خۇش پۇراقنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. جەننەتتە چۈش بولاي دەپ قالغانىدى.

# تېلېفوندىكى دوستلۇق

جېنس مايكول بىچ (ئامېرىكا)

دوستسىز هايات — تەنها ئۆلۈم.

— ئىسپان خەلق ماقالى

نومۇرنى تېخى بېسىپ بولمايلا، خاتا باسقانلىقىمنى سەزدىم. قارشى تەرەپنىڭ تېلېفونى ئىككىنچى قېتىم جىرىڭلىغاندا تۇرۇپكا ئېلىندى.

— خاتا بېرىپسەن، — دېدى قوپال، بوم بىر ئاۋاز، ئاندىن تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى. قىزىق ئىش، مەن يەنە شۇ نومۇرنى باستىم.

— خاتا بېرىپسەن دېدىمغۇ! — ۋارقىرىدى هېلىقى ئاۋاز. تېلېفون تىرىقلاپ ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئۇ مېنىڭ خاتا تېلېفون بەرگىنىمنى قانداق بىلىسۇن؟ ئەينى چاغدا مەن نيۇ يورك شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتاتتىم. بىر ساقچى سەزگۇر ۋە قىزىققان بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئۈچىنچى قېتىم تېلېفون قىلدىم.

— هەي، بۇ سەنمۇ، — دېدى هېلىقى ئادەم، — يەنە سەن ئىكەنسەنغۇ؟

— هەئە، مەن، — دېدىم مەن، — مەن تېخى گەپ قىلماي تۇرسام، سىز مېنىڭ خاتالاشقانلىقىمنى قانداق بىلىسىز؟

— بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا، — تۇرۇپكا يەنە تاشلاندى.

بىردەمدىن كېيىن تۇرۇپكىنى قولغا ئالدىم - دە، يەنە تېلېفون قىلدىم.

— سەن تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئۇ مەندىن.

— قارىغاندا سىزگە ھېچكىم تېلېفون بېرىپ باقمىغاندەك تۇرىدۇ.

— توغرا، — تېلېفون تۆتىنچى قېتىم ئۈززۈلدى. مەن كۆلۈپ كېتىپ يەنە تېلېفون قىلدىم.

— نېمە قىلماقچىسەن؟ — سورىدى ئۇ مەندىن.

— مەن تېلېفون ئارقىلىق ھال سورىماقچى ئىدىم.

— ھال سورىماقچى؟ نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى سىزگە ھېچكىم تېلېفون بېرىپ باقماپتۇ. مەن تېلېفون بېرىپ قوياي دېگەنىدىم.

— ھە، تىنچمۇسەن، ئۆزۈڭ كىم؟

مەن بەرگەن تېلېفون ئاخىر قوبۇل قىلىندى. ئۇ مەن بىلەن سۆزلەشتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدىم.

— مەن ئادولف مېس بولىمەن. 88 ياشقا كىردىم. 20 يىلنى قوشۇپ كەلسىمۇ، خاتا بېرىلگەن تېلېفون بۇگۈنكىدەك كۆپ چىقمايدۇ، — بىز تەڭلا كۈلۈپ تاشلىدۇق.

بىز تېلېفوندا ئون مىنۇت پاراڭلاشتۇق. ئادولفنىڭ نە ئائىلىسى، نە دوستى يوق ئىدى. يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ دۇنياغا كېتىپ بولۇشقانىدى. ئارىمىزدىكى بىر ئورتاقلىقنى ھەر ئىككىمىز بايقىدۇق. ئۇ نيۇ يورك ساقچى ئىدارىسىدە 40 يىلغا يېقىن ئىشلەپتۇ. ئۇ ساقچى ئىدارىسىدە لىفىت باشقۇرغۇچى بولغاندىكى ئىشلارنى سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن دوستانە. مەن ئۇنىڭدىن «يەنە تېلېفون بەرسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم.

— سەن نېمە ئۈچۈن ماڭا تېلېفون بەرمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟ — سورىدى ئۇ تەئەججۈپ بىلەن.

— ھە، بىز تېلېفوندا دوستلاشساقمۇ بولىدۇ، سىز بىلىسىزغۇ، خۇددى خەت ئارقىلىق دوست بولغانلاردەك.

ئۇ ئىككىلەندى. «مەن يەنە بىر دوستۇمنىڭ بولۇشىدىن ئۇ-زۇمنى قاچۇرۇپمۇ كەتمەيمەن.» ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن مەجبۇرلىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئادولفقا تېلېفون قىلدىم. بىرقانچە كۈندىن كېيىن يەنە ئالاقىلەشتىم. ئۇ بىرىنچى، ئىككىن-چى دۇنيا ئۇرۇشلىرىدىكى ئەسلىمىلىرىنى، ھەيدىنبورگ پاجىئە-سىنى ۋە باشقا تارىخىي ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ تېلېفون بېرىشى ئۈچۈن مەن ئائىلەم ۋە ئىشخانامنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ كۈندە دېگۈدەك تېلېفون قىلىپ تۇردى.

بۇ پەقەت بىر يالغۇز بوۋايغا قارىتا ھېسداشلىقىم ئەمەس. ماڭا نىسبەتەن ئادولف بىلەن سۆزلىشىش ناھايىتى مۇھىم ئىدى. چۈن-كى مېنىڭ ھاياتىمدا بىر كەملىك بار ئىدى. مەن دارىلئېتامدا چوڭ بولۇپ، كېيىن بىرى تەرىپىدىن بېقىۋېلىندىم. ئەزەلدىن دادام بولغان ئەمەس. بارا ـ بارا مەن ئادولفنىڭ دادامغا ئوخشاشلا مۇ-ھىملىقىنى ھېس قىلدىم. مەن ئۇنىڭغا خىزمىتىم ۋە كېچىلىك ئوقۇشۇم ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم.

ئادولف ئاستا ـ ئاستا ماڭا مەسلىھەتچى بولۇپ قالدى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا باشلىقىم بىلەن زىددىيىتىمنى سۆزلەپ بەردىم. «مەن ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم سۆزلىشىمەن» دېدىم مەن يېڭى دوس-تۇمغا.

— نېمىگە ئالدىرايسەن؟ — ئادولف مېنى ئاگاھلاندۇردى، — ئازراق ۋاقىت ئۆتسۇن، سەنمۇ مېنىڭ قۇرامىمغا كەلگەندە ۋاقىت-نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، ئەگەر ئەھۋال ناچار-لىشىپ كېتىۋەرسە، ئاندىن سۆزلەشسەڭمۇ بولىدۇ.

بىز خېلى ۋاقىت جىم بولۇپ كەتتۇق.

— سەن بىلىسەن، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — سەن بىلەن بالام بىلەن سۆزلەشكەندەك سۆزلىشىۋاتىمەن. بىر ئۆمۈر ئا-ئىلەم ۋە بالىچاقامنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم. سەن تېخى

ياش، بۇنى چۈشەنمەيسەن.

— ياق، چۈشىنىمەن. مەنمۇ ئائىلەم ۋە دادامنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن مەن بۇلارنى ھېچكىمگە تىنمىدىم. چۈنكى ئىچىمدىكى دەردلىرىمنى باسالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتىم.

بىر ئاخشىمى ئادولف ماڭا 89 ياشقا كىرگەن كۈنىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تاختاي سېتىۋېلىپ ئۇزۇنلۇقى بەش ئىنگلىز سۇڭى، كەڭلىكى ئىككى ئىنگلىز سۇڭى كېلىدىغان كارتوچكىنى سىزىپ لايىھەلىدىم. ئۇنىڭغا 89 تال شام قادالغان تورتنى سىزدىم. ئاندىن خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئىمزاسىنى قويدۇردۇم. يۈزلەپ ئادەم ئىمزا قويدى. ئادولف چوقۇم خۇشال بولاتتى.

بىز تېلېفوندا سۆزلەشكەنگە تۆت ئاي بولۇپ قالدى. كۆرۈشۈش پەيتىمىزمۇ بولۇپ قالدى دەپ ئويلىدىم — دە، كارتوچكىنى بىۋاستە ئۆزۈم تەقدىم قىلماقچى بولدۇم.

مەن ئادولفقا ئۆزۈمنىڭ بارىدىغانلىقىمنى خەۋەر قىلدىم. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ماشىنام بىلەن بېرىپ، ماشىنامنى سىرتتا توختاتتىم. بىناغا كىرگىنىمدە بىر پوچتىكەش زالدا خەت ـ چەك تارقىتىۋاتاتتى. مەن ئادولفنىڭ پوچتا ساندۇقىنى ئىزدەۋاتسام، پوچتىكەش ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئەنە، ئادولفنىڭ ئىسمى. بىرىنچى قەۋەت H ئۆي. مەن شۇ تاپتا يىگىرمە ئىنگلىز چىمى ئارىلىقتا تۇرۇۋاتاتتىم.

قەلبىم ھاياجاندىن تېپچەكلەپ كەتتى. «بىز يۈزلەشكەندە تېلېفوندىكىدەك ھېسسىياتتا بولارمىزمۇ؟» بىر گۇمان يۈرىكىمگە نەشتەردەك تەگدى. ئەينى دەۋردە دادام مېنى تاشلاپ كەتكەندەك ئۇمۇ مېنى تاشلاپ كېتىشى مۇمكىن. مەن ئىشىك قوڭغۇرىقىنى يەڭگىل باستىم، جاۋاب بولمىدى، كۈچەپ باستىم. پوچتىكەش ماڭا قاراپ:

— بۇ ئۆيدە ئادەم يوق، — دېدى.

— بىلىمەن، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ھاماقەتتەك سېزىپ، —

ئەگەر ئۇنىڭ قوڭغۇراققا بولغان مۇئامىلىسى تېلېفونغا بولغان مۇئامىلىسىگە ئوخشاشلا بولسا، مەن كۆنبويى باسىمەن.

— سەن ئۇنىڭ تۇغقىنىمۇ؟

— ياق، دوستى بولىمەن.

— تولىمۇ ئەپسۇس، — دېدى ئۇ تىنچ هالدا، — مىس ئەپەندى ئالدىنقى كۈنى ۋاپات بولدى.

— ۋاپات بولدى؟ ئادولف؟ — شۇ تاپتا نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم. مەن گۇمان ۋە ئەندىكىش ئىچىدە تۇرۇپ قالدىم.

مەن ئاستا - ئاستا هالىمغا كېلىپ، پوچتىكەشكە رەهمەت ئېيتتىم - دە، يېنىپ چىقتىم. چۈش بولاي دەپ قالغانىدى. ماشىنا تەرەپكە كېتىۋېتىپ كۆزلىرىم ياشقا تولدى.

كوچىنىڭ بىر تەرىپىدىكى چېركاۋنى كۆردۈم. «تەۋرات» تىكى «دوستلار بىر - بىرىنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن ئىبارە كۆزۈمگە چۈشتى. ۋاپات بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى هېس قىلدىم. شۇنى تونۇغاندەك بولدۇقكى، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ياكى كىشىنى هەسرەتكە سالىدىغان ئۆزگىرىشلەر هاياتلىقتا ئەسلىدە بار بولغان گۈزەللىكنى هېس قىلدۇرىدۇ. شۇ تاپتا ئادولفنىڭ ماڭا نەقەدەر يېقىنلىقىنى تۇنجى قېتىم هېس قىلىۋاتاتتىم. بۇ ئەسلىدە قىيىن ئىش ئەمەس ئىكەن، كېيىنكى نۆۋەتتە يەنە دوستۇمغا تېخىمۇ ئاسان يېقىنلىشىمەن.

ئىسسىق بىر ئېقىم ۋۇجۇدۇمدا ئاققاندەك بولدى. مەن ئادولف چالنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتكەندەك بولدۇم: «خاتا بېرىپسەن!» كېيىن ئۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن تېلېفون قىلماقچى بولغانلىقىمنى سورىدى.

«چۈنكى سەن مەن ئۈچۈن ناهايىتى مۇهىم، ئادولف» دېدىم مەن ئۈنلۈك قىلىپ، بىراق هېچكىم ئاڭلىمىدى. «چۈنكى مەن سېنىڭ دوستۇڭ.»

مەن ئېچىلمىغان كارتوچكىنى ماشىنىنىڭ كەينىگە قويۇپ، رولىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. ماشىنىنى ھەيدەشتىن بۇرۇن كەينىمگە قاراپ: «ئادولف» دېدىم پەس ئاۋازدا، — مەن خاتا تېلېفون بەرمىدىم، ئۇنى ساڭا بەرگەن.»

# سەنئەتكار

بۇدېل (فىرانسىيە)

ھەقىقىي سەنئەتكارنىڭ قەلبى تەنھادۇر... ئۇنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ؛ ئەزرائىل چاقىرغاندا، ئۇنىڭ كۆزىدە چاقنىغان نۇرلارغا، يۇلتۇزلارغا تولغان قەلبىگە ھېچكىم دىققەت قىلغان ئەمەس.

سەنئەتكار ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەرەپلەرنىڭ جەۋھىرىنى سۈمۈرۈپ، ئۆزى بايقىغان گۈزەللىكنى باشقىلارغا ھېس قىلدۇردى. ھايات ئۇچقاندەك غايىب بولىدۇ، سەنئەتكار پارلاق كۈندۈزنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا كېچە تېزلا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى تېخى باشلانمىغان بولىدۇ.

تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشنىڭ سەۋەبىنى ئاختۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىدە پىكىر قىلىش ئۈچۈن، ئازابنىڭ سىناقلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت زۆرۈر، ھايات جەريانىدا پەيدا بولغان ئازاب ۋە خۇشاللىقنى كۆرۈپ يېتىش تېخىمۇ زۆرۈر.

كىشىلەر ئىجاد قىلىشقا تەشنا، ئۇلار زېمىنىنىڭ سالماق چاقىرىقلىرىغا قۇلاق سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ ئاۋاز بىزنىڭ ئېگىزنى چەكسىز بوشلۇققا، پىلانېتالاردىن چىققان خىيالىي مۇزىكىلارنىڭ دولقۇنىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

كىشىلەردىن ئايرىلىپ يېگانە يۈرەلەيدىغان، زېرىكىشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كىشىلەرلا ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ. ئۇلار كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاسانلا تۈگەيدىغانلىقىنى، ۋاقىتنىڭ رەھىمسىزلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. كىشىلەرگە قەلبىمىزنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئاچايلى، ئۇلارغا ئەجرىمىزنى كۆرسىتەيلى، شۇ

چاغدىلا روھىيەتنىڭ سىرىغا يېتەلەيمىز!

دۇنيا بىزنى چۈشەنمىگەنىكەن، ئەلۋەتتە بىزمۇ دۇنيانى بىلمىگەن بولىمىز. بىزدە ئۆلچەم يوق، سېلىشتۇرىدىغان ۋە ئەينەك قىلىدىغان كاتېگورىيەمۇ يوق. شۇنداق ئىكەن، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ، خاتالىقىمىزغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلايلى.

ئادەمنىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان پەيتى دەل تەقدىر بىلەن ئېلىشىشقا باشلىغان ۋاقتىدۇر. بۇنداق ھەقىقەت ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا گويا پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتكە، كۆرۈنگەن گۈزەل قۇياشقا ئوخشايدۇ.

سامادىكى بۈركۈت ئۆزىنىڭ مەغرۇر ۋە سۈربەت تۇرقى بىلەن قوڭۇر رەڭ چاقناش پەيدا قىلىدۇ، ئۇ ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان قۇياشقا ئىنتايىن چوقۇنىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، ئۇ كۆزىدىن تۇساتتىنلا چاقناپ چىققان نۇر بىلەن قۇياش يالقۇنىغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاپتاپتىن قۇياشنىڭ بەكمۇ يۈكسەك، بەكمۇ يىراق ۋە بەكمۇ چوڭلۇقىنى، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشنىڭ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلىدۇ. لېكىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن قانىتىنى كېرىپ، قەلبىدىكى قۇياشقا قاراپ ئۇچىدۇ.

ئېگىزگە ۋە يىراققا ئىنتىلىش بۈركۈتنىڭ خىسلىتى، سەنئەتكارنىڭ خىسلىتىمۇ ئەنە شۇنداق. بۈركۈت ئاسماننى قاقىدۇ، ئۇفۇقيادەك بىرپەس ئۈچۈشتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى قۇياشقا تېخىمۇ يېقىنلاشقاندەك ھېس قىلىدۇ ــ دە، يېتىپ بارالىغان پەللىسى ئۈچۈن چىن دىلىدىن پەخىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زەڭگەر ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا باشلايدۇ.

سەنئەتكار پەقەت ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىجادىيىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن ھەمدە تەسەۋۋۇر قانىتى بىلەن سەنئەت ئاسمىنىنى كەزگەندىن كېيىن تەسەللى ھەم يۈكسەكلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇمۇ بىر ئادەم بولسىمۇ، مۇشۇنداق خىسلەت ئۇنى ھەقىقەتكە يەتكۈزىدۇ.

# گۈزەللىك ئۈچۈن چاقىرىق

توم جونس (ئەنگلىيە)

يۈكسەك گۈزەللىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۈشمۇتۈشتىن خىتاب قىلدۇق:

ئاۋۋال ساڭا خىتاب قىلىمىز تالانت. سەن تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا ئېقىنىغا قارشى كېمە ھەيدەپ جاپا چەككەن ھەم ئورۇنسىز ئەمگەك قىلغان بولاتتۇق. سەن سورتلۇق ئۇرۇقلارنى چاچىسەن، ئۇنى سەنئەت بۇلىقى بىلەن سۇغىرىپ، ۋايىغا يەتكۈزىسەن. تالانت، سەن مېھرىبانلىق بىلەن قولۇمدىن يېتىلەپ، تەبىئەتنىڭ سىرلىق قەسرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاددىي كىشىلەر ئېرىشەلمەيدىغان تىلسىملارنى كۆرسىتىسەن. مېنى تاۋلىغىن، تالانت. ئەقىل نۇرلىرىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنى ئېنىق بىلدۈرگىن. كىشىلەر ھەمىشە تۇمان ئىچىدە گاڭگىراپ قېلىپ ئالدامچىلىق نەيرەڭلىرىگە چوقۇنىدۇ ھەمدە ئالدامچىلىقنىڭ ئۆزىدىن يىرگىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى ئالدىماقتا. مەسخىرە قىلىش زۆرۈر بولغىنى دەل ئۇلارنىڭ ئۆزى. تۇماننى قايرىۋەتسەڭ ئۆزىنى ئالداش ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بېزەلگەن، ئاچ كۆزلۈك باياشاتلىق نىقابىنى كىيگەن. ياۋۇزلۇق شان ـ شەرەپ قىياپىتىگە كىرىۋالغان. بۇلارنىڭ يۈزەكى نىقابلىرىنى ئېلىپ تاشلاڭلار! تالانت سەن ئارىستوتىيانغا، سېرۋانتېس، شېكىسپىرلارغا مەدەت بەرگەن پارلاق نۇرلىرىڭنى مەندىنمۇ ئايىمىغايسەن! كۆزۈمنى يورۇتۇپ، ئاتالمىش خىجىللىقنىڭ ئۆز ھاماقەتلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇش ئىكەنلىكىنى تونۇتقىن.

ئەمدى ساڭا خىتاب قىلىمىز ئىنسانپەرۋەرلىك. سەن ھەقىقىي تالانت بىلەن مەڭگۈ بىللە. سەن شەپقەتلىك قەلبىڭنى بىزگە ئاتا قىلغىن. سەن ئەبەدىي قۇرۇماس بۇلاق. ئالىيجاناب پاك دوستلۇق، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان گۈزەل مۇھەببەت، سېخىي مىجەز، قىزغىن، سەمىمىي تەشەككۇر، نازۇك، زىل ھېسداشلىق، شەخسىيەتسىز ئۇچۇق - ئاشكارا نەسىھەتلەر سەندىن پەرۋىش تاپىدۇ. سەن ئاق كۆڭۈللۈككە قىزغىن كۈچ ئاتا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياجانلىق كۆز يېشىغا، خىجىللىقتىن قىزىرىشىغا سەۋەبچى بولىسەن ياكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئازاب، خۇشاللىق ۋە غەمخورلۇق دولقۇنىنى ئۆرلىتىسەن.

ئەمدى ساڭا خىتاب قىلىمىز بىلىم. سەن بولمىساڭ تالانت دەرىخى قۇرۇپ كېتىدۇ. بىلىم، كەل مېنىڭ قەلبىمگە! بالىلىقىمدىن تارتىپلا ساڭا چوقۇنغانمەن. ساداقەتلىك قەلبىم بىلەن ساڭا بولغان ئىنتىلىشىمنى ئىزھار قىلاي. كەل، يىللارسېرى ئاۋۇۋاتقان ئاشۇ چەكسىز، مول خەزىنەڭدىكى سەلتەنەتلىك پارلاق بايلىقلىرىڭنى تۆككىن! خەزىنەڭنىڭ دەرۋازىسىغا يېزىلغىنى قايسى خىل يېزىق بولمىسۇن، ئاچقۇچۇڭنى ماڭا بەر!

ئاخىرىدا ساڭا خىتاب قىلىمىز تەجرىبە. سەن دانىشمەنلەر، دىيانەتكارلار، بىلىم ئىگىلىرى ۋە ئاكابىر ئەشرەپلەر بىلەن ئەزەلدىنلا دوست، ياق، سەن ئۇلار بىلەنلا دوست ئەمەس، سەن مەنسەپدارلاردىن تارتىپ ئەسكەرلەرگىچە، گىراف خانىملاردىن تارتىپ ئادەتتىكى ئاياللارغىچە بولغان ھەر خىل كىشى بىلەن دوست. ئىنسانلار ئۆزىنى بىلمەكچى بولىدىكەن، سەن ئاچقان يوللار بىلەن مېڭىشى كېرەك. لېكىن كىتابخانىسىدىن چىقمايدىغان بىلىم مەستانىلىرىنىڭ ئىقتىدارى قانچىلىك ئۈستۈن بولمىسۇن، بىلىمى قانچىلىك كەڭ بولمىسۇن، بەرىبىر ئۇلار ئىنسان خاراكتېرىنى ھەقىقىي - دەل بىلىپ يېتىشكە قادىر ئەمەس.

# نىكاھ ھەققىدە

فرانسىس بېكون (ئەنگلىيە)

ئۆيلۈك ــ ئۇچاقلىق بولغانلار ئۆز ھاياتىنى تەقدىر ئىلاھىغا رەنىگە قويغانلاردۇر. قانداق ئىشلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئائىلە روناق تاپقاندىمۇ، ئىشلار راۋان بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئاۋام ئۇچۇن ئەڭ كۆپ تۆھپە قوشقانلار ئائىلىسى ئۇچۇن قۇر- بان بەرمىگەنلەردۇر. پەقەت مۇشۇنداق كىشىلەرلا ئۆزىنىڭ قابىلى- يىتىنى ئۆزى خالىغان ئىشلار (ئاۋامنىڭ ئىشى)غا سەرپ قىلالايدۇ. ئائىلىسى روناق تاپقانلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى با- لىچاقىلىرىغا قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ.

شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار توي قىلىپ بالىچاقىلىق بولغان- دىمۇ بۇرۇنقىدەكلا تەنھا يۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار بالىچاقىلىرىنى ئىق- تىسادىي يۈك دەپ قارايدۇ. يەنە شۇنداق باياشات كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ئەۋلادسىز بولغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مال ــ مۈلۈكنى ئەۋلادىنىڭ سورۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

شۇنداق كىشىلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ بويتاقلىقى ئۆز ئەركىنلى- كىنى قوغداپ، ئائىلىۋى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ بويۇنتۇ- رۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈندۇر. ئۇلارغا نىسبەتەن بەلباغ بىلەن بوغ- قۇچمۇ يىرگىنچلىك كۈشەندە ھېسابلىنىدۇ.

بويتاقلار ياخشى دوست، ياخشى غوجايىن، ياخشى مالاي بولالايدۇ، ئەمما گەپ ئاڭلايدىغان پۇقرا بولۇشى تەس. چۈنكى ئۇ ئۆزى خالىغان ۋاقىتىدا كۈدە ــ كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كېتەلەيدۇ.

راھىبلار بويتاقلىقنى تاللىۋالسا بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن،

ئۇلار رەھىمدىللىك ۋە خەير ـ ساخاۋەتنى خۇدا يولىدا قىلماي، ئا ـ ئىلىسى ئۈچۈن قىلىدۇ. ئائىلە ھەربىرىدىكى ئادەم ئۈچۈن پايدىلىق. ئائىلىنىڭ ئىللىق مېھرى ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتى ۋە قەيسەرلىكىنى قوزغايدۇ.

ئائىلىۋى مەسئۇلىيەت ئادەم ئۈچۈن بىر خىل كۈشەندىلا ئە ـ مەس، بەلكى بىر خىل تاۋلىنىش. بويتاقلار پۇل ـ پۇچەك خەجلىگەندە مەردتەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە باغرى تاش كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا باشقىلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت كەم.

بويتاق ئاياللار بىشەم كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئۆز خاھىشى بويىچە ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولىدۇ.

ئاياللار ياشلىقتا مەشۇق، قىرانلىقتا ھەمراھ، قېرىلىقتا ھە ـ مات، كىشىلىك ھاياتتا كۆڭۈلدىكىدەك جورە بولسىلا، نىكاھنىڭ ۋاقتى قاچان بولسا بولۇۋېرىدۇ.

قەدىمكى بىر پەيلاسوپ نىكاھنىڭ ۋاقتى ھەققىدە: «ياشلىقتا قاملاشماس، قېرىلىقتا ياراشماس» دېگەنىكەن.

بەختلىك نىكاھنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئەمما ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. گۈزەل ئاياللارنىڭ كۆرۈمسىز ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇشى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال. بۇنداق ئەرلەر ماختاشتا ئەرزىيدىغان تەرەپلىرىنىڭ كەملىكىدىن قەدىرلەنگەنمۇ ياكى ئاياللار بۇنداق ئەر ـ لەر بىلەن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ سەۋر ـ تاقىتى ۋە قەتئىيلىكىنى سىنـ ـ ناق قىلامدۇ؟ مۇشۇنداق نىكاھ ئايال تەرەپتىكى تۇغقانلارنىڭ دالالەتلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا ئايالنىڭ خالىشى ئارقىسىدا قىـ ـ لىنغان بولسا، ئايال مەزكۇر نىكاھنىڭ مېۋىسىنى ئۆزىنىڭ ئۆزۈن يىللىق ھاياتىدا پەقەت ئۆزىلا تېتىپ باقىدۇ.

# تەقدىر ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغانلارغا مەدەتكار

ساموئېل سمايلس (ئەنگلىيە)

تەرجىماندىن: ئىنگلىزلارنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى تەڭداشسىز ئورنىنى ئادەملىرىمىز ئوبدان بىلىدۇ. زىيالىيلىرىمىز ئۇلار ياراتقان مۆجىزىلەرگە شۇ قەدەر چوقۇنىدۇكى، دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئىقتىدار ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنى ئۇنتۇپ كېتىپ، زەئىپ بىر كەمسىتىش كەيپىياتىدا تارىخ ئالدىدىكى ۋەزىپىلىرىنى تونۇيالمايدۇ. مېنىڭچە، ئىنگلىزلار دۇنياغا تەجرىبە كۆزى بىلەن قاراپ كەلگەن، ئۇلار ئاۋۋال تەجرىبە قىلىپ، ئاندىن ئىشەنگەن. تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي ئالدامچىلىق ۋە پىتنە - ئىغۋالارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپ، تۈرلۈك سىياسىي ئويۇننىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بىزدەك خەلق دۇنيادىكى تۈرلۈك ئىشنى ئۆز ئەقلى ۋە مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن تەجرىبە قىلىشى ۋە مۇستەقىل باھالىشى كېرەك. تەجرىبىچىلىك ئىنگلىز دۇنياسىدىكى ئەقىل - پاراسەتنىڭ مۇھىم بىر يوسۇنى. بىر مىللەت ئۆز خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، ئۆزى ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكىمۇ موھتاج. بۇ موھتاجلىقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىزمۇ باشقا مىللەتلەرنى ئەقىل تارازىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

ساموئېل سمايلسنىڭ «ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇز» ناملىق كىتابى 1859 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن بېرى مىليونلىغان جاپاكەش خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشىدىكى قوللانمىسىغا ئايلىنىپ كەلگەن. مەزكۇر كىتاب 140 يىلدىن بېرى نۇرغۇن دۆلەتتە تەكرار - تەكرار نەشر قىلىنغان.

ھەقىقەتلەر ئېيتىلدى. گەپ ئۇنى چۈشىنىش ۋە ئەمەللاشتا، ئەمما، ئېتىقادسىز ئادەملەر ئۈچۈن ئالىملارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى رول ئوينىيالمايدۇ.

* * *

يىراقنى كۆزدە تۇتقاندا. دۆلەت ئۇنى تەشكىل قىلغان خۇسۇسىي گەۋدىلەرنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ.

— يوھان ستۇئارت مىل

بىز ئۈمىدىمىزنى تۈزۈمگە بەكرەك باغلاپ، ئىنسانغا بولغان ئۈمىدىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ قويدۇق.

— بىنيامىن دىشللىي

«تەقدىر ئۆزىنى ئۆزى قوغدىغانلارغا مەدەتكار.» بۇ تالاي سىناقتىن ئۆتكەن ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۇزاق جەريانىدىكى سانسىز ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىسى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان. ئۆز كۈچىگە تايىنىش روھى شەخسنىڭ تەتقىقاتى ۋە ئىلگىرىلىشىنىڭ مەنبەسى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كۆرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىدىكى تۈرتكىگە ئايلىنىدۇ. ئۈنۈم جەھەتتىن قارىغاندا، تاشقى ياردەم ياردەمگە ئېرىشكۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئىچكى ياردەم ئۆز - ئۆزىنى قوغدىغۇچىنى راۋاج تاپقۇزىدۇ. سەن مەلۇم بىر كىشى ياكى مەلۇم بىر قاتلامغا كۈچ چىقارساڭ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ قويغان بولىسەن. كىشىلەر زىيادە پەرۋىشكە، چېكىدىن ئاشقان رەھبەرلىككە ۋە قاتتىق نازارەتكە چۈشۈپ قالغان جايدا مۇقەررەر شۇنداق بىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ: بۇنداق كىشىلەر قوغدىغىلى بولمايدىغان زەئىپلىككە گى-

رىپتار بولىدۇ.

ھەتتا ئەڭ ياخشى تۈزۈممۇ بىراۋغا ئاكتۇئال ياردەم بېرەلمەيدۇ. تۈزۈم پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى ئەركىن ھالدا ئاقتۇرۇپ، ھاياتلىق ھالىتىنى ياخشىلىشىغا رۇخسەت بەرسىلا بولىدۇ. بىراق، ھەرقانداق دەۋرنىڭ كىشىلىرى قىلچىمۇ شەك كەلتۈرمىگەن ھالدا مېنىڭ بەختىم ئۆز كۈچۈمدىن ئەمەس، بەلكى تۈزۈمدىن كېلىدۇ، دەپ ئىشىنىشتى. شۇڭلاشقا، ئىنساننى ئالغا باستۇرىدىغان بىر خىل سەۋەب بولمىش قانۇننىڭ قىممىتى زىيادە ئۇستۇن مۆلچەرلەندى. كىشىلەر قۇرۇپ چىققان قانۇن مۇئەسسەسەلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى مىليونلاپ ئاشتى. ھەر ئۈچ يىلدا ياكى بەش يىلدا قانۇن تۈزگۈچىلەر سايلاپ چىقىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى بېجىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر شەخسنىڭ تۇرمۇشى ۋە خاراكتېرىگە ئېلىپ كەلگەن ئاكتىپ تەسىرى يوق ھېسابتا بولدى. تىلغا ئېلىشقا تېخىمۇ ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئىشلار كىشىلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ رولىنىڭ ئىجابىي ۋە ئاكتىپ بولماستىن، بەلكى پاسسىپ ۋە چەكلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رولى كىشىلەرنىڭ ھاياتى، ئەركىنلىكى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداشتا. قانۇن ئاقىلانە ئىجرا قىلىنىدىغان بولسا، بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەمگەك مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ ھېچقانداق ئەقلىي ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىنى باراۋەر ھالدا كاپالەتلەندۈرگەن بولاتتى، كىشىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز - تولا بەدەل (باج) تۆلىسىلا بولاتتى. ھەرقانداق قاتتىق قانۇنمۇ بىكار تەلەپلەرنى ئەمگەكچانلارغا، ئىسراپخورلارنى تېجەشچانلارغا ئايلاندۇرالمايدۇ، ھاراقكەشلەرنى ھاراق تاشلاتقۇزالمايدۇ. بۇلارنى پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، ئىقتىسادچانلىقى ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇشى ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئۇلارنى ئۇستۇن ھوقۇق ئەمەس، بەلكى ياخشى ئادەت ئارقىلىق ئۆزگەرتىش لازىم.

هۆكۈمەت ئۇنى تەشكىل قىلغان شەخسلەر خاراكتېرىنىڭ كوپىيەسى. ساپاسى ئۈستۈن هۆكۈمەت هامان ئۆز خەلقىنىڭ ساپاسى پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ساپاسى تۆۋەن هۆكۈمەتمۇ هامان ئۆز خەلقىنىڭ ساپاسى پەللىسىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. تەرتىپ ئالاھىدىلىكى بويىچە قارىغاندا، سۇنىڭ يۈزى سۇ ئارقىلىق هاسىل بولغاندەك، بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە هۆكۈمەت قۇرۇلمىسىنىڭ مەزمۇنى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ باشقا ئاقىۋەتلىرىمۇ دۆلەتنى تەشكىل قىلغان مىللەتنىڭ پۈتكۈل خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېسىللار ئېسىللارغا خاس ئىدارە قىلىنىدۇ، نادانلار بىلەن زەئىپلەر نادانلارچە ئىدارە قىلىنىدۇ. تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر دۆلەتنىڭ قىممىتى ۋە قۇدرىتى تۈزۈمىنىڭ شەكلىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى خەلقىنىڭ ساپاسىغا باغلىق. چۈنكى دۆلەت شەخسلەرنىڭ جۇغلانمىسىدۇر، مەدەنىيەت بولسا جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئۆز هالىتىنى ئۆزگەرتىش يۈنىلىشىدىن ئىبارەت.

دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى پۇقرانىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەمگىكى ۋە سەمىمىيلىكىدىن كېلىدۇ. ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ خاراب بولۇشىمۇ پۇقرانىڭ هورۇنلۇقى، شەخسىيەتچىلىكى ۋە رەزىللىكىدىن كېلىدۇ. ئومۇمەن، رەزىل دەپ ئەيىبلەنگەن نەرسىلەر هەممە تەرەپنى قاپلاپ كەتكەن ئىپلاس تۇرمۇشتا كۆپ بولىدۇ. گەرچە بىز ئۇلارنى قانۇني ۋاستىلەر ئارقىلىق يوقىتىشقا تىرىشساقمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزگە باب تۇپراقنى كۆرسىلا دەرهال تىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شەخسىيەت ۋە خاراكتېرىدىكى يىلتىزى قۇرۇتۇپ تاشلانغاندىلا ئۇزۇل - كېسىل تۈگەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مېهرىبانلىقنى قانۇن بىلەن تۈزۈمگە ياپسالاپ قويماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئەركىن هەم مۇستەقىل خۇسۇسىي هەرىكىتى هالىتىدە ساقلاش كېرەك.

ئىشلار شەخسنىڭ مەنىۋى كۈچى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان

دەۋر يېتىپ كەلگەندە، كىشىلەرگە تاشقى كونترول ئېلىپ كېلىدىغان تەسىر بىر قەدەر ئازايغان بولىدۇ. ئەڭ يامان قۇللۇق زوراۋاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قۇللۇق ئەمەس (گەرچە بۇ ئەڭ زور جىنايەت بولسىمۇ)، بەلكى ئادالەت جەھەتتىكى بىلىمسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە رەزىللىك تۈپەيلى كېلىپ چىققان قۇللۇقتىن ئىبارەت. روھىي جەھەتتىن قۇل بولۇپ قالغان مىللەت غوجايىن ياكى تۈزۈم ئۆزگەرگەن چاغدىمۇ ھۆرلۈك تاپالمايدۇ. جاھانى ئالىدىغان روھىي مەھكۇملۇقنىڭ تۇمانلىرى كىشىلەر قەلبىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى بەرىبىر ھۆكۈمەت چاڭگىلىدا تۇرۇۋەرگەن بولىدۇ. ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولسىمۇ، زور بەدەللەر تۆلەنسىمۇ، بىراق مەھكۇملۇق ئىچىدە ئۇزاق مۇددەت ياشىغان خەلق ئۇزاققا بارىدىغان ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەركىنلىك كىشىلەر قەلبىگە يىلتىز تارتقاندىلا، ئاندىن ئۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە دۆلەت گۈللىنىشىنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك كاپالىتى بولالايدۇ. يوھان ستۇئارت مىل ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «شەخسنىڭ خاسلىقى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مۇستەبىتلىكمۇ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلالمايدۇ. شەخسنىڭ خاسلىقىنى ۋەيران قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە قانداق نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن قەتئىينەزەر مۇستەبىتلىكنىڭ دەل ئۆزىدۇر.»

ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىدە مۇنداق بىر خاتالىق ھەمىشە يۈز بەرگەن. بەزىلەر (رىم ئىمپېراتورى) قەيسەردەك قۇتقۇزغۇچىنى تەلەپ قىلىدۇ، بەزىلەر مىللەتنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچى، دەپ ئۇمىد قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇمىدنى كېڭەشنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا باغلايدۇ. بىزمۇ شۇنداق تەلەپ قىلىپ: «كىم بويسۇنسا، شۇ بەختلىك» دېگەن بۇ ئاددىي يەكۈن (ھەرقانداق ئىشنى خەلق ئۆزى قارار قىلماستىن، قانداقتۇر بىر نىجاتچى قارار قىلىدۇ، دېگەن پىرىنسىسىپ)نى كەشىپ قىلدۇق. ئەگەر بۇ قاراشنى يېتەكچى ئىدىيە قىلساق، بىر مىللەتنىڭ ھۆرلۈك تەلەپ قىلىدىغان ۋىجدانى ھالاك

بولىدۇ ـ دە، مۇستەبىتلىك ئۇچۇن يول ئېچىلغان بولىدۇ. قەدى-
-ەرچىلىك نىجات يۇلتۇزىغا چوقۇنۇش مەسلىكى ئىچىدىكى ئەڭ
ناچار شەكىل. ئۇ مۇتلەق بىر ھوقۇققا چوقۇنۇش بولۇپ، ئۇنىڭ
كەلتۈرىدىغان يامان ئاقىۋىتى خۇددى نوقۇل پۇلغا چوقۇنۇشتەكلا
بولىدۇ. بىردىنبىر پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان تەلىمات ئۆز كۈچىگە
تايىنىشتىن ئىبارەت. كىشىلەر بۇنى چوڭقۇرلاپ تونۇپ يېتىپ،
ئۆز ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرسا، شەخسكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت قەدى-
-ەرچىلىك يوقايدۇ. شەخسكە چوقۇنۇش بىلەن ئۆز كۈچىگە تايى-
-نىش بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى. ۋىكتور ھيۇگونىڭ قە-
-لەم بىلەن شەمشەر ھەققىدىكى بايانلىرى يۇقىرىقى ئىككى پىرىن-
-سىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان كۆرسىتىپ بەرگەن:
«بىرى يەنە بىرىنى ھالاك قىلىدۇ.»
مىللەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە كېلەچىكىنىڭ ئەمرى دېگەنلەر تازا
دەۋر سۈرۈۋاتقان خۇراپاتلاردۇر. ۋىليام دالگان ئۇلۇغ ئىرېلاندىيە
ۋەتەنپەرۋىرى. ئۇ دۇبلىن تونجى نۆۋەتلىك سانائەت يەرمەنكىسىنىڭ
يېپىلىش مۇراسىمىدا ناھايىتى جايىدا ئېيتقان: «راستىنى ئېيتى-
-سام، مۇستەقىللىق دېگەن ئەقىدە ئۆزۈمدە، دۆلىتىمدە ۋە قې-
-رىنداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا بولماستىن، قانداقتۇر ئۇ يەر ـ بۇ يەر-
-دىن كېلىپ قالىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بىز ئۆمىدى-
-مىزنى قوشنىلىرىمىزغا ۋە ئۆزگە ئەلدىكى كىشىلەرگە باغلاپ قويى-
-دۇق. ئۆزگىلەر بىزگە ئېلىپ كەلگەن پايدىنى كەڭ قورساقلىق بى-
-لەن دەڭسەپ كۆرگىنىمدە شۇنداق بىر پىكىرگە كېلىپ قالىمەن:
سانائىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە باغلىق. ئى-
-شىنىمەنكى، بىزدە تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىش روھى كەم بولىدى-
-كەن، ئەلۋەتتە گۈزەل پۇرسەت ۋە ئىستىقبالدىن ئايرىلىپ قالى-
-مىز. بىز دەسلەپكى قەدەمنى ئېلىپ بولدۇق، بىراق ئەستە تۇتۇش
كېرەككى، قەتئىي ئىرادە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كاپالىتى. ئەگەر بىز
تولۇپ تاشقان قىزغىن ھېسسىيات بىلەن ئالغا بېسىۋەرسەك،

راھەت، بەخت ۋە مۇستەقىللىقتا ئورتاق ئېرىشىشتەك مەنزىلگە يېتىپ بارالايمىز، ئۇنى باشقا خەلقلەرگىمۇ ئومۇملاشتۇرالايمىز.»

ھەرقانداق مىللەت نۇرغۇن ئەۋلاد مۇتەپەككۇرىنىڭ تاۋلىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىسىدا ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلگەن. بۇ جەر-ياندا تېرىمچىلار، قازغۇچىلار، ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تېخنىكلار، ھۈنەرۋەنلەر، شائىرلار، پەيلاسوپلار ۋە سىياسىيونلاردىن ئىبارەت ھەر ساھە كىشىلىرى ئۆز مىللىتى ۋە دۆلىتى ئۈچۈن مۇستەھكەم خىزمەت قىلدى ھەم تۆھپە قوشتى. ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد تىرىشتى. كېيىنكىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئالدىنقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۇل قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنى يۇك-سەك پەللىگە كۆتۈردى. ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەۋلاد-مۇئەۋلاد تىرىشچانلىقى ئاخىر مۇجمەل ھالەتتىكى پەن، سانائەت ۋە سەنئەتتىن تەرتىپ ياراتتى. شۇڭا، بىزدەك ھاياتلىق ئەھلى ئەجدادلار قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسلارنىڭ ۋارىسلىرىغا ئايلان-دۇق. بۇ مىراسلار بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق كېلەچەك ئۈچۈن رول ئوينىماقتا. بىز ئۇ مىراسلارنى ئەۋلادلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ بېرىمىز، بۇ جەرياندا ئۇ خوراپ كەتمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ مۇكەم-مەللىشىدۇ.

ئۆز كۈچىگە تايىنىش روھى ھاياتىي كۈچكە تولغان شەخسىي پائالىيەتتە نامايان بولغاندەك، ئۇ ھەرقانداق دەۋردە ئىنگلىز خاراكتېرىنىڭ دىققەتنى تارتىدىغان ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى. بۇ خاراكتېر مىللىتىمىز روھىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىگە ئايلاندى. ئاز سانلىقلارلا ئالاھىدە بولۇۋالغان جەمئىيەتتە كىشىلەر مۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ يەتكەن بولىدۇ: ئامما ئىچىدىكى بەزى مۇنەۋۋەر شەخسلەر باشقىلاردىن ئەبەدىي ھالقىپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ قايىل-لىقى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بىراق، بىزنىڭ مىللە-تىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. مىل-لىتىمىزنىڭ روناق تېپىشى يۇلتۇزلاردەك سان ـ ساناقسىز نامسىز

ئەمگەكچىنىڭ جاپالىق مېھنىتى بىلەن باغلىق بولدى. تارىختىكى بۈيۈك ئۆزگىرىشلەردىن قېپقالغىنى پەقەت گېنېراللارنىڭلا ئىسمىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاددىي ئەسكەرلەر ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە قەھرىمانلىق روھىنى ئۇرغۇتمىغان بولسا، غەلىبە بولمىغان بولاتتى. دېمەك، تۇرمۇش بىر مەيدان «ئۇرۇش». ئىجتىمائىي ئۇرنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەلق ھەرقانداق دەۋردە ئەڭ ئۇلۇغ ئەمگەكچىدۇر. كۆپ ساندىكى كىشى ئۇن - تىنسىز ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بارلىق ئۇلۇغلۇقنىڭ ۋەتىنىدۇر. كېلىپ چىقىشى ئاددىي بىر ئادەم قېرىنداشلىرى ئالدىدا تىرىشچان، ئىقتىسادچىل ۋە ئەستايىدىل بولسا، ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىكى بەختلىك ھاياتقا قوشقان تۆھپىسى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەسىر كۆچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى ئىستىخىيەلىك ھالدا باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، كېلەچەك ئۇنى ئۈلگە قىلىدۇ.

تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ئايانكى، ھاياتىي كۈچكە تولغان شەخسىيەتچىلىك باشقىلارغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۈنۈملۈك تەربىيەگە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل تەربىيەنىڭ ئۈنۈمىگە سېلىشتۇرغاندا، مەكتەپ، ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن تەربىيەسى پەقەت تولىمۇ ئاددىي ھالدىكى مەدەنىيەت ئاقارتىشىدىن ئىبارەت. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مائارىپ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا ھەر كۈنى بولۇپ تۇرىدۇ: ئۇ ئائىلىلەردە، رەستىلەردە، ماگىزىنلارنىڭ پەشتاختىلىرىدا، سېخلاردا، دەستگاھلاردا، ئېتىزلىقلاردا، مالىيە ئىشخانىلىرىدا، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرىدا، ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق توپ ئارىسىدا ئۆزىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرى ئېرىشكەن ئاداققى يېتەكچى. بۈيۈك مۇتەپەككۇر بېكون مۇنداق دېگەن: «ئۆگىنىش بىلىمنى ئىشلىتىش يوللى-

رىنى بىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەس. بىلىمنى ئىشلىتىش ئۆگىنىشتىن ھالقىغان ئەقىل ـ پاراسەتتۇر. بۇ پاراسەت بىۋاسىتە كۆزىتىپ تەجرىبە قىلىشتىن كېلىدۇ.» بۇ سۆز تۇرمۇشتا ئەقىل ـ پاراسەت يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھا- لىنى كىتاب ئوقۇشقا ئەمەس، بەلكى خىزمەتكە تايىنىپ ياخشىلاي- دۇ، يەنى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھالىنى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش ئارقىلىق؛ تەتقىقات ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھەرى- كەت ئارقىلىق؛ تەرجىمىھال ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى خاراكتېر ئارقىلىق ياخشىلايدۇ.

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالى، بولۇپمۇ پەزىلەت ئىگىلىرى- نىڭ تەرجىمىھالى كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئۇلارغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە ئەڭ ئۈنۈملۈك قوزغاتقۇ. ئۇ، كىشىلەرگە ئالىيجاناب تۇر- مۇشنى، بىباھا ئىدىيەلەرنى ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ياشاش شەك- لىنى بەخش ئېتىدۇ.

ئومۇمەن، ئىنسان خاراكتېرى ھەر خىل شەكىلسىز تەسىرنىڭ مەھسۇلىدۇر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈلگىلەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ تەسىرى، تۇرمۇش ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى، دوستلار ۋە قوشنىلار- نىڭ تەسىرى، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ۋە ئەجدادلىرىمىز رو- ھىنىڭ تەسىرى مەۋجۇت. ئەمما، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيت- قاندا، سەن ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى قۇتقۇزغۇچى.

(«ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇز» ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ 1 ـ با- بىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى.)

# شېئىرىي ئىلھام توغرىسىدا

ئەپلاتون

ماگنىت تۆمۈر ھالقىنى ئۆزىگە تارتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تارتىش كۈچىنى ئاشۇ تۆمۈر ھالقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۇنىمۇ باشقا تۆمۈر ھالقىلارنى تارتالايدىغان قىلىدۇ.

بەزىدە سەن نۇرغۇن تۆمۈر ھالقىنىڭ ئۆز ئارا تارتىشىپ ئۇزۇن بىر زەنجىرنى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىسەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىرلا ماگنىت تېشىنىڭ كۈچى بىلەن بىر يەرگە جەم بولالىغان. شېئىر ئىلاھى خۇددى ئەنە شۇ ماگنىت تېشىدەك كىشىلەرگە ئىلھام ئاتا قىلىدۇ. ئىلھامغا ئېرىشكەن بۇ كىشىلەر ئۇنى يېنىدىكىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن بولغان تۇتاشلىقنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ ئېپوس ياكى لىرىك شېئىر جەھەتتە گۈزەل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ئۇلارنىڭ بەدىئىي ماھارەتكە تايانغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىلھامغا ئىگە بولغانلىقى ۋە ئۆزىدە مۇقەددەس كۈچنىڭ بولغانلىقىدۇر.

كورۇبانتس پېرىخونلىرى[1] ئۇسسۇل ئوينىغاندا قەلبى بىر خىل مەستانىلىقنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. لىرىك شائىرلار شېئىر يازغان چاغدىمۇ شۇنداق ئەھۋالدا بولىدۇ. ئۇلار مۇزىكا ۋە قاپىيەنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرىغاندا شاراب ئىلاھىنىڭ مەستخۇشلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. ئىلھامنىڭ ئەنە شۇنداق تۈرتكىسىدە ئۇلار گويا شاراب ئىلاھىنى يېتىشتۈرۈۋالغان ئايال مۇرىتلاردەك سۇ ئىچسىمۇ قىيام ئىچكەندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغان چاغدا ئادەم بولالىغان ئىشتۇر. لە-

رىك شائىرلارمۇ بۇنىڭغا دەل ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگە-
كىنى ھەسەل يىغىشقا ئوخشىتىدۇ. گويا شېئىر ئىلاھىنىڭ بېغى-
غا ئۇچۇپ كىرىپ شەربەت بولاقلىرىدىن جەۋھەر ئېلىپ ئۆزلىرى-
نىڭ شېئىرلىرىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى خاتا دې-
گىلى بولمايدۇ. چۈنكى شائىر يېنىك قاناتلىرى بىلەن پەرۋاز قى-
لىدىغان مۇقەددەسلىككە ئىگە. ئەگەر ئۇ ئىلاھقا ئىگە بولالمىسا،
نورمال ئەقىل - ئىدراكتىن سەرخۇش ھالەتكە كىرمىسە ئىجاد قى-
لىش ئىقتىدارىنى تاپالمايدۇ، شېئىر يازالمايدۇ ياكى ئىلاھقا ۋاكا-
لىتەن سۆزلىيەلمەيدۇ. شائىرلار ئاشۇ ھەر خىل تېما ئۈچۈن ئوقۇپ
چىققان گۈزەل مىسرالار بەدىئىي ماھارەتنىڭ كۈچىدىن كەلگەن
بولماستىن، ئىلھامنىڭ كۈچىدىن كەلگەن. خۇددى سەن ھومېرنى
چۈشەندۈرگەندىكى ھالەتتەك. چۈنكى شائىرلار ماھارەتكە ئەمەس،
ئىلاھقا تايىنىدۇ، ئۇلار ئۆز ئالاھىدىلىكىنى بويىلاپ مەخسۇس ھالدا
مەلۇم بىر تىپتىكى شېئىرنى يازىدۇ. مىسالەن: جۇشقۇن شاراب،
ئىلاھىي كۈيى ئىلاھقا بېغىشلانغان قەسىدىلەر، خور، ئېپوس ياكى
ئۇزۇن - قىسقا بەھرىدىكى شېئىرلار.[②] مەلۇم بىر ژانىردا ماھارىتى
بارلارنىڭ يەنە بىر خىل ژانىردا ماھارىتى بولۇشى ناتايىن. شائىر
ئەگەر ماھارەتكە تايىنىپ ئەسەر يازىدىغان بولسا، يۇقىرىقىدەك
ئەھۋال مەۋجۇت بولمايتتى. ئىلاھ شائىرلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاشتۇر،
ئۇ ئۇلاردىكى نورمال ئەقىل - ئىدراكتىن ھالقىتىپ ئۇلارنى ئۆ-
زىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىلەرگە شا-
ئىرلارنىڭ سەرخۇشلۇق ئىچىدىكى دۇردانە سۆزلەرنى ئۆز كۈچى
بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلاھنىڭ مەدىتى بىلەن قىلغانلىقىنى بىل-
دۈرمەكچى بولىدۇ. كالكۇسلۇق تىپنكۇس[③] بۇنىڭغا ئوبدان مىسال
بولالايدۇ. بۇ مېنىڭ سۆزۈمنى بىتەخىر ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇ
پۈتكۈل ھاياتىدا «ھەمدۇسانا» دېگەن بىر پارچە مەشھۇر ئەسەرنى
يازغان. بۇنى ھەممە ئادەم ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئەستە
قالغۇدەك ئەسىرى يوق. «ھەمدۇسانا» ھەقىقەتەن ئەڭ گۈزەل لىرىك

شېئىر، ئۇنى شېئىر ئىلاھىنىڭ ئەسىرى دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىي-دۇ. خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق دەۋالغاندەك. ئىلاھ بۇ جايدىكى مانا مۇشۇ ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق بىزگە بۇ گۈزەل شېئىرنىڭ ماھىيەتتە ئادەمنىڭ ئەمەس، ئىلاھنىڭ ئىكەنلىكىگە، ئادەمنىڭ ئە-مەس، ئىلاھنىڭ ۋەھىيسى ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلماسلىققا چاقى-رىدۇ. شائىر ئىلاھنىڭ ۋاكالەتچىسى، ئىلاھ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا. ئەڭ ناچار شائىرلارنىڭمۇ نەپىس شېئىرلارنى يازىدىغان ۋاقىتلىرى بو-لىدۇ. ئىلاھ بۇ ھەقىقەتنى مەقسەتلىك ھالدا بىزگە ئۇقتۇرماقچى ئەمەسمۇ؟

تىڭشىغۇچى ئاخىرقى ھالقا. بايا مەن ئېيتقاندەك، بۇ ھالقىلار-نىڭ ھەممىسى بىرلا باشلانما ماگنىت تېشىدىن كۈچكە ئېرىشىدۇ. سېنىڭدەك ۋاييىزلار ۋە ئارتىسلار ئوتتۇرىسىدىكى ھالقا، شائىرلار بولسا ئەڭ باشتىكى ھالقا، بۇنى بىلەمسەن؟ ئىلاھ مۇشۇ ھالقىلار ئارقىلىق ئىنسان روھىنى ئۆزى مەقسەت قىلغان تەرەپكە يۈزلەندۈ-رۈپ، كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە چاتىدۇ. يەنە شېئىر ئىلاھى تۇتۇپ تۇرغان بۇ ھالقىلار گىرەلەشمىسىگە ئۇسسۇلچىلار، سازچىلارمۇ قىيپاش ئېسىلىپ تۇرغان بولىدۇ. ھەربىر شائىر ئۆزىنىڭ ئالاھى-دىلىكىگە ماس ھالدا ئۆزى مەنسۇپ شېئىر ئىلاھىنىڭ ۋۇجۇدىغا باغلانغان بولۇپ، ئەنە شۇ شېئىر ئىلاھى بۇ شائىرغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ. يار ـ يۆلەك بولۇش بىلەن باغلىنىش بىر ئىشنىڭ ئىككى خىل ئېيتىلىشىدۇر. شائىر ئەڭ دەسلەپكى ھالقا بولۇپ، باشقىلار ئۇنىڭغا باغلىنىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر ئۆلمەس ياكى موسېئىستىن[1] ئىلھاملىنىدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكىلەرگە ھومېر يار ـ يۆلەك بو-لۇپ ئىلھام بېغىشلايدۇ. ئىئان دەل مۇشۇلارنىڭ بىرى. باشقا شا-ئىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئاڭلىساڭ دەرھال ئۇيغىنىپ پىك-رىڭ ئۇرغۇپ تاشىدۇ، كۆزۈڭ كۆپىيىدۇ. مانا بۇ سېنىڭ ھومېرنى چۈشەنگىنىڭنىڭ ماھارەتنىڭ كۈچىدىن ئەمەس، ئىلاھنىڭ كۈچى-دىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خۇددى پېرىخونلار ئۆزىگە يار ـ

يۆلەك بولغان ئىلاھلارنىڭ ئالاھىدە كۆيىنى تىڭشىغاندا سەمىمىيلىك (چىنلىق) ھېس قىلىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى تەبىئىي رەۋىشتە كېلىپ چىققاندەك، باشقا كۆيلەرنى ئاڭلىغاندا كۆي ياڭراپ تۇرسىمۇ قۇلىقىغا كىرمىگەندەك بىر ئىش. سەنمۇ شۇنداق ئىئان، ھومېرنى ئاڭلىشىڭ بىلەنلا گېپىڭ ئۇلغىيىدۇ. باشقا شائىرلارنى ئاڭلىساڭ جىم بولۇپ قالىسەن. سېنىڭ ھومېرنى يادلىشىڭ ماھارەتتىن ئەمەس، ئىلاھىي ئىلھامدىن بولغان.

**ئىزاھات:**

① شاراب ئىلاھىنىڭ مۇراسىمىنى باشقۇرىدۇ. مۇراسىمدا ئەسەبىيلىك بىلەن دۇمباق چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

② يۇنان شېئىرلىرىدىكى ژانىرلار.

③ ئېنىق ئەمەس.

④ رىۋايەتتە قەدىمكى يۇنان شائىرى بولۇپ، ئولپوسنىڭ شاگىرتى.

# ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان بولسا...

— بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى
دوكتورلۇق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى لى شۇلى،
جې جېشى، شاڭ ۋېيلارنىڭ سۆھبىتى

لى: بۈگۈن مەن «ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان بولسا» دېگەن تېمىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بۇ ئادەتتىكى پىكىرلەردىن قۇتۇلۇش ۋە بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئويلىنىش ئۈچۈندۇر. بۇرۇنقى پىكىرلەر ئىنتايىن قېلىپلىشىپ كەتتى، ئۇلاردا يېڭىلىقلار ئاز.

جې: «ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان بولسا» دېگەن بۇ بىر تەتۈر تېما. ئۇڭ تېما ئادەتكە ئايلانغان ۋە قېلىپلىشىپ كەتكەن ئوي - پىكىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تەتۈر تېما تەپەككۇر بوشلۇقىنى شەكىللەندۈرۈشكە، ئوڭ تېما كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پىكىر ۋە يەكۈنلەردىن قۇتۇلۇشقا پايدىلىق.

شاڭ: قېلىپلىشىش مەلۇم بىر پەننىڭ يېتىلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى. لېكىن پەنمۇ تەرەققىياتقا يۈزلىنىشى ھەم ئۆزىنىڭ قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلىشى لازىم. ئەلۋەتتە ئەدەبىياتمۇ رامكىنى بۇزۇپ تۇرۇشى كېرەك. بەزىلەر پەلسەپە كىشىلەرگە ئىدراك تەرتىپىنى، ئېتىكا ۋە قانۇن پائالىيەت تەرتىپىنى، ئەدەبىيات بولسا ھېسسىيات دۇنياسىنىڭ تەرتىپىنى تۈزۈپ بېرىدۇ، دەيدۇ. بۇنى پۈتۈنلەي خاتا دېگىلى بولماس. لېكىن مەن ھېسسىيات دۇنياسىدا قانداقتۇر بىرەر تەرتىپ تۇرغۇزۇشنىڭ مۇمكىنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن. تەرتىپ بىر يۈرۈش قېلىپتىن تۈزۈلىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا قېلىپلاشتۇرغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن مەزمۇن بولىدۇ، بۇنىڭ ئىپادىلىنىشى

شى ئەدەبىيات ــ سەنئەت بولىدۇ. ئەدەبىيات ــ سەنئەت تېگى ــ تەكتىدىن ئېيتقاندا، رېئال جەمئىيەتنىڭ ئىدراكىي تەرتىپلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، بىزگە دۇنيادىكى نۇرغۇن غۇۋا نەرسىنى تونۇتۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا يېڭى مۇمكىنچىلىكلەردىن بېشارەت بېرىدۇ.

جې: بىز ئەدەبىيات ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، ئومۇمەن تامام بولغان ھادىسىلەرنى ئاساس قىلىمىز ھەمدە تەبىر ئارقىلىق ئۇلارنى مۇقىملاشتۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئوي ــ پىكىرمۇ تەبىئىي ھالدا قېلىپلىشىپ قالىدۇ. ناۋادا بىز ئۇنى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارىساق، ئەسلىدىكى رامكىلار پەيدا قىلغان ئەقلىي خۇلاسە ۋە يەكۇنمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ ئەسلىدىكى زورۇر شەرتنى ئىنكار قىلىپ، يېڭى بىر مۇھاكىمە نۇقتىسىنى ئىزدىگەنلىكتۇر.

لې: مۇقەررەرلىكنى چەتكە قېقىش ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، بىز ئەدەبىيات ھېچنېمە ئەمەس، دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، ئەدەبىيات دېگەن نېمە، دەيدىغان بىر يوشۇرۇن تېمىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كونا تەبىر ۋە كونا شەكىللەر ئىنكار قىلىنسا، ھەرقانداق يېڭى تەبىر ئۆز ــ ئۆزىدىكى زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ.

جې: زىددىيەتنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىلگىرىلەشتۇر. زىددىيەت ئىستىسنا قىلىنغان مۇتلەق بىردەكلىك ئىدىيەگە چەكلىمە ئېلىپ كېلىدۇ.

لې: بىز ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان مۇشۇنداق ئىنكار خاراكتېرلىك مەسىلىنىڭ ئۆزى، ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىدىكى گاڭگىراش ۋە ئازابنى مەنبە قىلغان. بۇرۇن بىز ئەدەبىياتنى ھەددىدىن زىيادە مۇھىم دەپ بىلىپ، يۇقىرى ئورۇنغا قويدۇق. ئىجتىمائىي بۇرچ ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ كۆپتۈرۈۋېتىلىشى ئەدەبىياتقا ئىنتايىن زور بېسىم بولدى.

شاڭ: راستىنى ئېيتقاندا، ئەدەبىيات بىزنىڭ تۇرمۇشنى ئىگىلىشىمىزنىڭ تارازىسى ئەمەس، ئۇ پەقەت يەككە تەجرىبىنى ئو-

مۇملاشتۇرۇشنىڭ بەدىئىي شەكلى. ئۇ بىزگە يېزىق ئارقىلىق ئۆز-گىچە بىر ھاياتنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھايات تۈرلۈك ئىمكانىيەت بىلەن تولغان بولىدۇ، بۇنى كىم ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ شۇڭلاشقا، كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن باياننىڭ ھەممىسى گۇمانلىق ۋە كۈلكىلىكتۇر.

لي: ئەدەبىياتنى مۇددىئىالاشتۇرۇش ئاخىرقى ھېسابتا ئەدەبىياتنى دىنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بالزاك «ئىنسان كومېدىيەسى» دە ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇسچە ئەدەبىيات يارىتىشقا ئۇرۇنغان. بۇ گېگېلنىڭ پەلسەپىدە غايەت زور بولغان ئاداققى سىستېما يارىتىشقا ئۇرۇنغانلىقى بىلەن ئوخشاش. ئۇلار ئەمەلىيەتتە دىنغا يۈزلىنىپ قالغان. ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ پاجىئەسى شۇ بولدىكى، ئادەم ياراتقان ئەدەبىيات ئايلىنىپ كېلىپ ئادەمنى قورشىۋالدى، چۈكتۈرۈۋەتتى.

جې: ئەدەبىيات ناۋادا ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدىكەن، ئەمەلىيەتتە ھېچ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

شاڭ: 20 ـ ئەسىر ئىدراكقا قارشى، سىستېمىلارنى پارچىلاش دەۋرى بولدى. بۇ ھال پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتتا تەڭلا كۆرۈلدى.

لي: ئەدەبىيات پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ تەسىرىنى بىۋاستىلا قوبۇل قىلدى. بۇ ئەسىرگە كەلگەندە، پۈتكۈل تەرتىپنىڭ ھەممىسى قالايمىقانلاشتى، پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتتىكى خۇدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى.

جې: كىشىلەر خۇدا ئالەمدىن ئۆتتى دېيىشىپ، ئىككى نەرسىنى كۆزدە تۇتقان: بىرى، خۇدا ئالەمدىن ئۆتتى، ھەممە ئىشنى قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى، كىشىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ چەكسىز پارلاق نىشانىسىغا ئىگە بولدى، دەپ قاراش؛ يەنە بىرى، خۇدا ئالەمدىن ئۆتتى، ھەرقانداق نەرسىدىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ھەرقانداق رەزىل ئىشنى قىلىشنىڭ

مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى، تەپ تارتىش دېگەن نەرسە قالمىدى، دۇنيا ھالاكەتكە يۈزلەندى، دەپ قاراش.

لې: بۇ ئىككىسى ئەمەلىيەتتە بىر ئىش. كىشىلەر بارلىق پاكلىق ۋە رەزىللىك، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئۆلچەملىرىنى خۇدانىڭ نامى بىلەن ئۆتتۈرىغا چىقارغا. ئېھتىمال ئىنسانىيەت خۇدا ۋە تەقۋادارلار تەربىيەدىن رەزىل دەپ قارالغان يوللار ئارقىلىقلا يورۇقلۇققا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن.

شاڭ: شېللى «شېئىر بىر خىل بېشارەت» دېگەنىدى. ئەمدىلىكتە بېشارەتچى يوقالغانىكەن، ئەدەبىيات قانداق قىلىپ يېڭى دىن يارىتالىسۇن؟ قانداق قىلىپ دىن ئورنىدا رول ئوينىيالىسۇن؟ بۇ، پۈتكۈل كونا دەۋرنىڭ يوقالغانلىقى.

لې: بىز خۇدا ئالەمدىن ئۆتتى، دېگەن ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئەدەبىياتنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىمىز. لېكىن جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر قەلبىدە يەنىلا بىر خۇدا بار، ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىياتنى پەرىشتە دەپ تونۇش. ئەدەبىياتچىلار ئەدەبىياتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويدى، بۇ بىر خىل بۇرچ ۋە يۈك بولدى، بۇ نەرسە چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىشى ھەمدە ئىجادچانلىقنى بوغۇشىمۇ مۇمكىن.

جې: ئەدەبىياتتىكى بۇرچ تۇيغۇسىنى يوقىتىشنىڭ ئۆزى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىياتقا نىسبەتەن يېڭى بۇرچ تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. بىز بۇگۇنمۇ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەنقىد بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ باياناتچىسى بولۇشى لازىم، دەۋاتىمىز. بۇ ـــ ئىنكارنىڭ ئۆزۈل – كېسىلسىزلىكى بولۇپ، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ زىددىيەتلىكتۇر.

لې: بۇ ھەقتە مېنىڭ قارىشىم باشقىچە، ئەدەبىيات سۆزلەش ۋە پىكىر بايان قىلىشنىڭ يولى ھېسابلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادنى پەيدا قىلالمايدۇ. بۇرۇن بىز ئەدەبىيات كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئۈستۈن، ھېچبولمىغاندا شەخسنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۈستۈن، دەپ قارىغانىدۇق، بۇ دىنىي تۈستىكى چو-

قۇنۇشنى پەيدا قىلدى. بىز ھازىر ئەدەبىياتنىڭ كىشىلىك تۇر-مۇشنىڭ قويىنغا قايتىپ كېلىشىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى ۋە ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل شەكلىگە ئايلىنىشى-نى تەشەببۇس قىلىمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەيلى بىز ئەدە-بىياتنى يۈرەكنىڭ كۆزى ياكى ئاشقىلىق ۋاسىتىسى، سۆز ئويۇنى دەيلى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە بىر نەرسىدۇر.

شاڭ: مېنىڭچە، ئەدەبىيات — پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت ھېسسىي دۇنيانىلا ئىپادىلەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت بىزنىڭ تۇر-مۇشقا بولغان سەزگۈرلۈكىمىزنى ئاشۇرىدۇ.

لى: بۇ ئەدەبىياتنى كەسپىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە بېرىپ تا-قىلىدۇ. ئەدەبىياتنى كەسپىيلەشتۈرۈشكە قانداق مۇئامىلە قىلىش، يەنە ئەدەبىياتنى چۈشىنىشكە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، كەسپىيلىشىش خالىي بول-غىلى بولمايدىغان پاكىتقا ئايلاندى، بۇ بىر مۇقەررەرلىك. لېكىن ھەددىدىن زىيادە كەسپىيلىشىش پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىپ ئەدە-بىياتتىكى كەسپىي كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېنىڭچە، ئەدەبىيات پەقەت تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى بولغاندىلا ئومۇميۈزلۈك گۈزەل ۋە ساغلام بولالايدۇ ھەم مەنىگە ئىگە بولالايدۇ. سەنئەت كى-شىلىك ھاياتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەستىن، كىشىلىك ھايات سەن-ئەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى لازىم.

شاڭ: سەنئەتكار ھەر جەھەتتىن ئىقتىدارنى تەربىيەلەشكە موھتاج. مۇبادا تۈيغۇ ئۆتكۈرلەشسە، ئۇنى كونترول قىلىپ تۇرالايدىغان مۇناسىپ ئەقلىي كۈچنىڭ بولۇشى زۆرۈر. بىر تەرەپ-لىمە ھالدا ئىزدىنىش ۋە ھەددىدىن ئاشقان تۈيغۇ كۆپىنچە ھاياتنى خاراب قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سەنئەت ئادەم ئۈچۈن بەخت ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، لېكىن كەسپىيلىشىش، مە-لۇم جەھەتلەردىكى قابىلىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈشكە مۇمكىنلىك ئېلىپ كېلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى كەسپىي سەزگۈرلۈككە ئىگە

قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ غايىسى ئەلۋەتتە شەخسنىڭ قابىلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش. ماركس ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى مەدەنىيەت سەركەردىلىرىنى مەدھىيىلىگەن ھەم «ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن شەخسلەر» گە چوڭقۇر ئەقىدە باغلىغان. ئىنسانىيەت ھامان چەك ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. بۇنداق ئىزدىنىش ئىنسانىيەتنى داۋاملىق يېڭى يۈكسەكلىككە يېتەكلەيدۇ. سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى باشتىن ــ ئاخىر يۈكسەكلىكتە كۈچ سىنىشىدۇ.

لى: ھازىرقى ئەھۋال دەل شۇنداق. بىز كەسىپ نۇقتىسىدىن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغىنىمىزدا ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي مەنىسىدىن چەتنەپ كېتىشىمىز ئېھتىمال. مېنىڭچە، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەنىسى بەزى ئەمەلىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتا. ھالبۇكى، ئەدەبىيات مۇشۇ پائالىيەتنىڭ مەنىۋى ئىنكاسى ۋە ھېسسىي مەھسۇلى. شۇڭا ئەدەبىيات ماھىيەتتىن ئېيتقاندا ئىشتىن سىرتقى بولۇشى لازىم. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان ھەرىكەت ئاساسەن روھ ۋە ھېسسىيات دۇنياسىنىڭ قوينىغا غەرق بولىدۇ، كىشىلىك ھاياتتىن چەتنەيدۇ ۋە ئەدبىياتتىنمۇ چەتنەيدۇ. كەسپىيلەشتۈرۈش كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئەدەبىياتقا زىيان كەلتۈرىدۇ.

شاڭ: سەنئەت بىلەن سەنئەتكارنى كېسەلمەنلىكتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسى پسىخولوگىيە، پاتالوگىيە ۋە ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، نوقۇل ھالدا سەنئەتنىڭ كەسپىيلىشىشى ياكى كەسپىيلەشمەسلىكى بىلەن تامامەن باغلىق بولمايدۇ.

لى: ھاياتىي كۈچى تەبىئىي ھالدا ئۇرغۇپ تۇرغان ئەدەبىياتلا بۈيۈك بولالايدۇ، كەسپىيلىشىش مۇقەررەر ھالدا جى جېشى ئېيتقانداك قائىدىلەشتۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كەسپىيلەشتۈرۈشتىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن كەسپىيلەشتۈرۈشتىكى نۇقسان ئۇنىڭ قېلىپ ۋە ئادەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدا. بىز ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قادىر بولالمىساقمۇ، لېكىن كىشىلىك ھاياتنىڭ قوينىدىن

يېڭى كۆچ ئىزدەپ تېپىشىمىز، يېڭىچە ئىپادىلەش شەكلىنى ــــ يېڭىچە ئەدەبىي شەكىللەرنى يارىتىشىمىز ناھايىتى زۆرۈر.

شاڭ: شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ خىل كەسپىي تەلىم ـ تەربىيەدىن كېلىپ چىققان بەدىئىي بەلگىلەرنىڭ مۇقىملاشتۇرۇلغان ھالىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىپتىدائىي سېزىش كۈچىنى ئەسلىگە كەل ـ تۈرۈش لازىم. ئەگەر بىر خىل بەدىئىي بەلگە مەخسۇس ۋە ئالاھىدە تەربىيەنىڭ تۈرتكىسىدىلا قوبۇل قىلىنىدىكەن، ئۇنداقتا سەنئەت ھاياتىمىزنىڭ بىۋاسىتە ماس رىغبەت كۈچىنى يوقىتىدۇ. ئەگەر يە ـ نە مۇئەييەن بىر بەدىئىي ئادەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، سەنئەتتىكى بىۋاسىتە سېزىمدىن مەھرۇم قا ـ لىمىز. شۇڭا، سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى يېتىلىش ۋە چېچىلىشقا بېرىپ تاقىلىپ، ئەسلىدىكى قىزغىنلىق ھالىتىگە قايتىدۇ.

جې: كەسپىي تەربىيە مۇھىم. بىراق، كەسپىي تەربىيە نەپەس بويۇم ياساشقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. كەسپىي سوغۇققانلىق بىلەن قارىغاندا، ئەسەر جانلىق ھايات ئورگانىزمى بولماستىن، بەلكى بىر مۇردا، ئەسەر تەھلىل قىلىش بولسا خوددى مۇردىنى پارچىلاشقا ئوخشايدۇ. بىز ئەدەبىياتتىكى يېڭىلىق تۇيغۇسىنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قالىمىز؟ شۇڭا كەسپىي ئەدەبىيات تەتقىقات ـ چىلىرىدا بەزىدە تەتۈرىسىچە ھەۋەسكارلاردا بولىدىغان ئەركىن ئى ـ جادىي پوزىتسىيە ۋە ئۆتكۈر كۆزىتىش كۈچى بولماي قالىدۇ.

شاڭ: شۇنداق، سەنئەت ساھەسىدىكى بۆسۈپ چىققانلارنىڭ كۆ ـ پى مۇشۇ كەسىپنىڭ سىرتىدىكىلەر بولدى. ئەنگلىيە يازغۇچىسى ماۋمۇنىڭ «ئاي ۋە ئالتە پېنىس» رومانىدا، گاۋگىننى (گوللاندىيە ـ لىك رەسسام) مودېل قىلغان بىر رەسسام تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ئەس ـ لىدە رەسسام ئەمەس ئىدى. بىراق، ھەركىم ئۆز ـ ئۆزىنى مەزمۇن قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى بىلىدۇ، ئۇ بىر خىل كۈچلۈك ئىچكى توقۇنۇش تۈرتكىسىدە ئاخىر بىركۈنى قولىغا موي قەلەم ئالىدۇ ـ دە، يەرلىك ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان كىچىك

ئارالغا بېرىپ، رەسساملىق ھاياتىنى باشلايدۇ. لېكىن كەسپىي سەنئەتكارلاردىكى ئەنە شۇنداق بەدىئىي توقۇنۇشلار بارا ـ بارا يوقاپ كېتىدۇ. سەنئەت نوقۇل ھالدا ماھارەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالىدىكەن ۋە نوقۇل ھالدا تەربىيەگە ئايلىنىدىكەن، ئىجاد قىلىش كۈچىنى يوقىتىدۇ.

جې: بەدىئىي ئىجادىيەت ئالدى بىلەن ھايات ھەققىدىكى تەجرىبىدىن ئىبارەت بولۇشى، ئاندىن ئىپادىلەش شەكلىنى ئىزدىشى لازىم. كەسپىيلەشتۇرۇش تەربىيەلەشنى كۆپ ھالدا باش ـ ئاخىرىنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋېتىدۇ.

لې: بۇنىڭدىن بىز نۇرغۇن كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەسپىي يازغۇچى بولۇشتىن ئىلگىرى جۇشقۇن بولىدىغانلىقىنى، كەسپىي يازغۇچى بولغاندىن كېيىن بولسا بارا ـ بارا ھالىنىڭ خارابلىشىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى پۈتكۈل ئىجادىيىتىنىڭ چوققىسى بولسا، كېيىنكىلىرى ئاستا ـ ئاستا چېكىنىشكە قاراپ يۈز تۇتىدۇ.

شاڭ: قېلىپلاشتۇرۇش ھۆرۈنلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەممىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكى سەۋەبلىك نەرسە ئەزەلدىن مۇشۇنداق. ئۇنىڭدىن شۈبھىلەنگىلىمۇ، ئۆزگەرتكىلىمۇ بولمايدۇ. تەسىراتچىلار مەيدانغا كېلىپ رەسسامنىڭ خام سورۇپىدا تونجى قېتىم چاقناپ تۇرغان رەڭگارەڭ رەڭلەر تۈيغۇسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. لېكىن بۇ تەسىراتچىلارنىڭ چالابۇلا ئۆزگىرىشى يۈزەكىلىكتىن خالىي بولالمىدى، كېيىنكى تەسىراتچىلار ئەھلى رەڭگە تايىنىپ سىدام سىزىش ئارقىلىق رەڭلەرگە سىڭىپ كىرىش قۇدرىتى بىلەن مۇستەھكەملىكتىن تېخىمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئارقىلىق بىر خىل ئۈتكۈرلۈك ۋە مۇستەھكەملىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ، بىزنى بۇ تونۇش دۇنيادا يېڭى زېمىننى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى كونا شەكىللەرگە ئۆزۈكسىز خىرىس قىلىپ، بىزنى دۇنياغا يېڭىباشتىن نەزەر سېلىشقا، يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى تونۇپ يېتىش-

كە ئاگاھلاندۇردى. قەدىمكى يۇناننىڭ بىر پەيلاسوپى: «قۇياش ھەر كۈنى يېڭى» دېگىنىدەك، سەنئەت ئەبەدىي كۆچكە ئىگە.

جې: سەنئەت ئومۇمەن بىزنى دۇنيانى تەجرىبە قىلىش ۋە سېزىشنىڭ ئۆزگىچە شەكلى بىلەن تەمىنلەيدۇ. كېيىنكى تەسىراتچىلار ئېقىمىدىكى رەسساملارنىڭ كالانپاي ئۇسلۇبىدىكى رەسىملىرى كىشىگە بىر خىل كۆچلۈك ھاياتىي كۆچنى ھېس قىلدۇرىدۇ. دېمەك، بۇ ئۇلار ياراتقان سەنئەت دۇنياسى، يەنى يېڭى ناتونۇش دۇنيا.

شاڭ: يېگانىلەشتۈرۈش، مېنىڭچە ئىنتايىن ياخشى ئۇقۇم، رۇسىيە شەكىلۋازلىرى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇقۇم ئاساسەن يەنىلا بىر خىل بەدىئىي ئۇسۇل بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ تەسىراتلار ئالەمىدىكى بىر ئۇسۇلدىن ئىبارەت.

لې: بۇ ياپونىيەدىكى يېڭى تۇيغۇچىلار ئېقىمىنىڭ پىروزىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يېڭى تۇيغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى مۇنداق ئىككى مۇھىم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، تارىخىي ھادىسىلەرنى يېڭىباشتىن شەرھلەش. ئالايلۇق، «ناپولېئون ۋە پۇل» دېگەن بۇ ئەسەردە ناپولېئوننىڭ رۇسىيەگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلۈپ، بۇرۇنقى تارىخچىلارنىڭ يەكۈنلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. يەنە بىرى، تۇرمۇشنى يېڭىچە نەزەر بىلەن كۆزىتىپ، تۇيغۇنى چىنلىققا ئىگە قىلىش ۋە تۇيغۇنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تىلنى تۈزەش. سەنئەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى دۇنيانى ئۆزۈكسىز تەجرىبە قىلىش جەريانى.

جې: غەربنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەسۋىرلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئەنە شۇ تەسۋىر بىلەن چەكلىنىپ قالغانىدى. ھازىرقى زامان سەنئىتى بىر خىل چۈچۈش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۇردى. سەنئەت دەل ئۆزگىچە كەشپىيات بولغانلىقتىن، تەقلىدچىلىك ھەرگىزمۇ سەنئەت بولالمايدۇ. ئۇنىڭ تەقلىد قىلىدىغىنى بىر خىل ماھارەت بولۇپ، ئۇ پەقەت كەسپىي

ئىقتىدار دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ مۇھىم نەرسە ئەمەس.

لي: كەسىپلەشكەن نۇقسانلار ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا روشەن كۆرۈلمەكتە. ئۆزىمىزمۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى بىلىمىز. كەسىپلەشكەن ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەمىشە ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك موللۇقى ۋە ھەرىكەتچانلىقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ھەتتا ئەدەبىياتنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلايدۇ.

جې: بۇ تىرىك تۇرغۇزۇپ بوغۇزلاش دېمەكتۇر.

لي: نەتىجىدە، ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەريانىدا ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى ئىنكار قىلىندى. بۇ بەكمۇ دەھشەتلىك. ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەريانىدا ئەدەبىياتمۇ غايىب بولىدۇ، ھەتتا ئوبيېكتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

جې: بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا بىر ئاز ياخشى. ئۇ ھازىرغىچە قېلىپلاشتۇرۇلمىغاچقا بىز ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا بولغان يېڭىلىق تۇيغۇمىزنى يەنىلا ساقلاپ كەلمەكتىمىز. تارىختا ئايلانغان ئاشۇ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىر قەدەر ئاۋارىچىلىك ئىش. ئۇ ئەنئەنە ۋە كونا ئادەتلەرنىڭ بوغۇشىغا بەك قاتتىق ئۇچرىغاچقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆلۈك يازما ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ھاياتىي كۈچتىن پۈتۈنلەي جۇدا قىلىدۇ.

لي: بۇنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئېتىراپ قىلغان. ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن يېڭى ئەدەبىي ھادىسىلەرنىڭ ئارىلىق پەيدا قىلىشى ئېتىراپ قىلىنغان ھادىسە. بۇ تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان بىخۇدلۇق.

شاڭ: ھەرقانداق پەن تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكەندە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بەزى قائىدە ـ مىزانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. كەسىپلەشكەن تەتقىقات تەرەققىي قىلىپ ئاخىرىغا كەلگەندە ھەمىشە ماتېرىيالنىڭ ئۆزىنى ئىلغا قىلىشنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئەدەبىياتنى يېڭىدىن تونۇش ۋە ئىزاھلاش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

جې: بۇ، ماھارەتنىڭ مەقسەتكە ئايلانغىنى.

لې: بۇنداق تەتقىقات ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىگە يېتىپ بارالمايدۇ. قاتتىقراق ئېيتقاندا، بۇ، ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا بولغان تەييارلىقتىن ئىبارەت.

شاڭ: ئۇ، ئەسەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەسەر توغرىسىدىكى تەسىرات ۋە تەنقىد ھەقىقىي يوسۇندا باشلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىز ئۇنى پەقەت ئەدەبىيات تارىخى پېنى دەپ ئاتىساقلا بولىدۇ.

لې: ئەدەبىيات تارىخى پېنى دەپ ئاتاشنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى. مەسىلەن، بىز ئۇنى ئەدەبىيات تەتقىقاتى دەپ ئاتاپ ئۆگىنىپ قالغانلىقىمىزدا. بەزى كىشىلەر بۇ جەھەتتىن ئىسپاتلاپمۇ باقتى، ئەمما ھەممە كىشى مۇنداق قىلسا، ئۇ چاغدا ئىش تۇزۇك بولمايدۇ.

جې: ئىسپاتلاش چەكلىمىلىككە ئىگە، ئۇنى چەكسىز دەرىجىدە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بۇ خىزمەت تويۇنغان، ئايىغلىشىشقا يېقىنلاشقان ئەھۋالدا ياخشىسى ئۇنى زۆرۈر بولمىغان ساھەلەرگە بۇرىۋېتىش لازىم. خۇددى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئۇستىدىكى ئىسپاتلاشنى ساۋ ئائىلىسى شەجەرىشۇناسلىقىغا بۇرىۋەتكەنگە ئوخشاش.

شاڭ: كەسىپلەشكەن تەتقىقات قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئۆزىگە ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىدۇ. قىيىنلىق دەرىجىسى بولسا مەلۇم بىرقانچە جەھەت بىلەن چەكلىنىدۇ. ئىسپاتلاشنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ تەتقىقاتچىنىڭ مۇشۇ جەھەتلەردە ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، ئىسپاتلاش يېتەرلىك بىلىم تەربىيەسى بىلەن ئىسپاتلاش ماھارىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ تەتقىقاتچىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى، مۇھىم ساپاسىنىمۇ شەكىللەندۈرمەيدۇ، تەتقىقات جەھەتتىكى قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ ئوخشاشلا ئەدەبىياتنى بەھىرە ئېلىش جەھەتتە ئىپادىلەيدۇ. ئوخشاشلا ھۇزۇرلىنىش كۆزى ئۆتكۈر ئادەملەر بىر قاراپلا ئەسەرنىڭ نەپىس ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلەيدۇ.

ئەمما بۇ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ھېچكىممۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى سەنئەتتىن زوقلىنالمايدىغان ئادەملەر سېزەلمەيدۇ ۋە بىلەلمەيدۇ، بۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

جې: بىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە چۈشەپ تۇرغىنى ئەدەبىيات تارىخى پېنى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قېلىپى بىلەن مۇھاكىمە ماقالىلەرنى يېزىش ئەندىزىسىنى ئەنئەنىۋى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. ئىپادىلەش شەكىللىرىنىڭ نوقۇللۇقى تونۇش ۋە بىلىش شەكىللىرىنىڭ غورىگىللىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

لې: ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئەدەبىي ھۆزۈرلىنىش ماقالىلىرىمۇ بىر خىل ئەندىزىدە يېزىلىدىغان بولدى. بولۇپمۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن ھۆزۈرلىنىش ماقالىلىرى شۇنداق بولدى.

شاڭ: بۇنىڭ ئۇڭۇشلۇق يولى بار، بۇ يول ئاساسەن ئىگىلەپ بولۇندى، ھەتتا ئاددىي شېئىرىي جۈملىلەرگە ئاجايىپ تەھلىللەرنى يۇرگۇزۇشكە بولىدۇ. ئالدى بىلەن تەسىرلىنىش بولمىسا نادىر ئەسەرلەرنى بايقاش ئىقتىدارىمۇ بولمايدۇ.

لې: ئەدەبىي تەنقىد ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەرتىپسىز ۋە تۇراقسىز بولىدۇ. بۇ، تەنقىدنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتىدۇر. ھەرقانداق ئەقلەن تەرتىپكە سېلىش جەريانى ئەدەبىي خاراكتېردىكى قىسقارتىش جەريانىدۇر. ئەلۋەتتە تەنقىد ماقالىلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن تەشكىللەش يۈرگۈزۈپ بەزى ئەدەبىي خاراكتېردىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلاشنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما بۇنداق قىسقارتىشنىڭ مەجبۇرىي بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىش كېرەككى، ئۇنى بىر دىنبىر ھەقىقەت، مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر دەپ تونۇماسلىق لازىم.

شاڭ: بىزنىڭ ئەدەبىياتتىن ئالىدىغان تەسىراتىمىز ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىن كەلگەن تەسىرات بولۇپ، شۇنداق بولغاچقا بۇ جانلىق ۋە يېڭى تەسىرات بولىدۇ. باھارنى سېزەلمىگەن

ئادەمنىڭ شېئىرىيەتتىكى باھارنى سېزىشى مۇمكىن ئەمەس. جۇلاسىز ۋە غورىگىل ھايات ئالدىدا ھەرقانداق شېئىرىي مىسرالار نۇر چاچالمايدۇ. شېئىرىيەت ئۈستىدە توختالغان زوقلىنىش خۇسۇسىدىكى ماقالىنىڭ ھەممىشە زورۇقۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە.

لي: بۇ يەردە يەنە تىل مەسىلىسى بار. بەدىئىي زوق ماقالىلىرىنىڭ تېپىۋالغان بىرقانچە سۆزى بار بولۇپ، ئىشلىتىۋەرگەچكە بۇ سۆزلەرنىڭ جۇلىقى چىقىپ كەتتى. ئېيتايلۇق، «مەنزىرە بىلەن ھېسسىيات ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن»، «يېگانە يېتۇكلۇككە ئىگە»، «يوشۇرۇن ۋە تەمكىن» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەمدى «مۇنچە يىلغىچە قېلىپقا ئايلانغان بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئىشلەتكەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ» دەپ قانۇن ئېلان قىلىنىدىغان يەرگە يېتىپ قالدى. قېلىپلاشقان سۆزلەرنى چايناۋېرىش ئەمەلىيەتتە كەسپىي جەھەتتىكى ھورۇنلۇق ۋە بىخۇدلۇقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

جې: تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش قىزىللىقنىڭ باشلىنىشىدۇر. زوقلىنىش ئوبيېكتى بولغان كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ تىلى تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىن كېيىنلا كونىراپ كېتىپ ھەربىر سۆز تۇراقلىق باغلىما تەسەۋۋۇرنى پەيدا قىلىپ، ھېچقانداق تەسەۋۋۇر بىلەن يېڭى ئىجادىيەت ئىمكانىيىتىنى قالدۇرمىدى.

لي: يېڭى شېئىرىيەتتە بۇنداق تىل جۇغلانمىسى يوق، ئۇ قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلىگەن. يېڭى شېئىرىيەت ئىنتايىن قىيىن بولغاچقا شائىرلار ئۈچۈن ھەقىقىي سىناق بولدى. خۇ شىدا ئەسلىدە ھېچقانداق شائىرلىق خىسلەت يوق ئىدى، بۇنى ئۇنىڭ كونا شېئىرلىرىدىن ئۇنچىۋالا ئاڭقىرىۋالغىلى بولمايدۇ. كونا شېئىرلاردا تايانغىلى بولىدىغان تىل قېلىپلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا قەلەمنى ئېلىپلا يازغىلى، ئەپلەپ ـ سەپلەپ شېئىرغا ئوخشاتقىلى بولىدۇ. خۇ شى يېڭى شېئىر يېزىشقا كىرىشكەندىلا ئۇنىڭ

ئەسلىي ماھىيىتى ئاشكارىلاندى.

شاڭ: تەييار نەرسىلەر كۆپەيگەنسېرى شېئىرىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش قىيىن بولماقتا. ناۋادا شېئىرىيەت كونا گەپلەرنى تەكرارلايدىغان نەرسە بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. زوقلىنىش ماقالىلىرىنىڭ يېڭى مەزمۇنلارنى يازالماسلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە.

جې: بەزىدە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئوڭاي، يېڭىلاش تەس.

لې: مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، ئەمما بەدىئىي تۇيغۇنى تەقلىد قىلغىلى بولمايدۇ.

شاڭ: خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك ياخشى ھادىسە بولۇشى ناتايىن. بىر ئەۋلادنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغان نەرسە ئېھتىمال كېيىنكى ئەۋلادنىڭ نەزىرىدە خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

جې: خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك دەل چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكتۇر.

لې: ئەدەبىي تەسىراتتا خاتالىق توغرىسىدىكى مەسىلە مەۋجۇت بولماستىن، بەلكى بار - يوقلۇقى مەسىلىسىلا مەۋجۇت بولىدۇ. تەسىراتنىڭ بار ياكى يوقلۇقى مانا بۇ ھەممە دېمەكتۇر.

جې: توغرا - خاتالىق مۇئەييەن قىممەت قارىشى ئاساسىدىكى يەكۈن بولۇپ، قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

شاڭ: بۇنداق نىسپىيلىكنى ئېتىراپ قىلىش ئىلغارلىققا قاراپ ماڭغانلىق بولۇپ، ئۆلۈك قائىدىلەرنى تونۇش توغرىسىدىكى نۇرغۇن تالاش - تارتىشقا مۇشۇنىڭ بىلەن بەرھەم بېرىلىدۇ. ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ تەنقىدىي ئۆلچىمىنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

لې: خاتالىقلارغا تاقەت قىلىش ئىلىم تەرەققىياتىدىكى زۆرۈرىي بەدەل ۋە كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت. بۇ، يېڭى جۇشقۇنلۇق بىلەن ئۈزۈكسىز ئىزدىنىشنىڭ قوزغاتقۇ كۈچىنى ھاسىل قىلىدۇ.

جې: خاتالىقلارنىڭ تولىسى ھەمىشە رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىگە

ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، خاتالاشماسلىق ھەمىشە بەزى پاكىتلارنى ئاددىي ھالدا قايتا تەكرارلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەدەبىيات ھادىسىسىنى يېڭى تونۇشلار بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ.

لي: بىزنىڭ سۆھبەت نۇقتىمىز «ئەگەر دۇنيادا ئەدەبىيات بولمىسا» دېگەن نۇقتا ئىدى، ئەمما بىز سۆزلىشە - سۆزلىشە تەپەككۇرىمىزنىڭ ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت بۇ مۇستەھكەم ئالدىنقى شەرتتىن نېرى بارالمايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. ئەمەلىيەتتە بىز ئەدەبىيات بولمىغان دۇنيا توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر كۆچىمىزنى يوقاتتۇق. بىزنىڭ قىلالىغىنىمىز پەقەت ئەدەبىياتنىڭ دىن ۋە كەسىپ تۈسىنى ئالغانلىقىدىن بارلىققا كەلگەن قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن ئەندىزىلەشتۈرۈشنى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئىنكار قىلىشلا بولدى.

شاڭ: قارىغاندا بىز مۇشۇنچىلىكلا ئۆزاپ كېتەلەيدىغاندەك قىلىمىز.

جي: ئەمەلىيەتتە بىز ئاشۇنداق تەتۈر تېمىنى چىقىرىپ دەل مۇشۇنداق بىر مەقسەتكە يەتتۇق.

(«ئەدەبىيات ھەققىدە ئەركىن پاراڭلار» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانىدىن.)

# 21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى موڭغۇل پوۋېستلىرىنىڭ باش تېمىسى

مەن چۈەن (موڭغۇل)

21 ـ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن تەبىئەت ۋە ئېكولوگىيە، مۇھەببەت ۋە ھايات، جەمئىيەت ۋە زامانىۋىلىشىش كىشىلەرنىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلاندى، شۇنداقلا يېڭى نەزەردىكى موڭغۇل پوۋېستلىرىنىڭ خاھىشى بولۇپ قالدى.

**1. تەبىئەت ۋە ئېكولوگىيە**

بۈگۈنكى دەۋر سىياسىي، ئىقتىساد ۋە كۇلتۇر سىستېمىسىدىكى ئوتلاق ئېكولوگىيەسى ۋە تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش ئېڭى 21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى موڭغۇل تىلىدا يېزىلغان پوۋېستلارنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالدى.

زامانىۋىلاشتۇرۇش يۈرۈشى، كاپىتالنىڭ تېز سۈرئەتلىك جۇغلىنىشى، قۇرغاقچىلىق ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى يايلاق ئېكولوگىيەسىنى ئىنتايىن يامانلاشتۇرۇۋەتتى. 21 ـ ئەسىرنىڭ ئىپتىداسىدا يېزىلغان موڭغۇلچە پوۋېستلار يايلاق ئېكولوگىيەسىنىڭ بۇزۇلۇشى، تەبىئەتنىڭ ناچارلىشىش خەۋپىگە يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلدى. ئەگەر ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ، 90 ـ يىللىرىدىكى موڭغۇل يازغۇچىلىرى يۇقىرىقى تېمىغا بولغان مۇئەييەن ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپ كەلدى دېسەك، ئۇلار پەقەت ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەش ۋە قايتا كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلەندى. 21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى پوۋېستلاردا بۇ ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىگە سوئال قويۇلدى، ئىجادىيەت تېمىسى ئىزدىنىش داۋامىدا ئۆزۈك-

سىز چوڭقۇرلاشتى.

(1) سوبيېكتىپنىڭ چۈشكۈنلۈكى ۋە ئېكولوگىيەنىڭ يامانلىشىشى

تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكى موڭغۇللارنىڭ قەدىم ئېتىقادى بولۇپ، ئۇ موڭغۇللارنىڭ پۈتكۈل ئۆرپ ـ ئادىتى، ئېتىقادى ۋە پەرھىزلىرىگە قەدەر سىڭىپ كەتكەن. تەڭرىگە نەزىرە قىلىش، تاغ ـ دەريالارغا چوقۇنۇش، ئوبا (قەبىلە ئاقساقىلى)غا باش قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر موڭغۇللارنىڭ تەبىئەتكە ئىخلاس قىلىش، تەبىئەتكە ئۆزىنى تاپشۇرۇش، تەبىئەت بىلەن بىرلىشىش قاتارلىق روھىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشىنى سوبيېكتىپنىڭ چۈشكۈنلۈككە تاقاش تەبىئەتكە ئىخلاس قىلىش ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر كۇلتۇرەل يىلتىزغا ئىگە، شۇنداقلا نىسبەتەن چوڭ قوبۇلچانلىققا ئىگە. نارېنگاۋۋانىڭ «جىياتنىڭ كۆزى» ناملىق ئەسىرىدە[1] سوبيېكتىپ چۈشكۈنلۈكنىڭ تەبىئەتكە كەلتۈرگەن ئاپەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور باش قەھرىمانىنى مەقسەتلىك ھالدا موڭغۇل خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى قىلىپ يازىدۇ ۋە بۇ ئېسىل يىلتىز ئارقىلىق بىر خىل كۇلتۇر ئەنئەنىسىنى، قەھرىمانلىق ياكى ئېسىلزادىلەر ئېڭىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بىراق، كەنت ئادەملىرى بۇنداق ئەنئەنىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، ئۇلار تېرىقچىلىق مەنپەئەت ئۈچۈن يۇرتىنى سېتىشقا تەييار تۇرىدۇ. نەتىجىدە، كەنت باشلىقى بىلەن كەنتتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولىدۇ.

روھىي چۈشكۈنلۈكنىڭ تەبىئەتنى بۇزۇپ، ئېكولوگىيەنى يامانلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ نۇقتىئىنەزەر ئەسەرگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭگەن. جىيات مۇقەددەس سۇ بىلەن كۆزىنى يۇغان بولغاچقا، ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنى كۆرەلەيدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇ قۇمغا غەرق بولغان كەلگۈسى ئادەملىرىنى كۆرگىنىدە بىر ۋەھىمىگە، يەنى روھىي چۈشكۈنلۈك ئېلىپ كەلگەن ۋە-

ھىمىگە چۆمەتتى. جىسمىيات بىلەن كەنت پۇقرالىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان ئىككى خىل ھاياتلىق نۇقتىئىنەزىرىگە بېشارەت ئىدى. بۇلاردىن بىرى يايلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداشقا، يەنە بىرى يايلاق ئېكولوگىيەسىنى بۇزۇشقا ۋەكىللىك قىلاتتى. روشەنكى، ئەسەردىكى پېرسوناژ خاراكتېرى چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە.

ئايۇ زانانىڭ «قويۇق توغراقلىق» دېگەن ئەسىرىدە[2] روھىي چۈشكۈنلۈك تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئائىلە بەرباتلىقى، ئىناقلىقنىڭ يوقىلىشى، نەتىجىدە تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە خاراب بولۇشى تەسۋىرلەنگەن. ئەسەردىكى گېمپول بوۋاي بەخت ۋە ئىناقلىق ئەلچىسى، ئېكولوگىيە مۇھاپىزەتچىسى ئىدى. ھويلا ئىتى بومبۇر بولسا بوۋاينىڭ دوستى ۋە ياردەمچىسى. ئايالى دېجىدىما بىلەن ئوغلى بەندۇ بولسا پۇلنىڭ قولى. ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئوغلى سۇبيېكتىپ چۈشكۈنلۈكنىڭ تىمسالى بولۇپ ئائىلىۋى بەخت، ئىناقلىق ۋە ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، سۇبيېكتىپنىڭ چۈشكۈنلۈكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى مەينەت پۇل ئالاقىسى ۋە شەھۋانىيلىق بىلەن تولغان چىرىك تۇرمۇش ئىدى. ئەسەردە غوجايىنىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ئىتتىچىلىكمۇ بولالمىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئاپتور ئىپادىلىگەن ئۈمىدسىزلىك ۋە نەپرەتنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بەي فۇرۇڭنىڭ «تاڭ شەبنىمى» دە[3] تەبىئەت ۋە مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى ھەم بۇزۇلۇشقا بولغان قارشىلىق تەسۋىرلەنگەن. شياۋگىن يايلىقىنىڭ باشلىقى ئاكېتۇما يۇرتىنى سېتىپ ھارامدىن پۇل تاپىدىغان يۇرت بېشى ئىدى. ئۇ سۇ ئامبىرىنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا تۆۋەن باھادا ئىجارىگە بېرىش بىلەن بىللە، مۇنبەت ئېتىزلارنى خارابلاشتۇرۇپ، يۇرتىنى قۇم ـ بوران ئاپىتىگە دۇچار قىلىدۇ. شيۇدۇرگۇ، ئاگۇلا، تۇگا قاتارلىقلار شياۋگىن يايلىقىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا تۇگا ئۆز ئاكىسى ئۇستىدىن سوتقا

ئەرز قىلىپ، قانۇننىڭ ئېكولوگىيە مەسىلىسىگە بولغان ئېتىبا-
رىنى قوزغىماقچى بولىدۇ. خۇسۇسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ
مەنپەئەت، يۇرت بېشى بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش
ئەسەرنى ئېغىر تۈسكە ئىگە قىلغان. ئەسەردە ھوقۇق كەلتۈرۈپ
چىقارغان تۈرلۈك زىيان ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بىرقەدەر
يۇقىرى ئىستېتىك قاتلامغا يەتكەن.

(2) تاشقى ئامىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە ئېكولوگىيەنىڭ يا-
مانلىشىشى

بەزى ئەسەرلەر ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشىنى تاشقى ئامىللارغا
باغلايدۇ. مەسىلەن، باينىدالانىڭ «ئادەم، تۆگە، بۆرە» ناملىق ئەسە-
رىدە[1] ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ يەرلىك كىشىلەرنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇر-
مۇشىنى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى بۇزغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

سەي شيا بىر تىلەمچى ئايال بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كې-
يىن پادىچى سۇرېن بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ. سەي شيانىڭ سۆيدۈكى
بۇزۇق بولۇپ، ليۇ ئېر ۋە پۇلدار بارخا قاتارلىقلار بىلەن زىنا قى-
لىدۇ. ئۇ بارخانىڭ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئوغلى
پۈرجېنى بارخانىڭ ئوغلى دەپ تونۇۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆلگەندىن
كېيىن قېپقالغان نەرسىلەر پۈرجېنىڭ دەل ليۇ ئېرنىڭ ئوغلى
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. پۈرجې ئۆزىنىڭ زادى كىمنىڭ ئوغلى
ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. پۈرجېنىڭ ئايالى مېيلىغا نىسبەتەن
ئېيتقاندا، پۇلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ دادىسى ئىدى، ئېخى
ئۇنىڭ كەنت باشلىقى سۇرېن بىلەن يېقىنچىلىقى بار ئىدى. كېيىن
ليۇ ئېر سەي شيانى ئىزدەپ بېرىپ، قىياق كولاپ پۇل تاپىدىغان
يامان نىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي مۇھىتنى
قوغدايدىغان پۈرجې بىلەن ليۇ ئېر، مېيلىلار ئوتتۇرىسىدا بىر قە-
پەس كۆرەش قانات يايىدۇ.

ئەسەردىكى پۈرجې تۈز كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، يۇرتىنىڭ تەبىئىي
مۇھىتىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلايدۇ. ئەم-

ما لىيۇ ئىر، مېيلى دېگەنلەر ياقا يۇرتلۇق ئىدى، ئۇلار ئېكولوگىيە بۇزغۇنچىلىرىلا ئەمەس، يات بىر قىممەت قاراشنىڭ نامايەندىلىرى ئىدى. ئۇلار ئەنئەنىۋى قىممەت سىستېمىسىنى بۇزاتتى. ئەسەردە، تاشقى كۈچلەر يەرلىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مەنبەسىنى ئىگىلىۋېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ كىشىلىك قارىشى، قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، هاياتلىق مۇھىتىنى تامامەن يات بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇشقا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇناتتى.

تەبىئەت ۋە ئېكولوگىيە 21 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى موڭغۇل پوۋېستلىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولدى. موڭغۇل يازغۇچىلىرى تەبىئەت بۇزغۇنچىلىقىنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن تالاپەتلىرىنى جانلىق سۈرەتلەپلا قالماي، يەنە بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقنىڭ تۈپ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇزغۇنچىلىقنى ئازايتىش ۋە توسۇشنىڭ يولىنى تاپماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل پوۋېستچىلىقى ئېكولوگىيە تېمىسىنى چۆرىدەپ يېڭى بىر باسقۇچقا — ئاپەتنىڭ سەۋەبىنى ئىپادىلەپ، ئاپەتنى توسۇش تېمىسىغا يۈزلەندى.

## 2. مۇھەببەت ۋە ھايات

مۇھەببە ۋە ھايات 20 - ئەسىر ئىچكى موڭغۇل ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرىنىڭ بىرى. ئوخشىمىغان دەۋرلەردە مۇھەببەت ۋە ھايات تېمىسىنىڭ ئىپادىلىنىش ھالىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىدا ئىپادىلەنگىنى ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا خورلانغان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مۇھەببەت ھەم ھېسسىياتتىن ئىبارەت ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - ، 60 - يىللىرىدا ئىپادىلەنگىنى بولسا ئىنقىلاب، ئەمگەك، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇھىتىدىكى جۇشقۇنلۇق، شەخسىيەتسىزلىك ۋە پارلاقلىق بولدى. 1980 - يىللاردىن كېيىنكى مۇھەببەت ۋە ھايات تېمىسى كۆپ قىرلىق بولدى. ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە ماھىيىتىنى ئەخلاق، مەنپەئەت، ھەۋەس، مەسئۇلىيەت

قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە توقۇنۇشنىڭ ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەش 21 ـ ئەسىر كىرگەندىن بۇيانقى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ روشەن خاھىشىغا ئايلاندى. مانا بۇ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئىنتىلىشى ۋە قىممەت قارىشىدىكى كۆپ مەنبەلىشىشنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى ئىدى.

(1) ئەخلاق ۋە ھەۋەس

ئەخلاق ئادەمنىڭ پائالىيەت نىزامىدۇر. ئۇنىڭ ھەقلىقلىقى ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشتىن كەلگەچكە، بۇسۇش ۋە بۇزۇش قىيىن. بۇزغانلار ئىجتىمائىي كۈچنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل تىلىدا يېزىلغان پوۋېستلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەخلاق ۋە ھەۋەسنىڭ توقۇنۇشىغا ئائىت ئەسەرلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. كۆپلىگەن ئەسەردە ھەۋەس ئەخلاققا بويسۇندۇرۇلغان. مىسالەن، ئويۇنبىلگەنىڭ «دەريادىكى تەنھا يەلكەن» ناملىق ئەسىرىدە⑤، ياش تۇل ئايال «مەن»نىڭ چەتكە قېقىلىش، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇش، ئېزىقىش، چىن مۇھەببەت قاتارلىق سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. «مەن» گەرچە شىركەت دىرېكتورى «سا»نى ياخشى كۆرۈپ قالسىمۇ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، تاپتىن چىقمىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. ئەسەردىكى «مەن» ئەخلاق نۇرى چاقناپ تۇرغان قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. تيەن لىلىنىڭ «چۈش» دېگەن ئەسىرىدىمۇ⑥ ئەخلاق نۇرى يېغىپ تۇرغان سۇكەنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. سۇكە مۇكەممەل مۇھەببەتنى قوغلىشىدۇ. ئاشىقىنى يۆمىي تارتىۋالغاندىن كېيىنمۇ، دۇنيادا مەڭگۈلۈك مۇھەببەت هامان بار دەپ ئىشىنىپ، ئاشىقىنى 10 يىل كۈتىدۇ. ئۇ بارلىق قايمۇقتۇرۇش، تەھدىت، ئىشقىي ئىزھارلارنى يېڭىپ، ھەۋەس ئوتلىرىنى بېسىپ، مۇھەببىتىگە ئەمىدە قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۈتۈشلىرى جامائەت ئەخلاقىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئوبرازى ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش مەزمۇنلىرىغا ئىگە.

يازغۇچىلار گۈزەل ئەخلاقنى مەدھىيەلەش بىلەن بىللە، نەپسانىيەت، شەھۋەت، ھوقۇقپەرەسلىكلەرنى شەپقەتسىز قامچىلايدۇ. مانا بۇ ئىچكى موڭغۇل ئەدەبىياتىدىكى ئادىمىيەت (گۇمانىستارلىق) خاھىشى. ئويۇنبىلگەنىڭ «قايناقسۇ ۋە ئاچچىق قەھۋە» دېگەن ئەسىرىدە[7] ھاۋاىي - ھەۋەسنىڭ قۇتراشلىرى تۈپەيلى خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ بۇزۇلۇشى تەسۋىرلەنگەن. ئاق كۆڭۈل ئايال سېجىدىما بارلىقىنى ئاددىي ئائىلە تۇرمۇشىغا بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ ئېرى ئورگېندا بۇزۇق ئايال تاۋتېما بىلەن چىقىشىپ قېلىپ، ئائىلە خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بىر - بىرىگە بۇزۇلغان ئۇ ئىككىسى بەڭگى بولۇپ كېتىدۇ. ئاپتور ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق جازالاپ، بۇزۇقچىلىققا بولغان نەپرىتىنى بىلدۈرگەن.

نەپسى خاھىش تىنچ تۇرمۇشنى بۇزالايدۇ. بۇزۇلغان تۇرمۇشىدىمۇ تۈزىگىلى بولىدۇ. بۇ 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى موڭغۇل پوۋېستلىرىنىڭ روشەن بىر تەرىپى. رىنسوگى بىلگەنىڭ «سوكېتىنىڭ تويى»[8] بىر تىپىك مىسال. ئەسەردە خونگېر بىلەن جىرۇنىڭ شادلىق ۋە قايغۇلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. شەھۋەتخورلۇققا بېرىلىپ كەتكەن جىرۇ قوشنىسىنىڭ قىزىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ناشايان ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. خونگېر بۇنى بايقاپ ئازابلانغان بولسىمۇ، يەنىلا كەچۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئەقلىنى تېپىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا، «سۇنغان چىنە قادىلىپ»، ئىككىيلەن ئەپلىشىپ قالىدۇ.

ھاۋامۇ دائىم ئوچۇق بولمىغاندەك، تۇرمۇشمۇ دائىم تىنچ بىر خىلدا ئۆتمەيدۇ. ئەمما ئۇنىمۇ ھامان بىركۈنى ئىزىغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ئاپتور تەكىتلەيدىغان ھايات قارىشى بولۇپ، مۇئەييەن مەنىدە ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى كۆپ مەنبەلىك قىممەت قارىشىنى ئىپادىلىگەن. كىشى يەنە شۇنى ئويلىماي تۇرالمايدۇكى، ئاپتورنىڭ ھاۋايى - ھەۋەس كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەنلىكلەرنى ئەپۇ قىلىشى، ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ

قىلىشىدىن دېرەك بەرسە كېرەك.

(2) مەسئۇلىيەت ۋە ھېسسىيات

ئادەمنىڭ ھېسسىيات ۋە مەسئۇلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى گاڭ-گىراشلىرى، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى يېڭىپ مەسئۇلىيەتنى تاللىشى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئېتىراپ قىلىنىشى دەل ھېسسىيات - مەس-ئۇلىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتىن ئىبارەت بايان ئەندىزىسىدۇر.

21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى موڭغۇل پوۋېستلىرى ھېسسىيات بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ توقۇنۇشىنى ئىپادىلەپ، شۇ ئارقىلىق پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئاپتورلارنىڭ ئىدىيەۋى ھېس-سىياتىنى گەۋدىلەندۇردى. ئۇلىزا بۇجېنىنىڭ «بىردىنبىر قوملۇق» دېگەن ئەسىرىدە[9] باينىڭ قىزى سېجىما بىلەن نامرات پادىچى تو-خېتىخېنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشى ئارقىلىق مەسئۇلىيەت ۋە ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش نامايان قىلىنغان. سېرجىما ساھىبجامال، ئېسىل سۈپەت قىز بولۇپ، ئۇنى قوغلاشقۇچىلار بەك كۆپ ئىدى. بىراق، ئۇ ياۋاش، سەمىمىي پادىچى توخېتىخېنى ياخ-شى كۆرۈپ قالىدۇ. بىر قېتىملىق كەچلىك تاماقتىن كېيىن تو-خېتىخې غايىب بولۇپ كېتىدۇ. قىز مەسخىرە - مازاق، تەنھالىق ۋە ئازدۇرۇشلارنى يېڭىپ، يىگىتنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرى ناھايىتى ھەسرەتلىك بولۇپ، قىزنىڭ ئاخىر كۆرەلىگىنى يىگىتنىڭ ئۇستىخىنى بولۇپ چىقىدۇ - دە، ئەقلىدىن ئادىشىدۇ. بۇ ناھايىتى ئەلەملىك تىراگېدىيە. ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇكى، مەسئۇلىيەت گەرچە ئەخلاقىي گۈزەللىك ئېلىپ كەلسىمۇ، بىراق ئۇ بەزىدە ھايات ۋە بەختنى بەدەل قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تېما ئەنئەنىۋى ئەخلاققا نىسبەتەن ئاغدۇر-مىچىلىق خاراكتېرگە ئىگە دېيىشكە بولاتتى.

ئاپتور ھېسسىيات بىلەن مەسئۇلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇ-نۇش ئەندىزىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، بايانىنى بۇ ئىككى تەرەپ-

نىڭ بىرلىكى ئىچىدە قانات يايدۇرۇپ، بايان ئەندىزىسىنى ئىجادىي ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭدا ئاپتور ھېسسىيات بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ مۇكەممەل بىرلىكىنى ئاغدۇرۇپ، پېرسوناژغا تىراگېدىيەلىك تۇگۇن ئاتا قىلىدۇ. بەلكىم، بۇ ئاپتورنىڭ ھاياتنىڭ مەنىسىگە قارىتا ئۆزگىچە بىر ئىزاھاتى، يەنى ھاياتنىڭ مەنىسىنى بۇزىدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مۇھەببەتكە قويغان سوئالى ئىدى.

م. خاسىباگىنىنىڭ «چىلانزار» دېگەن ئەسىرى[1] كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەيدىغان مۇھەببەت قىسسىسىدۇر. بەيلى ئاۋۇلىنىڭ غوجىسىنىڭ توقلى سادىلا بىر قېتىملىق زىياپەتتە ئوردۇس ئايمىقىنىڭ ياندىش ئاقساقىلى تاۋدۇنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. غوجا ئۇنى نويال ئىسىملىك مانجۇغا بېرىۋېتىدۇ، سادىلا نۇرغۇن مۇشەققەتلىك جەرياننى باشتىن كەچۈرۈپ تاۋدۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن تاۋدۇنىڭ تاغىسى ھوقۇق تالىشىپ، تاۋدۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن سادىلانىڭ سىرىنى پاش قىلىۋېتىدۇ. سادىلا ئامالسىز ھالدا تاۋدۇدىن ئايرىلىپ قېچىپ كېتىدۇ.

ئەسەر ھېسسىيات بىلەن مەسئۇلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا تولغان. سادىلانىڭ نام ـ مەرتىۋىنى تاشلاپ، تاۋدۇ بىلەن مۇھەببەتلىشىشى مەسئۇلىيەتتىن ۋاز كېچىپ، ھېسسىياتنى تاللىغانلىقى ئىدى. بۇ ئەخلاقنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىسىمۇ، چۈشىنىش ۋە ھېسداشلىققا ئەرزىيتتى. سادىلانىڭ تاۋدۇنى دەپ ئۇنىڭدىن ئايرىلغانلىقى مەسئۇلىيەتنى تاللىغانلىقى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئەخلاق سىماسىنى يارقىنلاشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ تىراگېدىيەلىك تۈسىنى ئاشۇردى. ئاپتور باش قەھرىمانىنىڭ ئوخشىمىغان شارائىتتىكى ئوخشىمىغان تاللاشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھەر خىل مۇھىتتىكى ئادىمىيلىك ۋە ھاياتنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

### 3. جەمئىيەت ۋە زامانىۋىلىشىش

21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى موڭغۇل پوۋېستلىرىدا يازغۇ -

چىلار جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ، دىققەت ـ نەزىرىنى شەھەرلىشىش، بازارلىشىش، ئادىمىيلىكنىڭ، كۆلتۈرنىڭ خۇنۇكلىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈر ـ گەن. بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ ، 90 ـ يىللىرىدىكى زامانىۋىلاشتۇ ـ رۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىسلاھات تېمىلىرىدىن روشەن پەرق ـ لىنىدۇ.

(1) شەھەرلىشىش ۋە بازارلىشىش

دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ شەھەرلەرگە كىرىپ تىرىكچىلىك قىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن نۇرغۇن ئەسەردە، ئاپتورلار ئاساسەن ئالدىنىش، خورلىنىش، تەنتەكلىشىش، بوزەك بولۇش ھادىسىلىرى ـ نى تەسۋىرلىگەن. بازار ئۆزگىچە بىر قىممەت قانۇنىنى مەركەز قىلغان دۇنيا بولۇپ، ئۇنىڭ پىرىنسىپى پايدىدۇر. بۇ موھىتقا ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى بىلەن چاك باسمايتتى. شۇڭا بازار رىقا ـ بىتىدە موھىتقۇللارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

سابوكېنىڭ «ئوبا يولى» دا[11] باينساۋكېتى، ئۇلان قاتارلىقلار ـ نىڭ شەھەرگە كىرىپ تىرىكچىلىك قىلىشى تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىدىغان شەھەر تۇرمۇشىدا ئارقا ـ ئارقىدىن زەربە يەيدۇ، ھەتتا باينساۋكېتى ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

ئايۇنگانىڭ «قۇرت ئاشخانىسى» ناملىق ئەسىرىدە[12] يايلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئامالسىز شەھەرگە كىرىپ ئاشخانا ئاچقان بىر چارۋىچىنىڭ تۇرمۇشى ھېكايە قىلىنغان. چارۋىچى ئالادانداال يېزى ـ لىق ھۆكۈمەت جايلاشقان يەردە بىر كىچىك ئاشخانىنى ئاچىدۇ. باشتا يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئېگىلىك تىكلىشىنى قوللاش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ تاماق يەيدۇ. ئۆلكىدىن كەلگەن نازىر دەرىجىلىك بىر رەھبەرنى كۈتۈش ۋەزى ـ يەتنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، رەھبەرنىڭ «يەرلىك ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بار» ئاشخانىدا غىزالانغۇسى كېلىدۇ. ياندىكى بىر ئاشخانا «ئېسىل نازۇ نېمەتلەر»نى ئۈستىلىق بىلەن تەل قىلىدۇ ـ دە، ئالادانداالنىڭ

تىجارىتى كاساتلىشىدۇ.

ئالدىنىش، قويۇلۇش، تېپىرلاش، ۋەيران بولۇش شەھەرگە كىرگەن چارۋىچىلار قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئاقىۋەت. بۇ يازغۇچىلار ئومۇميۈزلۈك تەرغىب قىلغان تېما بولدى. بۇ بازار قانۇنىيىتىگە ماسلىشالمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان تىراگېدىيە ئىدى. ئەسەرلەر كىشىلەرگە بازار رىقابىتى ۋە سودىنىڭ رەزىللىكىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىللە، يېڭى تەرتىپ ۋە بازار پىرىنسىپىغا تېزىرەك ماسلىشىش لازىملىقىنى، بولمىسا دەۋر تەرەپپىدىن شاللىۋېتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

(2) ئادىمىيلىكنىڭ يوقىلىشى ۋە كۈلتۈرنىڭ بەرباتلىقى

جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان ئادىمىيلىكنىڭ يوقىلىشى ۋە كۈلتۈرنىڭ يىگىلىشى 21 - ئەسىرنىڭ بېشىدىكى موڭغۇل يازغۇچىلىرى ئىپادىلەشكە تىرىشقان باش تېمىلارنىڭ بىرى. سېباتېرنىڭ «يەكقانات قاغا» دېگەن ئەسىرىدە[13] نامرات، قالاق يېزىلاردا زامانىۋىلىشىشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاپتور ئاجىبا كەنتىنى زىيالىيلار مەۋقەسى بويىچە شەھەر مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ تەسۋىرلەيدۇ. ئاپتورنىڭ تەسۋىرلىگىنى هازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا كېلىپ چىققان ئەپسۇس - نادامەتلەردىن ئىبارەت بولدى. زامانىۋىلىشىش شامىلى ئاجىبا كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭ باياشات، نۇرانە تەرىپىنىڭ ئەمەس، ئەكسىچە پاسسىپ، زىيانلىق تەرىپىنىڭ تەمىنى تېتىدى. مانا بۇ ئاپتور تەنقىدىنىڭ تەخىرسىز نۇقتىسى.

ئاپتور ئەسىرىدە نىچشىنىڭ «تەڭرى ئۆلدى» دېگەن سۆزىنى تەكرار نەقىللەپ، ئاجىبا كەنتىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى «تەڭرى»نىڭ يوقالغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. كەنت كىشىلىرىنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە كېلەچەككە بولغان ئىشەنچى ئاجىبا كەنتىنىڭ

تەڭرىسى ئىدى. لېكىن كىشىلەر بۇ «تەڭرى»دىن مەھرۇم بولدى، «تەڭرى ئۆلدى»، بۇ ئۇلاردا روھ ئۆلدى، پەقەت ھاۋايى ـ ھەۋەسلا قالدى دېگەنلىك ئىدى. مانا بۇ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئادەمىيلىكنىڭ بەربات بولۇشى.

بۇجېرگېت «ئوۋچى ۋە ئوۋ ئىتى» ناملىق ئەسىرىدە[①] ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ئوۋ مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى تېما قىلغان. ئەسەردە ئوۋ مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىش سەۋەبى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، دېھقانچىلىق ۋە شەھەرلىشىشنىڭ ئوۋ مەدەنىيىتىنىڭ بېشىغا چىققانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ۋېنگىندوبى كەنتىنىڭ ئادەملىرى بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان ھامان تاغ ـ دالالارنى قاپلىغان ئېكىنزارنى كۆرىدىغانلىقى، ئىلگىرىكى ئوۋ مەيدانلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئېتىزغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى، ئەمدىلىكتە ئوۋ ئوۋلاش قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەردە مەدەنىيەت ئالمىشىش، ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش ئاقىۋىتىدە ئەنئەنىنىڭ يوقىلىپ كېتىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە يېزىلغان موڭغۇل پوۋېستلىرى ئېكولوگىيە، ھاياتلىق، جەمئىيەت، كۇلتۇر قاتارلىق جەھەتلەردىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلارنى ئىپادىلىدى. بۇ موڭغۇل تىلىدىكى ئەدەبىياتنىڭ تېما جەھەتتىن چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن تەۋرىتىلگەن قىممەتلىك قەدەم ۋە بېسىلغان ئەھمىيەتلىك قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان خام يەرلىرى بار:

1. نۇقتىئىنەزەر ئالدىن بېكىتىۋېلىنغان: ۋەقەلىك ئالدىن تۇرغۇزۇۋېلىنغان مەلۇم نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسەن توقۇلغان، سۇژېتلار شۇ بويىچە تەشكىللەنگەن. بۇ ھال ئەسەرنىڭ قاتمال، قوپال، كېلەڭسىز، ئۇقۇملاشقان بولۇپ قېلىشىنى بەلگىلىگەن.

2. مودا پىكىرلەرنىڭ كوپىيەسىگە ئايلىنىپ قالغان: ئادەتتىكى

ئىدىيە ۋە مودا پىكىرلەر ھەر خىل ۋەقە، سۆزنىڭ سىغداپ كىرگۈ-
زۈلگەن، پىكرى تېيىز، ئىجادىيلىقى يېتەرسىز بولۇپ قالغان.

3. بەدىئىي ئىزدىنىش ئاجىز: ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە يې-
ڭىچە ئىزدىنىش كەم. بۇ جەھەتتە 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى-
دىكى پىروزىلارغا نىسبەتەن خېلىلا يېتەرسىز.

شۇنىسى ئېنىقكى، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى تىنىمسىز
يېڭىلىق يارىتىشتا.

**نەقىل مەنبەلىرى**

① نارېنگاۋۋا: «جىياتىنىڭ كۆزى»، «ساۋلۇمېڭ» 2001 - يىللىق 1 -
سان.

② ئايۇرزانا: «قويۇق توغراقلىق»، «ساۋلۇمېڭ» 2001 - يىللىق 1 -
سان.

③ بەي فۇرۇڭ: «تاڭ شەبنىمى»، «زېلىمۇ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 2001 -
يىللىق 6 -، 7 -، 8 - سان.

④ بايىندالا: «ئادەم، تۆگە، بۆرە»، «ساۋلۇمېڭ» 2002 - يىللىق 1 -
سان.

⑤ ئويۇنبىلگە: «دەرىيادىكى تەنها يەلكەن»، «زېلىمۇ ئەدەبىيات - سەنئە-
تى» 2001 - يىللىق 6 - سان.

⑥ تيەن لىلى: «چۈش»، «زېلىمۇ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 2001 - يىل-
لىق 8 - سان.

⑦ ئويۇنبىلگە: «قايناقسۇ ۋە ئاچچىق قەھۋە»، «زېلىمۇ ئەدەبىيات -
سەنئىتى» 2002 - يىللىق 3 - سان.

⑧ رىنسوگى بىلگە: «سوكېتىنىڭ تويى»، «زېلىمۇ ئەدەبىيات - سەنئە-
تى»، 2001 - يىللىق 1 - سان.

⑨ ئولىزا بۇجېن: «بىردىنبىر قۇملۇق»، «ئالتېنگادىر» 2001 - يىل-
لىق 2 - سان.

⑩ م. خاسىباگىن: «چىلانزار»، «ئالتېنگادىر» 2001 - يىللىق 4 -
سان.

⑪ سابوكې: «ئوبا يولى»، «سىرىنغول» 2002 - يىللىق 8 - سان.

⑫ ئايونگا: «قۇت ئاشخانىسى»، «ئالتىپىنگادىر» 2002 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑬ سىپباتىر: «يەكقانات قاغا»، «گۈلدالا» 2003 ـ يىللىق 8 ـ، 9 ـ سان.

⑭ بۇ جىرگىت: «ئوۋچى ۋە ئوت ئىتى»، «گۈلدالا» 2002 ـ يىللىق 5 ـ سان.

«زىلمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (موڭغۇلچە)نىڭ 2008 ـ يىللىق 3 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالىنى ئېردۇنخادا (موڭغۇل) خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) نىڭ 2009 ـ يىللىق 7 ـ ساندا ئېلان قىلغان.

# بۆرە توتېمى: تەنقىد ۋە تەنقىد

ئىلاۋە: ئىككى يىل ئىلگىرى پېشقەدەم شائىر، ئىجتىمائىتلىق ئەدەبىي تەرجىمانىمىز ئىمىن ئەھمىدى ئەپەندىنىڭ يەنە بىر يىرىك ئەدەبىي تەرجىمىسى — «بۆرە توتېمى» («狼图腾») رومانى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەزكۇر كىتابنىڭ خەنزۇچىسى 2004 - يىلى ئاپرېلدا تۇنجى قېتىم نەشردىن چىققاندا خەنزۇ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ناھايىتى بازار تاپقان ھەم كەسكىن بەس - مۇنازىرە قوزغىغانىدى. مەزكۇر روماننىڭ ئۇرۇمچى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىكى سېتىلىش مەنزىرىسى دىققىتىمنى قوزغىغانىدى، مەنمۇ بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىن بىرنى سېتىۋالدىم. سېتىۋالغىنىم كىتابنىڭ 2005 - يىلى ئاۋغۇستتىكى 13 - نەشرى ئىدى. دېمەك، «بۆرە توتېمى» ئاز كەم بىر يېرىم يىلنىڭ ئىچىدە 13 قېتىم نەشر قىلىنىپ بولغانىدى.

ئەسلىدە «بۆرە توتېمى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشردىن چىققاندىن كېيىن بىرەر ئىلىم ئورگىنى ياكى تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ياكى قوش تىل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىنكاسىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى. خاسلا كىتابنىڭ نېمىنى يايدىغان نەشرىيات ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى بولسىمۇ كىچىككىرەك دائىرىدىكى ئىلىم سۆھبىتى ئۇيۇشتۇرسا نورمال بولاتتى. ئەپسۇسكى، تەرجىماننىڭ مېھنىتى، روماندىكى غۇلغۇلىغا سەۋەبچى ئىدىيەلەر ئۇيغۇرلاردىكى بىتەرەپ تىرىكچىلىك پەلسەپىسىنىڭ سۈكۈناتلىرىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

«بۆرە توتېمى» قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە چەت ئەللەرگىمۇ يۈزلەندى. قىزىق يېرى شۇكى، مەزكۇر روماننىڭ ھەر خىل تىلدىكى بازىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلارنىڭ سۈركىلىشلىرى ئىچىدە ئىمزىچىل كېڭىيىپ باردى. ھېس قىلىشىمچە، رومان ھەققىدىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش پىكرىدىن تەنقىد پىكىرلىرى كۆپ بولدى. لېكىن رومان ئەنە شۇ تەنقىدىي پىكىرلەر ئارىسىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ ئۆزىگە تارتتى. كۆزەتكىنىمدە، بەزى تەنقىدلەردە مىللەتچىلىك خاھىشلىرى خېلى روشەن بولغان. بەزى تەنقىدلەر مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن جۇڭگو جەم-

مىيتىننىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي ھالىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇ-
رىغا چىققان. كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات تەنقىدچىسى لى جيەنجۇننىڭ ئو-
قۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلغان «ئەدەبىياتتىكى فاشىزم» ناملىق
ماقالىسى «بۆرە تۇتېمى»نىڭ ئاپتورى جياڭ رۇڭ ئەپەندىگە خېلى قاتتىق
تەگكەن ماقالىلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يوقاپ كەتتى دەپ ئەپسۇسلىنىۋاتقان مۇشۇ ۋاقىت-
مىزدا لى جيەنجۇننىڭ ماقالىسى ۋە جياڭ رۇڭنىڭ مۇخبىر بىلەن ئۆتكۈز-
گەن سۆھبىتى ئالدىمىزدا كەسكىن مۇنازىرە كەيپىياتىنى نامايان قىلىپ،
بارا - بارا ئىمتاسىلىشىپ كېتىۋاتقان ئەدەبىيات قوشۇنىمىزغا ئويلىنىش
ئېلىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس. ئاچچىق گەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەقىقەت بو-
لۇشى ناتايىن، لېكىن ئاچچىقتىن خالىي ھەقىقەت بولمايدۇ. بىزدە تەنقىدنى
قارشى ئالالايدىغان مەردانىلىك، تەنقىدچىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان ئەركەك-
چىلىك، تەنقىدچىلىككە ئىلھام بېرەلەيدىغان مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە تەنقىد-
نى پىرىنسىپسىزلاشتۇرمايدىغان تەنقىد ئەخلاقى بارلىققا كەلمىگۈچە، ئەدە-
بىياتىمىز قىزىمايدۇ.
مېنىڭچە، لى جيەنجۇننىڭ ماقالىسىنى ئىلمىي سوغۇققانلىق تىپىدىكى
ماقالە دېگىلى بولماس، ئەكسىچە ئۇنى جۇڭگوچە قىزىققانلىق تىپىدىكى
ماقالە دېسە بولىدۇ. ئەمما، يازغۇچى جياڭ رۇڭنىڭ مۇخبىر بىلەن ئۆت-
كۈزگەن سۆھبىتىنى ئاشۇ ماقالە بىلەن يانمۇيان قويغىنىمىزدا، ئاپتورنىڭ
پوزىتسىيەسىدىكى دىراماتىك كەيپىياتنى ئوچۇقراق كۆرۈپ يېتەلەيمىز.
«مۇنازىرە مەلۇم بىر ئەقلىي ئەمگەكنىڭ تويى» دېگەن قاراش بىزنىڭ ياز-
غۇچىلىرىمىز ۋە مۇھەررىرلىرىمىز تەرىپىدىن تەبىئىي قوبۇل بولۇشى
كېرەك.

— تەرجىماندىن

## ئەدەبىياتتىكى فاشىزم

لى جيەنجۇن

1934 - يىلى لۇ شۈن ئەپەندى «ئەكېلىشپەرۋەرلىك» دېگەن ما-
قالىسىنى يازغاندى. ئۇ كوناپەرەسلىك ۋە كۆرەڭلەرچە «ئاپىرىش-

پەرەسلىك» كەيپىياتىدىن ئاغرىنىپ، باتۇرلۇق ۋە كەمتەرلىك بىلەن باشقىلاردىن ئۆگىنىشنى، قىسقىسى، «ئەكېلىشپەرۋەرلىك»نى تەشەببۇس قىلغانىدى.

لۇ شۈن بۇ مەشھۇر ماقالىسىدە جۇڭگونىڭ ئۆزىمۇ بارمايدىغان، ياتلارنىمۇ كەلتۈرمەيدىغان بېكىنمىچىلىك خاراكتېرىنى تەنقىد قىلغانىدى. توپ ـ زەمبىرەكلەر جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىمۇ تالاي قېتىم مىخقا ئۇسكەندىن كېيىن جۇڭگولۇقلار سېپى ئۆزىدىن «ئاپىرىشپەرۋەر» گە ئايلىنىپ كەتتى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئالساق، يېقىندىن بېرى بىر قىسىم ئاسارئەتىقىمىزنى پارىژ كۆرگەزمىسىگە ئاپىرىپ بەردۇق، ئەمما كېيىن ئۇلارنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقالماي قالدۇق. يەنە بىرقانچە «ئۇستاز»ىمىز بىرنەچچە پارچە قەدىمكى ۋە يېڭى رەسىمنى ياۋروپادا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ شان ـ شەرىپىمىزنى ئاشۇرماقچى بولدى. بىراق، بىزدە «بار تاۋاقىم ـــ يان تاۋىقىم» دەيدىغان قائىدىگە ئاساسەن «ئەكەل!» دېيەلەيدىغان ئادەم قالمىدى. شۇڭا (ئۆز ۋاقتىدا) لۇ شۈن مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردە ‹بېرىش›، توغرۇلۇق ئارتۇق گەپ قىلغۇم يوق، بۇ ھەقتە گەپ قىلىشۋەرسەم زامانغا ئەگىشەلمەي قالىمەن. مەن پىخسىقراق بولۇپ، ‹بېرىش› بىلەن بولۇپ كەتمەي، ‹ئەكېلىش› نىمۇ بىلىشنى تەكىتلەيمەن. ئىشقىلىپ، بىز ئەكېلىشىمىز كېرەك. بىز ئۇنى ئەكەلسەك يا ئىشلىتىمىز، يا ساقلاپ قويىمىز، يا بۇزۇۋېتىمىز. غوجايىن يېڭى بولغاندىلا ئۆيمۇ يېڭى بولىدۇ. ئەكېلىدىغان ئادەم ئاۋۋال سالماق، باتۇر، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، خالىس بولۇشى كېرەك. ئەكەلمىگەندە ئادەم ئۆزىچە يېڭى ئادەم بولۇپ قالمايدۇ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتمۇ يېڭىلانمايدۇ.»

بەلكىم، «ئاكاڭ قارىغاي جاھاندا بىر» دەيدىغان مەغرۇرلۇق قۇتراتتى بولغاي ياكى «كىچىكلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق» يوقىمىدى بولغاي، ئۆزۈندىن بېرى «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلايلى» دې-

گەندەك ئۇلۇغ (قۇرۇق) گەپنى قىلىپ قويۇشتىن ھەمدە سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ «ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى»دىكى قېرىنداشلارغا سۆڭگۈتۈپ بېرىشتىن باشقا، «ئەكېلىشپەرۋەرلىك»كە كەمتەرلىك بىلەن يۈزلىنىپ باقمىدۇق.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھۋالىمىز سەللا ياخشى بولۇپ قالسا كۆرەڭلىكىمىز قايتىدىن تۇتۇپ كېتىپ، «ئاپىرىشپەرۋەرلىك» ھاياجىنىمىز قوزغىلىپ قالىدۇ. جى شيەنلىن ئەپەندى «پەش - ئېتەكلەر ياقا بولدى، ياقىلار ئېتەك» دېگەن مەنىدە بىر گەپنى قىلغانىدى. ئۇ 21 - ئەسىرنى جۇڭگو مەدەنىيىتى دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان دەۋر دەپ قاراپ، مەدەنىيىتىمىزنى دۇنيا خەلقىگە يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت «ئاپىرىشپەرۋەرلىك» چاقىرىقىنى ياڭراتتى. خەلق ئىچىدە «ئۆزۈڭ ماختىساڭ ھېساب ئەمەس، خەلق ماختىسا ھېساب» دېگەن گەپ بار. ئەگەر بىرەر مەدەنىيەت راستتىنلا ياخشى بولىدىكەن، ئاۋارە بولۇپ باشقىلارغا ئاپىرىپ بېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ياخشى نەرسىنى كىشىلەر رەھمەت - ھەشقاللا بىلەن ئۆزلىرى ئېلىپ كېتىدۇ.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا باشقىلارغا زورلاپ بەرگۈدەك تۈزۈك نەرسە يوق. ئارىمىزدىكى «مەشھۇر ئەدىبلەر» نىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ باشقىلارغا بەرگۈدەكلىرى يوق، بەلكى باشقىلار ئەدەپ - قائىدە ياكى قىزىقسىنىش يۈزىسىدىن ئەكەتمەكچى بولسا، بىز راستىنى ئېيتىپ، «بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە نامىغا تۇشلۇق تەم يوق، ئۈنچىلىك قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى» دېيىشىمىز كېرەك ئىدى. ئاشۇ قوپال ئەسەرلىرىمىزگە ئۆزىمىز مەستانە بولساق بولىدۇ - يۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، چاۋىمىزنى چىتقا يېيىپ يۈرمىگىنىمىز تۈزۈك.

بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئاپىرىشپەرۋەرلىك ئۇرۇنۇشلىرىمىزنىڭ ئاز - تولا ئۈنۈمى بولدىمۇ قانداق، چەت ئەللىك بىرقانچە دوست تۇساتتىنلا زامانىمىز ئەدەبىياتىغا قىزىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. لې-

كىن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چۇشمىگىنى ئۆزىمىزنىڭ دىققىتىنى ئاز-
چە تارتىپ كەتمىگەن نەرسىلەر ئىدى. باشتا ساۋ نەيچيەننىڭ ئە-
سىرى شىۋېتسىيەلىك مايۆرەن دېگەن جانابنىڭ ماختىشىغا سازا-
ۋەر بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنى ھەم ھاياجانلاندۇردى، ھەم خىجىل
قىلدى. ھاياجانلانغانلار «بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ھەتتا نوبېل مۇكا-
پاتى باھالىغۇچىلىرىنىڭ خاسىيەتلىك كۆزلىرىگە چېلىقىپتۇ» دې-
يىشتى. خىجىل بولغانلار «ئانا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسى-
دىكى ئاشۇ بولمىغۇر ئىشلاردىن ئۆزىمىزمۇ ئۇيۇلاتتۇق ئەمەسمۇ»
دەپ قېلىشتى. كىشىنى ئەڭ خىجىل قىلىدىغىنى، ساۋ نەيچيەننىڭ
سەھرا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسىرى بولماستىن، بەلكى «بۆرە
توتېمى» دېگەن كىتابنىڭ خەلقئارا بازاردا يۈز تېپىشى بولدى.

«جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل سا-
نىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، «پىنگگۇين» نەشرىياتى گۇرۇھىنىڭ باش
ئىجرائىيە ئەمەلدارى پېتېر فىېلد (Peter Field CEO) بېيجىڭ
2007 ـ يىللىق خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىدە «بۆرە توتېمى» «پىن-
گگۇين»نىڭ 2008 ـ يىلىدىكى ئەڭ مۇھىم كىتابى بولۇپ، 2 مىليون
پارچىدىن ئارتۇق سېتىلىشىغا ئىشەنچىمىز بار، دېگەنىكەن.

بۇ خەۋەر مېنى بىئارام قىلدى. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئەسەر
بىزگە قىزىقىدىغان چەت ئەللىكلەرگە خاتا ئۇچۇر بېرىپ، ئۇلارنىڭ
جۇڭگو ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ۋە چۈشەنچىسىنى خاتا يېتەكلىشى
مۇمكىن ئىدى. ئاڭلىشىمچە، جۇڭگولۇق ئەرلەر ئۆرۈمە چاچ
(Pigtail توڭگۇز قۇيرۇقى) قويىدۇ، توقاللىرى بىلەن رومانتىك
ياشايدۇ، ئاياللىرى پۇتىنى بوغۇپ، چىمدىپ دەسسەپ ماڭىدۇ، دەي-
دىغان ئەجنەبىيلەر ھازىرمۇ بار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ «بۆرە توتې-
مى»نى ئوقۇغاندىن كېيىن «سوتسىيالىزم» بۆرىلىرى بىلەن «كاپى-
تالىزم» بۆرىلىرىنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئېتىقادى ئوخشىمايلا قال-
ماستىن، جۇڭگودىكى بۆرىلەر تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىپ يۇرمىسىمۇ
شەخسىيەتسىز ئىنتېرناتسىيونالىزم جەڭچىسى بولۇپ، ئادەم يې-

يىشنىڭ ئورنىغا ئادەملەرنى سۆيىدىكەن، ئۇز كۆمىچىگە چوغ تار-
تىشنىڭ ئورنىغا، چوغنى ئاتايىتەن باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئىتتىر-
دىكەن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغاپلا قالماي، يەنە ئۇلگە قى-
لىشقا ئەرزىيدىكەن، دەپ چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم.
قاراڭلار، «بۆرە توتېمى» دىكى بۆرىلەر كەپتەردىنمۇ يېقىملىق،
قويدىنمۇ ياۋاش ئىكەن، تېخى ئۇلاردا باتۇرلۇق، ئىنتىزامچانلىق،
قۇربان بېرىش روھىدىن ئىبارەت ھەربىي ئەخلاقمۇ بار ئىكەن.
ئىشەنمىسەڭلار، «بۆرە توتېمى»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتقانلىرىغا
زەن سېلىپ بېقىڭلار.
جياڭ رۇڭ «جەنۇب ئازنىسى»گېزىتىنىڭ مۇخبىرىغا جاۋاب
بەرگەندە مۇنداق دېگەن: «يايلاق مىللەتلىرى بۆرە بىلەن كۈرەش
قىلىپ ئەقىل ـ پاراستى، خاراكتېرى ۋە سەۋر ـ تاقىتىنى يې-
تىلدۈردى. بۆرىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ھەممىشە ئۇلارغا تەسىر قى-
لىپ تۇردى. يايلاقتا ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بۆرە، بۆرىنىڭ
ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئادەم، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تىللاردا
داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەرمۇ ئاز ئەمەس.
مەن نېمىشقا يايلاق مىللەتلىرىنى ھەربىي مىللەت دەپ قارايمەن؟
چۈنكى ئۇلار ئالاھىدە ھوشيار بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز سەگەكلىك-
تە چېنىقىدۇ. بۆرىلەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك رولىنى مەن كىتابتا
ئېنىق يازدىم. مېنىڭ يازغىنىم سىلەر كۆرۈپ باقمىغان بۆرە. بۆرە
پەقەتلا ۋەھشىي نەرسىمۇ؟ بۆرىنىڭ خاراكتېرىدە يەنە ياخشىلىق،
مۇلايىملىق، يايلاقنى ئاسرايدىغان تەرەپلەرمۇ بار.» پاھ، ئۇ يازغان
بۆرىنى بىزمۇ كۆرمىگەن يەردە، چەت ئەللىكلەر قانداقمۇ كۆرسۇن.
«بۆرە توتېمى» نىڭ ئاپتورىنىڭ قارىشىچە، غەربلىكلەر گەرچە
ئۇلۇغ جۇڭگو بۆرىلىرىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھىي
مەنبەسى دەل مۇشۇ يايلاق بۆرىلىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە،
ئۇ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىلىق يازغۇچىلار ھەم مۇخبىرلاردىن «بۆرە
توتېمى»نى ئوقۇغاندىن كېيىن، كىتابتا تەسۋىرلەنگەن يايلاق مەدە-

نىيىتىنى غەربكە يېقىن ھېس قىلدىڭلارمۇ ياكى جۇڭگوغا يېقىن ھېس قىلدىڭلارمۇ، دەپ سوراپتىكەن، ئۇلار غەربكە يېقىن ھېس قىلدۇق، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. جياڭ رۇڭ كېيىن باشقىلارغا يەنە «مېنىڭ بۇ رومانىم نېمىشقا غەرب بىلەن شەرقتە ئومۇميۈزلۈك ئالقىشقا سازاۋەر بولدى؟ چۈنكى مېنىڭ يازغىنىم جۇڭگونىڭ ھېكايىسى، غەربنىڭ روھى» دەپتۇ.

ئەسلىي مۇنداق ئىكەن ـ دە!

ئەسلىدە «بۆرە توتېمى» نىڭ كۈچ سەرپ قىلىپ ئىپادىلىگىنى جۇڭگونىڭ يايلاق مەدەنىيىتى روھى بولماستىن، «غەربنىڭ روھى» ئىكەن ئەمەسمۇ!

ئەسلىدە يايلاق مەدەنىيىتى بىر بەلگە سۈپىتىدە «بۆرە توتېمى» نىڭ ئاپتورىنىڭ غەرب روھىنى تەرغىب قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قاپتىكەن ـ دە!

بىراق، «بۆرە توتېمى» دا ئىپادىلەنگىنى غەربنىڭ روھىمۇ ئەمەس، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەرغىب قىلغىنى غەربتە ئاللىبۇرۇن جۇلىقى چىقىپ كەتكەن مەدەنىيەت، يەنى نىچشېنىڭ ئاۋامغا قارشى قويغان «ئۈستۈن ئادەم» (بەزىلەر «كامىل ئىنسان» دېيىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، خەنزۇچە، «超人» دەپ ئېلىنىدۇ) پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قانداش بولغان فاشىزم مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. نىچشې «ئۈستۈن ئادەم»نى ئادەتتىكى ئادەمگە قارشى قويىدۇ. ئۇنىڭچە، «ھوقۇق ئىرادىسى (كۈچ ئىرادىسى) ھەرقانداق يول قويۇشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچتىن كەلگەن ۋە كۈچنى يۈكسەلدۈرىدىغان ھەرقانداق نەرسە ياخشى، ئاجىزلىقتىن كەلگەن ۋە كۈچنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق نەرسە يامان»[①]. بىراق، راستىنى ئېيتقاندەك، نىچشې ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىسى كىشىنى بىزار قىلىدۇ. «چۈنكى مەنمەنلىكنى مەجبۇرىيەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ئۇ ساپلا ئىستېلاچىلارغا چوقۇنىدۇ. ئەمما بۇ ئىستېلاچىلارنىڭ شان ـ شەرىپىدە كىشىنى ھالاك قىلىدىغان زېرەكلىك بار. نىچشې ئومۇمىي مۇھەب-

بەتنى كەمستىدۇ، ئەمما مېنىڭچە ئومۇمىي مۇھەببەت (مېھرىبانلىق) دەل مەن ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلارنىڭ تۈرتكىسى.»[2] مەنپەئەتپەرەسلىك راسا ئەۋج ئالغان بۇ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە بىز مېھرىبانلىقنى تېخىمۇ تەكىتلىشىمىز كېرەك. ئادەم بىلەن هايۋاننىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى ماهىيەتلىك پەرقلەرنى تېخىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك. بولمىسا جەمئىيىتىمىز مالىمانچىلىققا پېتىپ قالىدۇ، كىشىلەر بىخەتەرلىك كاپالىتى يوق بولغان قورقۇنچلۇق مۇھىتقا كىرىپ قالىدۇ. ئاقىۋەت خۇددى هولباخ ئېيتقاندەك «هەممە ئادەم بىر ـ بىرىنى دۈشمەن كۆرىدىغان بولىدۇ، هەممە ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ياشاپ، باشقىلارنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. هەربىر ئادەم ئۆز نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئىجتىمائىي مەنپەئەتكە قارىمۇقارشى بولغان تار شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈنلا باش قاتۇرىدۇ. ئادەم ئادەمگە چىلبۆرە بولغان ئاشۇ دەۋر يېتىپ كەلگەندە، جەمئىيەت ئەزاسى سۈپىتىدىكى ئادەم تاغ ـ ئورمانلاردىكى ياۋا ئادەملەردىنمۇ بەكرەك بەختسىز هالغا چۈشۈپ قالىدۇ».[3] «بۆرە توتېمى» گەرچە بۇ مەنپەئەتپەرەسلىك دەۋرىنىڭ قىممەت قارىشىغا مۇناسىپ كەلسىمۇ، كىشىلەرنىڭ پۇل ۋە هوقۇق نەپسىنى قاندۇرۇشىغا روهىي مەدەت بەرگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ هاۋايى ـ هەۋەسلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە ئەخلاقىي دەستەك بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما هەرگىزمۇ جۇڭخۇانىڭ مىللىيىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىشەنچلىك ئېتىقاد مەنبەسى بولالمايدۇ، شۇنداقلا دۇنيا خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئاكتىپ تەسىرمۇ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ماهىيەت جەھەتتىن ئىنسانىيلىق ۋە مەدەنىيەتكە زىت بولغان ئەخلاقتۇركى، پەقەت مالىمانچىلىق پەيدا قىلىش، بىزنى بالا ـ قازاغا تىقىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ.

شۇڭا، مەن «بۆرە توتېمى»نى تەنقىدلىگەن بىر پارچە ماقالەمدە، «بۇ رومان بۆرىگە ئۇلۇغۋار روھ ۋە پەزىلەت ئاتا قىلىش ئارقىلىق پۇچەك كۇلتۇرەل ئۇتوپىيەنى قۇرۇپ چىقماقچى بولغان. بۇ بىر

خىل تاجاۋۇز خاراكتېرى ۋە فاشىزم كەيپىياتىدىكى مەدەنىيەت ھەم قىممەت قاراشنى تەشەببۇس قىلغانلىق، ئۇنىڭ نېگىزى بۆرىنى ئۇلگە قىلىپ ئادەم يېيىش، ئەخلاقنى چۆرۈۋېتىپ مەقسەتكە يېتىش. ئۇ، زوراۋانلىق ۋە قاراملىقنى ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى قىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانىي ئىلگىرىلەشنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك پىرىنسىپىغا ماس كېلىشى، ئۇنىڭدا مۇقىم قىممەت يۆنىلىشى ھەم ساغلام ئەخلاقىي ئۆلچەم بولۇشى كېرەكلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇش»[4] دەپ يازغانىدىم.

«جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل ساندىن مەلۇم بولۇشىچە، گېرمانىيەلىك خەنزۇشۇناس گۇبىڭ «بۆرە توتېمى»نى مۇنداق تەنقىدلىگەن: ئەگەر بۇ رومان گېرمانىيەدە بولسا كىشىلەر تەرىپىدىن «فاشىست» دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى. بۇ باھا «بۆرە توتېمى» نىڭ ئاپتورىنى غەزەپلەندۈرۈۋەتكەن:

««فاشىزم› دېگەن ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› چە قالپاقتا مېنىڭ ئىنكاسىم مۇنداق: گۇبىڭ ئەپەندى ‹فاشىزم›نىڭ نېمىلىكىنى ئازچە ئۇقمايدىغان ئوخشايدۇ. فاشىزم دېگەن نېمە؟ فاشىزم دېگەن ئۆز مىللىتىنى ئۇلۇغلاپ، باشقا مىللەتلەرگە تازىلاش ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدىغان سىياسەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتكە قارشى مۇستەبىتلىكتۇر. فاشىزم ئۆز مىللىتىنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، باشقا مىللەتلەرنى تۆۋەن دەپ كەمسىتىدۇ. ئۇلارچە، بۇ ‹مۇنەۋۋەر› مىللەت ‹تۆۋەن› مىللەتنى خالىغانچە قۇرۇتۇپ، يەر ـ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە مۇتلەق بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن مەن ‹بۆرە توتېمى› دېگەن رومانىمدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە تەنقىد يۈرگۈزدۇم، خالاس. مېنىڭ قارىشىمچە، خەنزۇلارنىڭ خاراكتېرىدە چوڭ كەمتۈكلۈك بار بولۇپ، ئۇلار ‹قوي› ۋە ‹ئۆي ھايۋىنى› خاراكتېرىدىكى مىللەت. ئەجەبا، گىتلېر فاشىستلىرى گېرمان مىللىتىنى ‹قوي› دەپ ئەيىبلىگەنمىدى؟ يەنە كېلىپ ‹بۆرە توتېمى› دا مەن

يايلاق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىنى، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا ھۆرمەتنى تەشەببۇس قىلدىم. كىتابتا، چارۋىچىلار خەنزۇ زىيالىي ياشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتى ھەم دوستى قاتارىدا كۆرىدۇ. خەنزۇ ياشلارمۇ موڭغۇل قېرىلارنى «ئاپا»، «دادا» دەپ چاقىرىدۇ. ئەجەبا، فاشىستلارنى «دادا» دەپ چاقىرغانمىدى؟ چارۋىچىلار بىلەن كەلگۈندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قان تۆكۈلۈش بولمىغان، ئىرقىي تازىلاش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق تېخىمۇ بولمىغان. روشەنكى، «بۆرە توتېمى» فاشىزمغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ماھىيەتكە ئىگە. ئەجەبا، گېرمانىيە فاشىزمىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان گۇبىڭ مۇشۇنچىلىك پەرقنى ئايرىيالماسمۇ؟ ئەكسىچە، ئۇ باشقىلارنى فاشىزم نامى بىلەن قارىسىغىلا ئەيىبلىدى. ئەگەر بۇ ئىشنى گېرمانىيە قانۇن سىستېمىسىغا قويساق، بۇ پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ نام ـ شەرىپىگە دەخلى قىلىش جىنايىتىگە ياتىدۇ. مەن گېرمانىيە سوت كوللېگىيەسىگە ئەرز قىلىش ھوقۇقۇمنى ساقلاپ قالىمەن.»⑤

«بۆرە توتېمى»نىڭ ئاپتورى گۇبىڭنى فاشىزمنى چۈشەنمەيدىكەن دېيىشىدە نېمە ئاساس باردۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ فاشىزمغا بەرگەن ئېنىقلىمىسىمۇ چالا. چۈنكى، ئۇ پەقەت ئاللاھىدە شەكىلدىكى فاشىزم ھەققىدە گەپ قىلغان. ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيە نۇسخىسىدىكى شوۋىنىزم ۋە ئىرقىي تازىلاشتىن باشقا يەنە ھەر خىل تىپتىكى فاشىزم بىلەن بىللە يەنە ئادەتتىكى فاشىزممۇ بار.

ئۇنداقتا، فاشىزم دېگەن زادى نېمە؟

«بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى» دىكى نوپۇزلۇق تەبىر بويىچە بولغاندا، فاشىزم (Fascism) ئالدى بىلەن «بىر تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەت بولۇپ، ئىتالىيەدە (1922 — 1934)، گېرمانىيەدە (1933 — 1945)، ئىسپانىيەدە (1939 — 1975) ۋە باشقا ئەللەردە ھۆكۈم سۈرگەن. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، فاشىزم ئاتالغۇسى ھەرقانداق ئوڭچىل

مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى، ھاكىممۇتلەقلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ھاكىمىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئىتالىيە تىلىدىكى «Fascsmo» ئىبارىسى «Fasces» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى قارىياغاچ ياكى قېيىن دەرىخى شېخىغا پالتىنى قاداپ قويۇش بولۇپ، ئۇ قەدىمكى رىمدا ھوقۇقنىڭ سىمۋولى ئىدى. 1919 ـ يىلى مۇسسولىنىي بۇ بەلگىنى ئىتالىيە فاشىزمىنىڭ گېربى قىلىپ ئىشلەتكەنىدى. ھەر خىل فاشىزم ئورتاق بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ئۇلارنىڭ يەنە كىشىلەرنى ئالاھىدە سېھرىي كۈچكە ئىگە، دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان داھىيغا چوقۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان خۇسۇسىيىتىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئارمىيەنى، ئۇرۇشنى، بويسۇنۇشنى ئۇلۇغلايدىغان؛ دېموكراتىيەنى، ئەقىلنى ۋە بۇرژۇئا قىممەت قارىشىنى باستۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئىتالىيە فاشىزمى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئىتالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، رەھبەرلىرىنىڭ ناچارلىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ قالايمىقانلىشىشى تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئۈمىدسىزلىكى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇنداق ۋەزىيەت ھاكىممۇتلەقلىقنى، بولۇپمۇ ئارمىيە ئەخلاقىنى بېزەپ كۆرسىتىدىغان سىياسىي كەيپىياتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گېرمانىيەگە ئوخشاشلا ياپونىيەمۇ ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى رولىنى ئاجىز، ئۇلگە دەپ قاراپ، ‹تۆۋەن› مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غايىسىگە يەتمەكچى بولدى».[6]

بۇ نوپۇزلۇق ئېنىقلىمىدىن فاشىزمىنىڭ بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلالايمىز. فاشىزم ھوقۇقنى چوڭ بىلىدۇ، زورلۇق كۈچىگە ئىشىنىدۇ، «ئارمىيە، ئۇرۇش ۋە بويسۇنۇشنى تەرغىب قىلىدۇ». ئۇنىڭدا باراۋەرلىك ئېڭى يوق، ئادەملەرنى ۋە مەدەنىيەتنى ئېسىل ۋە پەس، يۇقىرى ۋە تۆۋەن دەپ ئايرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھېسسىيات جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ ياۋۇز ۋە شەپقەتسىز بولۇپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلار ئۈستىدىكى بويسۇندۇرۇشىنى مۇقەررەر-

لىك دەپ ئىشىنىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغۋار ئىش ۋە ئۆلمەس تۆھپە دەپ سۈپەتلەيدۇ. فاشىزم يەنە جاھانغا پاتمىغۇدەك دەرىجىدىكى مەغرۇرلۇق ۋە ھېچنېمىنى كۆزگە ئىلمايدىغان تەكەببۇرلۇقنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ تەنقىدى ھەم گۇمانىنى رەت قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلەن سۆھبەتلىشىش تەلىپىنى باستۇرىدۇ. بۇ ئالامەتلەر بويىچە مەن «بۆرە توتېمى» نى «تاجاۋۇز ۋە فاشىزم خاھىشىدىكى مەدەنىيەت تىندىنسىيەسى»نى ئىپادىلىگەن، دەپ ھېسابلىدىم. ئەمما «بۆرە توتېمى»نىڭ ئاپتورى دەيدۇكى: «يايلاقتىكى ھەقىقىي بۆرە تەبىئىتى، گەرچە ھۇجۇمكارلىق ۋە قىرغىنچىلىق تۈسىگە ئىگە بولسىمۇ، يەنە ئەركىن، مۇستەقىل، كۈچلۈك ۋە ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە، رىقابەتچى، ئەقىللىك، ھەمكارلىققا باي، كۆيۈمچان، ئائىلىسىگە مەسئۇل بولىدىغان پەزىلەتلەرگە ئىگە. مەن بايقاپ يەتكەن ‹بۆرە تەبىئىتى› كونا ئۇقۇملاردىن، باللار ئوقۇشلۇقلىرى تېپىدىكى تونۇش رامكىسىدىن ھالقىپ، بۆرىگە ئادىل باھا بېرىشكە يۈزلەنگەن. ‹بۆرە توتېمى› ھەققىدىكى تەنقىدلەردە ۋە مېنىڭ دالا تەكشۈرۈشۈم ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى نەتىجىلىرىم ھەم خۇلاسىلىرىم ئەخلاق ئەندىزىسى بويىچە ئىنكار قىلىندى. بۇ، يېرىم كىلوگىرام يېمەكنى جۇڭگونىڭ 16 سەرلىك كونا تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ، كەم بېرىپتۇ دەپ ئۆكتە قوپۇش بىلەن ئوخشاش ئىش ئەمەسمۇ. كىتابىمنى ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇرمەن بۆرە ھەققىدىكى قاتمال تونۇشنى ئۆزگەرتىپ، بۆرىگە چوقۇنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا يۈزلەندى.»⑦ ئاپتور بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغۋاتقان «ھۇجۇمكارلىق ۋە قىرغىنچىلىق»، «كۈچ ۋە ئىلگىرىلەش روھى» دېگەندەك تەرىپلەر تېپىك فاشىزم قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت پىرىنسىپى ئەمەسمۇ. بۇنداق قاراشلار «كۆيۈمچان» دېگەندەك پەزىلەتلەر بىلەن ھەرگىزمۇ سىغىشالمايدۇ.

ئېيتىلىشىچە، «بۆرە توتېمى» رومانىنى دۇنياغا يۈزلەندۇرۇش

ئۈچۈن جۇڭگونىڭ كىتاب سودىگەرلىرى جىق ئىش قىپتۇ: ئۇلار كىتابنى ئەڭ ياخشى تەرجىمانلارغا ئۆرۈتمەكچى بوپتۇ، تەسىرى چوڭ نەشرىياتلاردا نەشر قىلدۇرماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق خەنزۇشۇناسى، پىروفېسسور گولدبىلات ئىنگلىزچىغا ئۆرۈشكە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، «گولدبىلات بۇ قېتىم كىتابنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكىدىن مەخسۇس يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ مەشغۇلات تەرتىپى ناھايىتى زىچ بولۇپ، يولغىلا 60 سائەت كېتىدىكەن». «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ خەۋىرىچە، «جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئامېرىكىدىكى بازىرى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، نوقۇل تەرجىمىگە تايىنىپلا قالسا ئۇنىڭ بىر يىللىق كىرىمى 50 ~ 60 مىڭ دوللار، ئەڭ ئاز بولغاندا 20 مىڭ دوللار بولۇپ قالارمىش. گەرچە ئۇ كىشى مەشھۇر بولسىمۇ ئۆزى قىزىقمايدىغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، كۈننى كۈن ئېتەرمىش. چۈن شۇنىڭ ‹بېيجىڭلىق بالا› دېگەن ئەسىرىنى ئۆزى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، ئامېرىكىلىق ياشلارنىڭ قىزىقىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىكەن. نەشرىيات شەن دى دېگەن كىشى ئارقىلىق گولدبىلاتنى تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇ ياق دېمەپتۇ». ئۇنىڭ «بۆرە توتېمى»نىڭ تەرجىمانلىقىنى قوبۇل قىلىشىمۇ جان بېقىش ئۈچۈنمىدۇ، بىلمىدىم.

باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشىنى خالاش نورمال ئىش، «ئاپىرىشپەرۋەرلىك» ئۈچۈن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن چەت ئەللەردىن ھەمكارلىققا ئادەم تەكلىپ قىلىشىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. بىراق، ئۆزىمىزدە ئەقەللىي سەۋىيەدىكى ئۆزىنى بىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. يەنە زىرائەت بىلەن ياۋا چۆپنى، بېلىق كۆزى بىلەن مەرۋايىتنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان دىتىمىز بولۇشى كېرەك. بىز ئەدەبىياتتىن تاشقىرى بولغان بازار ئۇنۇمىنىلا قوغلاشساق، چەت ئەل بازىرىدىكى ئىككى مىليون تىراژلىق رېكورتنى ياراتقاندىمۇ پەخىرلەنگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، بىز خى-

جىل بولساق بولىدۇ.

پەقەت ياخشى نەرسىلەرنىلا باشقىلارغا سۇنۇشقا ئەرزىيدۇ. بىراق، بىز ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ياخشى نەرسىلەرنى يارىتالايدىغان ئىقتىدارىمىزنى تەربىيەلىشىمىز كېرەك. شۇڭا، كەمتەرلىك بىلەن ئەكېلىشىمىز كېرەككى، ئاپىرىپ بېرىشكە ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ سادda فاشىزمىنى خەققە سۇنۇپ بېرىشكە ئالدىراپ كەتكەندىن كۆرە، خەقنىڭ پىشقان ئىنسانپەرۋەرلىكىنى ئەكىرسەك، خۇدىمىزنى بىلمىگەن هالدا بۆرىنى پىر تۇتقۇچە، كەمتەرلىك بىلەن ئادەمنى ئۇستاز تۇتساق ياخشىغۇ. ئادەمنى ئۇستاز تۇتقاندا، ئۇستازنىڭ ئۆزىگە يېتەلمىگەندىمۇ، ئادىمىيلىكتىن يىراقلاپ كەتمەيمىز. بۆرىنى ئۇستاز تۇتساق، ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى تۇرغانلا گەپ. «ئالتۇن لوڭقىدىكى ئەينۇلا» دىكى دەي ئەن «ياخشى بولۇش تەس، يامان بولۇش بىردەملىك» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ياخشىپەرۋەرلىكمۇ ئېهتىياتقا موهتاج ـ دە.

ئاپىرىشپەرۋەرلىك كېرەكمۇ ئەكېلىشپەرۋەرلىكمۇ؟ بۇ هازىرغىچە هەل بولمىغان مەسىلە.

گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) كېرەكمۇ، فاشىزممۇ؟ بۇ بىز كەسكىن ئويلىنىدىغان مەسىلە.

### نەقىل مەنبەلىرى

① ۋىندېلبەن: «پەلسەپە تارىخى دەرسلىكى» 2 ـ قىسىم، 924ـ بەت، سودا نەشرىياتى 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② راسسېل: «غەرب پەلسەپە تارىخى» 2 ـ قىسىم 326 ـ بەت، سودا نەشرىياتى 1976 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ هولباخ: «ناتۇرال پولىتىكا» 10 ـ بەت، سودا نەشرىياتى 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

④ لى جيەنجۇن: «مونچاقمۇ ياكى پۇرچاقمۇ — ‹بۆرە توتېمى› غا باها»، خېنەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2006 ـ يىلى 6 ـ سان.

⑤ «‹بۆرە توتېمى›نىڭ ئاپتورى: بۆرە تەبىئەتتىكى ئادىللىق»، «جەنۇب

ئازنىسى» گېزىتى 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل سانى.

⑥ «بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى» (خەنزۇچە نەشرى) 6 ـ توم 245 ـ بەت، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 2007 ـ يىلى نەشرى.

⑦ «‹بۆرە توتېمى›نىڭ ئاپتورى: بۆرە تەبىئىتىدىكى ئادىللىق»، «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتى 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل سانى.

«دۇنيا بىلىملىرى» نەشرىياتى 2009 ـ يىلى مايدا نەشر قىلغان «جۇڭگولۇقلار نېمىشقا خۇشال ئەمەس؟ — جۇڭخۇا گۈللىنىش دەۋرىدىكى زىيالىيلارنىڭ مەدەنىيەت تەشەببۇسى» (خې شۇڭفى باش بولۇپ تۈزگەن ) ناملىق كىتابتىن.

## «بۆرە توتېمى» نىڭ ئاپتورى: بۆرە تەبىئىتىدىكى ئادىللىق

— «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتى مۇخبىرىنىڭ جياڭ رۇڭ بىلەن سۆھبىتى

بېيجىڭلىق 58 ياشلىق بىر ئادەم 500 مىڭ خەتلىك رومانىنى يېزىپ چىقىپ، 21 يېشىدا «زىيالىي ياش» بولۇپ ئىچكى موڭغۇل يايلىقىغا بېرىپ چېنىققاندىكى تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن. رومان بىرىنچى قېتىم 20 مىڭ نۇسخا بېسىلىپ، 50 مىڭ نۇسخا بېسىلدى دېيىلدى. ئەمما، ئۇ تېزلا بازار تاپتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەسەر تۆت يىل ئىچىدە 2 مىليون 500 مىڭ نۇسخا بېسىلدى. «پىنگگۈىن» نەشرىياتى گۇرۇھىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى پىتېر فىيلد(Peter Field CEO) بېيجىڭ 2007 ـ يىللىق خەلقئارا كىتاب يەرمەنكىسىدە «بۆرە توتېمى» «پىنگگۈىن»نىڭ 2008 ـ يىلىدىكى ئەڭ مۇھىم كىتابى بولۇپ، 2 مىليوندىن كۆپ سېتىلىشقا ئىشەنچىمىز بار، دەپ جاكارلىغان.

تۆت يىلدا «بۆرە توتېمى» ئاساسىي ئېقىم ئەدەبىياتى قاتارىغا كىرەلمىگەن. بۇ ھەقتە ئىنتېر توردا مۇنازىرىلەر تىنچىمىغان. 2008 ــ يىلىنىڭ بېشىدا «بۆرە توتېمى» «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نامزاتىغا كىرگۈزۈلگەندە، يازغۇچى جياڭ رۇڭ ئۆزىنىڭ مۇكاپاتلىنىش سالاھىيىتىنى بىكار قىلغۇزۇۋەتكەن.

2008 ــ يىلى 13 ــ مارتتا ئامېرىكا «پىنگۇين» نەشرىياتى بىلەن چاڭجياڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت نەشرىياتى گۇگۇڭ سارىيىدا «بۆرە توتېمى»نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىنىڭ تارقىتىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتور جياڭ رۇڭ ئادىتى بويىچە مۇراسىمغا كەلمىدى. رومانىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى بولغان ياڭ كېنىڭ پېروتوتىپى، جياڭ رۇڭ بىلەن 11 يىل بىللە پادا بېقىپ، رەسىم سىزىپ يۈرگەن چېن جىچۈن ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى چارۋىچىلارنىڭ بىر قىسىم ۋەكىلى مۇراسىمغا قاتناشتى.

جياڭ رۇڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇراسىمدا جاڭ رۇڭغا قالدۇرۇلغان ئورۇندۇق بوش ئىدى. باشقىلار ئۇنى ئېلىپوچتا ئارقىلىق زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

17 ــ مارتتا ئاپتور جياڭ رۇڭ بىلەن ئىنگلىزچە تەرجىمان گولدبىلات جېجياڭنىڭ موگەنشەندە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان خەنزۇچە ــ ئىنگلىزچە تەرجىمە كۇرسىدا پەيدا بولغان ۋە «بۆرە توتېمى»غا دائىر تەرجىمە مەسىلىسى ئۈستىدە دىيالوگ (سۆھبەت) ئۆتكۈزگەن. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە ئەتىسى جياڭ رۇڭ «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتى مۇخبىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن «بۆرە توتېمى» رومانىنىڭ روھىي پەردىسى قايرىلغان.

### خاس ۋە ئورتاق تەقدىر

مۇخبىر: سىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە نەزەرىيەچىسى ئىدىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا سىز بىر «ئىشتىن

سىرتقى يازغۇچى». بىر ئالىم توساتتىنلا بىر رومانىنى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟

جياڭ رۇڭ: 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ~ 70 ـ يىللىرىدىكى ئۆزۈمنى «ئەدەبىياتچى ياش» دېسەممۇ بولىدۇ. شۇ چاغدا مەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ رومانى «تىنچ دون»نى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ شەپقەتسىز يايلاق تۇرمۇشىنى تېما قىلغان شېئىرىي پۇرىقى كۈچلۈك رومان ئىدى. كازاكلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ ئەركىن، مەردانە، جەسۇر خاراكتېرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. «بۆرە توتېمى» ئۇچۇن قولغا قەلەم ئېلىشىمىڭ يوشۇرۇن بىر سەۋەبى شۇكى، يايلاقنى سۆيىمەن. يايلاقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، يايلاق ۋە يايلاق خەلقى مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. كۆرگەنلىرى گۈزەل يايلاق ھەققىدىكى خاتىرەم جانلىنىپ، مېھرىم تاشتى.

مۇخبىر: سىز باشتا كۆرگەن يايلاق بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان يايلاقتىن پەرقلىنەمدۇ؟

جياڭ رۇڭ: پەرق ناھايىتى چوڭ. مەن يايلاقتا تۇرغان 11 يىل مابەينىدە يايلاقنىڭ گۈللەنگەن ھالىتىدىن ۋەيران بولۇش ھالىتىگىچە ھەممىنى كۆردۈم. دەسلەپ بارغىنىمدا يايلاقنىڭ چۆپلىرى تىزىمغىچە كېلەتتى. بىر قېتىم مەن قوي بېقىۋېتىپ، ئىككى ئالىقانچىلىك كېلىدىغان يەرنىڭ چۆپىنى يۇلۇپ قارىسام، بىراقلا 30 نەچچە خىل گىياھنى يۇلۇپتىمەن. گىياھلارنى تۇتقان قوللىرىمدىن خۇش پۇراق كېلەتتى. كۆز كەلگەندە بېھىساب گۈل ـ گىياھ گۈللەپ، دالالار ماي بوياق رەسىمدەك جىلۋىگە كىرەتتى.

ھازىرقى يايلاقلاردا ئوتلار شالاڭ ھەم پاكار، يىراقتىن قارىسا چۆپ باردەك، يېقىن كەلسە تۈزۈك بىرنېمە يوق. ئەينى چاغلاردا يايلاق نەم بولۇپ، چۆپلەر ئەۋرىشىم ئىدى، چىرىگەن چۆپلەر ئارىسىدىن سەرەڭگە تېلىدەك ئىنچىكە گۈمبەمەدەك (موگۇ) بوي سوزۇپ

چىقىپ تۇراتتى.

ئوت - چۆپلەرنىڭ قويۇقلۇقىدىن يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. چېكەتكىلەر تۇپراق يۈزىگە تۇخۇملاشقا ئامالسىز قالاتتى، شۇڭا چېكەتكىلەرمۇ ئاز ئىدى. ئەمدى ھەممە يەر قۇملىشىپ، قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان يەرلەردە چېكەتكىلەرمۇ ئاسان ئاينىيدۇ - دە، مەن ئاشۇ 11 يىل ئىچىدە چېكەتكە ئاپىتىنى كۆرۈپ باقمىغان. ھازىر ئۇ ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. بۇ بىرقانچە يىلدا يايلاققا بېرىۋىدىم، ھەممە يەردە چېكەتكە.

مۇخبىر: كىتابىڭىزدا بۆرە ھەققىدە يېڭى نۇقتىئىنەزەر بار ئىكەن. مىسالەن، بۆرە يايلاق ئېكولوگىيەسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقىسى دېگەندەك.

جياڭ رۇڭ: بۆرىنىڭ يايلاق ئېكولوگىيەسىدىكى رولى كىتابىمدا ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. مەن يازغان بۆرىنى سىلەر كۆرۈپ باقمىغانغۇ دەيمەن. بۆرە پەقەتلا ۋەھشىي نەرسىمۇ؟ بۆرىنىڭ تەبىئىتىدە يەنە مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق، يايلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش تەرەپلىرىمۇ بار. شۇ مەزگىللەردە بۆرىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى، چاشقانلارمۇ يوغان ھەم ھەر خىل ئىدى. بۆرىلەر ئاساسەن دېگۈدەك چاشقان يەيتتى. بۆرە چاشقاننى پەنجىسى بىلەن ۋاققىدە ئۇراتتى، چاشقان پىرقىراپ، ئوڭ - سولىنى بىلىپ بولغىچە بۆرىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ بولاتتى. بۆرە كۈچۈكى دەسلەپكى چاغلىرىدا تېز يۈگۈرەلمىگەچكە ئادەملەر ۋە پادا توپىغا يولىمايتتى، ئۇ ئانا بۆرىنىڭ ياردىمىدە توشقان، چاشقان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوۋلاپ يەيتتى. بۆرىنىڭ قارنى شۇنداق يامان ئىدىكى، ئۇنىڭ قانچە چاشقان يېسە تويىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. كىشىلەر ئەگەر بۆرە چاشقان يېمىسە، چاشقان ئاپەتكە ئايلىنىدۇ دېيىشەتتى. باشتا مەن بۇ گەپكە ئىشەنمىگەنىدىم. مەن خۇددى «تۆگمەننىڭ قېشىدا يارغۇنچاقنىڭ نېمە ئىشى» دېگەندەك، بۆرە قانداقمۇ چاشقان يېسۇن دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن بۆرە باققىنىمدا، چاشقاندىن بىر-

نى ئەكېلىپ بەردىم، ئۇ خۇشاللىقىدا چاشقاننى قويرۇقى بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتتى.

مۇخبىر: سىز يايلاقنىڭ «خاس ۋە ئورتاق تەقدىرى» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. بۇ ئۇقۇم قانداق شەكىللەنگەن؟

جياڭ رۇڭ: بۇنى ماڭا چارۋىچىلار ئۆگەتكەن. بىرنەچچە موڭغۇل چال شۇنداق دەيتتى: «ئادەم، ئات، قوي، كالا، چاشقان، بۆرە دېگەندەك جانىۋارلار خاس تەقدىر، لېكىن ئوت ـ چۆپ بىلەن يايلاق ئورتاق تەقدىر، يايلاق يوقالسا، ھەممىسى يوقىلىدۇ...» موڭغۇللارنىڭ ئەڭ ئېچىنىدىغىنى ئوت ـ چۆپ ۋە يايلاق بولۇپ، تارىخ كىتابلىرىدىمۇ كىم يايلاقنى بۇزسا، شۇ ھامان تەقدىرنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، دەپ يېزىلغان. موڭغۇللار ھەربىر گىياھنى جېنىدەك ئەتىۋارلايتتى. مۇشۇنداق خاس ۋە ئورتاق تەقدىر ئۇقۇمى غەربلىك ئوقۇرمەنلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان بولۇپ، موڭغۇللاردا نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا بار ئىدى.

مۇخبىر: سىزنىڭ ھاياتلىق ھالقىڭىزدا ئوت ـ چۆپ، قوي، ئادەم، بۆرىلەر باراۋەر مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، ئادەملەرنىڭ غوجايىنلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىلگەن.

جياڭ رۇڭ: ئادەم يايلاقتا بارسا ئۆزىنى ناھايىتى كىچىك ھېس قىلىدۇ. ئەگەر سىز تاغ چوققىسىدا تۇرسىڭىز، نەچچە ئون چاقىرىم يىراقتىن قارىڭىز كۆرۈنمەيدۇ. ئادەمنى تەبىئەتكە سېلىشتۇرغاندا، يوقىلاڭ بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى شۇ قەدەر ئەرزىمەسكى، ئادەم بۇنى ھېس قىلغانسېرى ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ.

يايلاقتا يېڭى بارغىنىمدا چارۋىچىلار ھەر يىلى كۈزدە قويلارنىڭ ئورۇق ـ سېمىزلىرىنى ئايرىپ، قىشتىن چىقالمايدىغانلىرىنى شاللىۋېتەتتى ـ چارۋىچىلار ئۇلارنى بىر قاراپلا ئايرىۋالاتتى. قىشتىن چىقالمايدىغانلىرىنى سويۇۋېتەتتى، ئازادلىق ئارمىيەگە ئەرزان باھادا سېتىۋېتەتتى.

بىر قېتىم ئاشۇنداق بىر شاللاش بولۇپ، بىر پاقلان ئايرىپ قېلىنىدى. مۆلچەرىمىزچە، ئۇنى ئانىسى ئېمىتمىگەن ياكى ئۇ كېسەل ئىدى. مەن بۇ پاقلاننى قىشتىن چىقالماسمىكىن، دېدىم. سوغۇق كۈچىيىپ، قار ئەۋجىدى، پاقلان ھەمىشە پادىدىن چۈشۈپ قالاتتى. ئۇ ئەگىشىپ ماڭاتتى ـ يۇ، توپتىن بارغانسېرى كېيىن قالاتتى. مەن ئۇنى قايتۇرۇپ كېتەتتىم، ئۇ مىدىرلاشقىمۇ ئامالسىز قالغانىدى.

بىر قېتىم پادىنى ھەيدەپ چىقسام، ئۇ كۆرۈنمىدى. قايتىپ قارىسام، ئۇ قوتاندا قىمىرلىماي تۇگۇلۇپ تۇراتتى، ئۇ بەكلا جۇدەپ كەتكەنىدى. ئىككىنچى كۈنى كېلىپ قارىسام، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى قوتاندا ئوت يەپ تۇرۇپتۇ، سوغۇق كۈچەيگەندە تامنىڭ دالدىسىدا تۇگۇلۇپ تۇراتتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى پۇتى بولالمايلا قالغان بولۇپ، ئاقساپ يۈگۈرۈپ، تىمىسقىلاپ ئوت يەيتتى... ئۇنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ، گۆرجەك بىلەن قار ئاستىدىكى ئوتنى چىقىرىپ بەردىم، ئۇ يېيىشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇنىڭ ئىككى پۇتى يېغىر بولۇپ، ماڭالمايلا قالدى. ئاخىرقى كۈنى قارىسام، پادىلار قوزغالغاندا، ئۇ ياتقىنىچە جان ئۈزگەنىدى.

بۇ ئىش ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى: كىچىككىنە جانىۋار ھاياتلىق ئۈچۈن مىڭبىر جاپادا ئوتلىغىلى باراتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارا بولاتتىم. ھازىر بەزىلەر بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالىدۇ ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئاجىز بىر پاقلان چېغىدا قار ئۈستىدە ئاقساپ يۈرۈپ ئوت يەۋاتىدۇ. ئاشۇنداق ھاياتىي قەيسەرلىك، ئاشۇنداق تەسىرلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ.

ياشانغان چارۋىچىلار: ئىمكانقەدەر ھاياتلىق يولى قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك، ھايۋانلارغا نىسبەتەن يايلاقتا كۈن كەچۈرۈشمۇ ئاسان ئەمەس، ئامال بار ئۇلارنى ئۆلتۈرمىگەن تۈزۈك، دېيىشەتتى. يايلاقتا تىرىكچىلىك تەس ئىدى، ھەربىر ھايات كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى.

نۇرغۇن چارۋىچى كۆزدە ماللارنى سەمرىتىۋېلىشقا بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ، دەيتتى. شۇڭا، مەن تاڭ يورۇغان ھامان پادىلارنى ھەيدەپ چىقاتتىم. قويلار غەلىتە كېلىدۇ، سەن ھەيدەپ بەرسەڭ ئوتلايدۇ، بولمىسا يېتىۋالىدۇ، شۇڭا ھەيدەپ بېرىشىڭ كېرەك. ئۇ يەيدىغان بولسا قارنى ئېتىلىپ كەتكۈچە يەيدۇ. ئاشۇنداق قىلىپ سەمرىتىۋالمىساڭ، پادىلارنىڭ يېرىمى ئاجىز - ئورۇق بولۇپ قېلىپ، قىشتىن چىقالماي قالىدۇ.

چارۋىچىلار سېنىڭ ماللارنى ياخشى باققان - باقمىغانلىقىڭنى ئاجىز - ئورۇق ماللىرىڭنىڭ سانىغا قاراپ ئايرىيدۇ. سېنىڭ ھەر بىر كۆنلۈك ئەمگىكىڭ ھەربىر ھاياتلىققا ھاياتلىق ئىمكانىيىتىنى ئۆلاپ بېرىش بىلەن تەڭ. شۇڭا، مېنىڭ ئەمگىكىم ھاياتلىق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندى. چارۋىچىلار مال باققاندا ناھايىتى ئەستايىدىل ئىدى. ئەگەر ماللار ئۆلۈپ چوڭ ئاپەت كېلىپ چىقسا، سەن مۇ ھالاك بولماي قالمايسەن.

**ئالماقنىڭ بەرمىكى بار**

مۇخبىر: سىزنىڭ بۇ رومانىڭىزنى يېرىم بىيوگرافىيەلىك ئەسەر دېيىشىدىكەن، سىز بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟

جياڭ رۇڭ: شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ. كىتابىمدىكى بارلىق ئىنچىكە دېتال ۋە ئىشنىڭ كېلىش مەنبەسى بار، ھەممىسى دېگۈدەك راست بولغان ئىشلار. قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن غەربنىڭ بەزى ئېپوسلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئېپوس يىلنامە ئەمەس، ئېپوستا ۋەقەنىڭ ئەۋجىدىن ھالاك بولۇشقىچە بولغان ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭا مەن رومانىنى بىر يىل ئىچىدىكى تۆت پەسىلگە سىغداپ يازدىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلار يايلاقنىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئېكولوگىيە ھالقىسىنىڭ تەسۋىرى. يايلاقنىڭ ھاياتلىق زەنجىرىدە ئالدىدا تۇرىدىغىنى يايلاق، ئاندىن جانلىقلار ۋە ئادەملەر، ئاندىن بۆرە. بۆرە ھەممىدىن يۇقىرىدا تۇرۇپ، ئېكولوگىيە زەنجىرىنىڭ ئىرۋا

تۇگۇنىگە ئوخشاش رول ئوينىغان. ئەگەر بۆرە بولمىسا بۇ زەنجىر ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

يايلاقتا بۆرە كۆپ، يەر شەكلى مۇرەككەپ، ھاۋا ئۆزگىرىشچان، بۆرىگە ئائىت يېڭى ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۆرە موڭغۇللاردا تاماقتىن كېيىنكى پاراڭنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. ئۇلار بۆرىدىن قوغدىنىش، بۆرە ئوۋلاش تەجرىبىلىرىگە ئائىت بارلىق ئامىلنى نەزەرگە ئېلىشاتتى. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك بۆرە بىلەن كۆرەش قىلىدۇ. بۇ ئەقىل ـ پاراسەتنى، خاراكتېرنى، سەۋر ـ تاقەتنى تاۋلايدۇ. بۆرىنىڭ مۇنەۋۋەر پەزىلىتى ھەر زامان ئادەملەرگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. يايلاقتا ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بۆرە، بۆرىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئادەم، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش قەلبنى لەرزىگە سالىدۇ. مەن نېمىشقا يايلاق مىللەتلىرىنى ھەربىي مىللەت سۈپىتىدە ھېس قىلىمەن؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھوشيارلىقى بەك يۇقىرى بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز شۇنداق يۇرۇشكە كۆنۈپ كەتكەن.

مەن «بۆرە توتېمى» نى سېلىشتۇرما كوردىنات قىلىپ، تېرىم مىللىتى بىلەن يايلاق مىللىتىنىڭ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت خاراكتېرى ۋە روھىي ساپاسىنى سېلىشتۇردۇم.

مۇخبىر: ئەينى ۋاقىتتا قانداقسىگە بۆرە بېقىپ قالغانىدىڭىز؟

جياڭ رۇڭ: روماندىكى بۆرە كۈچۈكىگە ئائىت ھېكايە راست بولغان ئىش. مەن بۆرىگە مەستانە ئىدىم، ئۇ شۇ قەدەر ۋەھشىي ھەم شۇ قەدەر قۇۋۋ ئىدى. يەنە بۆرە بالا ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، بۆرىنىڭ ئانىلىق خىسلىتى كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. مەن مۇشۇ ھەقتىكى سىرلارنى ئاچسام دەپ بۆرە كۈچۈكىدىن بىرنى بېقىۋېلىشنى ئويلاپ يۈردۈم. بۆرە كۈچۈكىنى بېقىۋالغىنىمدا، ئۇنىڭ جۈغى ئالىقانچىلىك بار ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخى ئېچىلمىغان بولۇپ، كۆز پەردىسى كۆپكۆك ئىدى، سارغۇچ تىۋىتلىرى ئارىسىدىن كۈل رەڭ موي لار ئۆسۈشكە باشلىغانىدى. مەن ئۇنىڭغا سۈت

بەردىم، گۆشلۈك ئۇماچ بەردىم، ئوغلۇمنى باققاندەك باقتىم. بۆرە بېقىش جەريانىدا بۆرىگە ئىشقىم چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كې-شىلەر تېخى بايقاپ يېتەلمىگەن نۇرغۇن ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدىم.

بۆرىنىڭ ھاياتىي كۈچى زور بولىدىكەن. مەن ئۇنى باققان يې-رىم يىلدىن كۆپ ۋاقىتتا ئۇ ئەسلا ئاغرىپ باقمىدى. يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۇ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ، بەدىنى تىترەپ كېتەت-تى، ھاۋا سوزۇلگەن ھامان ئۇنىڭ مويلىرى قۇرۇپ، تېتىكلىشىپ، سەكرەپ ئوينايتتى، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايتتى. بۆرىنىڭ ئىممۇ-نىتېت كۈچى ئادەمدىن ھەسسىلەپ زور ئىدى. پادا بېقىپ قايتىپ كەلسەم، ئۇ شەپەمنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا تىكىلەتتى. تاقلاپ يۈگۈرەيتتى. ئۇ مېنىڭ سىلاپ قويىدىغانلىقىمنى، يەيدىغان نەرسە بېرىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، مېنى كۆرسە خۇشال بولۇپ، ئېڭىكىمنى يالاپ كېتەتتى. بىراق، مەن بۆرە كۈچۈكىنى قانچىلىك ياخشى كۆرمەي، ئۇ قېچىشنىلا ئويلايتتى. ئۇ ئىمكانىقەدەر ئادەم، كالا، قوي يوق يەرلەرگە كېتەتتى. بەختكە يارىشا مەن ۋاقتىدا باي-قاپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەتتىم. ئۇ ھامان قېچىشنى ئويلايتتى، زەنجىرنى ئۈزىمەن دەپ بوينىنى يارا قىلىۋالاتتى - دە، قان كۆپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەندە، كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە توغرا كەلدى. ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان چاغدا بەك ئازابلاندىم. لېكىن يەرلىك چارۋى-چىلار: «بۆرە دېگەن ئەركىن روھ، ئۇ جەڭدە ئۆلۈشى كېرەك، ئۇنىڭ روھىغا مەدەت بەر» دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ گەپ قەدىمكى چاڭلاردىن كەلگەن بولۇپ، چاڭلار جەڭدە ئۆلۈشنى خالايتتىكى، كېسەل تارتىپ ئۆلۈشنى خالىمايتتى. بۆرە دەل مۇشۇنداق روھنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

مۇخبىر: يەتتە بۆرە كۈچۈكىنىڭ سىز تۈپەيلى ئۆلگەنلىكىنى يېزىپتىكەنسىز، بۇ قانداق ئىش؟

جياڭ رۇڭ: بۆرە بەك ئاۋۇپ كەتسە بولمايتتى، شۇڭا ئۇنى مە-
لۇم ساندا چەكلەشكە توغرا كېلەتتى. بۆرىلەرنىڭ كۆپىيىش مەز-
گىلى يېتىپ كەلگەندە چارۋىچىلار بۆرە ئۇۋىسىنى قازغىلى باراد-
تى. ئۇلار بۆرە كۈچۈكلىرىنى ئاسمانغا ئاتاتتى: ئاسماندا قالغىنى
بۆرىنىڭ روھى، يەرگە چۈشكىنى بۆرىنىڭ تېنى ئىدى. چارۋىچىلار
ئارتۇق بۆرە كۈچۈكلىرىنى ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرەتتى،
شۇ ئارقىلىق بۆرە ئاپىتىنى تىزگىنلەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا مەن
بىر ئۇۋىنى قازسام، بۆرە كۈچۈكىدىن يەتتىسى چىقتى، ئۇلاردىن
بەشنى ئۆلتۈردۈق، قالغان ئىككىسىدىن بىرىنى بىر چارۋىچى بې-
قىۋالدى، بىراق ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ياۋا تەبىئىتى ئۆزگەر-
مەي ئادەم چىشلىگەچكە، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئويلاپ باقسام،
يەتتە بۆرىنىڭ جېنىغا زامىن بوپتىمەن.

مۇخبىر: ئادەم بىلەن بۆرىنىڭ كۈرىشىدە، (موڭغۇللاردا) ئادەم
ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تېنىنى بۆرىگە يەم قىلىپ دەپنە قۇت
قىلىدىغان ئىشلار بار ئىكەن، بۇنداق ئادەت راست بارمۇ؟

جياڭ رۇڭ: بار. يەرلىك چارۋىچىلار جەسەتنى بۆرىگە تاشلاپ
بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن مۇستاسنا ئىش يوق. ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ
بىرلىكى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ قوشۇلۇشىنى تىلغا ئېلىشقا
توغرا كەلسە، موڭغۇللارنىڭ ئاشۇ خىل هاياتلىق قارىشىنى ھەقىد-
قىي ئۆرنەك دېسە بولىدۇ. ئادەم ئاخىر بۆرىنىڭ يېمىكىگە ئايلاندى،
ئالماقنىڭ بەرمىكى بار دېگەن شۇ ـ دە، بۇنى موڭغۇللارنىڭ ھەم-
مىسى بىلىدۇ. ئۆزىنى تۆھپە قىلىش هاياتلىقتا بولغان بىر خىل
هۆرمەت. موڭغۇللارنىڭ ئەقىدىسىدە بۆرىنىڭ ئاسمانغا قاراپ ھۇۋ-
لىشى ئۇنىڭ تەڭرى بىلەن بولغان سىرلىق مۇناسىۋىتىدىن كەلگەن
ئىش. يايلاق مەدەنىيىتىدە بۆرە تەڭرى تەرىپىدىن يايلاقنى مۇھاپى-
زەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن، بۆرە ئۆلسىمۇ، ئۇنىڭ روھى ئاسمانغا
قايتىدۇ. شۇڭا ئادەمنىڭ مېيىتى بۆرىگە يەم قىلىپ بېرىلسە، ئۇ-
نىڭ روھى بۆرە بىللە ئاسمانغا چىقىپ كېتەلەيدۇ.

مۇخبىر: كەچۈرمىشلىرىڭىزنى دۇنيا قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىش دېسەك بولامدۇ؟

جياڭ رۇڭ: شۇنداق. تېرىقچىلىق مىللەتلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە بىر پارچە يەر، ئۇلار كۈنبويى زىرائەت بىلەن ھەپىلىشىپ، نەزەر دائىرىسى تارىيىپ كېتىدۇ. ئۆسۈملۈك ھايۋانلارغا نىسبەتەن تۆۋەن دەرىجىلىك جانلىق، ھايۋانلار ئۆسۈملۈككە نىسبەتەن ئالىي جانلىق. چۈنكى ئۇلاردا قان بار، گۆش بار، ھېسسىيات بار، ئۇلار ماڭالايدۇ، يۈگۈرەلەيدۇ. يايلاقتىكى كەچۈرمىشلىرىم مېنى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ كۆمۈلۈپ كېتىشىگە ئېچىندۇردى. جۇڭگونىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى يېرىم يايلاق، يېرىم دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتتى. خۇاشيا مىللىتى ئەمەلىيەتتە يايلاق مىللىتىدىن كېلىپ چىققان، خەنزۇلارمۇ باشقا نۇرغۇن مىللەتنىڭ يۇغۇرۇلمىسى. ئەگەر يېرىم نىسبەتتىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قان سىستېمىسىنى چىقىرىۋەتسەك، خەنزۇ مىللىتى دېگەن گەپ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. مەن بۇ ئەمەلىيەتنى ئوتتۇرىغا يايغاندىن كېيىن، نۇرغۇن تار پىكىرلىك چوڭ خەنزۇچى مەندىن ئاغرىندى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارمۇ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قېنىدا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قېنى چورت يوق دېيەلمەيدۇ. يەن ـ خۇاڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ چارۋىچى مىللەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم ئىدى.

شۇڭلاشقا بۇ كىتابىم نوقۇل كىتاب مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى سىستېما مەسىلىسى، ئورۇق مەسىلىسى. دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئورۇن بېرىلىپلا قالماستىن، يايلاق مەدەنىيىتىگىمۇ ئورۇن بېرىش كېرەك، بۇ ئورۇن بىز بىلەن باراۋەر ھالدا نەچچە مىڭ يىل تۇرغان.

غەرب مەدەنىيىتىمۇ يايلاق مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. يېقىندا مەن ئەنگلىيە، ئامېرىكىلىق يازغۇچى ۋە مۇخبىرلاردىن سىلەر «بۆرە توتېمى» نى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن يايلاق مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىنراق كۆردۇڭلارمۇ ياكى جۇڭگو

مەدەنىيىتىگە يېقىنراق كۆردۈڭلارمۇ، دەپ سورىغانىدىم، غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىندەك كۆردۇق، دەپ جاۋاب بېرىشتى. كېيىن مەن باشقىلارغا بۇ ئەسەرنىڭ غەربلىكلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭدا «جۇڭگونىڭ قىسمىسى، غەربنىڭ روھى» بار دېگەنىدىم.

گۈبىڭنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش

مۇخبىر: «بۆرە توتېمى» جىق مۇنازىرە قوزغىدى. گېرمانىيەلىك خەنزۇشۇناس گۇبىڭ بۇ كىتابنى قاتتىق تەنقىدلەپ، ئەگەر بۇ كىتاب گېرمانىيەدە چىققان بولسا «فاشىزم» دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى، دېگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىڭىز. سىز بۇ مۇنازىرىگە قانداق قارايسىز؟

جياڭ رۇڭ: «فاشىزم» دېگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» چە قالپاقچا ئىنكاسىم مۇنداق: گۇبىڭ ئەپەندى «فاشىزم»نىڭ نېمىلىكىنى ئانچە ئۇقمايدىغان ئوخشايدۇ. فاشىزم دېگەن نېمە؟ فاشىزم دېگەن ئۆز مىللىتىنى ئۇلۇغلاپ، باشقا مىللەتلەرگە تازىلاش ۋە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدىغان سياسەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتكە قارشى مۇستەبىتلىكتۇر. فاشىزم ئۆز مىللىتىنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، باشقا مىللەتلەرنى تۆۋەن دەپ كەمسىتىدۇ. ئۇلارچە، بۇ «مۇنەۋۋەر» مىللەت «تۆۋەن» مىللەتنى خالىغانچە قىرۇۋېتىپ، يەر ـ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە مۇتلەق بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن مەن «بۆرە توتېمى» دېگەن رومانىمدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە تەنقىد يۈرگۈزدۈم، خالاس. مېنىڭ قارىشىمچە، خەنزۇلارنىڭ خاراكتېرىدە چوڭ كەمتۈكلۈك بار بولۇپ، ئۇلار «قوي» ۋە «ئۆي ھايۋىنى» خاراكتېرىدىكى مىللەت. ئەجەبا، گىتلېر فاشىستلىرى گېرمان مىللىتىنى «قوي» دەپ ئەيىبلىگەنمىدى؟ يەنە كېلىپ «بۆرە توتېمى» دا مەن يايلاق مىللەتلىرى بىلەن خەنزۇ مىللىتىنى قېرىنداش

دەپ سۆيەتلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشىنى، ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەتنى تەشەببۇس قىلدىم. كىتابتا، چارۋىچىلار خەنزۇ زىيالىي ياشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتى ھەم دوستى قاتارىدا كۆرىدۇ. خەنزۇ ياشلارمۇ موڭغۇل قېرىلارنى «ئاپا»، «دادا» دەپ چاقىرىدۇ. ئەجەبا، فاشىستلارنى «دادا» دەپ چاقىرغانمىدى؟ چارۋىچىلار بىلەن كەلگۈندىلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت توقۇنۇشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قان تۆكۈلۈش بولمىغان، ئىرقىي تازىلاش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق تېخىمۇ بولمىغان. روشەنكى، «بۆرە توتېمى» فاشىزمغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ماھىيەتكە ئىگە. ئەجەبا گېرمانىيە فاشىزمىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان گۈبىڭ مۇشۇنچىلىك پەرقنى ئايرىيالماسمۇ؟ ئەكسىچە ئۇ باشقىلارنى فاشىزم نامى بىلەن قارىسىغىلا ئەيىبلىدى. ئەگەر بۇ ئىشنى گېرمانىيە قانۇن سىستېمىسىغا قويساق، بۇ پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ نام ـ شەرىپىگە دەخلى قىلىش جىنايىتىگە ياتىدۇ. مەن گېرمانىيە سوت كوللېگىيەسىگە ئەرز قىلىش ھوقۇقۇمنى ساقلاپ قالىمەن.

يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، مېنىڭ كىتابىمدا دارۋىنىزمچە خاھىش بار ئىكەن. مېنىڭچە، ئۇلار دارۋىنىزمنى يۈزەكى چۈشىنىدىكەن. تۇرمۇشتا ئىككى دارۋىنىزم بار. بىرى، شەرتسىز ھالدا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان ئىجتىمائىي دارۋىنىزم؛ يەنە بىرى، ئىجتىمائىي رىقابەت مەنىسىدىكى دارۋىنىزم. مېنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىم كېيىنكى دارۋىنىزم، يەنى رىقابەت دارۋىنىزمى. خەلقئارادا، جەمئىيەتتە كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدۇ، دەپ يۈرۈپ رىقابەتنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك. رىقابەت ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدا كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يېيىشىگە باراۋەر ئەمەس. پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى داش قازان تامىقى ئىجتىمائىي دارۋىنىزمنىڭ قارشى تەرىپى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رىقابەتنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىنكار قىلغاچقا، ھاياتىي كۈچى يوق بىر تۈزۈلمە

بولۇپ قالغان ھەمدە جۇڭگونىڭ قالاق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان. بۈگۈنكى دۇنيا رىقابەت بىلەن تولغان بولۇپ، قالاقلىقنىڭ دەككە يېيىشى ئۆزگەرمەس قائىدە. بىر مىللەت ئاجىز بولۇپ قالسا، باشقىلار ئۇنى بوزەك قىلىدۇ ھەم تارىخ تەرىپىدىن شاللىنىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، يەر شارى ئېڭىغا ئىگە بىر مەسئۇلىيەتلىك كۈچلۈك دۆلەت قالاق دۆلەتلەرگە ياردەم قىلىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق قالاقلىق ئىنسانىيەت ۋە يەر شارىغا زور ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

مۇخبىر: «بۆرە توتېمى» ئىككى گەپكە چېتىلىدۇ. بىرى، دۇنيانىڭ گېپى؛ يەنە بىرى، جۇڭگونىڭ گېپى. دۇنيانىڭ گېپى ئەسىردىكى سۆزىتلارغا ئايرىلماس ئاڭ فورمىسى سۈپىتىدە سىڭىشىپ كەتكەن. مىسالەن، خاس ۋە ئورتاق تەقدىر ھەققىدىكى قاراش. جۇڭگونىڭ گېپى بولسا سۆزىتىنىڭ سىرتىدا قانات يايغان بىر نۇقتىئىنەزەر ھەققىدىكى مۇزاكىرىدۇر. سىزنىڭ ئەسىرىڭىز ھەققىدىكى مۇنازىرە ئەمەلىيەتتە مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدەيدۇ. جۇڭگو ھەققىدىكى گەپ خەلقتە (ئېنىقىنى دېگەندە خەنزۇلاردا) بۆرە خۇسۇسىيىتى كەم، دېگەن مەسىلىگە مەركەزلىشىدۇ. سىز دەۋاتقان بۆرە تەبىئىتى (بۆرىلىك خۇسۇسىيەت) نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

جياڭ رۇڭ: مەن بۆرىگە قارىتا تويتوغرا ئون نەچچە يىل ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم، ھەتتا ئۆز قولۇم بىلەن بۆرە ئوۋلاپ، بۆرە باقتىم، يېقىندىن كۆزەتتىم. ئاخىر بۇ يەردە مەدەنىيەت ۋە تارىخ مەسىلىسىنىڭ ياتقانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. بۇلارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن خەلق ئارىسىدىكى بۆرە ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى يىغدىم، ئىككى يۈزچە ھېكايە قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى. ئاخىرىدا ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ 500 مىڭ خەتلىك «بۆرە توتېمى» رومانىمنى يېزىپ چىقتىم. ئەڭ ئەمەلىي، ئەڭ تىپىك ھېكايىلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە «بۆرە تەبىئىتى»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدۇم. تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىگە

نىسبەتەن بۆرە يامانلىق ۋە ۋەھشىيلىكنىڭ سىمۋولى، بۇ سىپىي ئۆزىدىن نادانلارچە قاراش.

مېنىڭ قەلىمىمدىكى «بۆرە تەبىئىتى» نەچچە مىڭ يىل مابەيىنىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» گە بولغان خاتا چۈشىنىشىنى يىمىرىپ تاشلىيالايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، خەنزۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى بۆرىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەي تۇرۇپ بۆرە ھەققىدە قالايمىقان گەپ قىلىسا بولامدۇ؟ يايلاقتىكى بۆرە تەبىئىتىدە ھۇجۇمكارلىق ۋە ياۋۇزلۇق بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق، كۈچلۈكلۈك ۋە ئىلگىرىلەش روھىغا، رىقابەت، پۇرسەت، ئۆز توپى بىلەن ھەمكارلىشىش، مېھرىبانلىق، قوۋمىغا مەسئۇل بولۇش خىسلەتلىرىگە ئىگە. مەن بايقاپ يەتكەن «بۆرە تەبىئىتى» كونا ئۇقۇملاردىن، بالىلار ئۇقۇشلۇقلىرى تىپىدىكى تونۇش رامكىسىدىن ھالقىپ، بۆرىگە ئادىل باھا بېرىشكە يۈزلەنگەن. «بۆرە توتېمى» ھەققىدىكى تەتقىدلەردە مېنىڭ دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىم ۋە خۇلاسىلىرىم كونا قىممەت ئۆلچەملىرى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئەندىزىلىرى بويىچە ئىنكار قىلىنىدى. بۇ، يېرىم كىلوگىرام يېمەكنى جۇڭگونىڭ 16 سەرلىك كونا تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ، كەم بېرىپتۇ، دەپ ئۆكتە قوپۇش بىلەن ئوخشاش ئىش ئەمەسمۇ. كىتابىمنى ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇرمەن بۆرە ھەققىدىكى قاتمال تونۇشىنى ئۆزگەرتىپ، بۆرىگە چوقۇنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا يۈزلەندى.

مۇخبىر: ھە، مۇنداق ئىكەن ـ دە. سىز قەيت قىلىپ ئۆتكەن يايلاق مىللەتلىرىنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ھوقۇقى ئىستېلاچىلىق ۋە ھۆكۈمرانلىق دەپ چۈشىنىلگەچكە، قىزغىن خاتا مۇنازىرىلەر يۈز بەردىمۇ؟

جياڭ رۇڭ: مېنىڭ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» دې-

گىنىم يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداشتەك ھاياتلىق ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە باتۇرلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن چېكەتكە، بوران، قار، پاشا، بۆرە ئاپەتلىرى قاتارلىق ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتتىن غالىب كېلىدىغان تىز پۈكمەس مىللىي خاراكتېرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇنداق خاراكتېر بولمايدىكەن، يايلاق ۋە يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلىنىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تارىختا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» تېرىقچىلىق مەدە-نىيىتىگە تەھلىكە سالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يايلاقنى قوغداش، تېرىقچىلىق رايونلىرىنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنى توسۇش قاتارلىق تۆھپىلىرىمۇ بار. يەنە ئۇ مىللىي سىڭىشىش ئارقىلىق خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئاجىز خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش رولىنىمۇ ئوينىغان. دېمەك، يايلاق مىللەتلىرىنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» نى پۇ-تۇنلەي تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئىستېلاچىلىققا باراۋەر قىلىپ قويۇش بىلىمسىزلىكتىن كەلگەن مىللىي خوراپاتلىقتۇر.

مۇخبىر: ئەسىرىڭىزنىڭ «ئاساسىي ئېقىم» ئەدەبىياتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن قانداق تەسىراتتا سىز؟ ئەسە-رىڭىزنى «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا قاتناشتۇرۇشنى نېمە ئۈ-چۈن خالىمىدىڭىز؟ باھالاش تۈزۈلمىسىگە پىكرىڭىز بارمۇ ياكى بۇ خىل باھالاش تۈرىنىڭ نەزەرىيەۋى ئۇقۇمىغا پىكرىڭىز بارمۇ؟

جياڭ رۇڭ: ئاتالمىش «ئاساسىي ئېقىم»نىڭ ئىككى مەنىسى بار: بىرى، جۇڭگودىكى «ئاساسىي ئېقىم»؛ يەنە بىرى، خەلقئاراۋى «ئاساسىي ئېقىم». يەر شارىلىشىش دەۋرىدە خەلقئارادىكى ئاساسىي ئېقىمنىڭ ئۆزىلا ھەقىقىي ئاساسىي ئېقىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئاتالمىش ئاساسىي ئېقىملار ئەمەلىيەتتە تارماق ئېقىمدۇر. مەن 2007 - يىلى نويابىردا خەلقئارادىكى ئاساسىي ئېقىم ئەدەبىيا-تى تەسىس قىلغان «مان ئاسىيا ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتىم. غەربنىڭ ھەرقايسى غوللۇق ئاخبارات تاراتقۇلىرى ئەسەرلىرىمنى

تونۇشتۇرۇپ، يۇقىرى باھا بەردى.

چاڭجياڭ نەشرىيات گۇرۇھى «بۆرە توتېمى»نى بۇ قېتىملىق «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا قاتناشتۇرۇشتىن ئاۋۋال مېنىڭ پىكرىمنى ئالمىدى. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك خەۋەرنى گېزىتتىن كۆ-رۈپلا، باھالاش ئىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدىم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، مەن مۇستەقىل، ئەركىن روھنى ياخشى كۆرىمەن. ئەسىرىمنى باھالاشقا قاتناشتۇرماسلىق مېنىڭ تاللاش ئەركىنلىكىم.

(«جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل سا-نىدىن.)

# «سىياسىي جۇڭگو» دىن تەرمىلەر

ئىلاۋە: «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارمىغاندا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىمۇ ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىز ئالدى بىلەن ئالەمدىن ئىبارەت تۇسالغۇغا دۇچ كېلىمىز. ھەرقانداق ئىش ئادەم بىلەن بولىدۇ. سەن ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرسەڭ، ئۇ يەردە بىرى ھوقۇقدار بولۇۋالىدۇ، بۇنداق بولغاندا، سەندە نېمە ئامال بولسۇن؟ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىسلاھاتىمىزنىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقى يەنىلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.» دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلۇۋاتقان «سىياسىي جۇڭگو» دېگەن كىتابنىڭ تىتۇلىغا بېرىلگەن. بۇ كىتاب 1998 - يىلى ئاۋغۇستتا «بۈگۈنكى جۇڭگو» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن، جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىدىكى 40 نەپەر ئالىم - مۇتەخەسسىسنىڭ ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. ماقالىلەرنىڭ كۆپى ئىنچام يېزىلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى جۇڭگو جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئۆتكۈر مەسىلىلەرنى بىرقەدەر دەل مەنىدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتورلار دېڭ شياۋپىڭ 1980 - يىللارنىڭ بېشىدا قايتا - قايتا تەكىتلىگەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەسىلىسىدىكى تەرەققىياتنى جۇڭگوچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن سوغۇققان تەھلىل قىلىشىدۇ، لېكىن بۇ سوغۇققانلىقتىن بەزى تەخىرسىز مەسىلىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ — جۇڭگو نۆۋەتتە كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە.

دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، ئىش ئادەم بىلەن بولىدۇ. ئادەم بىر - بىردىگە ئوخشىمايدۇ. جۇڭگودا سىياسىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تۇسقۇنسىز مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئەڭ قىيىن ئىش. ئالدى بىلەن، ئېگىز بىنالار ئارىسىدا پىكاپتا ئولتۇرۇپ يانفون بىلەن ئىش بېجىرىدىغان كىشىلەر كۆپەيگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا دېموكراتىيە ئېڭى كەمچىل. كادىرلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى يەنىلا بيۇروكراتىزمنىڭ ئومۇمىي خورچىسى. رو-

*شەنكى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تارىخنىڭ ئىجابىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىلغار كۈچلەرنىڭ زىممىسىدىكى مۇشكۇل ۋەزىپە.*

*مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدىغان مۇھىت يارىتىلغان بولۇشى كېرەك. بۇ، كەڭ قورساق ئىجتىمائىي ھاۋانى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنىڭ بىرىدۇر.*

*ئېلىمىزدە زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولماقتا، بۇ 21 - ئەسىردىكى دۇنيا تەرەققىيات يۈنىلىشىنىڭ مەھسۇلى. بۈگۈنكى شارائىتتا بىر رايوندا تەرەققىيات بولۇپ، يەنە بىر رايون توختاپ قالىدىغان كونا قائىدىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ.*

*مەن بۇ كىتابتىن ئىككى ئاپتورنىڭ كۆزقارىشىنى ئوقۇرمەنلەر سەمىگە سۇندۇم. بۇ كۆزقاراشلار پىكىر يوللىرىمىزنىڭ ئېچىلىشىدا مۇناسىپ رول ئوينىسا ئەجەب ئەمەس.*

*— تەرجىماندىن*

## مەسلەك ئۈچۈن جەمئىيەت، جەمئىيەت ئۈچۈن مەسلەك

جۇ خۇۋزى

**دۆلەت ۋە جەمئىيەت**

ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چوڭ زىددىيەتكە يولۇقۇپ، 1930 - يىللاردىكى كىرىزىس ۋە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بەردى. بۇ قالايمىقانچىلىق خۇسۇسىيلىق، بازار ئىگىلىكى ۋە بازارنىڭ ھۆكۈمەتسىز ھالىتىگە دۇنياۋى تەنقىد ئېلىپ كەلدى. بۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن «بارلىق رەزىللىكنىڭ مەنبەسى» دەپ ئەيىبلەندى. جەمئىيەت تە-

رەققىياتىدىكى مالىمانغا ئۇچىشىپ، مۇشۇ (20 ـ ئەسىر) ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روشەن بولغان ئىككى خىل ئىدىيە دولقۇنى پەيدا بولدى. بىرى، ئومۇمىي ئىگىلىك ۋە پىلانلىق ئىگىلىكنى تەشەببۇس قىلىش. بۇنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار يوقىرىقىلارنى يولغا قويغاندا خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە بازار ئىگىلىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قالايمىقانچىلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. يەنە بىرى، نوپۇزغا چوقۇنۇش، دۆلەتكە خوراپىيلارچە ئىشىنىش. بۇ تەرەپدارىكىلەر قۇدرەتلىك بىر ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشىنى، يوقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىرتۇتاش باشقۇرۇش ئارقىلىق قالايمىقانچىلىقنى ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلىشتى. بۇ خىل ئىدىيە مۇشۇ ئەسىر (20 ـ ئەسىر) نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كەڭ كۆلەمدە تارالدى. ئاخىر خەلقئارادا ئاشۇ ئىدىيەلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئۇنىڭ بىرى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى تىكلىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا بىر پۈتۈن دۆلەت ئىگىلىكى ۋە پىلانلىق ئىگىلىك دەسسىتىلدى. ئارقىدىنلا گىتلېر باشچىلىقىدىكى فاشىستىك پارتىيە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ بولسىمۇ ناتسىستلار پارتىيەسى بولۇپ، دۆلەت سوتسىيالىزمىنى يولغا قويدى ۋە ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن مۇستەبىت سىياسەتنى يۈرگۈزدى.

ياۋروپادا ئالدىنقى ئىدىيەنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا نۇرغۇن زىيالىي ۋە سىياسىيون قىزىل قالپاق كىيىشىپ، ئۆزلىرىنى سوتسىيالىزمچى دېيىشتى، سوتسىيالىزمنى مەدھىيەلەشتى ياكى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشتى. بۇ ھەرىكەت ئۆزىنىڭ دەبدەبىسى بىلەن يەر ـ جاھاننى قاپلاپ، ئاشۇ خىل نام ئاستىدىكى تۈزۈم ۋە بىر قاتار دۆلەت بارلىققا كەلدى. بۇ خىل تۈزۈمنىڭ رولى بولدىمۇ ـ يوق؟ ئەلۋەتتە بولدى! قالاق دۆلەتلەر دەسلەپكى سانائەتلەشتۈرۈش ھەرىكىتى جەريانىدا پۈتكۈل بايلىقنى مەركەزلەشكەن ھوقۇق ئارقىلىق

دۆلەتنىڭ خەزىنىسىگە توپلاپ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلالىدى. ئىراق، تارىخ مۇساپىسى ئۇرۇش دەۋرىدىن تىنچلىق دەۋرىگە، ھەربىي لاۋازىمات دەۋرىدىن خەلق لاۋازىمىتى دەۋرىگە كۆچۈپ، خەلق مول، رەڭگارەڭ تۇرمۇشقا موھتاج بولغان، جەمئىيەت كۆپ خىللىققا ئىنتىلگەن پەيتتە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن بۇ تۈزۈم ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئاشكارىلاپ قويدى. شۇنچىۋالا كۆپ، ھەر تەرەپلىمە ئاساسىي قاتلام ئۇچۇرى دەرىجىمۇدەرىجە ئۆتۈپ، مۇنارنىڭ ئۇچىغا يېرىپ، ئاخىر مەركىزىي بىر تەرەپ قىلىش ئورنىغا يېتىدۇ. بۇ ئورگان ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلالىدىمۇ؟ مەزكۇر جەريانلارنىڭ ئۆزىلا ئۇچۇرنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىكى مۇقەررەرلىكنى، بىر تەرەپ قىلىنماسلىقنى ياكى كېچىكتۈرۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مانا بۇ بىز دەۋاتقان بىيۇروكراتىزمنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ! بىيۇروكراتىزم ئۇچۇرلارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ھەممىشە ئىشلارنى كەينىگە سوزىدۇ، پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ، قارار چىقارمايدۇ. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا كۆز سالساق، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 1960 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ، 1970 - يىللاردا ئۆزىنىڭ خۇلاسىسى — «تۇرغۇنلۇق دەۋرى»گە كىردى. 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1990 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يەر شارى مىقياسىدا ئۇچۇر ئىنقىلابى پارتلاش خاراكتېرلىك كېڭىيىپ، بىلىم ئىگىلىكى ئومۇملىشىشقا باشلىغاندا، سوۋېتلەر سوتسىيالىستىك تۈزۈمى داۋام قىلالماي، پۈتۈنلەي گۇمران بولدى.

20 - ئەسىر دۇنيا تارىخى ئىسپاتلىدىكى، نوقۇل ھالدا دۆلەت ئىگىلىكىگە تايىنىۋېلىشقا زادى بولمايدۇ. ھەممىنى ھۆكۈمەتنىڭ بېجىرىپ بېرىشىگە سۇنۇپ بېرىشمۇ ئاقمايدۇ. سوتسىيالىزم يولىنى كۈندە تەكىتلەۋاتىمىزغۇ؟ سوتسىيالىزمچىلار مەسلەك ئۈچۈن جەمئىيەت، جەمئىيەت ئۈچۈن مەسلەك بەلگىلەش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. باشقىلار بۇرۇندىن يېتىلىسە ھاماقەتلەرچە مېڭىپ، خاتا

ھالدا دۆلەتچىلىكنى سوتسىيالىزم دەپ تونۇپ، دۆلەتچىلىككە چو-قۇنۇپ يورۇشناڭ ھاجىتى يوق. ئۇچۇر ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرد-ىدە ھەرقانداق شەكىلدىكى دۆلەتچىلىك تېخىمۇ ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ دەۋر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا جەمئىيەتكە قايتىش دەۋرىدۇر. جەمئىيەتكە قايتىش دېگىنىمىز — ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى جەمئىيەتنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ۋە ھەر خىل تىپ، ھەر خىل قاتلام-دىكى جەمئىيەت گەۋدىسى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ھەممە ئىشنى دۆلەت ئۆزىگە قارىتىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس، دۆلەت ئۆلچەم تۇرغۇزۇپ، تەرتىپنى ساقلاپ بەرسىلا بول-غىنى. مانا بۇ دۆلەت بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مۇ-ناسىۋەتتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزم مەسىلىسى مۇشۇ خىل يېڭىچە مۇناسىۋەتنى چىقىش قىلىشنى يېڭىباشتىن مۇھاكىمە قىلىشى كېرەك.

پەن ۋە ئېتىقاد

پەن دېگەن نېمە؟ پەن ھەقىقەت توغرىسىدىكى توختاۋسىز ئىز-دىنىشتىن ئىبارەت. ئۇ باشتىن - ئاخىر توختىماي ئىزدىنىش، تەجرىبە قىلىش، تەكشۈرۈش، تەنقىد جەريانىدا تۇرۇپ، كونىنى تاشلاپ يېڭىنى بايقايدۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ مەڭگۈ تىنىم تاپمايدۇ. ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە بولغان روھىي تەلپۈنۈشى، كىشى-لىك ھايات ھېسسىياتىغا بولغان تايانچى، ياخشىلىققا بولغان سادا-قىتى، يامانلىققا بولغان ئۆچلۈكى. ئۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ مە-نىۋى تەلپىي ۋە ھېسسىي تايانچى. ئۇزۇندىن بېرى بىز پەن ۋە ئې-تىقاد مەسىلىلىرىدە تەتۈر يول تۇتتۇق. ئەسلىدە ئىلمىي پوزىتسى-يەدە بولۇشقا تېگىشلىك دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيەنى ئېتىقاد-قا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، گۇمان قىلماي ۋە تەكشۈرمەيلا «چۈشەنسىمۇ، چۈشەنمىسىمۇ چەكسىز ساداقەت بىلەن ئىجرا قىلىش»نى تەرغىب قىلدۇق. ھەتتا «خۇراپىيلارچە ئىشىنىش»نى كۆككە كۆتۈردۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتەي پەن دەپ ئاتىۋالغان نەرسىلەردىمىز بىلەن باشقىلارنىڭ ئېتىقادىنى تەنقىدلىدۇق. ئاخىر پەننىمۇ بۇزدۇق، ھەقىقەتكە بارىدىغان يولىمىزنىمۇ توسۇۋالدۇق. باشقىلارنىڭ سەمىمىي ساداقىتىنى كاردىن چىقاردۇق. ھەممىنى خاراب قىلدۇق. سەن مەلۇم ئىلمىي مەسلەكنى ياقلىماقچىمۇ؟ ئۇنداقتا، سەن گۇمانلىنىشىڭ، تەكشۈرۈشۈڭ، تەنقىد قىلىشىڭ، ياخشى يەرلىرىنى تاللاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشۇڭ، ئۆلۈك ھالدا ساداقەت بىلدۈرمەسلىكىڭ لازىم. باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا مۇئامىلە قىلغاندا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىۋالماسلىقىڭ، ئاتالمىش پەن ئارقىلىق تەنقىدلىمەسلىكىڭ كېرەك.

### يەر ۋە مېڭە

بىز ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى شارائىتىدا مىلياردلىغان كىشىنىڭ كىيىمى ۋە قورسىقى ئۈچۈن تېپىرلاۋاتقان، ئەنئەنىۋى سانائەتلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان چاغدا، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە يېڭى سانائەت ئىنقىلابى باش كۆتۈردى. بىر خىل ئۆزگىچە ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ، يەر شارىغا پارتلاش خاراكتېرىدە قانات يايدى. بۇ خىل ئۆزگىچە ئىگىلىكنى مەن ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىلىكى دەپ ئاتايمەن، باشقىلار بىلىم ئىگىلىكى دەپ ئاتاۋاتىدۇ، بۇمۇ بولىدۇ. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇزۇۋكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئۇستىگە قۇرۇلغان ئىگىلىك (ئىقتىساد)نى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىگىلىك چەت ئەللەردە ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا. بىزمۇ تەرەققىي قىلىۋاتىمىز، بىراق تەرەققىياتتا نېمىگە تايىنىۋاتىمىز؟ ئەمگەك كۈچى، يەر، ئېنېرگىيە مەدەنلىرى، كان بايلىقلىرىغا تايىنىۋاتىمىز. ئەگەر بۇلار بولمىسا بىز تەرەققىي قىلىشقا ئامالسىزمىز. مانا بۇ ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى. باشقىلار بۇ ھالەتتىن خوشلىشىپ، بىلىمگە تايىنىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇ-

رۇشقا بۇرۇلدى. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ماددىي باي-لىقلارغا تايىنىشتىن بىلىم ۋە كاللا ئىشلىتىشكە ئۆتۈش دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىشتۇر.

بۇرۇن ئامېرىكا تېلېفون ۋە سىملىق تېلېۋىزىيە تىجارىتى بىلەن كەسىپ ھالقىپ شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. تې-لېگراف شىركەتلىرى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى، سىم-لىق تېلېۋىزىيە شىركەتلىرى تېلېگراف تىجارىتىنى قىلال-مايتتى. كېيىن ئۇچۇر مۇلازىمىتى تەرەققىياتىنى چەكلەپ قو-يىدىغان قانۇنلار ئىسلاھ قىلىنىپ، ھەر خىل ۋاستە ئۆتۈشمە ھالدا تىجارەت قىلسا بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ ئا-مېرىكىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئاخبارات، تەشۋىقات... لە-رنى كەسىپ، رايون، تۈزۈم، دۆلەت ۋە قىممەت ھالقىغان ھالدا يەر شارى مىقياسىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىگە — بۈيۈك مەدەنى-يەت قوشۇلۇشىغا ئېلىپ كىردى. ھېلىقى پۇتلىكاشاڭلار ئېلى-ۋېتىلگەندىن كېيىن سودا - سېتىق، بازار يۈرۈشۈپ بايلىققا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى كەڭ كۆلەملىك ئالماشتۇرۇش بارلىققا كەلدى، مېڭە جانلاندى، ئەقىل - پاراسەت ئۇرغىدى. مانا بۇ بىباھا بايلىق ئەمەسمۇ؟ كومپيۇتېر تورلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن ئۇچۇرلارنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ يېڭى بىلىم، يېڭى پىكىر-لەردىن ئىبارەت، قالتىس يېرى مۇشۇ - دە.

ئامېرىكىلىقلاردىن نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلار كۆپ. ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرسەك، تولىسىنىڭ ئاتا - بوۋىسى چەت ئەللىك. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندا، ئامېرىكىلىقلار-نىڭ بېرلىنغا كىرىپ ئالىملارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ھەق-قىدىكى ھېكايىنى نۇرغۇن ئادەم ئاڭلىغان. ئۇلار ئالدى بىلەن باي-لىقنى ئەمەس، بەلكى ئالىملارنى بۇلىغان، «ئەقىل» ئېلىپ مې-ڭىشقان. بۇلار ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى تېخ-نىكىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدا ئاجايىپ زور رول ئوينىغان.

ھازىر خەلقئارا ئالماشتۇرۇشتىكى ئەڭ زور بايلىق بىلىمدىن ئە-
بارەت بولۇپ قالدى. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى دەۋرىدە يەرلەر ئە-
گىلىنىدۇ، ئەسىرلەر تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئەسىرلەر تېپىلغۇسىز
ئەمگەك كۈچى ئىدى. ئۇلارغا يەر ھەيدىتىش، ئاشلىق تېرىتىش،
پادا باققۇزۇشنىڭ ئۆزىلا غەلىبە ئىدى. ئەنئەنىۋى سانائەت جەمئى-
يىتى پەقەت كان بايلىقلىرىنى قېزىش، نېفىت ئېلىش، ئۇران قې-
زىش قاتارلىقلارغىلا تايىنىدۇ. ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدا نېمە
ئۈچۈن ئۇزاققىچە جەڭگى - جېدەل توگىمەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئېنىر-
گىيە ۋە كان بايلىقلىرى بولغاچقا تالاشتا قالغان. بۈگۈنكى بى-
لىم ئىگىلىكى دەۋرى بىلىمگە، بىلىملىك كىشىلەرگە، يېڭى
ئەرسىلەرگە سەزگۈر ئىجتىماتلىق ئادەملەرگە، بىلىمنى كىشى-
لەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتكە ئايلاندۇرالاي-
دىغان كىشىلەرگە، ئۆگىنىشكە ماھىر، تارقاق بىلىملەرنى
باغلاپ ۋە تەشكىللەپ يېڭى بىلىم ھاسىل قىلالايدىغان كىشىلەرگە
تايىنىدۇ. ھەرگىز كىتاب خالتىلىرى ۋە قۇرۇق نەزەرىيەچىلەرگە
تايانمايدۇ.

شۇڭا مەجبۇرىيەت مائارىپى، ھۈنەر - تېخنىكا مائارىپى ۋە
يۇقىرىلارنىڭ ئۇمۇرلۇك مائارىپىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش كې-
رەك. باشقا ئىشلارنى ئازراق قىلساق مەيلى، بىراق ئەۋلادلىرىمىز
ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مائارىپقا قىلچىمۇ سەل
قارىغىلى بولمايدۇ. مائارىپنى چوقۇم ئىسلاھ قىلىش، ئەقىل ۋە
يېڭىلىق يارىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، مىللەتنىڭ ساپاسى-
نى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەيلى پىروفېسسور بولسۇن، ئىنژېنېر
بولسۇن جېنى تېنىدە ئامان بولسىلا ئۆمۈر بويى ئۆگىنىشى لازىم.
بولمىسا، شاللىنىپ كېتىدۇ.

ئەمگەك ۋە تىجارەت خاراكتېرلىك ئەمگەك

بىز ئەمگەك دېگەن گەپنى ئۇزاق مۇددەت جىسمانىي ئەمگەك

دائىرىسىدە چۈشىنىپ كەلدۇق. ئالىملارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى ئەقلىي ئەمگەكلىرىگە، كارخانىچىلارنىڭ ئېچىش خاراكتېرلىك تىجارەت ئەمگەكلىرىگە مۇۋاپىق باھا بېرەلمىدۇق. ئالىملار ۋە كارخانىچىلارنى ئەمگەكچىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزمىدۇق. ھەتتا تەتقىقات ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرنى «تەييارغا ھەييار» دەپ قاراپ، «ئەزگۈچىلەر»گە چىقىرىۋەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتار بىمەنە ۋە ساراڭلارچە ئىشلار كېلىپ چىقتى. پەن - تېخنىكا رولىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئالىملار ھەرھالدا ھۆرمەتلىنىدىغان بولدى. لېكىن تىجارەتكە قانداق قاراۋاتىمىز؟ تىجارەت خاراكتېرلىك ئەمگەك جەمئىيەتتە كەم بولسا قەتئىي بولمايدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئەقلىي پائالىيەت. بىز بازار ئىقتىسادى «نامەلۇم قول» غا تايىنىدۇ، دەپ قارايمىز. لېكىن بۇ «نامەلۇم قول»نىڭ رولى يەنىلا نورغۇن ئۆششاق - چۈشەك ئېلىم - سېتىم ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. كارخانىچىلارنىڭ رولى مۇشۇنداق يەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇلار دادىللىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، تارقاق ھالدىكى بايلىقلارنى ئىزدەپ ۋە جۇغلاپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى تولۇقلايدۇ ۋە راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى جەمئىيەتنىڭ بەختسىزلىكى، غەلىبىسى بولسا جەمئىيەتنىڭ خۇشاللىقى. كارخانىچىلار ۋە تىجارەتچىلەر ئىقتىساد يەر شارى بويىچە بىر گەۋدىلىشىۋاتقان شارائىتتا، بىز ئۈچۈن تولىمۇ كەم تېپىلىدىغان بايلىق بولۇپ قالدى. ئۇلار ھازىرقى رىقابەتتە باشقا مىللەتلەر قاتارىدا پۇت تىرەپ تۇرىمىز دەۋاتقان بىزدەك چوڭ مىللەت ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك.

دۆلەتكە چوقۇنۇش ۋە تىجارەت خاراكتېرلىك ئەمگەكنى كەمسىتىش ئەنئەنىۋى سوتسىيالىزمنىڭ ئىككى چوڭ سەۋەنلىكى. ئالدىنقىسى سىياسەتنىڭ دېموكراتىيەلىشىشىگە توسالغۇ بولسا، كېيىنكىسى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ.

# ئىدىيە ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىك سىياسەت

خۇ ۋېيشى

«ئىدىيە ئەركىنلىكى،» ئىدىيەنىڭ كاللىدىكى مەۋجۇدىيىتىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى ئىدىيەگە ئەركىن ياكى ئەركىن ئەمەس دېگەن گەپ كەتمەيدۇ. مەسىلە ئىدىيەنىڭ ئىپادىلىنىشىدە، يەنى ئىدىيەنى ئىپادىلەش سىرتقى كۈچىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىدىمۇ ـ يوق، دېگەن نۇقتىدا كۆرۈلىدۇ. ئەگەر كاشىلا بولسىلا، ئىدىيە ئەركىن بولمايدۇ... ئىدىيە ئەركىنلىكى ئىدىيەنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى مەسىلىسىدىن ئىبارەت.» 1940 ـ يىللارنىڭ زىيالىيسى جاڭ دۇڭسۇن ئەنە شۇنداق دېگەنىكەن. ئەھۋال شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئىدىيە ئەركىنلىكى دېگەن گەپ يەنە سۆزلەش ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە بولىدۇ. 1948 ـ يىلى ب د ت قاراردىن ئۆتكۈزگەن «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» دا «ئىدىيە ئەركىنلىكى» دېگەن ئۇقۇمغا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «ھەممە ئادەمنىڭ تەشەببۇس قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى بار، بۇ ھوقۇق دەخلىسىز پىكىر بايان قىلىشنى، ئىدىيە ـ مەسلەكلەرنى ۋاستە ۋە دۆلەت ئايرىمىغان ھالدا ئىزدەش، قوبۇل قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى كۆزەتكسەك، ئالاھىدە بىر ھادىسىنى بايقايمىز: 1. «دېموكراتىك سىياسەت»نى يولغا قويماقچى بولغان دۆلەتلەر «ئىدىيە ئەركىنلىكى»گە كاپالەتلىك قىلىمىز دېگەن ماددىنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزگەن. 2. «دېموكراتىك سىياسەت»نى يولغا قويغاندىن كېيىنمۇ

ھەرقايسى دۆلەتتە ئىدىيە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى بولغان. بۇ ئەمەلىيەتتە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: بىر جەھەتتىن، پۇقرالارنىڭ «ئىدىيە ئەركىنلىكى»گە كاپالەتلىك قىلىش — يېڭى قىنقى زامان تارىخىدىكى دۆلەتلەرنىڭ گەپ كەتمەيدىغان «فورمۇلا-سى» بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن، «ئاساسىي قانۇن» ماددىلىرى بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا غايەت زور ئارىلىق مەۋجۇت. ئاساسىي قانۇن ماددىلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكىدە سەۋەب نۇرغۇن. ھوقۇقدارلارنى ئالساق، ئۇلاردا ئىدىيە ئەركىنلىكى بىلەن دېموكراتىك سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ساۋات كەمچىل.

«دېموكراتىك سىياسەت» دېگەن نېمە؟ دېموكراتىك سىياسەتنىڭ مەزمۇنلىرى ناھايىتى كەڭ. لېكىن ئۇ ماھىيەتتە «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ۋە ئومۇمنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىشىدىن ئىبارەت. «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» دېگىنىمىز — دۆلەتنى «ئاساسىي قانۇن» بويىچە باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، پۇقرالارنىڭ ئىدىيە ئەركىنلىكىنى قوغداش «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» نىڭ بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىشى، پۇقرالار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن مەھرۇم بولغان ئەھۋال ئاستىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش «ئىدىيە ئەركىنلىكى»نى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى جەمئىيەتتىكى دېموكراتىك سىياسەتتە «ۋەكىللەر تۈزۈمى» ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، «خەلق سايلىغان» ۋەكىللەرنى تەپتىش قىلىش، خالىغانچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى توسۇشتا «ئىدىيە ئەركىنلىكى» ئەڭ كۈچلۈك «قورال» رولىنى ئوينايدۇ. پۇقرالار ھۆكۈمەتنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ھۆكۈمەتكە قارىتا ھەر خىل تەنقىدىي پىكرىنى ئەركىن بايان قىلالىغاندىلا ئاندىن «دېموكراتىك سىياسەت»نى يولغا قويغان «چەكلىك ھۆكۈمەت» ئۇقۇمى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

پۇقرالارنىڭ «ئەركىنلىك ئىدىيەسى»نىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇش ياكى بولماسلىقى تونۇش مەسىلىسى بولماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئەمەلىيەت مەسىلىسىدۇر. مېنىڭچە، «ئىدىيە ئەركىنلىكى»نى يولغا قويۇشتا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ:

1. كەڭ قورساق بولۇش. ھوقۇقدارلار خەلقنى راست گەپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى، ئوخشىمىغان پىكىر ۋە قارشى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلالايدىغان، ئۇلارغا زەربە بەرمەيدىغان بولۇشى لازىم. دېمەك، سۆز ئەركىنلىكى قۇرۇق ماددىلاردىن ئىبارەت بولۇپ قالماي، ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش ئۇسۇل ۋە تەدبىر بولۇشى زۆرۈر.

2. «ئاخبارات مۇستەقىللىقى» بولۇشى كېرەك. خەلقتە گېزىت-ژۇرنال چىقىرىش ئەركىنلىكى ۋە نەشرىيات ھوقۇقى بولۇشى، خەلق چىقارغان گېزىت-ژۇرناللاردا مۇستەقىل زىيارەت قىلىش، خەۋەر بېرىش، پىكىرلەرنى ئەركىن-ئازادە ئېلان قىلىش ھوقۇقى بولۇشى لازىم.

3. پۇقرالارنىڭ ئىدىيە ۋە ئۇچۇرلارنى ئەركىن ھالدا ئىگىلەش، ئىشلارنىڭ ھەقىقىي تەرەپىنى بىلىش ھوقۇقى بولۇشى لازىم. بۇ، ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

4. ھۆكۈمەت ھۆكۈمەت خادىملىرى پۇقرالارنىڭ «ئىدىيە ئەركىنلىكى»نى باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى سادىر قىلسا، ۋاقتىدا ئېنىقلىنىشى ۋە چارە كۆرۈشى كېرەك.

تارىخ ئىسپاتلىدىكى، «ئىدىيە ئەركىنلىكى» ھەقىقىي دېموكراتىك سىياسەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنى ۋە شەرتى. بىر قىسىم ئادەملەر «ئىدىيە ئەركىنلىكى»نى يولغا قويۇش ئىدىيە قالايمىقانچىلىقى ۋە قارشى پىكىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. بىلىش لازىمكى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتى كۆپ

خىللىق ۋە «ماھىيىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان» نەرسىلەر-نىڭ ئورتاق گەۋدىسى. ھەر خىل سادانىڭ پەيدا بولۇشى قورقۇنچ-لۇق ئىش ئەمەس، بەلكى نورمال ئىش، دېموكراتىك جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى دەل مۇشۇ يەردە. يوھان موللېر «ئىدىيە ئەركىنلى-كى»نى باستۇرغان مۇستەبىت گەۋدە ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات قىلغاندا مۇنداق دېگەنىدى: «روھىي قۇللۇق ھۆكۈم سۈرگەن جەم-ئىيەتتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار چىققان ھەم چىقىشى مۇمكىن. ئەمما روھىي قۇللۇق ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە ئەقلىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان خەلقنىڭ بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس.» «ئىدىيە ئەركىن-لىكى»نىڭ پۇقرالارنىڭ ئەقلىي كۈچى ۋە ساپاسىغا ئېلىپ كېلى-دىغان تەسىرىنى بۇ سۆزدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىز تۈزۈلمە جەھەتتە بۆرۈلۈش پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان دەرد-جىدە كۈنتەرتىپكە كىردى. ئېيتىش كېرەككى، دۆلىتىمىز سىيا-سىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىسى دېموكراتىك سىياسەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. بۇ بىزدىن «ئىدىيە ئەر-كىنلىكى» ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىق-تىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا، ھۆكۈمەتنىڭ ئاز ساندىكى خادىملىرىغا تايىنىش بىلەن تۇرۇپ قېلىشقا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ لايىھەلىرىگە يۆلىنى-ۋېلىشقا بولمايدۇ، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ قول تى-قىشىنى قوزغاش لازىم، «ئىدىيە ئەركىنلىكى» بولمىسا بۇ ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ. «ئىدىيە ئەركىنلىكى»نى ئىنسانىنىڭ تۈپ ھو-قۇقى دەپ بىلىپ قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي كۈچلەرنى يۇرۇشتۇرىدىغان ۋە سەپەرۋەر قى-لىدىغان ئەڭ قىممەتلىك كۈچ مەنبەسى ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ-كەن، ئۇنداقتا، ئۈچۈرلار پارتلاۋاتقان، «ئىدىيە» ئەڭ كاتتا بايلىققا

ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە «ئىدىيە ئەركىنلىكى» نىڭ بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر. جۇڭگو 1 مىليارد 200 مىليون نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەت، بۇ ئادەملەر پەقەت «ئەمگەك كۈچى»لا بولۇپ قالماستىن، يەنە غايەت زور «ئىدىيە خەزىنىسى» ۋە «ئەقىل» بولۇپ سانىلىدۇ. بۇلارنى ئې-چىش بىزنىڭ «ئىدىيە ئەركىنلىكى» دىن ئىبارەت ئەڭگۈشتەرنى ئىشلىتىشىمىزگە باغلىق.

# ئۆزگىرىۋاتقان جۇڭگو ھۆكۈمىتى

ماۋ يۇشى

*ئىلاۋە: «ئىقتىسادىي ئىسلاھات»، «ئورگانلارنى ئىخچاملاش»، «ئىشتىن قالدۇرۇش»، «سىياسىي ئىسلاھات» دېگەن ئىبارىلەر زامانىمىز كىشىلىرى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان مودا گەپلەر بولۇپ قالدى. بىراق، بىز بۇ ئۇقۇملارنى زادى قانچىلىك چۈشەندۇق؟ بىزنىڭ ئىلمىي مۇئەسسەسەلىرىمىز ۋە ئىلمىي خادىملىرىمىز مەزكۇر ئۇقۇملارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا شەرھ بەردىمۇ؟*

*بىزدە ئەگەشمە پىكىر، ئەگەشمە ھەرىكەتلا مەۋجۇت بولدى. ئۆز مۇھىتىمىزنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنالمىغانلىقتىن، ئۆزىمىزگە پايدىلىق قىممەت ئىنقىلابىنىڭ يولىنى تاپالمىدۇق. شۇڭا بىزدە قۇرۇق گەپ بىلەن فانتازىيەلا مەۋجۇت بولدى. رېئاللىق ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇۋېرىپ ئۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ كەتتۇق. باشقىلار ئىجاد قىلىش ۋە خەلققە ھۆرلۈك، بەخت يارىتىشنىڭ قەھرىمانىغا ئايلانسا، بىز پاجىئەلىك رېئاللىقتا پىسەنت قىلماي ياشاشنىڭ قەھرىمانىغا ئايلاندۇق. بىزدە پىسەنت قىلماي جىم تۇرۇۋېلىشنىڭ زەئىپ دانىشمەنلىكى يېتىشىپ چىقتى.*

*ئىسلاھات شامالّلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ۋادىلىرىدا ئۆزگىرىش ۋە باياشاتلىق بىخلىرىنى يېتىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە زامان زەردابلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، ساغلام كېلەچەكنى پەرۋىش قىلىدىغان زىيالىيلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بەخت بىلەن پەرۋىش ئۇ رايونلاردىكى يول ئاچقۇچىلارنىڭ ئىلگىرىلەش مەنتىقىسىگە ئايلاندى. يېقىندىن بېرى جۇڭگودا بىر تۈركۈم ئۆتكۈر پىكىرلىك جەمئىيەتشۇناس، قانۇنشۇناس، ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىستراتېگىيە ئەھلى بارلىققا كېلىپ، قىلىنىۋاتقان ھۆكۈمەت ئىسلاھاتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلاندى. ئۇلار ئاكادېمىيە، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا ئىلمىي تەتقىقاتىدا كۆپلىگەن نەتىجە ياراتتى. روشەنكى، جۇڭگودا ياخشى كۆڭۈللىرى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغان*

سەنئەت تىپلىق بىلەرمەنلەرنىڭ ئورنىنى تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدىغان ھەر ساھە ئالىملىرى ئىگىلىدى. جۇڭگونىڭ ئاخبارات ۋە نەشرىيات مۇنبەرلىرى ئۇلارنىڭ سوغۇققان ئاۋازلىرى بىلەن تولدى.

بۇ يىل (1998 - يىلى) ئاپرېلدا بېيجىڭدا «ئىقتىساد گېزىتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «7 - قېتىملىق ئىنقىلاب — جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 1998 - يىلىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدە» دېگەن كىتاب ئەنە شۇنداق ئاۋازلارنىڭ بىرى. كىتابقا دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى ھەققىدىكى ماقالىلىرى ۋە بىر قىسىم ئالىم - مۇتەخەسسىسنىڭ ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ج ك پ 15 - قۇرۇلتىيىدىن بۇرۇنقى ئالتە قېتىملىق ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى ئەسلەپ ئۆتۈلۈش بىلەن بىللە، 15 - قۇرۇلتايدىن كېيىنكى ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرى ۋە باسقۇچلىرى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈلگەن.

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بۇ نۆۋەت سۇنماقچى بولغان «ئۆزگىرىۋاتقان جۇڭگو ھۆكۈمىتى» دېگەن ماقالە مەزكۇر كىتابنىڭ «يېڭى ھۆكۈمەت بەرپا قىلىش» دېگەن قىسمى، «ئاتاقلىق ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدىكى بايانلىرى» دېگەن بابىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۆۋەتتىكى خىزمەتلەردە بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەر ئوبدان ئىزاھلانغان. بولۇپمۇ مەزكۇر كىتابتىن ئالغان ئاگاھلاندۇرۇش قىممىتىگە ئىگە ئۇچۇرىمىز شۇكى، جۇڭگو تارىخىدا مەنسەپدار بىلەن پۇقرانىڭ نىسبىتى مۇنداق بولغان:

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 7945 پۇقراغا بىر مەنسەپدار، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 3927 پۇقراغا بىر مەنسەپدار، چىڭ دەۋرىدە 911 پۇقراغا بىر مەنسەپدار توغرا كەلگەن بولسا، ھازىر 30 پۇقراغا بىر مەنسەپدار توغرا كەلگەن. روشەنكى، ئورگانلارنى ئىخچاملاش تارىخ بىزنى مەجبۇرلىغان ئىنقىلاب. ئىنقىلاب ئۆزىنى باشلاشتىن ئىلگىرى ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرۈپ يېتىشكە موھتاج. مەزكۇر ماقالە كادىرلا ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، پىكىر يوللىرىنى ئېچىپ، خىزمەتلەرنى تارىخنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇشقا ياردەم بەرگۈسى ۋە ئاپتورلىرىمىزنىڭ كۆپ قىرلىق تەپەككۇر قىلىشىغا رىغبەت بولغۇسى دەپ ئويلايمەن.

— تەرجىماندىن

جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدىكى «كادىر» ئورگاننى خىللاشتۇرۇش — كادىرلار قوشۇنىنى قىسقارتىش دېگەن گەپ. ئالدى بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ كادىر چۈشەنچىسىگە قاراپ باقايلى: جۇڭگولۇقلارنىڭ كادىر چۈشەنچىسى چەت ئەللىكلەرنىڭكىگە پەقەت ئوخشىمايدۇ، پەرق ناھايىتى چوڭ. جۇڭگولۇقلار مەنسەپدارلارنى ھوقۇقى بار، ئۇلار باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، مەنسەپدارلارنىڭ ئالاھىدە نوپۇزى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەتتا جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشىچە، ئادالەت مەنسەپدارلارنىڭ قولىدا، ئۇلارنىڭ سۆزى قانۇن. مەنسەپدارلارمۇ ھەقىقەت مېنىڭ قولۇمدا، دەپ ئىشىنىدۇ - دە، ھە دېسىلا مەنسەپدارلىق تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ. بۇ، جۇڭگونىڭ كۆڭزى ئەنئەنىسىدىن كەلگەن. كۆڭزىدىن باشلاپ ئاۋام خەلق ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنگەن، بىرى، مەنسەپدار؛ يەنە بىرى، پۇقرا (بىرى، ئەقلىي ئەمگەكچىلەر؛ يەنە بىرى، قارا ئەمگەكچىلەر). ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ئادەم باشقۇرىدۇ، قارا ئەمگەكچىلەر باشقۇرۇلىدۇ.

كۆڭزىنىڭ بۇ ئىدىيەسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، جۇڭگو ئەخلاق قارىشىنىڭ نېگىزى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭىپ، مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي ئورۇن، دەرىجە پەرقىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپ قالغان. ئىككى پۇقرا پاراڭلاشقاندا، ئۇلار ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ مەنسەپدارلىق دەرىجىسىنى ئويلىشىدۇ. چوڭراق مەنسەپدار تېخىمۇ چوڭراق مەنسەپدار بىلەن بىر خىل پوزىتسىيەدە پاراڭلاشسا، ئۆزىدىن كىچىك مەنسەپدار بىلەن باشقا بىر خىل پوزىتسىيەدە پاراڭلىشىدۇ. ۋېلىسىپىت مىنگەنلەر بىلەن پىكاپتا ئولتۇرغانلار يول ئۈستىدە جاڭجاللىشىپ قالسا، پىكاپتا ئولتۇرغانلار چۈشۈپ ۋېلىسىپىت مىنگەنلەرنى ئۇرالايدۇ، چۈنكى ئۇ سالاھىيىتى يۇقىرى ئادەم بولۇپ، سەن نېمىتىڭ، دېيەلەيدۇ. بۇنىڭ

مەنىسى سەن مېنىڭ ئالدىمدا قانچىلىك نېمە، دېگەنلىكتۇر.

**جۇڭگولۇقلارنىڭ «مەرتىۋە» ۋە كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىئىنەزىرى**

جۇڭگولۇقلارنىڭ مەرتىۋە قارىشى ئېغىر. جۇڭگودا راھىبلارمۇ باشقارما دەرىجىلىك، بۆلۈم دەرىجىلىك بولىدۇ، كىشىلىك دۇنيا-سىدىن شۆھرەت تاما قىلمايدىغان راھىبلارمۇ دەرىجىگە ئايرىلغان. مەن ئويلايمەنكى، جۇڭگولۇقلار ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن چەت ئەللىكلەرگە زادى ئوخشىمايدۇ. چەت ئەللىكلەر مەنسەپدارنى ھەرگىزمۇ چوڭ بىلمەيدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە جۇڭگو-لۇقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىئىنەزىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق دېگەن زادى نېمە؟ ئىمتىياز يوقالسىلا كى-شىلىك ھوقۇق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قارىشى زادى نېمىشقا ئاجىز؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىمتىياز قارىشى ئىنتايىن كۈچلۈك. شۇڭا جۇڭگودا كىشىلەرنىڭ باراۋەر بولمىقى بەك تەس.

جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قاراش شۇكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ. بازار ئىقتىسادىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت پۇلغا بې-رىپ تاقىلىدۇ. پۇلى بارلار خالىغان نەرسىنى بېرىپ ئالالايدۇ ۋە مۇلازىمەتكە ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن جۇڭگو جەمئىيىتىدە بولسا ئەھۋال باشقىچە، يولغا قويۇلغىنى ساپ بازار ئىقتىسادى بولمىغاچ-قا، نۇرغۇن ئىش يەنىلا ھوقۇققا تايىنىپ بېجىرىلىدۇ. ھازىرغۇ بىرئاز ياخشىلىنىش بار، بازار ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغانسېرى پۇلنىڭ رول ئالىدىغان دائىرىسى كېڭەيدى، لېكىن كۆپ جايدا يە-نىلا مەسىلىلەرنى پۇل بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. يەنىلا ئىج-تىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنغا تايىنىشقا توغرا كې-لىدۇ. بەزىلەرنىڭ قولىدىن تەستىق سىلىش كېلىدۇ، بەزىلەرنىڭ قولىدىن تامغا بېسىش كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھوقۇق قوغلىشىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئورۇن ۋە دەرىجە قوغلىشىدىغان

بولدى.

لېكىن چەت ئەللەردە پۇل بولسىلا بولىدۇ، بىراق جۇڭگودا پۇ-لۇڭ بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ھوقۇقۇڭمۇ بولۇشى كېرەك. ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا مۇھىم. قەدىمدىن تارتىپ يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۇستۇرۇپ كەلگەن، بۇ بىر خىل ئىش ھەققى. بۇ ئىشلار ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ، بىراق جۇڭگودا ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولار.

### ھۆكۈمەت پۇقرانى قوغدايدىغان بولۇشى كېرەك

بۇ خىل ھادىسە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ باشتىكى رولى بىلەن تامامەن ئەكسىچە. ھۆكۈمەت زادى نېمە قىلىدىغان نەرسە؟ ئىككى ئادەم ئا-رىسىدا بىرەر ئىش بولسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئادىل ھۆكۈم چې-قىرىدىغان يەنە بىرى بولۇشى كېرەك. دېمەك، ھۆكۈمەت پۇقرانى قوغداش ۋە پۇقرانىڭ ئالدىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن ياكى يامان ئادەملەرنى توسۇش، پۇقرالار ئۆزى ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن ھۆكۈمەت كېلىپ چىققان.

ھۆكۈمەتنىڭ تۈپكى رولى — پۇقرالارنى قوغداش. ئۇنىڭدا ئىمتىياز بولىدۇ. ئىمتىياز بولمىسا ھۆكۈمەت ئىقتىدارسىز بولى-دۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت پۇقرالارغا ئوخشاشلا ئىمتىيازسىز بولسا، ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەتتە ئالىي ئىمتىياز بو-لۇشى كېرەك. بۇ، ئىمتىياز ئىجرا قىلىنىدىغان چاغدا زۆرۈر. بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ ئىمتىيازى ھازىرقى ئەھۋالدا بەك چوڭ بولۇپ كەتتى.

ھازىرقى شارائىتتا، پۇقرا ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان كادىردىن زادى قانچىسى بار؟ ناھايىتى ئاز. تولىسى پۇقرالارنى باشقۇرىمەن، قانۇن - نىزام توقۇنۇشۇپ قالسا، ئۇلار نىزاملارنى ئىجرا قىلى-مەن، دەپ ئويلايدۇ. پۇقرا بىلەن قانۇن - نىزام ئىجرا قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، پۇقرالارنى قوغداشنى ئاساس قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككىسى بەزىدە بىردەكلىككە ئىگە، بەزىدە بىردەك-

لىككە ئىگە ئەمەس. نىزان دېگەن نەرسە ھەممە ئەھۋالغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ، ئۇنى ئىجرا قىلغاندا يوكسەك پىرىنسىپ بولۇشى كېرەك. نىزان نېمىگە ئاساسەن تۈزۈلىدۇ؟ پۇقرالارنى قوغداش ئۈچۈن، باشقا نەرسە ئۈچۈن ئەمەس. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ھۆكۈمەتىمىزنىڭ رولى تەلەپتىن يىراق.

**ئالاھىدە نوپۇزنىڭ بازارغا بولغان ئاۋارىچىلىكى**

مېنىڭچە، ئەڭ باشتا شەرق بىلەن غەربتە ھۆكۈمەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى. ھەرقايسى مىللەتنىڭ ھۆكۈمىتى بىخ ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئۆزىنىڭ رولىنى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئاقساقاللار ئارقىلىق ئۆتىگەن. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئادالەتنى ۋە ئۆز پۇقرالىرىنى قوغدىغان. غەرب ياكى شەرقتە بولسۇن، يىراق دەۋرلەردىكى ھۆكۈمەت ئاشۇنداق كېلىپ چىققان. ھۆكۈمەتنىڭ ئىمتىيازىنىمۇ كىشىلەر تونۇغان. لېكىن ئادەملەر بارا - بارا ھوقۇقنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ قېلىپ، جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلار سىنىپى پەيدا بولدى. غەربتىمۇ شۇنداق. قۇل بولمىغان جەمئىيەت مەۋجۇت بولالمايتتى. ئەپلاتون بىلەن كۇڭزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىدىيەسى ئوخشاش ئىدى.

شۇڭا، بازار ئىقتىسادى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر بۇنداق جەمئىيەتنىڭ قانداق ئىدارە قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. دەرىجە ۋە پەرق بولمىسا، ئادەم ئادەمنى باشقۇرمىسا، ئەمىنلىك بولامتى، دېيىشتى. بازار ئىقتىسادىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئادەم ئادەمنى باشقۇرمىسىمۇ جەمئىيەت ئامان بولۇۋېرىدۇ. جەمئىيەت ئامان بولۇپلا قالماي، پۇقرالار بېيىيدۇ.

پەرق نەدە؟ پەرق ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى چۈشەنگەنلىكىدە، بىر - بىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلغانلىقىدا، باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەم دەپ قارىغانلىقىدا، ئالاھىدە ئىمتىيازنىڭ بولمىغانلىقىدا.

بازار ئىقتىسادى ئالاھىدە نوپۇز بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى ئىقتىساد، نوپۇز ئاستىدىكى ئىقتىساد بازارغا يۈزلەنمەيدۇ.

جۇڭگودا بازار بار، بازار تۈزۈمى يوق، چۈنكى ئىشلارغا نوپۇز ئارىلىشىۋالىدۇ. نوپۇز سىيناش ئىگىلىك ھوقۇقىغا چېقىلىپ تۇرىدۇ، نورمال ھەرىكىتىنى ۋە ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تۇرىدۇ. تەرەققىي قىلىپ بىر يەرگە بارساڭمۇ ھوقۇق سىيىنى بىر پەشۋا بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيدۇ. ھوقۇقنىڭ رولى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى! نوپۇزنىڭ رولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى!

**جۇڭگو ئىقتىسادىدىكى ئەڭ زور مەسىلە — ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزى**

ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى نوپۇزى ئاجىزلاشتۇرۇلسا، جۇڭگونىڭ بازارلىرى قالتىس تەرەققىي قىلغان بولاتتى.

مېنىڭچە، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيەسىدە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ۋەزىپىسى يوق، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — ئادالەتنى قوغداش. ئىقتىسادنى ھۆكۈمەت تەرەققىي قىلدۇرمايدۇ، ئەسلىدە ئۇنى پۇقرا تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بازار ئىقتىسادىنىڭ ئېسىللىكى ئۇنىڭ پۇقرانىڭ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەت بەرگەنلىكىدە. سەن باشقىلارنى ئۆزۈڭدە كۆرۈپ ھۆرمەتلىشىڭ كېرەك، ئۆز مەنپەئىتىڭ ئۈچۈن چېپىۋاتقىنىڭدا باشقىلارغا زىيان سالماسلىقىڭ لازىم. مانا بۇ بازار ئىقتىسادىنىڭ پىرىنسىپى.

ھازىر بىزدىكى چوڭ سەۋەنلىك شۇكى، تەرەققىيات پىلانىنى ھۆكۈمەت ئۆزى كونترول قىلىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ئەمەس. ھۆكۈمەت ئادالەتنى ۋە پۇقرانى قوغدىشى، سۈيىقەستچى ۋە ئوغرى - بۇلاڭچىلىقلارنى توسۇشى، ئىش چىقسا ھەققانىي بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. قىسقىسى، ھۆكۈمەت ئەۋزەل مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، باشقا ئىشلارغا چېپىلىۋالماسلىقى كېرەك. مانا بۇ كۆڭۈلدىكىدەك بازار تۈزۈمى.

**ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر**

ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى ئىسلاھ قىلمىغاندا، ئورگانلارنى خىللاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىز ھازىر توغرا نىشانغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. پارتىيەنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلگەن رەھبەرلىرى ئاستا ـ ئاستا چېكىنىپ چىقىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىلىدۇ.

ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى ئۆزگەرتىش ئېغىزدىن چۈشمەيۋاتىدۇ، بىراق شۇنىڭغا لايىق تونۇشنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئېنىقسىز. بىز تېخى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان ۋەزىپىگە ئىگە ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى تونۇپ يېتىشتىن كۆپ يىراقتا تۇرىمىز. ئۆلكە باشلىقلىرى ھە دېسىلا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. مېنىڭچە، بۇ پۈتۈنلەي خاتا. چۈنكى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، سەن ھەققانىيەتنى چىڭ تۇت، پۇقرالارنىڭ ئىقتىدارىنى ئۇرغۇت، شۇ چاغدىلا ئىقتىساد تەبىئىي ھالدا گۈللىنىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇرغۇن خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئەڭ زور خاتالىق ۋە ئەڭ زور ئىسراپچىلىق پىلان ئىسراپچىلىقىدىن ئىبارەت. بۇ ھەممىگە ئايان. بازارمۇ خاتالىشىشى مۇمكىن. لېكىن خاتالىقى نا-ھايىتى ئاز بولىدۇ. نېفىت كرىزىسى، سۇنىڭ يېتىشمەسلىكى دېگەندەكلەرنى بازار ئۆزى ھەل قىلالايدۇ. مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى يارىتىش بولسا ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى، ئۇ ھۆكۈمەت ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك. ھۆكۈمەت ئادالەتنى قوغداشتىن باشقا ئاممىۋى مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى، تەپتىش، سوت ۋە ئەدلىيە مەھكىمىلىرى، تۈرمە قاتارلىقلار ئادالەتنى قوغدىشى لازىم. مۇھىت، يول، كوچا چىراغلىرى، ھاۋا رايىدىن مەلۇمات قاتارلىقلار ئاممىۋى مۇلازىمەتكە ياتىدۇ. بۇ ئىشلارنى شەخسلەر ئىدارە قىلمىدىغان ئەھۋال تېخى بارلىققا كەلمىدى. ھەتتا پوچتىنىمۇ شەخسلەر ئىدارە قىلسا بولىدۇ.

هۆكۈمەتنىڭ ئىشلارغا ئارىلىشىشىنىڭ پايدا ـ زىيانلىرى

هۆكۈمەتنىڭ يەنە بىر رولى بار، ئۇ بولسىمۇ زىيادە كۈچلۈك قاتلام ياكى شەخسلەرنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ تۇرۇش. بىراق، هۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيەسىنى ئۆتەشى مۇناسىپ رەۋىشتە خەتەرلىك بولىدۇ. كورېيەنىڭ مالىيە كىرىزىسىدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، هۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشى توغرا ئەمەس. تەيۋەندە هۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا قول تىقىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. تەيۋەن سۇن جۇڭشەننىڭ نەزەرىيەسى بويىچە ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇردى، شۇڭا تەيۋەندە كورېيەدىكى سەنشىڭ، دايۇ دېگەنلەردەك داڭلىق ـ زور كارخانىلار كۆزگە چېلىقمايدۇ، شۇڭلاشقا تەيۋەننىڭ ئىقتىسادى ناهايىتى مۇقىم بولدى، سۇن جۇڭشەننىڭ كاپىتالنى چەكلەش دېگەن سۆزى دۆلەت سىياسىتىگە ئايلىنىپ، كارخانىلارنىڭ زىيادە تەرەققىي قىلىپ كېتىشىگە يول قويۇلمىدى.

دېمىسىمۇ تەس. هۆكۈمەت باشقۇرمىسا بولمىغان، بەك باشقۇرۇپ كەتسە تېخى بولمىغان، ئەمما بۇ هۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيەسى ئەمەس. ئەگەر جەمئىيەت ساغلام جەمئىيەتلا بولىدىكەن، هۆكۈمەت باشقۇرمىسىمۇ ئۇنداق ئىشلارنى جەمئىيەت ئۆزى تەڭشەپ كېتىدۇ.

ئامېرىكىدا مۇنداق بىر ئەھۋال بار، پۇلدارلار ئۆلۈپ كەتسە، پۇللىرىنى پەرزەنتلىرىگە مىراس قالدۇرمايدۇ، بەلكى فوند جەمئىيىتىگە تاپشۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، هازىر دۇنيادىكى پۇللار فوند جەمئىيەتلىرىگە جۇغلىنىپ، زور ئىقتىسادىي كۈچكە ئايلانماقتا. ئومۇمەن، ئامېرىكا فوند جەمئىيەتلىرى باشقۇرۇلۇش جەھەتتە ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى فوندنىڭ سوممىسى ئېشىپ، نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن پايدىسى كۆپ بولۇپ، هۆكۈمەت قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. مىسالەن، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش، قۇتقۇزۇش، داۋالاش قاتارلىقلار.

دېمەك، ھۆكۈمەت قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇلار قىلىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ قوتقۇزۇشى ھامان رايونلارنىڭ قوتقۇزۇشىغا ئورۇن بېرىشى كېرەك. شىمالىي ياۋروپادىكى باي دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت قوتقۇزۇشى زىيادە ئېشىپ كېتىپ، ھۆرۈنلار كاپالەتكە ئېرىشىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاستىلاپ كەتكەن.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى 20 يىل ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن كۆپ ئىلگىرىلىدى. ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىلگىرىلەش زور، ئەمما تەلەپتىن كۆپ يىراق.

### سىياسىي ئىسلاھات ۋە كىشىلىك ھوقۇق

سىياسىي ئىسلاھات ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، سىياسىي ئىسلاھات ئاخىر كىشىلىك ھوقۇققا بېرىپ تاقىلىدۇ.

ئالدى بىلەن پۇقرالارنىڭ ئۆزىدە كىشىلىك ھوقۇق ئېڭى بولۇشى، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. ئاندىن ھۆكۈمەتمۇ ھۆرمەتلەيدۇ، كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق دېمەك كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى دېمەك. ھەربىر ئادەم ئەركىن بولۇشى، لېكىن باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلماسلىقى كېرەك. كىشىلىك ھوقۇق بىر خىل مەنتىقىي مۇقەررەرلىك، ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن ئەڭ ئاقىلانە ئورۇنلاشتۇرۇش. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھالدا مۇقىم قۇرۇلمىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلمىسى 20 يىل ئىلگىرىكىسىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، خۇددى ھۆكۈمەت خادىملىرى تۈزۈمىدەك خەلقئارا تەرتىپنى بويلاۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆستۈرۈشنى مۇكاپات ھېسابىدا كۆرۈش ئىنتايىن بىمەنىلىك. ئۆستۈرگەنلىك ساغا تېخىمۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنىڭ ئارتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھوقۇقۇڭىمۇ كېڭەيگەن بولىدۇ، ئەمما سەن قوبۇل قىلىدىغان تەپتىشمۇ ئېغىرلاشقان بولىدۇ. ھازىر سودىگەرلەر قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئىگە ئەمەس، مەنسەپكە چىققانلار ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋال بۇرۇنمۇ ئېغىر ئىدى.

**ئورگانلارنى ئىخچاملاشتىكى توسۇق**

ئورگانلارنى ئىخچاملاشتىكى توسالغۇ نەدىن كېلىدۇ؟ ئەگەر كادىرلارنىڭ چېكىنىش يولى بولمىسا قارشىلىق كۆچىيىپ كېتىدۇ. چېكىنىش يولى بولسا بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ. ھازىر ئىشتىن بوشاتتۇق دەپ نۇرغۇن كادىرلارنى ئىشتىن قالدۇرۇۋاتىمىز، لېكىن يەنىلا مائاشى بار، ئۇلارنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرى ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنى پۈتۈنلەي ساقلاپ قالالمايسەن، ئازراق تۆۋەنلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، بولمىسا ۋەزىپە ئىجرا قىلىغان چاغدىكىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. بىر جەھەتتىن پۇل ۋە ھوقۇق سودىسى قاملاشمىغان ئىش، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئاممىۋى مۇناسىۋەتتى كارخانا ئۈچۈن پايدىلىق.

سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ نۆۋەتلىك ئورگان ئىسلاھاتى زور تەۋەككۇلچىلىك بولۇپ، غەلىبە قىلىش بىلەن مەغلۇپ بولۇش مۇشۇنىڭغا باغلىق. بۇنىڭغا قارىتا يوشۇرۇن توسقۇن كۆپ بولۇپ، ئۇنى بىر خىل كۆرەش دېيىشكە بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، ئىشەنچىسى بار، ئىرادىسى چوڭ. مېنىڭچە، مۇشۇنداق ئىشەنچ ئەڭ مۇھىم. ھازىر كومپارتىيەنىڭ نوپۇزى بۇرۇنقىدەكلا زور بولۇپ، قارشىلىقلارنى ئازايتالايدۇ. ھازىر تارقاقلاشتۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى ناھايىتى زور، بۇ نۇرغۇن مەسىلىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. بازارنى قانداق قىلىپ جانلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ يىلقى ئەھۋال ناھايىتى ناچار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئىشتىن بوشىغانلار ئىنتايىن زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە.

## ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي كاساتچىلىق

مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، كۆپىيىشچانلىقنى تۆۋەنلىتىپ ھازىرقى كاساتچىلىقنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بازارنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشىنى ئازايتىش لازىم. راستىتىنلا شۇنداق قىلغىلى بولسا، بازار ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بولاتتى.

يەنە بىر ئوبيېكتىپ مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ ئېھتىياجنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، مەبلەغنىڭ يەتمەسلىكىدە. ھازىر جۇڭگولۇقلارنىڭ پۇل ئامانەت سوممىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، 40 پىرسەنتكە يەتتى. 100 پىرسەنتلىك بايلىق ياراتقانلار ئۇنىڭ 60 پىرسەنتىنى سەرپ قىلىپ، قالغان 40 پىرسەنتنى ساقلاپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ 40 پىرسەنت بايلىقنى كىشىلەرگە قانداق قىلىپ خەجلىتىش كېرەك؟ پۇل ئامانەتنى مەبلەغكە ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن دۆلەت ئاشۇ 40 پىرسەنت بايلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. پۇل بار، مەبلەغ سېلىش يېتەرلىك ئەمەس.

ھازىر جۇڭگولۇقلارنىڭ مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئامېرىكىنىڭ كاساتچىلىق مەزگىلىدىكى ئەھۋاللىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغان نۇرغۇن دۆلەت كارخانىسى بۈگۈنكى شارائىتتا خەلق ئىگىلىكىدىكى چوڭ كاشىلىغا ئايلاندى. شۇڭلاشقا، ئەمدى ھۆكۈمەت مەبلەغ سالماس بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت مەبلەغ سالسا دۆلەت كارخانىلىرى يەنە كۆپىيىدىغان گەپ. ئامالىنىڭ بارىچە ئىجتىمائىي كۈچلەرگە مەبلەغ سالدۇرۇش كېرەك. بىراق، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي كۈچلىرى تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارمۇ ناھايىتى ئاجىز. ئۇلارنىڭ ئۇنچە زور بايلىقنى يۇرۇشتۇرۇپ كەتكۈدەك ئىقتىدارى يوق. مانا بۇ جۇڭگو ئىقتىسادى دۇچ كېلىۋاتقان تۈپ مەسىلە.

جۇڭگو بۇرۇن مەبلەغ سېلىشنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان دۆلەت ئىد-

دى، ئەمدى مەبلەغنى يېتەرلىك سالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قال-
دى. ئەسلىدە مەبلەغ سېلىش كونترول قىلىنىشى كېرەك ئىدى.
چۈنكى مەبلەغ سېلىنىشىلا ئىقتىسادىي قىزغىنلىق ئېشىپ، ئۇ-
نۇمسىز نۇرغۇن قۇرۇلۇشنى تەكرار قىلىش كېلىپ چىقىدۇ. مەب-
لەغ يېتىشمەيۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا مەبلەغنى كونترول قىلىش
تۈزۈمى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، بىرەر تۈردىكى قۇرۇلۇش ئۈچۈن
نەچچە ئون تامغا باستۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئىسراپخور
سودا ئەسلىدىكى پايدىلىق تۈرنىڭ پايدىسىنى يەۋېتىدۇ. بۇنىڭ بى-
لەن مەبلەغ چىقىش قىلماي قالىدۇ ـ دە، ئىقتىساد كاساتچىلىققا
ئۇچرايدۇ.

ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھازىرقى باج تۈزۈمى قاتتىق ئەمەس، قالاي-
مىقان پۇل يىغىش ۋە جەرىمانە ئېلىش ھەرىكەتلىرى بەك ئاۋۇپ
كەتتى. ھازىرقى مەسىلە قالايمىقان پۇل يىغىدىغان ۋە جەرىمانە ئا-
لىدىغان ئورۇنلارنى قىسقارتىپ، باجنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش، باج ئوغرىلايدىغان قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى چوڭ دېيىشكىمۇ، كىچىك دېيىشكىمۇ بو-
لىدۇ. چوڭ دېيىشتىكى سەۋەب، ھۆكۈمەت ئارىلاشمىسىمۇ بولىدى-
غان بارلىق ئىشقا قول سېلىشقا ئۆلگۈرەلىگەن. كىچىك دېيىشتى-
كى سەۋەب، ھۆكۈمەت نۇرغۇن مۇھىم ئىشنى ياخشى باشقۇرمىدى.
ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمىتى يېتىپ بارمىغان جايلار ئىنتايىن كۆپ.
كىشىلەر ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىش قىيىن ئىش دەپ قاراپ
ئۆزىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى.

سىياسىي ئىسلاھاتتىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن سۆز ئاچقاندا، نۇرغۇن تېخنى-
كىلىق مەسىلىگە يولۇقىمىز.

مىسالەن، مەمۇرىي كادىرلار تۈزۈمىدە بىر يۈرۈش مەشغۇلات
ئۇسۇلى بولىدۇ. پۇل ئامانەت قويغۇچىنىڭ ھەقىقىي ئىسىم ـ فا-

مىلىسىنى قوللىنىدىغان بانكا تۈزۈمى بولسا مەنسەپدارلارنى تېپىش قىلىدىغان تېخنىكا تۈزۈمىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ بانكىلىرىمىزدا خالىغان نام بىلەن ھېساب ئاچسا بولىدۇ. بىراق، چەت ئەللەردە مۇمكىن ئەمەس، ئۇ يەردە ھەقىقىي ئىسىم - فامىلىسىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنداق تۈزۈملەشكەن چارە - تەدبىرلەر ھۆكۈمەتنى پاكلاشتۇرىدۇ. ئاساسىي قانۇن مەھكىمىلىرى مەمۇرىي دەۋالارنى قوبۇل قىلىدۇ. پەقەت ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىلا ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن مەھكىمىلىرى ھۆكۈمەت بىلەن دەۋاغا چۈشەلەيدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ مەقسىتى پۇقرالارنى قوغداش، شۇڭا پۇقرالار ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلمايدۇ. پۇقرالارنىڭ قولىدىن پەقەت جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ۋە ھەق تەلەپ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشلا كېلىدۇ. بۇ قېتىملىق ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، قىسقارتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ جەھەتتىكى قۇرۇلمىنى كۈچەيتمىدى.

بۇ قېتىمقى ئورگان ئىسلاھاتى نامايان قىلدىكى، 20 يىللىق ئىسلاھاتتىن كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئالغا باستى، بەزى رەھبەرلىك ساھەلىرىنى قىسقارتتى، ئايرىلىشقا قارىغاندا ئايرىلاشماسلىقنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

# «سىياسىي مىللەت» بولۇشقا يۈزلىنىش

گەن ياڭ

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە باش كۆتۈرۈشى دۇنيانىڭ دىق-قىتىنى تارتتى. ئەمدى جۇڭگو يېڭى ئەسىرگە كىرىشتە دۇچ كېلى-دىغان مۇھىم سىناق جۇڭخۇا مىللەتلىرى ماكس ۋېبېر ئېيتقاندەك زامانىۋى «سىياسىي مىللەت»كە ئايلىنامدۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلى-دىن ئىبارەت. ئاۋۋال مەن «سىياسىي مىللەت» دېگەن ئۇقۇم تۇغ-ۇلىسىدا قىسقىچە توختىلاي، مۇشۇنداق قىلساق، جۇڭگونىڭ سىيا-سىي ئىسلاھات يۆنىلىشى ۋە لايىھەسى ھەققىدىكى مۇنازىرىدە «سى-ياسىي مىللەت» دېگەن يادرولۇق ئۇقۇمنى چىقىش قىلىش كېرەك-لىكىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

سىياسىي مىللەت دېگەن نېمە؟

بىر ئەسىر ئىلگىرى ماكس ۋېبېر ۋەتىنى گېرمانىيەنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىقتىسادىي قالاقلىقتىن كېيىن بىردىنلا باش كۆتۈرۈپ، ياۋروپادىكى چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەت بولۇپ قالغىنىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. ئۇنىڭچە، ئۇزاق مۇددەت ئاجىز، قالاق ھالەتتە ياشىغان مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇشتۇمتۇت باش كۆتۈرۈشىدە ئە-جەللىك خەۋپ يوشۇرۇنغان بولاتتى. ئۇ، بۇ قالاق مىللەتتە بار بول-غان «سىياسىي خاملىق» نىڭ چېنىشىنى تېزلىتىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن «سىياسىي خاملىق» ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئۆتكۈر سېلىشتۇرما مىللەتنىڭ گۈللىنىش ئارزۇسىنى يوققا چى-قىرىدۇ، ھەتتا مىللەتنىڭ يىمىرىلىشىدىن ئىبارەت ئاپەتلىك نەتى-جىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ماكس ۋېبېرنى بىر ئۆمۈر ئەندىشىگە

سالغىنى، گېرمان مىللىتىنىڭ «سىياسىي يېتۈكلۈك»كە يۈزلىنەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى. ماكس ۋېبېرنىڭ ئەندىشىسى گېرمانىيەنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا ھەقىقەتەن ئىسپاتلاندى: ماكس ۋېبېرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى گېرمانىيە «ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى» ئەمەلىيەتتە «سىياسىي خامىلىق» نىڭ مەنىداش سۆزى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە، گىتلېر تەختكە چىقتى ۋە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، گېرمانىيە ئىككىگە ئايرىۋېتىلدى ــ دە، ئامېرىكا ۋە (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بېقىندى. پەقەت «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى» دىن كېيىنلا گېرمان مىللىتى بىرلىككە كەلگەن سىياسىي مىللەتكە ئايلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ پۇرسەت ماكس ۋېبېر دەۋرىدىن ھېسابلىغاندا 100 يىل كېچىككەن بولدى.

ماكس ۋېبېرنىڭ ئاساسلىق قارىشى شۇكى، ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەبىقىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەت كۆپ قۇتۇپلۇق چېچىلىشنى مەزمۇن قىلغان ئىجتىمائىي چەتنەش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىرقى زامان سىياسىيىنىڭ ۋەزىپىسى كۆپ قۇتۇپلۇق چېچىلما ئىجتىمائىي مەنپەئەتنى مىللەت بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ سىياسىي ئىرادىسى ۋە سىياسىي ئۇيۇشۇش كۈچى ئاستىغا ئەكېلەلەيدىغان سىياسىي جەريانىنى يارىتىشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولمايدىكەن، پۈتكۈل مىللەتتە ئىجتىمائىي چېچىلما ۋە سىياسىي ئۇيۇشمىسىزلىق كېلىپ چىقىپ، يەرلىك ۋە گۇرۇھلارنىڭلا مەنپەئەتى بار بولۇپ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى يوقىلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك يۈزلىنىش مەيدانغا كېلىدۇ، ئاخىر مىللەت پارچە ــ پارچە بولۇپ كېتىدۇ. قالاق مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىگە يوشۇرۇنغان چوڭ مەسىلە ــــ مىللەتنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىدە يېڭى سىياسىي تۈزۈم بەرپا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشكە ماسلىشالايدىغان سىياسىي ئۆتكۈرلۈك ۋە ئىرادىنىڭ بولۇش ــ بولماسلىقىدۇر. ھازىرقى زامان

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق يۈزلىنىشى ھەممە ئادەمنى ئالماشتۇرما ئىقتىسادىي جەريانىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىشتىن ئىبارەت. ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، بۇنداق «ئاممىۋى ئىقتىساد» جەريا- نىغا ماس كېلىدىغان بىردىنبىر سىياسىي تۈزۈم پەقەتلا «ئاممىۋى دېموكراتىيە» (كەڭ كۆلەملىك دېموكراتىيە) دۇر. بىر دەك ئىقتى- سادىي جەريانغا ئەگىشىلگەن ئاما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر- دەك سىياسىي جەريانغىمۇ جەلپ قىلىنىشى لازىم. دېمەك، كەڭ كۆلەملىك سىياسىي ئارىلىشىش ئارقىلىق ئورتاق سىياسىي كىم- لىك يارىتالىغان مىللەت زامانىۋى «سىياسىي مىللەت» بولىدۇ.

### سىياسىي مىللەت ۋە ئاممىۋى دېموكراتىيە

ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، قالاق مىللەت بىلەن تەرەققىي تاپ- قان مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ زور پەرق شۇ يەردىكى، قالاق مىللەت، تۈپ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «سىياسىي بولمىغان مىل- لەت»تۇر، بۇنداق مىللەتتە پۈتكۈل ئەزالار ئورتاق ئارىلىشالايدىغان سىياسىي جەريان ۋە سىياسىي تۈزۈم بولمىغاچقا، كۆپ ساندىكى پۇقرا مەزكۇر دۆلەت سىياسىتىنىڭ سىرتىدا قالغان بولىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىنى سىياسىي ئارىلىشىشنىڭ سىرتىغا ھەيدىۋېتىدىغان بۇنداق سىياسىي تۈزۈم ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، ئىقتىسادىي تەرەققى- ياتى ئىنتايىن ئاستا بولغان، جەمئىيەت تەبىقىلەنمىگەن ھالەتتە ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ. نىسپىي تۇرغۇن ھالەتتىكى بۇنداق جەم- ئىيەتتە جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇشى دىن ۋە ئەخلاققىلا تايانغان بولى- دۇ، سىياسىي بولسا ئاز ساندىكى سەرخىل ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تەڭلىمىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن ئىقتىساد تېز گۈللىنىۋاتـ- قان، جەمئىيەت يۇكسەك دەرىجىدە تەبىقىگە ئايرىلىۋاتقان، كۆپ سان- لىق كىشى سىياسىي جەرياننىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇۋاتقان سىياسىي تۈزۈمدە تېزىنى باسسا مېزى چىقىپ قېلىش يۈز بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆپ قۇتۇپلانما ئىجتىمائىي مەنپەئەتنى سىياسىي جەريانغا ئەكىرىش

مەسىلىسىنى ئەمەلىي ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. ماكس ۋېبېر-نىڭ قارىشىچە، گېرمانىيەدىكى جونكېرچە (چەكتىن ئاشقان مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئەكسى دېموكراتىيە نۇقتىئىنەزەرى. — ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈگۈچىدىن) فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىياسىيسى مۇقەررەر ھالدا گۇمران بولىدۇ، بەلكى كونچە ياۋروپا لىبېرالىزمى، يەنى ئەنگلىزچە ئاقسۆڭەكلەر لىبېرال سىياسىتىمۇ ئوخشاشلا گۇمران بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار سىياسىينى ئالاھىدە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىچىدىلا چەكلەيدۇ، تارىخ سەھنىسىگە ئاللىبۇرۇن چىقىپ بولغان «جەمئىيەت ئاممىسى»نى سىياسىي جەريانغا ئۇيۇشتۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ (ئەنگلىيە 1876 - يىلىدىكى ئىسلاھات قانۇن لايىھەسى ئارقىلىق لىبېرال سىياسىتىدىن دېموكراتىك سىياسىيغا كۆچكەن).

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ماكس ۋېبېر ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ مۇقەررەر ھالدا «سىياسىي مىللەت»كە ئايلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنداق مىللەت جەمئىيەتتىكى ئاممىنى مەزكۇر دۆلەت سىياسىيغا قاتناشتۇرىدىغان نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان بىر يۈرۈش سىياسىي جەريان ۋە تۈزۈمنى بەرپا قىلىشى زۆرۈر. ھازىرقى زامان ئىقتىسادى ۋە زامانىۋى جەمئىيەتكە ماس كېلىدىغان سىياسىي تۈزۈم دەل «ئاممىۋى پارتىيە» ۋە ئومۇمىي سايلامنى ئاساس قىلغان «ئاممىۋى دېموكراتىيە» دۇر. ئاممىۋى پارتىيەنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى ئالاھىدە گۇرۇھ دائىرىسىدىلا بولماستىن، بەلكى ھەر خىل تەبىقە، ھەرخىل گۇرۇھ، ھەر خىل رايوننىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئۆزئارا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. قەرەللىك چوڭ سايلاملار بولسا مەنپەئەتى پەرقلىق بولغان، ھەتتا زىددىيەتلىك بولغان ھەر خىل ئىجتىمائىي تەبىقىنى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە كېلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، جەمئىيەتتە «ھەر ۋاقىت تەڭشەپ تۇرۇش ھەققىدىكى ئورتاق

تونۇش» نى يارىتىشقا پايدىلىق. ماكس ۋېبېر تەكىتلەيدۇكى، سايلام سىياسىتىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىدىكى چوڭقۇر سىياسىي مەنە شۇ يەردىكى، تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ ئىچكى سىياسىي جەريانى بارلىق يۇقىرانى سىياسىي جەھەتتىن يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. يەنى ئۆزىگە ماس مەنپەئەتكە ئىگە بولغان تەبىقىلەر، گۇرۇھلار ۋە رايونلاردا «دۆلەت سىياسىيسى» ھەققىدە تۈپكى ئاڭ بولغان بولىدۇ. بۇنداق پەۋقۇلئاددە يۇقىرالار سىياسىي يېتىلدۈرمە تۈزۈمىدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۈپەيلىدىن مىللەت ئىجتىمائىي مەنپەئەت جەھەتتە بۆلۈنگەن ئەھۋالدىمۇ، يۇقىرالار «مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش ئادىتى»نى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ دۆلەت ئىچىدە قالاق مىللەتلەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان سىياسىي ئۆيۈشۈشچانلىقى بولىدۇ. مانا بۇ «سىياسىي مىللەت» بىلەن «سىياسىي بولمىغان مىللەت»نىڭ تۈپ پەرقى. ماكس ۋېبېر كېسىپ ئېيتىدۇكى، زامانىۋى مىللەتنىڭ ھەقىقىي كۈچى «ئاممىۋى دېموكراتىيە ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ».

### سىياسىي ھايانكەشلىك ۋە سىياسىي خاملىق

ماكس ۋېبېر تەكىتلەپ ئېيتىدۇكى، تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ قالاق مىللەتتىن تۈپ پەرقى ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى «تاشقى قۇۋۋەت» تىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە يۇقىرالار سىياسىي ئارىلىشىشلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مىللىي مەنپەئىتىگە نىسبەتەن يۈكسەك سىياسىي ئۆيۈشۈشچانلىقنى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. ماكس ۋېبېرنىڭ گېرمانىيە ھەققىدىكى ئەندىشىسى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭچە، گېرمانىيە قىسقا زامان ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن باش كۆتۈرۈپ، كۆرۈنۈشتە قۇدرەتلىك قىياپەتكە كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ «سىياسىي يېتىلىشى بولمىغان بىر مىللەتتۇر». بىر قالاق مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن باش كۆتۈرۈشتەك «تاشقى گۈللىنىش»كە يۈزلىنىش جەريانى ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە ھەرگىزمۇ «ئىچكى گۈللىنىش»كە يۈزلەنگەنلىكتىن

دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى بىر دۆلەتتىكى «ئىچكى گۈللىنىش»نىڭ
دېگەندەك بولماسلىقى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقىدىن
كەلگەن بولماستىن، بەلكى سىياسىينىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى-
دىن كەلگەن. ئوخشاشلا، بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ئىقتىسادنىڭ
راۋاجلىنىشىدىن كېلىپ چىقمايدۇ، بەلكى ئۇ پۇقرالارنىڭ سىيا-
سىيغا ھەقىقىي ئارىلىشىش داۋامىدا سىياسىي يېتىلىش جەريانىغا
ئىگە بولغاندىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان سىياسىي ساپا. قالاق
مىللەتنىڭ «سىياسىي خاملىق»ى «تاشقى گۈللىنىش»نىلا قوغلى-
شىپ، «ئىچكى گۈللىنىش» جەريانىنى باستۇرغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ،
يەنى ئىقتىساد گۈللىنىۋاتقان شارائىتتىكى جەمئىيەتنىڭ رەھبەر-
لىكى بىلەن ئىقتىساد جەھەتتە يېڭى باش كۆتۈرگەن تەبىقىلەر
خۇددى ۋېبېر ئېيتقاندەك «بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان قانۇن
ۋە تەرتىپ ھايانكەشلىكى»گە ئېسىلىۋېلىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا
تەرتىپ ۋە مۇقىملىقنى تەكىتلەپ، سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ پۇرسى-
تىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، بۇنداق
«سىياسىي ھايانكەشلىك» دەل «سىياسىي خاملىق» نىڭ تىپىك ئى-
پادىسى. ئۇ ئەينى دەۋردىكى گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىش-
چىلار ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ سىياسىيغا ئارىلى-
شىشىنى توسقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇنى «دېموكراتىيەدىن
قورقۇش كېسىلى» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ يەنە بۇ كېسەل گېرمانىيە
بۇرژۇئازىيەسىنىڭ «سىياسىي خاملىق»نى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ
«سىياسىي رەھبەر تەبىقىسى» بولۇش لاياقىتىنىڭ يوقلۇقىنى
كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ (ئەمەلىيەتتە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى-
نىڭ سىياسىي سەھنىگە چىقىشىنىڭ چەكلىنىشى گىتلېرنىڭ
تەختكە چىقىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغان). بۇنداق «سىياسىي ھا-
يانكەشلىك» ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى
ئالدايدىغان ئاستا خاراكتېرلىك سىياسىي ئۆلۈۋېلىشتۇر. چۈنكى
ئۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇكى، كونا سىياسىي تۈزۈم كونسا-
يىن ھالاكەتكە يۈز تۇتىدۇ، يېڭى سىياسىي تۈزۈم باش كۆتۈرەلمەي-

دۇ. ئاخىر پۈتكۈل مىللەتنىڭ سىياسىي فۇنكسىيەسى كۈنسېرى يىگىلەپ، قانۇن ۋە تەرتىپ دېگەنلەرمۇ گۇمران بولىدۇ.

**جۇڭگونىڭ سىياسىي ئىسلاھاتىدىكى مەركىزىي مەسىلە**

جۇڭگودا ئۇن نەچچە يىللىق سىياسىي ئىسلاھاتتىن كېيىن، ئىجتىمائىي تەبىقىگە بۆلۈنۈش ئەۋجىگە چىقتى، جۇڭگو جەمئىيىتى ئاللىبۇرۇن زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە نامايان قىلدى. ھازىر تەبىقىلەر، ئوخشىمىغان رايونلار، ھەتتا بىر رايوننىڭ ئۆزىدىكى ئوخشىمىغان ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەتلەردە زور پەرق، زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. كۈنسېرى ئۆلغىيىۋاتقان يېڭى ئىجتىمائىي پەرق، زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار مۇنداق بىر مەسىلىنىڭ بارلىقىنى ئاشكارىلىدى: تەبىقىلەرگە ئايرىلىش ئەۋجىگە چىققاندا جۇڭگو قانداق سىياسىي تۈزۈم ۋە سىياسىي جەريانلار ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۇيۇشتۇرالايدۇ؟

جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن ئالغاندا، جۇڭگونىڭ «سىياسىي مىللەت» بولۇشقا قانداق يۈزلىنىشى بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەسىلە ھەل بولمىسا، جۇڭگودا كۆپ قۇتۇپلاشما ئىجتىمائىي چېچىلىش پەيدا بولىدۇ، ھەر خىل مەنپەئەتنى تۈزۈملەشكەن دۆلەت خاراكتېرلىك سىياسىي ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈش قىيىن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش فۇنكسىيەسى ۋە ئىقتىدارى ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئوتتۇرىدا كۆرۈلۈۋاتقىنى كۈنسايىن گەۋدىلىنىۋاتقان «مەركەز بىلەن جايلار» ئوتتۇرىسىدىكى كېرىلىش كۈچىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ خىل كېرىلىش كۈچى مەركەزدە ئوخشىمىغان مەنپەئەتلەرنىڭ زىددىيىتى ۋە توقۇنۇشلىرىنى كېلىشتۈرىدىغان قۇدرەتنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ

قارىغاندا، مەركەزنىڭ قۇدرەت ئاساسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى-نىڭ سەۋەبى دەل جۇڭگونىڭ بۇگۇنمۇ يەنىلا «سىياسىي مىللەت»كە ئايلىنالمىغانلىقىدا، يەنى جۇڭگودا جەمئىيەت ئامىسىنىڭ دۆلەت-نىڭ چوڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىش پۇرسىتى يوق. شۇڭا جۇڭگو تەرەققىي قىلغان سىياسىي مىللەتلەرنىڭ مەركىزىي ئور-گىنىدەك چوڭ سايلامىلار ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھوقۇقىنىڭ ھېچكىم شەك كەلتۈرمەيدىغان دەرى-جىدىكى ئادالەت ئاساسىنى تۇرغۇزۇشقا تىرىشقىنىچە شەكىلدە تىكلەشكە ئا-مالسىز قالىدۇ.

جۇڭگودىكى سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ تۈپ مەسىلىسى مېنىڭ قارىشىمچە، جۇڭگونى ھازىرقى «سىياسىي مىللەت ئەمەس»لىك ھا-لىتىدىن «سىياسىي مىللەت» بولۇشقا يۈزلەندۈرۈشتۇر. بۇ ئەمەلى-يەتتە مەركەز ھوقۇقىنىڭ ئادالەت ئاساسىنى يېڭىباشتىن تىك-لەش، يەنى ئۇنى مەملىكەت خاراكتېرلىك ئاممىۋى سايلامنى تەڭ-شەك قىلغان دېموكراتىيە ئاساسىغا ئىگە قىلىش دېگەنلىك. خۇددى ماكس ۋېبېر ئەسكەرتكەندە، جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى كۆپ قۇتۇپلۇق بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا مەركەز بارلىق پۇقرانىڭ سايلامغا بىۋاسىتە قاتنىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈ-شى زۆرۈر، بولمىسا جايلار ۋە گۇرۇھلار مەنپەئەتىنىڭ تەرەپ - تە-رەپتىن كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. مەلۇمكى، جەمئىيەت يۈك-سەك تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن شارائىتتا ئاممىۋى دېموكرا-تىيەنى كېڭەيتىش مەركەزنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى كۈچەيتىشىنىڭ ئۇ-نۇملۇك چارىسى بولۇپ قالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نام - ئاتاق-سىز پۇقرالار ھازىرقى زامان سىياسىي تۈزۈمىنىڭ «خاقانى»، ئام-مىۋى دېموكراتىيەنى كېڭەيتىش «خاننى ئۇندەككە كەلتۈرۈپ، خان-نىڭ نامىدا ئەل سوراش» نىڭ زامانىۋى شەكلىدۇر.

ئەمەلىيەتتە، گۈللەنگەن ئىقتىسادىي مىللەتنىڭ مەركىزىي ھو-قۇقىنى كۈچەيتىشتىكى تۈزۈمى ۋاستىلىك سايلام قاتلىمىنى

قىسقارتىپ، بىۋاسىتە سايلامنى كېڭەيتىش ۋە بۇ ئارقىلىق مەر-
كەزنى ھەرقانداق جاي ۋە گورۇھتىنمۇ كەڭ ئىجتىمائىي، ئاممىۋى
ئاساسقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ ئاسا-
سىي قانۇنىدا فېدېراتسىيە ئاۋام پالاتا ئەزالىرى ئىشتات پارلامېنتى
تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ بىۋاسىتە سايلىشى ئارقىلىق
تۇرغۇزۇلىدۇ. (ئامېرىكا) ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈ-
زۈلگەن 17 - ماددىسىدا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: فېدېراتسىيە كې-
ڭەش پالاتا ئەزالىرىمۇ ئوخشاشلا خەلقنىڭ بىۋاسىتە سايلىشى ئار-
قىلىق تۇرغۇزۇلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئىشتات پارلامېنتىنىڭ سايلىشى
ئارقىلىق تۇرغۇزۇلمايدۇ، دېيىلگەن. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، فې-
دېراتسىيە پارتىيە ئەزالىرى فىلادېلفىيە قانۇن كومىتېتىدا ئۇزاق
ۋاقىت مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرىمۇ
ئاۋام پالاتاسى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا خەلقى تەرىپىدىن
بىۋاسىتە سايلاپ چىقىلىدۇ، دەپ بېكىتكەن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق
ئويلىشىلغان مەسىلە ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرىنىڭ ھوقۇقى ئاسا-
سى خەلقتىن كەلگەن بولۇشى، رەئىس جۇمھۇرمۇ خەلققە مەسئۇل
بولۇشى لازىملىقىدۇر. بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھوقۇقىنىڭ ئادىل-
لىقى بىۋاسىتە ھالدا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان بولۇشى،
ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى ھەرقايسى ئىشتات سىياسىي ھوقۇقىنىڭ
تەھدىتىگە مۇتلەق ئۇچرىماسلىقىنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ،
ئامېرىكىنى باغلىنىشى بوش ئىشتاتلاردىن تۈزۈلگەن فېدېراتسىيە-
دىن مۇكەممەل بىرلىككە كەلگەن «سىياسىي مىللەت» كە ئايلاندۇر-
دى. تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، پارلامېنت تۈزۈمى بىلەن رەئىس
جۇمھۇر تۈزۈمى گەرچە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن مەركەز ھوقۇقىنىڭ
ئادىللىقىنى مەملىكەتلىك سايلام ئارقىلىق تۇرغۇزۇش جەھەتتە
بىردەكلىككە ئىگە. ئەمەلىيەتتە، پارلامېنت تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردە
مەركەزنىڭ ھوقۇقى يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋالدا مەملىكەتلىك
سايلامنى قەرەلدىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ بىۋاسىتە ھىمايە-

سىدىكى يېڭى ھوقۇقىي ئادىللىقنىڭ ئاساسىنى تىكلەش كۆپ قول-لىنىلىدىغان ئۇسۇلدۇر.

**ھازىرقى زامان سىياسىي جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي مەسىلىسى** يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، جۇڭگونىڭ پىشقان سىياسىي مىللەت بولۇش - بولماسلىقى تۈزۈم خاراكتېرلىك مۇنداق ئىككى خىل كا-پالەتكە باغلىق: بىرى، ئاممىۋى دېموكراتىيە؛ يەنە بىرى، ئاممىۋى دېموكراتىيەنى ئۆز ئادىللىقىنىڭ ئاساسى قىلغان مەركەز ھوقۇقى-نىڭ ئەمەلىيلىشىشى. بۇ مۇھاكىمىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن كۆپ ساندىكى كىشى قاتتىق تەشەببۇس قىلىۋاتقان «جايلار ھوقۇقى» خا-ھىشى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا زىتلىق بار. مېنىڭچە، ئەسىر (ۋە ئېرا) ئالمىشىشتا تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇقلار جۇڭگو سىياسىيسىنىڭ كەل-گۈسى ھەققىدە توختالغاندا، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كېتىشنىڭلا كويىدا بولماي، بەلكى توپ سىياسىي نەزەر دائىرىسىگىمۇ ئىگە بو-لۇشى كېرەك. بىز دەۋاتقان تۈپكى سىياسىي نۇقتىئىنەزەر «ھازىر-قى سىياسىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسى زادى نېمە؟» دېگەندىن ئىبا-رەت. بۇ مەسىلە — ئامېرىكا يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدىكى فې-دېراتسىيە پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار ئوت-تۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش كىشىگە ئىلھام بېرىدۇ.

ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشى مۇنۇ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. فې-دېراتسىيە پارتىيەسىگە قارشى تۇرغۇچىلار: سىياسىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق تەركىبى شەخس ئەمەس، بەلكى رايون ئورتاق گەۋدىسى بولۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقى رايون ئورتاق گەۋدىسىگە مەنسۇپ، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ پرىنسىپ 1781 - يىلىدىكى «فېدېراتسىيە ماددىسى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە بىۋاستە ئەكس ئېتىدۇ. ئامېرىكا ئىشتاتلار بىرلىكىدىن ئىبارەت فېدېراتسىيە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسى بولسا: دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى رايون ئورتاق گەۋ-دىسى، ئۆلكە، شەھەر، يېزا، كەنت دېگەنلەردىن كەلگەن بولماس-

تىن، بەلكى دۆلەتنىڭ ھەربىر كونكرېت پۇقراسىدىن كەلگەن بو-
لىدۇ. بۇ پرىنسىپ ئامېرىكا فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنىدىكى
«بىز ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى خەلقى.....» دېگەن مەشھۇر جۈم-
لىدىن ئەكس ئېتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئامېرىكا فېدېرات-
سىيونى بىر سىياسىي جەمئىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقايسى
رايون ئورتاق گەۋدىلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىلىرىدىن تۈزۈلگەن بول-
ماستىن، بەلكى شەخس سۈپىتىدىكى ھەربىر پۇقرادىن تۈزۈلگەن.
شۇڭلاشقا، فېدېراتسىيە مەركىزىي ھۆكۈمىتى ھەربىر پۇقرانىڭ
بىۋاستە ۋەكىلىدۇركى، ھەرگىزمۇ رايون ئورتاق گەۋدىسى دائىرد-
لىرىنىڭ مالىيى ئەمەس. ئومۇمەن، ھەربىر پۇقرا سىياسىي جەم-
ئىيەتنىڭ تۈپ ئامىلىغا، بىرتۇتاش قانۇن مىللىي دۆلەتنىڭ پىر-
وگراممىسىغا ئايلانغان بولۇپ، فېدېراتسىيەچىلەر ئامېرىكا دې-
موكراتىيەسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قويغان ئۇل تاش بولۇپ قالدى.
مېنىڭچە، نۆۋەتتە جۇڭگو دېموكراتىيەسىمۇ دەل مۇشۇ پرىنسىپ-
نى ئۇل قىلىشى لازىم. جۇڭگو تارىخىدا سىياسىي جەمئىيەتنىڭ
تۈزۈلۈش پرىنسىپى ھوقۇق مەركەزچىلىك تۈزۈمى بىلەن رايون
ئۇلگارخ تۈزۈمى (ئاز ساندىكى ھوقۇقدارلارنىڭ ئىدارە قىلىشى)
ئوتتۇرىسىدا دەۋر قىلىپ كەلدى، شەخسنى ئاساس ئامىل قىلىش
پرىنسىپى يولغا قويۇلۇپ باققىنى يوق. ئەگەر بۇ ئەسىردە جۇڭ-
گولۇقلارنى دۆلەت مۇستەقىللىقى ۋە مىللىي ئەركىنلىكنى شەخس
مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ ئۈستىگە قويدى دېسەك، يېقىن-
قى يىللاردىن بېرى «جايلار»دىن ئىبارەت كوللېكتىپ گەۋدىنى
خۇسۇسىينىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قېتىم يۆكلەشتەك خەتەرلەرمۇ
يۈز بەرمەكتە. گويا شەخس كىچىكرەك كوللېكتىپ گەۋدىدە بولسا
ئەركىنلىككە نىسبەتەن ئېرىشىدىغاندەك بىلىنىدى. فېدېراتسىيە-
چىلەرگە قارشى تۇرغۇچىلارمۇ ئەينى ۋاقىتتا «ئورتاق گەۋدە كى-
چىكلىگەنسېرى، دېموكراتىيە ئاشىدۇ» دېيىشكەنىدى. فېدېراتسى-
يەچىلەرنىڭ ھازىرقى زامان دېموكراتىيەسىگە قوشقان تۆھپىسى

شۇ يەردىكى، ئۇلار دېموكراتىيە كىچىك دۆلەتتىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەن ئەنئەنىۋى ئۇقتىشنەزەرنى بۇزۇپ، «جەمئىيەت چوڭ بولغانسېرى ئاپتونومىيە يۇرگۈزۈش قولايلىق بولىدۇ» دېگەن پرىنسىپنى تىكلىدى. فېدېراتسىيەچىلەرنىڭ بۇ ئۇقتىشنەزىرى ۋە ئامېرىكا دېموكراتىيەسىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جۇڭگونىڭ چىن، خەن دەۋرلىرىدىن بۇيانقى چوڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەت ئەنئەنىسى جۇڭگونىڭ دېموكراتىيەگە مېڭىشىنىڭ كاشىلىسى بولالمايدۇ. ئەكسىچە، تولۇق يېتىلگەن ئاممىۋى دېموكراتىيە ئاساسىدا جۇڭگونىڭ يۇقىرىقى ئەنئەنىسى پىشقان بۈيۈك سىياسىي مىللەتكە ئايلىنىشىدا زور رول ئوينىغۇسى.

(جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات ـ نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىرىلىۋاتقان «كىتاب ئوقۇش» («读书») ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىلى 4 ـ سانىدىن.)

# سەرخىللارنىڭ شاللىنىپ قېلىشى

خې شىن

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئىلاۋد-سى: جۇڭگونىڭ 1980 ـ يىللىرى روشەن ئەدەبىيات قىزغىنلىقى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت قىزغىنلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى. لېكىن بۇ قىزغىنلىق مەدەنىيەت، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىساد، سىياسىي جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر بىلەن ماس قەدەمدە ئىدى. 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە جەمئىيەت ۋە ئىنسان مەنپەئەتلىرىگە دائىر نەزەرىيەۋى ئىزدىنىشلەر ئەۋج ئالدى، بۇنى بەزىلەر «4 ـ ماي يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» دىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق مەدەنىيەت قىزغىنلىقى دەپ سۈپەتلەۋاتىدۇ. ھازىر مىللەت، ئىللەت، نىيەت ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش جۇڭگو مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ بۇگۈنكى مەۋقەسىگە ئايلاندى. ئۇلار تۇرلۇك نۇقتىدىن تۇرۇپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئوپېراتسىيە قىلماقتا. خې شىن ئەپەندى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

خې شىن ئەپەندى زامانىمىزدىكى داڭلىق نەزەرىيەچى، تارىخشۇناس، ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىستراتېگىيە مەسىلىلىرى ئوبزورچىسى. ئۇ 1949 ـ يىلى دېكابىردا جېجياڭدا تۇغۇلغان. 1980 ـ يىلدىن تارتىپ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ياردەمچى تەتقىقاتچى، كاندىدات تەتقىقاتچى، تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خې شىن ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكىلىرىدىن «جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە

يېڭى پىكىرلەر» (1985 ـ يىلى)، «ئەجدىھا ھەققىدە» (1989 ـ يىلى)، «مۇھەببەت ۋە قەھرىمان» (1992 ـ يىل)، «خې شىننىڭ سىياسىي ئىقتىسادقا دائىر ماقالىلىرى» (1995 ـ يىلى)، «جۇڭگو ئۈچۈن بايان» (1996 ـ يىلى)، «كىرىزىس ۋە ئويلىنىش» (1997 ـ يىلى) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئۆزىمىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىپ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە يۈكسەك جاۋابكارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە كۆپلىگەن ئوقۇرمەن تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە ھەققىدە مۇپەسسەل مۇھاكىمىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە. بىزنىڭچە، خې شىن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى بۇ جەھەتتىكى پىكىر يوللىرىمىزنى ئېچىشتا مۇناسىپ رول ئوينايدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

**300 يىلدىن بېرى پەن ـ تېخنىكىدا ئارقىدا قېلىشنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟**

يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەر جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىر مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتى. بۇ مۇھاكىمىلەردە مۇئەييەن ھەقىقەت بار دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، مېنىڭچە مۇنداق مۇھىم بىر ھادىسە تېخى تىلغا ئېلىنمىدى، ئۇ بولسىمۇ قەدىمكى جۇڭگودا جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى بولۇشقا تېگىشلىك زىيالىيلارنىڭ ھەدېسىلا تەسكىرىي شاللىنىشىدىن ئىبارەت.

تەسكىرىي شاللىنىش — ئىلغىنىپ شاللىنىش دېمەكتۇر. مەلۇمكى، بىيولوگىيەلىك تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ تۈزۈلۈشى تەبىئەتتىكى ھايات رىقابىتىدىن كەلگەن. بىيولوگىيەلىك ئىرسىيەت گېنىنىڭ تاسادىپىي ئۆزگىرىشى كۈچلۈكلەرنىڭ تاللىنىپ مەۋجۇت بولۇش قانۇنىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمما، بىر قىسىم ھاياتلىقنىڭ تەرەققىياتىدا تەدرىجىي تەرەققىياتقا قارشى شاللىنىش—

مۇنەۋۋەرلەرنىڭ شاللىنىشى كېلىپ چىقتى. بۇ ئاخىر تۇرلەردىكى چېكىنىش ۋە ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جۇڭگونىڭ تارىخىدا ئەنە شۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت.

يېقىندا، مەن «يېقىنقى زامان پەن - تېخنىكىسىدىكى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ چىقتىم، بىر مەسىلە مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. مۇنداقلا ئىستاتىستىكىلاپ باقسام، 1651 - يىلىدىن 1980 - يىلىغا قەدەر دۇنيا پەن - تېخنىكىسىغا زور تۆھپە قوشقان كىشىلەر گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئەڭ كۆپ چىققان، ئاندىن قالسا فىرانسىيە ۋە باشقا ياۋروپا ئەللىرىدىن چىققان؛ ئاسىيالىقلاردىن ئازراق چىققان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپرەكى تېخى ياپونىيەلىكلەردۇر. خۇا لوگېڭ، چېن جىڭرۇڭ، دېڭ جاۋجۇڭ، لى جېڭداۋ، ياڭ جېنىڭ قاتارلىق بىرقانچە كىشىدىن باشقا جۇڭگولۇقنى چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ بىرقانچە كىشىنىڭ ئىچىدە پەقەت لى جېڭداۋ، ياڭ جېنىڭ، دېڭ جاۋجۇڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىلا نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1986 - يىلى لى يۈەنجې نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەلدە خىزمەت قىلغان ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان مۇھاجىرلاردۇر. دۆلىتىمىز شۇنچە قەدىمىي، 1 مىليارد 200 مىليون نوپۇسقا ئىگە ئەل تۇرۇپ، يېقىنقى 300 يىللىق پەن - تېخنىكا تارىخىدا دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە پەۋقۇلئاددە نەزەرىيەۋى بايقاش ۋە تېخنىكىلىق بۆسۈش بولمىدى. بىر جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خىجىل بولىمەن.

لېكىن خىجىل بولۇش پەقەتلا بىر ھېسسىيات مەسىلىسى. مەنلا ئەمەس ھەربىر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىسىمۇ ئۆز - ئۆزىمىزگە: «بۇ نېمە سەۋەبتىن بولغان؟»، «بىزدە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟» دەپ سوئال قويۇشىمىز زۆرۈر.

ئىجتىمائىي قالاقلىق، پەن - تېخنىكا قالاقلىقى، سىنىپىي كۈرەش، ئاڭ فورمىسىنىڭ تەسىرى... شەك - شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ

ھەممىسى يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بەزى مۇھىم سەۋەبلەرمۇ بار، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ كېتەلمىدى.

**سەرخىللارنىڭ ئورنىنىڭ بېكىنمە بولۇشى ئىنقىلاب ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ بېشارىتى**

ھازىرقى سوتسىيولوگىيە (جەمئىيەشۇناسلىق) نەزەرىيەسى بويىچە قارىغاندا، ھەربىر جەمئىيەتتە سىياسىي، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەنئەت جەھەتتىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدىغان سەرخىللار قاتلىمى بولىدۇ. لېكىن ئوخشاش بولمىغان فورمىدىكى جەمئىيەتتە بۇنداق سەرخىللارنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇرۇلما شەكلىمۇ، ساپاسىمۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ پەقەت ئوخشىمايدۇ.

جەمئىيەت سەرخىللىرى ئىتالىيە ئالىمى پالېتونىڭ نەزەرىيەسى بويىچە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىش نۇقتىسىدا تۇرغان ھۆكۈمەت سەرخىللىرى؛ يەنە بىرى، ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكى ئۆز ئىشىغا ئەڭ كامىل، ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ قابىل ئىختىساس ئىگىلىرى بولۇپ، بۇلار كەسپىي سەرخىللاردۇر. تەرەققىي قىلىپ ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان بىر جەمئىيەتتە يۇقىرىقى ئىككى خىل سەرخىللار ئوتتۇرىسىدا يۇرۇشمە مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق قۇرۇلما مۇكەممەل بولسا، ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكى پاراسەت ۋە بىلىم جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر سەرخىللار ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھۆكۈمەت سەرخىللىرىنى دەل ۋاقتىدا تولۇقلاپ، تەرەققىيات يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئەكسىچە، ئىچكى قىسمى بېكىنمە جەمئىيەتتە ئىككى خىل

سەرخىللار ئوتتۇرىسىدىكى يورۇشمە مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن بولىدۇ. هۆكۈمەت سەرخىللىرى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ۋە خۇسۇ-سىي پايدىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئۇسۇل قوللى-نىپ تۆۋەنرەك ئىجتىمائىي قاتلامدىكى ئاشۇ كەسپىي سەرخىللار-نىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسىشىنى توسىدۇ. پالېتتونىڭ قارىشى-چە، بۇنداق ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتسە، بىر خىل زىت-لىق شەكىللىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ كەسپىي سەرخىللار بوغۇلىدۇ ۋە ھوقۇقسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھۆكۈمرانلار جەمئىيىتىدىكى «سەرخىللار» بولسا مىراس ۋە ئىمتىيازى بىلەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان قارا قورساق، بىلىمسىزلەردىن ئىبارەت بولۇپ قا-لىدۇ. ئىنسانلار تارىخىدىكى ھەربىر قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىن-قىلابىنىڭ ھارپىسىدا مۇشۇنداق ئەھۋال شەكىللەنگەن.

شۇڭا، پالېتتو مەشھۇر بىر تېئورېمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى: بې-كىنمە ھەم چىققىلى بولمايدىغان سەرخىللار ئورنى دائىم سىياسىي مۇقىمسىزلىقنىڭ سەۋەبى، ئىنقىلاب ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ بېشارد-تى بولۇپ قالىدۇ.

سەرخىللارنىڭ شاللىنىشى جۇڭگودىكى ئىختىساس ئىگى-لىرىنى چاكىنىلاشتۇرۇۋەتتى

ئەمدى بىز جۇڭگودىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ باقايلى:

بىز جۇڭگولۇقلار دۆت ئەمەس، بەلكى جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان مېھنەتكەش خەلق، بۇنى ھەممە بىلىدۇ. جۇڭگودىكى بەزى ئادەتتىكى زىيالىيلار جۇڭگودىن چىقىپ، ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە بارغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا شۇ يەردىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ ئالدى بولالىدى، بۇلار دۆلىتىمىزدە تۇرغاندا يا-رىماسلاردىن بولۇپ قالاتتى. نېمىشقا؟ چۈنكى ھەقىقىي كەسپىي سەرخىللار جۇڭگودا ھەمىشە باستۇرۇلىدۇ، بوغۇلىدۇ ۋە باش كۆ-تۈرەلمەيدۇ. باش كۆتۈرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى كۆتۈرۈلگەن شۇ

باشقىلارنىڭ ئۆزىمۇ ھەر خىل بىنورمال ئىجتىمائىي بېسىمدا ئۇچۇقۇپ كېتىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، جۇڭگو جەمئىيىتىدە بىر خىل «سەرخىللارنى شاللاش» مېخانىزمى بار. بەزىلەر بۇنى پەقەتلا ئىجتىمائىي پىسخىكا تەرىقىسىدە خۇلاسىلەپ، «شەرقچە ھەسەتخورلۇق» دەپ ئاتىدى.

ئېنىقكى، بۇلار قىسمەن سەۋەبلەردۇر. لېكىن تېخىمۇ چوڭقۇر سەۋەبلەرنى بىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە نورغۇن تۈزۈمدىن ئىزدىنىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتىمۇ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە راستتىنلا سەرخىللارنى شاللاش مېخانىزمى بار. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكى مۇستەقىل پىكىر قىلىش روھىغا، ئاكتىپلىق ۋە ئىجادىيلىققا ئىگە ئاشۇ بىر قىسىم سەرخىللار ئەڭ ئاسان زەربە يەيدۇ ۋە زەخىمگە ئۇچرايدۇ، نورغۇنى بىخ ھالىتىدىلا قۇرۇتۇلىدۇ، ئاز ساندىكىسى باش كۆتۈرۈشى بىلەنلا نابۇت قىلىنىدۇ. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكىسى بولسا ئۆزىنىڭ ئىجادىي خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش ۋە يوقىتىش شەرتى ئاستىدا جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ «ئېگىز دەرەخنى بوران سوقار، كۆلتۈك قاشنى سۇ يالار» دېگەن سۆزى دەل مۇشۇ سەرخىللارنىڭ شاللىنىش قانۇنىيىتىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى تولۇقلايدىغىنى بولسا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىدىكى ناچارلارنى تاللاش مېخانىزمىدۇر. كىشىلەرگە ئاللىقاچان ئايان بولغان ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، ھەرقايسى ساھەدە كادىرلارنى تاللاش، زىيالىيلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق سەرخىللارنى تاللاش ھەرىكەتلىرىدە تاللىنىدىغانلىرى ھەمىشە مۇستەقىل كۆزقارىشى يوق، ئىقتىدارسىز، يۇملاق تاۋۇز، ياخشىچاقلار بولۇپ چىقىدۇ ياكى شەخسىي غەرەز ـ مۇددىئالىرىنى ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرالايدىغان، يالغانچى، ساختىپەز، پوچى، ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمچى، سۇيىقەست-

چىلەر تاللاپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارغا بۇرۇندىن تارتىپ دىققەت قىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاسادىپىيلىق دەپ قارالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە سەرخىللارنىڭ شاللىنىشىغا مۇۋا- پىق ئىجتىمائىي قانۇنىيەت مەۋجۇت بولۇپ، لىن بياۋ كېيىنكى بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ تىپىدۇر.

بۇ ئىككى خىل ئىجتىمائىي مېخانىزمنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ئومۇمە- يۈزلۈك رەۋىشتە چاكىنىلىشىپ كەتتى. مۇشۇنداق مېخانىزملار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە، بىز قانداقمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىيات ۋە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئۈمىد قىلالايمىز؟

تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، يوقىرىقىدەك ئەھۋاللار زامانىمىزدىكى ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ تۈزۈملىرىدىمۇ ئەكس ئەتمەكتە. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپلا «ياخشى ئوقۇغۇچى» دەپ قارىلىپ ئۈلگە قىلىنىدىغانلار ئادەتتە ئەڭ «گەپ ئاڭلايدىغان»، «ياۋاش»، «قولىقى يۇمشاق» بالىلاردۇر. بىرقەدەر پەرقلىق ئەقىل - پاراسەت ۋە مۇستەقىل ئىجادىي خاسلىققا ئىگە بالىلار رامكىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكى، ئاتالمىش «كەيسىزلىكى»بىلەن، مەسىلەن، جىم تۇرمايدىغانلىقى، كۆپ سوئال سورايدىغانلىقى، مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغانلىقى، كۆپچىلىككە ئەگەشمەيدىغانلىقى بىلەن يېتىلىش جەريانىدا بېسىلىش، سىقىلىش ۋە زىيان - زەخمەتلەرگە ئاسانلا دۇچ كېلىدۇ - دە، ئاخىر خاسلىقى بۇرمىلىنىدۇ. (جۇڭگودىكى ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنىڭ ئىچىدە ئەقلىي جەھەتتە ئالاھىدىلىكلىرى، ھەتتا ئادەتتىن تاشقىرى بولغانلىرى ئاز ئەمەس. بۇلارنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مائارىپ ئىدېئولوگىيەمىزدىكى نۇقسانلار بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟)

چېن شياڭمى خانىم جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە بېيجىڭدىكى بىر ئۈلگىلىك بالىلار باغچىسىغا بارغان. ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ بېرىپ يازغان بىر پارچە ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «جۇڭگودىكى

بالىلار باغچىلىرىدا تەربىيەچىلەر ھەمىشە بالىلارنى باشقىلار قىل-
غان ئىشلارنى قىلماسلىققىدىن، باشقىلارغا ئوخشاش سۆزلىمەسلىد-
كىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى گەپ ئاڭلاشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئامېرى-
كىدا بولسا كىشىلەر ھەمىشە بالىلارنى شەيئىلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ
قارىشى ۋە ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، «قانداق
ئويلىدىڭ؟»، «قانداق قارايسەن؟» دېگەن سوئاللارنى قويىدۇ.» بۇ
ئىككى خىل تەربىيە شەكلى ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل تەربىيە ئى-
شانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جۇڭگولۇقلار كىچىكىدىن تارتىپلا ئاۋام-
غا ماسلىشىدىغان، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش ۋە تەڭ-
شەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىپ تەربىيەلىنىدۇ. ئۇلاردا ئۆزىگە
خاس ئارزۇ، خىيال ۋە كۆزقاراشلار بولغاندىمۇ، ئۇنى ئۆزى ۋە ئۆز-
گىلەرنى ئالداش تەرىقىسىدە يوشۇرىدۇ ھەم بوغىدۇ، شۇ ئارقىلىق
مۇقىم، تۇرغۇن جەمئىيەتنى ساقلايدۇ. ئامېرىكىدا بولسا بالىلارنى
كىچىكىدىن تارتىپلا مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان، ئويلىغانلىرىنى
مۇستەقىل شەرھىلەيدىغان ۋە ئىپادىلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ،
مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان جەمئىيەت مۇھىتىغا ماسلىشىشنى تەلەپ
قىلىدۇ.

**ھىيلە بىلەن مۇۋەپپەقىيەت ئۇتۇق تاناسىپ، تىرىشچانلىق بى-
لەن مۇۋەپپەقىيەت تەتۈر تاناسىپ**

ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيەت-
لەردىن قارىغاندا، ئامېرىكا يېقىنقى 100 يىلدىن بېرى ئوخشاش
جۇغراپىيەلىك شارائىت، نوپۇس ۋە بايلىق مەنبەسىگە ئىگە باشقا
نۇرغۇن دۆلەت، مىللەتكە نىسبەتەن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەل-
تۈردى. ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە
ئامېرىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىر مۇنداق بىرقانچە
جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1. باراۋەر رىقابەت پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش.

2. ھەربىر شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ كۈرىشىنى رىغبەتلەندۈ-رۈش.

3. كىشىلەرگە باھا بەرگەندە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سالاھىيىتىگە ئەمەس، بەلكى پەقەتلا نەتىجىسىگە قاراش.

ئەكسىچە، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى رىقابەتنىڭ كىشىنىڭ دىق-قىتىنى تارتىدىغان يېرى، دەل بېرىلگەن پۇرسەتنىڭ ئوخشاش بول-ماسلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە بېرىلگەن باھانىڭ ئادىل بولماسلىقى-دۇر. بىر ئادەمنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئارقا كۆرۈنۈشى، سالاھىيى-تى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى قاتارلىق بەزى تاسادىپىي، غەيرىي قانۇ-نىيەتلىك ئامىللار بىر ئىختىساس ئىگىسىنىڭ كەسىپ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، بىر ئاقىل ئادەم دائىم ئۆزىنىڭ زېھ-نىي كۈچى ۋە ۋاقتىنى ئاشۇنداق ئىشلارغا ئىسراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەتتا ئاخىر بېرىپ بۇ ئىشلار بىر زىيالىينىڭ كەسپىي جە-ھەتتىكى تىرىشچانلىق دەرىجىسىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ.

مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مېخانىزم زىيالىيلارنى ھېيلىگەرلەش-تۈرۈپ، شۆھرەتپەرەسلىك، ھوقۇق ـ مەنپەئەت، سالاھىيەت، ئورۇن قاتارلىق نەرسىلەرگە بەند قىلىۋېتىدۇ ـ دە، ئاخىر ئۇلار كەسپىي جەھەتتىكى تەتقىقاتقا ئۆزىنى بېغىشلاشنى خالىمايدۇ.

مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىت كىشىلەرنى مۇنداق بىر خۇلا-سىگە ئىگە قىلدى: سېنىڭ نەتىجە قازىنىش ـ قازانماسلىقىڭ تى-رىشچانلىقىڭغا باغلىق ئەمەس، بەلكى كاتتىلار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ قوللاش ـ قوللىماسلىقىغا باغلىق.

بىزنىڭ يۇقىرىقىدەك تەربىيە شەكلىمىز ئاخىر شەخسىي سۇب-يېكتىپچانلىق، ئىجادچانلىق ۋە مۇستەقىللىقنى ۋەيران قىلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. شۇڭا، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تە-بىئىي ھالدا سۇبيېكتىپلىق ۋە ئىختىرانى بوغىدىغان، چەكلەيدىغان ھەم قىسىدىغان خاھىشلارغا ئىگە بولغان. سەپسىلىپ قارىساق، تا-

رىختىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان جۇاڭزى، بامبۇكزاردىكى يەتتە
ئەۋلىيا، لى بەي، سۇدۇڭپو، شىن چىجى، سەككىز ئەنبىيا، ياڭجۇۋ-
دىكى سەككىز پىر قاتارلىق تالانت ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ خىل
مەدەنىيەتكە قارشى ئەسەبىيلىك بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. بىراق،
ئۇلارنى ئەينى دەۋرلەردىكى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئۆزىگە سىغ-
دۇرالمىغان. ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر زەربە يېيىشى، نەتىجىلىرىنىڭ نە-
زەرگە ئېلىنماسلىقى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس.

**پائالىيەتچانلىق گېنىنى قوزغاتقاندىلا دۆلەتنىڭ روناق تېپى-
شىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ**

ھازىرقى جۇڭگودا ئەنە شۇنداق مېخانىزىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئا-
تالمىش «ئاكتىپلىقنى قوزغاش» مەسىلىسىنى دائىم تەكىتلەپ تۇ-
رىمىز. بىز شۇنى سوراپ باقايلى، ئەگەر كىشىلىك تۇرمۇش ۋە
پۇتكۇل ئىشلار جەمئىيەت، دۆلەت ھەمدە ھوقۇق تەرىپىدىن قامال-
لىۋېلىنسا، خۇددى كىشىلەر ھەزىل قىلىپ ئېيتقاندەك، تۇغۇلسا
قايسى باللار باغچىسىغا كىرىش كېرەكلىكىنى، ئۆلسە قەيەرگە
قويۇش كېرەكلىكىنى دۆلەت بېكىتسە، ھېچقانداق تاللاش ئەر-
كىنلىكى بولمىسا، ئادەمنى بوغۇپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق مەدەنىيەت-
تە كىشىلەر ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قانداق
جارى قىلدۇرالايدۇ؟ ئادەمنىڭ ئىقتىدارى، ئىجادىي كۈچى جارى
قىلدۇرۇلمايدىكەن، جەمئىيەتنىڭ قەدىمى ئەلۋەتتە ئاستا بولىدۇ.

بۇ يەردە بىز مۇنداق بىر تەرەپكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك،
چەت ئەللەرنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت-
لەرنىڭ زامانىۋىلىشىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغاندا، مۇنداق بىر
تەرەپنى كۆرسەتكەن: تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە زامانىۋىلى-
شىش پەقەت دۆلەتنىڭ مەقسىتىگە ئايلىنىپ قېلىپ، جەمئىيەت
پۇقرالىرىنىڭ ئاڭلىق تەلىپى ۋە ئاكتىپ ئېھتىياجىغا ئايلىنالمىغان.
ئاۋامدا زامانىۋىلىشىشقا نىسبەتەن ئاڭلىقلىق ۋە شەخسىي قابىلى-

يەت كەم. مانا بۇ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب.

ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىشىدىن كېيىن دىن، ئىدىيە، مەدەنىيەت، جەمئىيەت جەھەتتە ئازادلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شەخسلەرنىڭ ئىقتىساد، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئاكتىپلىقى چەكسىزلىك دەرىجىسىگە بارغان، مانا بۇ ئۇتتۇرا ئەسىردىكى قاتمال، ئۆلۈك ئىجتىمائىي ھالەتتىن قۇتۇلۇشتىكى مۇھىم كۈچ. بىراق، بىز بۇ جەھەتتە تا ھازىرغىچە سەل قاراپ كېلىۋاتىمىز. مانا بۇ جۇڭگولۇقلاردىكى مۇنەۋۋەر كىشىلەر، جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى بىپايان تۇپراق تۇرۇپمۇ يېقىنقى زامانلاردىن بېرى پەن - تېخنىكا جەھەتتە يارىتىلغان كەشپىياتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوقلۇقىغا جاۋاب بولالايدۇ.

شۇڭا، مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئىختىساسلىقلارنىڭ چۆكۈرۈلۈشى، سەرخىللارنىڭ شاللىنىپ قېلىشى، ناچارلارنى تاللاش مېخانىزمى ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىمىزدىكى ساقايماس — مەرەز كېسەللىكتۇر. بۇنداق مېخانىزم قۇرۇلمىلىق ئۇنۇم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەنئەنىۋى جەمئىيەت تەرتىپىگە باغلانغان تۇرغۇنلۇق ۋە مۇقىملىقنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق. چۈنكى بۇ ئۇچ مېخانىزم ئىجتىمائىي مەدەنىيەتتىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ئامىللىرىنى شاللاپ تاشلايدۇ.

بۇنىڭدىن بىز جۇڭگو تارىخىدىكى ئۆزگىرىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى كۆرۈۋېلەلەيمىز. جۇڭگو جەمئىيىتى يۇقىرىقى ئۇچ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ئامىللىرىنى شاللاپ تاشلىيالىسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەلەپلەر تۇپەيلى جەمئىيەت بەرىبىر تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىش ئامىللىرى ۋە كۈچلىرى مۇئەييەن دەرىجىدە

جۇغلىنىپ، پارتلاش خاراكتېرىدىكى كۈچكە ئايلانغاندا، جەمئىيەت-نىڭ ئەسلىدىكى تۈزۈلمىسىنى ئۆزۈل - كېسىل پاچاقلاپ تاشلىد-يالايدۇ. مانا بۇ دەۋرىيلىككە ئىگە ئۆكتىچىلىك ياكى ئىنقىلاب. جۇڭگودا ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ تەستە ئۇنۇم قازىنىشىمۇ يۇ-قىرىقى ئۈچ مېخانىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

(ئاپتورنىڭ «خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى» نەشر قىلغان «كىرىزىس ۋە ئويلىنىش» ناملىق كىتابىدىن.)

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：马合木提江·卡德尔
特约编辑：库尔班·马木提
责任校对：阿布都热依木·阿不力米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔
版式设计：热娜·艾买提江

新疆名家名著丛书

认同、自我与视野(维吾尔文)

阿不都卡德尔·加拉里丁　著

新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
(乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049)
新疆新华书店经销　北京盛通印刷股份有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　14印张
2012年4月第1版　2012年4月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1206-5(民文) 定价：50.00元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى ؛ نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
خەتتات ؛ خەمىت تىلئالىم

## ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەسەرلىرى

قىشتىكى خامان
داغمۇ ياكى زىنىخمۇ
مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى
ئىنسانىي سۆھبەت مەنزىلى
ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا
يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز

ISBN 978-7-5466-1206-5
9 787546 612065 >
定价：50.00元